دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا

ئېھسان ئابدۇ قۇددۇس (مىسىر)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئېھسان ئابدۇ قۇددۇس (مىسىر)

# يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلشات سۇلتان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇۋەقە «23 ـ ئىيۇل ئىنقىلابى» دىن بورۇنقى
ئون يىل ئىچىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن...

قەھرىمان ئۆزى پەيدا بولمايدۇ.
ئۇنى خەلق يارىتىدۇ.

— ئەھسان



图书在版编目(CIP)数据

难中英杰：维吾尔文/(埃及)伊赫桑·阿卜都·库杜斯著；迪里夏提·苏里坦译.－乌鲁木齐：新疆人民出版社，1988.12
(2008.8 重印)
ISBN 978－7－228－00897－1

Ⅰ.难… Ⅱ.①伊…②迪… Ⅲ.长篇小说－埃及－现代－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I411.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 120438 号

作　　者　伊赫桑·阿卜都·库杜斯
译　　者　迪里夏提·苏里坦
责任编辑　阿扎提·阿里玛斯
编　　辑　玛丽亚木·买买提明
责任校对　艾加尔古丽
特约校对　外力·再顿
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　14.75
版　　次　1988 年 12 月第 1 版
印　　次　2008 年 8 月第 3 次印刷
印　　数　5811－8810 册
定　　价　30.00 元

# كىتاب ھەققىدە

نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيادا خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولغان بۇ ئەسەردە — بىر مىللىي قەھرىمانىنىڭ يېتىلىش جەريانى ناھايىتى غەلىبىلىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن، ۋەتەن-مىللىتىنى سۆيىدىغان ھەرقانداق بىر ئىنسان بۇنىڭدىكى مىللەتپەرۋەرلىكتىن، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئۈلگە ۋە ئىلھام ئېلىشى، ئۇنى قەدىرلىشى كېرەك. ھاياتىمىزدا نېمىلەرنى قىلىشنى، نېمە ئىشلارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ بولالماي يۈرگەن بىزلەرنىڭ بۇ كىتابنى بىر ئوقۇپ چىقىشىمىز زۆرۈر. ئەگەر بۇرۇن ئوقۇپ بولغان بولساق، ھازىر يەنە بىر ئوقۇپ چىقساق ئۆزگىچە ئوزۇق ۋە ئىلھام ئېلىشىمىز ئېنىق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتابنى ئۇلۇغ يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ ئۇلۇغ رومانى «ئانا يۇرت» بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇپ ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئېيتقاندەك قەھرىمان ئۆزى پەيدا بولمايدۇ، ئۇنى خەلق يارىتىدۇ. ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن خەلقى ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىسى قاتۇرۇلغان ۋەتىنى ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان قەھرىمانلىرى بار خەلق يوقالمايدۇ ۋە قۇل بولمايدۇ ياكى قۇللۇقتىن ھامان قۇتۇلالايدۇ. ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەن ئادەم ئۆز ۋەتىنىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. ئۇنىڭ غورۇرى، ئىناۋىتىنى ھېچكىمنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەن ساداقىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغانىدىمۇ «ۋەتەن»

دېگەن ئىبارىنى ئېيتىپ، بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ روھى ئادەملەرگە يەنىلا ۋەتەننى قانداق سۆيۈشنى ئۆگىتىدۇ. ئەجدادلىرىمىزدىن سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم، تۆمۈر خەلىپە، خوجانىياز ھاجىم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەخمەتجان قاسىمى، رىزۋانگۈل ۋە باشقا ۋەتەن، مىللەت يولىدا جان بەرگەن سانسىزلىغان نامسىز ئوغلانلار دەل ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى. بىز بۇ كىتاب ئارقىلىق ئەنە ئاشۇنداق قەھرىمان بىلەن سىردىشالايمىز.

**ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان ئادەم ئەسلا قۇل بولۇشنى خالىمايدۇ.**

# خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

قاھىرەدە ئوقۇۋاتقىنىمدا (1978 — 1980) ئەرەبچىنى پۇختا ئۆگىنىشتىن باشقا ئىككى ئارزۇيۇم بار ئىدى. بىرى، دۇنياغا داڭلىق يەتتە مۆجىزاتنىڭ بىرى — ئەلئەھرامنى زىيارەت قىلىش؛ يەنە بىرى، نامىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق يازغۇچىلارنى يوقلاش ئىدى. قاھىرەگە كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتمەيلا مەن دوستلىرىم بىلەن بېرىپ ئەلئەھرامنى كۆرۈپ كەلدىم. يېرىم يىلدىن كېيىن «ئەلئەھرام گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئالتىنچى قەۋەتتىگە چىققاندىمۇ، مەن ئەلئەھرامنى كۆرگەندىكىدەكلا ھاياجانلاندىم. چۈنكى، بۇ يەر ھازىرقى زامان مىسىر ئەدەبىياتى، يەنى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرى توپلانغان جاي بولۇپ، مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى «ئەلئەھرام»دىن كەم ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە تۆۋپىق ھەكىمى، نەجىپ مەھبۇز، ئابدۇراخمان شىرقاۋى، يۇسۇپ ئىدرىس ··· لەرنىڭ ئىشخانىلىرى بار ئىدى.

ئېھسان ئابدۇقۇددۇسنىڭ ئىشخانىسى تۆۋپىق ھەكىمى بىلەن نەجىپ مەھبۇزنىڭ ئىشخانىسىغا يانداش ئىدى. تاشقىرىقى ئۆيدە كاتىپ قىز ماشىنكىدا خەت بېسىۋاتاتتى. ئېھسان ئابدۇقۇددۇس بەزى ئەسەرلىرىدە كاتىپ نارمى خېنىمنىڭ مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى يازغانىدى. زىيارەتكە كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىيىن مەسىلىلىرىگە يازغۇچىدىن مەسلىھەت سورايدىكەن. بەزى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى يازغۇچىدىن تەلىم ئالىدىكەن. يازغۇچىغا چوقۇنىدىغانلارمۇ كېلىپ يازغۇچىغا كۆڭلىنى چۈشەندۈرىدىكەن ··· نارمى خېنىم ئىقتىدارلىق باشقۇرغۇچى ئىكەن. ئۇ زىيارەتچىلەرنى ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلىدىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يازغۇچى ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇن خام ماتېرىياللىرى مۇشۇنداق

زىيارەتچىلەردىن كەلگەنىكەن .

ئىچىدىكى ئىشخانىغا كىرسەم ، ئەللىكتىن ھالقىغان بىر ئادەم ئۇستەلدە بىر نەرسە يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان بولسىمۇ ، سېمىزغىنا يۈزىدە قورۇق يوق ئىدى . خۇشخۇي ، مېھرىبان كۆرۈنەتتى . مانا بۇ مەن ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان يازغۇچى ئېھسان ئابدۇقۇددۇس ئەپەندى ئىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . جۇڭگولۇق دوستلار يوقلاپ كېلىدىكەن ، دەپ ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم ، دېدى .

مەن ئۇنىڭغا كېلىش مۇددىئايىمنى بايان قىلىپ : «مەن سىزنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرىڭىز ‹يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا›نى ئوقۇپ چىقىپ ناھايىتى تەسىرلەندىم . شۇڭا ، ناباب قەلىمىم بىلەن بولسىمۇ ، بۇ داڭلىق ئەسەرنى جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرىگە ، بولۇپمۇ جۇڭگو ياشلىرىغا تونۇشتۇراي ، دېگەن ئوي بىلەن سىزدىن تەلىم ئالغىلى كەلدىم» دېدىم . ئۇ كۈلۈپ كېتىپ : «بۇ ئەسەرنى ئۆزۈممۇ ناھايىتى ياقتۇرىمەن . مەن يازغۇچى ، قىلىدىغان ئىشىم ئەسەر يېزىش ، شۇڭا ئەسىرىمنى تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلمايمەن . ئەمما ، بۇ ئەسىرىم جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇلىدىغان بولسا مەن ھەقىقەتەن خۇشال بولىمەن ، سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن ، ئەسىرىمنىڭ جۇڭگو يېزىقىدىكى نۇسخىسى چىققاندىن كېيىن ماڭا بىرنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز» دېدى . شۇڭا ، بۇ رومان دۆلىتىمىز ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە ، ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىلھام بەرگەنلىكىگە ۋە كونكرېت ياردەم قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن .

ئېھسان ئابدۇقۇددۇس 1919 - يىلى 1 - يانۋاردا تۇغۇلغان . دادىسى مۇھەممەد ئابدۇقۇددۇس ئىنژېنېر بولۇپ ، شېئىر ، دراما يازاتتى . ئۇنىڭ دراممىلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا خېلى داڭقى بار ئىدى . كېيىنكى چاغلاردا دراما ۋە كىنو ئارتىسى بولۇپ كەتكەن . ئاپىسى فاتىمە يۈسۈپ شۇ چاغلاردا داڭقى چىققان ئارتىس ئىدى .

1924 ـ يىلى ئارتىسلىقنى تاشلاپ ، هازىرغىچە داۋاملىق «لوز يوسۇپ» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغان .

ئېھسان ئون ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسىنى دوراپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ، ئالىي مەكتەپتە قانۇن ئۆگەنگەن بولسىمۇ ، ئەدەبىياتقا بەكلا قىزىققان ۋە ئەرەبنىڭ ، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىنىڭ كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققان . بۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن كۈچلۈك ئاساس يارانقان .

ئېھسان 1942 ـ يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ئادۋوكات ۋە مۇخبىر بولغان . 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ «لوز يوسۇپ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ، «بۈگۈنكى خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە باش مۇدىرى ، «ئەلئېھرام گېزىتى»نىڭ باش مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان ، «ئاخبارات باش كومىتېتى»نىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلانغان . ئۇ ھازىر «ئەلئېھرام گېزىتى»نىڭ مەخسۇس ئەسەر يازغۇچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە .

ئېھسان ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە مىسىر خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ، ۋەتەن ساتقۇچلارغا قارشى داغدۇغىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان . مۇخبىر بولغاندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلغان . شۇ چاغدىكى «ئەركىن ئوفىتسېرلار تەشكىلاتى» بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغان ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا چىرىك پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى سۆكۈپ ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىپ ماقالىلەر يازغان . شۇ چاغدا يۇقىرى قاتلامدىكى ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن مەخپىي قورال سودىسى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن 1946 ـ يىلىدىكى ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مىسىر مەغلۇپ بولغان . ئېھسان نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق بۇ رەزىل سودىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئېچىپ تاشلاپ ، جەمئىيەتتە چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلغان . شۇڭا ، 1952 ـ يىلىدىكى «23 ـ ئىيۇل ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن بۇ سىياسىي مەسىلە بىلەن

ئۈچ قېتىم قولغا ئېلىنغان ۋە بىرنەچچە قېتىم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكىلى تاس قالغان .

ئېھسان كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى ، ئالتە يۈزدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان . ئوتتۇز نەچچە پارچە رومان ۋە ھېكايىلەر توپلىمى ئېلان قىلىنغان . ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا» (1957)دىن باشقا ، «مەن ئەركىن ئادەم» (1954) ، «بۇ يولدىن ماڭغىلى بولمايدۇ» (1955) ، «جىنايەتلىك قەلب» (1958) ، «پاتماس قۇياش» (1960) ، «ھەممىنىڭ كارى چاغلىق» (1963) قاتارلىق رومان ، پوۋېستلىرى بار . يېقىندا يازغان ئەسەرلىرىدىن «فاتىمە مەغلۇبىيەتنىڭ نامى» (1975) ، «ئوق يانچۇقتا» (1975) ، «ئىس - تۈتەك تارقىلىپ كەتمەستە» (1977) ، «مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويماڭلار» (1979) ، «سۆيۈملۈكۈم ، بىز ھەممىمىز ئوغرى» (1982) قاتارلىقلار بار . ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى كىنو ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ياكى رادىئو دراممىسى قىلىپ ئىشلەنگەن . نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئىنگلىز ، فرانسۇز ، رۇس ، نېمىس ، ئىتاليان قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان .

ئېھساننىڭ ئەسەرلىرى يېقىندىن بۇيان دۆلىتىمىزدە تارقىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ «جىنايەتلىك قەلب» ناملىق رومانى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى . بەزىبىر ھېكايىلەر توپلاملىرىغا ۋە بىر قىسىم چەت ئەل ئەدەبىياتى تونۇشتۇرۇلىدىغان ژۇرناللارغا ئۇنىڭ ھېكايىلىرى بېسىلىپ ، دۆلىتىمىز كەڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە .

«يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا» ناملىق رومان 1956 - يىلى يېزىلغان . 1957 - يىلى تۇنجى قېتىم «لوز يۇسۇپ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان . بۈگۈنگىچە بۇ كىتاب ئەرەب ئەللىرىدە قايتا نەشر قىلىش قېتىم سانىنىڭ ۋە تىراژىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىق . بۇ رومان ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن . باش رولىنى دۇنيادىكى ئاتاقلىق كىنو چولپىنى ئۆمەر شىرىپ

ئالغانلىقى ئۈچۈن تەسىرى بەكمۇ چوڭ بولغان.

بۇ رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئەرەب ئەدەبىيات ساھەسىدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئاتاقلىق ئەدەبىي ئوبزورچى، دوكتور جارى شۇكرى 1970 ـ يىلى يازغان «قارشى تۇرۇش ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابىدا بۇ رومانغا يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇ رومان مىسىردىكى ۋەتەنپەرۋەر قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى ۋە ئۇنىڭ يېتىلىش جەريانىنى تولۇق تەسۋىرلەپ بەرگەن بىردىنبىر ئەسەر، دېگەن.

مىسىرنىڭ يېقىنقى تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولساق، «23 ـ ئىيۇل» ئىنقىلابىدىن بۇرۇن مىسىر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشىنىڭ توختاپ قالمىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان ئەكسىيەتچىل ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەتكە قارشى تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغان. بۇ ئەسەردە ئەنە شۇ چاغدىكى ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردە ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان ئىبراھىمنىڭ ئوبرازى خېلى نەتىجىلىك ھالدا سۈرەتلەنگەن. ئۇ جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ئېزىشى ئاستىدا غەزەپكە كېلىپ، باشتا ئۆز ئالدىغا ياكى بىرنەچچىلا ئادەم بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. رېئاللىقنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئاممىنى تەشكىللەپ، ئىنقىلاب قوزغىغاندىلا جاھانگىرلار ۋە ئەكسىيەتچىل پادىشاھلىقنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. روماندا ئىبراھىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭ ناۋال بىلەن بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى ئالىيجاناب. ھەممىدىن قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور مىسىردىكى ئادەتتىكى بىر ئائىلە — مۇھىيد ۋە ئاتا ـ ئانىسى، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئېھتىياتچان، سىياسىي بىلەن چاتاقى بولمايدىغان ھالەتتىن ئۆزگىرىپ، ئىنقىلاب قاينىمىغا كىرگەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئائىلىنىڭ ئوبرازى (كېيىن ئۆزگەرگەن

پېرسوناژ ئابدۇل ھەمدىمۇ بار ) ناھايىتى نەتىجىلىك ، ئىشەنچلىك ، تەسىرلىك قىلىپ سۈرەتلەنگەن . ئەسەرنىڭ دەۋرچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق ، ھېكايە ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ، بىر - بىرىگە چىڭ باغلانغان ، ئادەمنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ .

جۇڭ جىكۈن

# 1

رامـزان كۈنلىرىنىڭ بىرى ، ئىپتارغا يېرىم سائەت قالغان چاغ . ئىـبـراھـىـم ئەينى قەسرى دوختۇرخانىسىنىڭ[1] كېسەل كارىۋىتىدا ياتاتتى . بۇ ئالاھىدە ياتاق بولۇپ ، ئىشىكىدە مىلتىق تۇتقان ئىككى ساقچى كۆزەتتە تۇراتتى .

ئۇ ئولتۇرۇپ يېنىدا چېچىلىپ تۇرغان گېزىتلەرنى قاتلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزى گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى تالاي قېتىم كۆرگەن قىزىل خەتلىك يوغان ماۋزۇغا چۈشتى :

**… دېلو توغرىسىدا ئەرز قىلىندى**

ئۇ ، ماۋزۇنى ئوقۇپ تۈگەتمەستىنلا گېزىتنى قاتلىدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى سۇ جۈمىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈزىنى يۇدى . ئۇ خۇددى قىزىپ كەتكەن كاللىسىنى سوۋۇتماقچى بولغاندەك سوغۇق سۇنى بېشىغا بولۇشىغا ئېقىتتى ، ئاندىن گويا كۆزۈم ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمىسۇن دېگەندەك يۈزىنى لۆڭگە بىلەن ئېتىۋالدى .

ئىـبراھىم كېچىلىك كىيىمىنى سېلىۋېتىپ ، كۆڭلىكى ۋە شىمىنى كىيدى ، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى كىيدى . قولىنى چۈشەكنىڭ ئاستىغا تىقىپ سىيپاشتۇردى . قولىغا كىچىك قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇلغاندەك بولۇۋىدى ، ئۇنى دەرھال ئېلىۋالدى ـ دە ، ئالىقىنىدىكى نەرسىگە خۇددى بوۋاق بالىغا قارىغاندەك كۆزىنى ئۈزمەي قاراپلا قالدى . ئۇنىڭ شۇ قارىشىدا ئېچىنىش ئارىلاش مەسخىرە بار ئىدى . بۇ «بروۋنىنگ» ماركىلىق تاپانچا بولۇپ ، ئۇ بۇرۇن بۇنـداق تـاپـانچىنى بەكلا كىچىك ، بالىلار ئويۇنچۇقىغا ئوخشايدۇ دەپ ، كۆزگە ئىلمايتتى . ئۇنىڭ قولىغا تۇنجى قېتىم

---

[1] ئەينى قەسرى دوختۇرخانىسى مىسىردىكى ئاتاقلىق دوختۇرخانا .

ئالغىنىمۇ مۇشۇنداق كىچىككىنە تاپانچا ئىدى . ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى ئون يەتتە ياشقىمۇ تولمىغان بالا ئىدى . كېيىن چوڭ يىگىت بولۇپ ماۋزېرلارنى تۇتتى . ھالبۇكى ، بۈگۈن يەنە بۇ كىچىك تاپانچىنى قولىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى . بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئەسلەتتى .

ئىبراھىم گويا ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسلىمىنى يوشۇرغاندەك تاپانچىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا ئاۋايلاپ سالدى . ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى . كېيىن ئۆيدىكى بىردىنبىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ، سائىتىگە قاراپ قويۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى . كېيىن ، ياندا تۇرغان بىر ژۇرنالنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى كىنو چولپانلىرىغا دائىر خەۋەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى .

مىسىر كىنو چولپانلىرىغا دائىر خەۋەرگە ھەممىلا ئادەم دىققەت قىلىدىكەن . ئىبراھىمنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق چوڭ بالا ـ قازا كەلگەن بولسىمۇ ، فاتىن ھەمامە[1] يەنىلا رولغا چىقىپ يۈرۈپتۇ ، ئىماد ھەمدىمۇ[2] ئوخشاشلا چىرايىدىن نۇر ياغدۇرغان ھالدا بەخىرامان يۈرۈپتۇ ، پۈتۈن مىسىرمۇ بىر ئوغلانىنىڭ ئۆزى ئۆچۈن ئۆلۈۋاتقانلىقى ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقى ، دارغا ئېسىلىدىغانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق .

ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا ژۇرنالنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى :

— مەن ئۆلمەسلىكىم كېرەك ، ئۇلارنىڭ مېنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويمايمەن !

ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنجايتتى ، ئەمما چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى . ئەگەر سىز ئۇنىڭ كۆزىگە سەپسېلىپ قارىمىسىڭىز ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى قىلچە بىلمەيسىز ، ھەتتا ئۇنى ھازىر ناھايىتى بەختلىك ئوخشايدۇ ، دەپمۇ ئويلاپ قالىسىز . شۇڭا ، فاتىن ھەمامە يېڭى كىنودا رول

[1] فاتىن ھەمامە — مىسىرنىڭ ئاتاقلىق ئايال كىنو چولپىنى .
[2] ئىماد ھەمدى — مىسىرنىڭ ئاتاقلىق ئەر كىنو چولپىنى . «ساداقەت» قاتارلىق كىنولاردا رول ئالغان .

ئېلىنۋەرگەن ، ئىماد ھەمدى بولسا خۇشال يۈرىۋەرگەنىدى .
ئىبراھىمنىڭ خاراكتېرى مانا مۇشۇنداق ئىدى . ئۇنىڭ ھېسسىياتى پەقەت كۆزلىرىدىلا ئاز - تولا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى ، چىرايىدا بولسا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى . شۇ قىياپىتى بىلەن ئۇ سىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالالايتتى ، سىز ئەس - ھوشىڭىزنى يوقىتاتتىڭىز ، ئىختىيارسىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتىڭىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىڭىز ، مۇشۇ چىرايدىكى ئادەمنىڭ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەيتتىڭىز .
بەلكى ئىبراھىم ئۆزىمۇ قەھرىمان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندۇ ، ئۆز سۈرىتىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىلا ھەرقايسى چوڭ گېزىتلەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلىشى ، ئەر - ئايال ، قېرى - ياشنىڭ ئۆزى توغرىسىدا سۆزلىشىشى ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دىققىتى ئۆزىگە قارىتىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغاندۇ . ئۇ ئۆزىدە جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قەھرىمانە بىر ئىش قىلاي دەيدىغان مەقسەتنىڭ بار - يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيتتى . كۆڭلىدە ئۆزىنى باشقا ياشلاردىن باتۇر ، ۋەتەنپەرۋەر ، ئىلغار دەپمۇ ھېسابلىمايتتى . ئۇنىڭچە ، ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى تەبىئىي بىر ئىش ، قىلچە ھەيران قالارلىق ئەمەس ، ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئالاھىدىلىكىمۇ يوق ئىدى . ئەكسىچە ، ئۇ ئارتۇقچىلىقلىرىغا قارىغاندا ئاجىزلىقلىرىنى كۆپ ئويلايتتى .
مەسىلەن ، ئۆزىنى ئادەملەر ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىيەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى . بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان كۈندىن باشلاپلا پەيدا بولغانىدى . شۇڭا ، ساۋاقداشلارنى باشلاپ ماڭىدىغان ، شوئار توۋلاشقا باشلامچىلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان قىزغىن نۇتۇقلارنىمۇ سۆزلىمەيتتى ، پەقەت ئىنقىلاب ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى داۋراڭ سالماستىن جىمجىتلا ئىشلەيتتى .
ئۇ چاغلاردا ، ئەگەر ساقچىلار مەكتەپنى قورشىۋالىدىغان

بولسا ، ئۇ دەرھال ئوت ئۆچۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان سۇ ناسوسىنى ئورنىتىپ ساقچىلارغا سۇ چاچاتتى ياكى بوتۇلكىلارنى يىغىپ ، ئىچگە قۇم توشقۇزۇپ ، ئۆزلىرىگە ئېتىلغان ئوقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قورال ئورنىدا ساۋاقداشلىرىغا تارقىتىپ بېرەتتى . كېيىن ئۇ يەنە خېلى كۆپ ئۆششاق قوراللارنى ئىجاد قىلدى ، ساقچىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ياخشى چارىلەرنى تېپىپ چىقتى . بۇنىڭدىن ساۋاقداشلىرى ھەم ھەيران بولاتتى ، ھەم خۇشاللىناتتى . يەنە مەسىلەن ، ئۇ مولوتوفچە كۆيدۈرۈش بوتۇلكىسى ياساش ، لاتا پۇرۇچلىرىنى كىرسىنگە چىلاپ ئوت ياققاندىن كېيىن ساقچىلارنىڭ ماشىنىلىرىغا ئېتىش ، تاماق قاچىلىرىنى تۆمۈر قالپاق ئورنىدا بېشىغا كىيىۋېلىپ ساقچىلارنىڭ كالتەكلىرىدىن ئۆزىنى دالدا قىلىش دېگەندەك ئىشلارنى كەشىپ قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ساۋاقداشلار ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ، ئۇنىڭ قارار چىقىرىشىنى كۈتىدىغان بولۇپ قېلىشتى . گەرچە ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ ماڭىدىغان ، باشلامچىلىق بىلەن شوئار توۋلايدىغان ، نۇتۇق سۆزلەيدىغان ئىشلارنى قىلمىسىمۇ ، ساۋاقداشلىرى ئۇنى جىمغۇر رەھبەر ئورنىدا كۆردى .

ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا بىر خىل سىرلىق ۋە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان كەيپىياتنى پەيدا قىلدى . ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەر تارقالدى . بەزىلەر ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئون ساندۇق پارتلاتقۇچ دورا بار ئىكەن دېسە ، بەزىلەر ، ئۇنىڭ دادىسى يۇرتىدا بىر دانە يېنىك پىلىموتنى يوشۇرۇپ قويۇپتىكەن ، دېيىشەتتى . بىرلىرى ئۇنىڭ ئاكىسى ئوفىتسېر ئىكەن ، شۇڭا ئۇ ئىنىسىغا ھەرخىل چارە - تەدبىرلەرنى ئۆگىتىدىكەن ، ھۇجۇم قىلىش ، مۇداپىئە كۆرۈش چارىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدىكەن دېسە ، بىرلىرى ، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاچقان مەخپىي يىغىنلارغا كۆپ قېتىم قاتناشقانىكەن ، دېيىشەتتى ... بۇنداق گەپلەرنىڭ تولا بولۇشى بىر قەھرىماننىڭ تەسىرلىك ئوبرازىنى پەيدا قىلغانىدى . شۇڭا ،

ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمايدىغىنى يوق ئىدى .

تارقىلىپ يۈرگەن بۇ گەپلەر خاتا ئىدى . ئۇنىڭ دادىسى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقىدىكى بەشىنچى دەرىجىلىك خىزمەتچى بولۇپ ، باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاشلا ئاغزىدىن دەرىجىنى چۈشۈرمەيدىغان ئادەم ئىدى . ئوغلىغا بولسا سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشما ، دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئوفىتسېر ئاكىسى تۇرماق ، ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلىرىمۇ يوق ، ئۆيىدە بولسا پارتلاتقۇچ دورىدىن قىلچە ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئۇ چاغلاردا ئىبراھىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھېچقانداق مەخپىي يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ باقمىغانىدى .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ سىياسىي بىلەنمۇ ھەپىلىشىپ كەتمەيتتى ، سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا باش قاتۇرۇشنى خالىمايتتى . شۇڭا ، سىياسىي ئېتىقادى يوق ئىدى ، بىرەر پارتىيە ـ گۇرۇھقىمۇ قاتناشمىغانىدى . ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى كۈچلۈك بولغاچقىلا ، ئۇنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولۇشقا ئۈندەيتتى . ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ساقچىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان پىلانلارنى تۈزۈش ۋە غەلىبە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدى . شۇ پىلانلار تۈپەيلىدىن ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشاتتى .

ئىبراھىم ئەنگلىيىلىكلەرگە ئۆچ ئىدى ، ئۇلارغا نەپرەتلىنەتتى ، ھەر قېتىم بىرەر ئەنگلىيىلىكنى ئۇچرىتىپ قالسا ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ئەمما ، ئۇ مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتى ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ ساپ قېنىنى شۇراۋاتقانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتمىگەنىدى .

ئىبراھىم پادىشاھقىمۇ ئۆچ ئىدى ، بەگ ـ ۋەزىرلەرگە نەپرەتلىنەتتى ، 1936 ـ يىلىدىكى شەرتنامىنى[1] بىكار قىلىش

---

[1] 1936 ـ يىلى مىسىردىكى ھوقۇق تەلەپ قىلغۇچىلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە بىلەن «ئەنگلىيە ـ مىسىر يىگىرمە يىللىق ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتنامىسى» تۈزگەن . دۆلەت ھوقۇقىنى يوقىتىپ ، ۋەتەننى مۇنقەرز قىلىدىغان بۇ شەرتنامە ئەمەلىيەتتە مىسىرنى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىپ قويغان ھەمدە بۇنى قانۇنىي ئاساستا بېكىتىۋەتكەن . بۇ شەرتنامە مىسىر خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان .

تەرەپدارى ئىدى ، ھەربىي ئىدارە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى . كاللىسىدا بۇ خىياللارنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى . ئۇنىڭدا بۇ كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى ، خەلقنىڭ تەلىپى دېگەن سەزگۈلا بار ئىدى ، خالاس .

ئۇ چاغدا ئىبراھىم ئون يەتتە ياشقا كىرگەن بولۇپ ، سەئىدىيە[1] ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى . بىر كۈنى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بىر دانە كىچىككىنە «بروۋنىنگ» ماركىلىق تاپانچا بىلەن بىر قۇتا ئوق ئەكېلىپ بەردى . بۇ ئۇنىڭ چوڭ بولۇپ تۇنجى قېتىم تاپانچا كۆرۈشى ئىدى . ئۇ ئوقۇغۇچى ئىبراھىمنىڭ كۆزىگە قاراپمۇ قويمىدى ، ئەگەر قارىغان بولسا ، تاپانچىنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ سىنچىلاپ قاراۋاتقان ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرىنىڭ بۆلەكچە چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتى . بەلكى ئۇ ئوقۇغۇچى ، مەن ئىبراھىمغا ئادەتتىكىلا بىر نەرسىنى ئەكېلىپ بەردىم ، بۇ ئۇنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىگە تازا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن ، دەپ ئويلىغاندۇ .

ئىبراھىم تاپانچىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى . ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك ئىنسان ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق قۇدرەت ئىگىسى دەپ بىلدى . ئەمدى بۇ كىچىككىنە نەرسە بىلەن ئۇ بارلىق دۈشمەنلەرنى — ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتالايدۇ .

ئەمما ، ئىبراھىم قانداق قىلىش لازىملىقىنى بىلمەيتتى .

ئۇ قولىدىكىنى يېڭى بىر كۈچ دەپ بىلدى ، شۇنداقلا ئۆزىدە يېڭى بىر تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ، زىممىسىگە يېڭى بىر مەسئۇلىيەت ، يەنى ئەنە شۇ كۈچنى ئىشلىتىش مەسئۇلىيىتىنىڭ چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئىبراھىم خالىغان كىشىنى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ قاتىل ئەمەس ، يەنە كېلىپ قاتىل بولۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بۇ كىچىككىنە نەرسە

---

① سەئىدىيە ئوتتۇرا مەكتىپى — قاھىرەدىكى ئاتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ، ئۇ قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدا .

بىلەن چوڭ ئىش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى .

ئىبراھىم تاپانچا بىلەن بىر قوتا ئوقنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى ، يول بويى يانچۇقىدىكى تاپانچا ئۆزلۈكىدىن يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يۇزىگە ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك بەكلا دەككە - دۈككە ئىچىدە ماڭدى . ئۇ تراموايغا ئولتۇرۇپ ئەلئىبھرام كوچىسىنىڭ بىر بېشىغا بېرىپ چۈشتى ، ئاندىن پىيادە مېڭىپ ئەلئىبھرام كەينىدىكى قومۇلۇقنىڭ ئىچىگىرەك كىردى . تاپانچىنى ئېلىپ ئوقلىدى - دە ، ئالدىدىكى تىك تۇرغان بىر تاشنى نىشانلىدى . ئۇنىڭ قولى تىترەيتتى ، بارمىقى قېتىپ قالغاندەك تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى باسالمىدى . ئىبراھىم تەپكىنى باسساملا قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ ، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى ئارىغا ئېلىۋالىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن چوڭ چاتاق چىقىدۇ ، دەپ ئويلاپ سەل قورقتى ، ئاخىر قورقۇنچىنى يۇتۇن غەيرىتى بىلەن يېڭىشكە تىرىشىپ ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمدى ، ئۇنىڭغا خۇددى قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئىككى قۇلىقىمۇ ئېتىلىپ قالغاندەك بىلىندى . ئاخىر ئۇ تەپكىنى باستى . ھېچقانداق ئىش بولمىدى . پەقەت «ۋىڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوق ئېتىلدى . بۇ ئاۋاز خۇددى چىش بىلەن ياغاچ چاققاندىكى ئاۋازغىلا ئوخشىشاتتى . ئوق «ۋىژ» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى . قاتتىق ئاۋازمۇ چىقمىدى ، ھېچقانداق قورقۇنچلۇق ۋەقەمۇ يۈز بەرمىدى . ئىبراھىمغا ئوقنىڭ ئاۋازى پاشىنىڭ غىڭىلدىغىنىدەكلا ئاڭلاندى .

ئىبراھىم كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە ئىشەنمەي قالدى . خۇددى يېڭى بىر قۇرۇقلۇقنى تاپقان ئادەمدەك خۇشال بولۇپ كۈلۈۋەتتى - دە ، بىرنەچچە پاي ئوقنى كەينى - كەينىدىن ئېتىۋەتتى ... كېيىن تاپانچىنى باشقىدىن ئوقلىدى . ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، نىشاننى ياخشى چەنلەپ ئاتتى ، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى سېتىۋالغان ئالىي سورتلۇق ئىتىنى ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدۇرۇشقا كۆندۈرۈۋاتقان ئادەمگىلا ئوخشىشاتتى .

ئىبراھىم تاپانچىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى ، شۇڭا ئۇخلىغاندا

تاپانچىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويىدىغان ، ئويغىنىپلا تاپانچىنى ئېلىپ كۆرىدىغان بولدى ، مەكتەپكە ماڭغاندا تاپانچىنى ئىشكاپقا تىقىپ قوياتتى ، مەكتەپتىمۇ ئەس - يادى تاپانچىدا بولاتتى . ئىبراھىم ئۈچۈن تاپانچا ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزنىڭ ئۆزى ئىدى . دەرستىن چۈشكەندە ، ئۇ ئالدىراپ - سالدىراپ ئۆيىگە كېلەتتى - دە ، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋالاتتى ، ئىشكاپتىن تەشنا بولۇپ كەتكەن نەرسىسىنى ئالغاندەك تاپانچىنى ئالاتتى ، ئۇنى ئىختىيارسىز چىڭ سىقىمداپ خۇددى سۆيگۈنىنى سىلىغاندەك سىلاپ كېتەتتى ۋە سۆيگۈنىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرغانغا ئوخشاش ئۇنى ئاۋايلاپ چۇۋۇيتتى .

ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولغانلار مۇھەببەت رومانلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق كەلگىنىدەك ، ئىبراھىممۇ ئەمدى رازۋېدكا رومانلىرىنى كۆپ ئوقۇيدىغان ، ئامېرىكىنىڭ جانبازلىق ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ، قاتىللىق تەسۋىرلىنىدىغان كىنولىرىنى كۆرىدىغان بولدى . ئۇنىڭ كۆزى ھە دېسىلا تاپانچىدىن نېرى كەتمەيتتى . ئۇنىڭ قانداق كارامەتلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى خۇسۇسىدا ئىبراھىم كۆپ ئويلىناتتى .

ئىبراھىم ھەر پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ، جۈمە كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال تاپانچىسىنى ئېلىپ ئەلئېھرام كەينىدىكى قۇملۇققا بېرىپ قارىغا ئاتاتتى . ئوقنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا گويا ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سۆيۈشۈشىدەك ئاڭلىناتتى .

ئاخىر ئۇ ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىغان مەرگەن بولدى ، كۆرگەن كىنولىرىدىن ، ئوقۇغان كىتابلىرىدىن تۈرلۈك ھالەتتە تۇرۇپ تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالدى ، كېيىنچە كۆزىنى يۇمۇپمۇ ئاتالايدىغان ، ئەينەككە قاراپ كەينىگە چەنلەپمۇ ئاتالايدىغان بولدى . ئۇ دەسلەپتە يوغان بىر تاشنى نىشان قىلغانىدى ، كېيىنرەك بىر جىرىسلىق[1] تەڭگە پۇلنى ، ئاندىن ئىككى جىرىسلىق تەڭگە پۇلنى چەنلەپ ئاتالايدىغان بولدى . ئۇ نىشانغا تەگكۈزەلمەي قالغان

① جىرىس — مىسىرنىڭ تەڭگە پۇلى .

چاغلاردا ئاغرىنغان ھالدا تاپانچىسىغا قاراپ : «ئەزىزىم ، بۇ نېمە بولغىنى ؟» دەيتتى . ئاندىن كۈلۈپ قويۇپ ، خۇددى تاپانچا جاۋاب بەرگەندەك : «ئىبراھىم ، بۇ ھېساب ئەمەس» دەپ قوياتتى . ئۇ تاپانچىغا شۇنچىلىك ئامراق بولۇپ كەتتىكى ، ئۇنى «ئەزىزىم» دەپ ئاتايدىغان بولدى .

يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن ، ئۇ خېلى ھوش - كاللىسى بار بالا ئىدى . ئەقلى ئۇنى تاپانچىغا مۇنداق مەپتۇن بولۇشتىن ئېھتىيات قىل ، تاپانچىنى ھەر قېتىم قولۇڭغا ئالغىنىڭدا قەلبىڭدە پەيدا بولىدىغان قۇدرەتلىك كۈچتىن ئاگاھ بول ، دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ ئامراقلىقىنى يوشۇرۇشقا ، قەلبىدىكى كۈچنى بېسىشقا تىرىشاتتى ، تاپانچىسىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى ، ھەرگىز باشقىلارغا كۆرسەتمەيتتى . ساۋاقداشلىرى بىلەن نامايىشقا چىققاندا تاپانچىسىنى ئالمايتتى . ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈمنى تۇتالماي ئوق چىقىرىپ تاشلايمەنمىكىن ، دەپ ئەندىشە قىلىپ تاپانچىسىنى مەخپىي ساقلايتتى ، خۇددى ئالىي پەزىلەتلىك ئاشىق قەلبىدە ئۇرغۇپ تۇرغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى ئاشكارىلاپ يۈرمىگىنىدەك ، تاپانچىسى ھەققىدە ھېچكىمگە تىنمايتتى .

ئۇنىڭ قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى . بىردىنبىر ھەۋىسى «تاپانچا» ئىدى . ئۇ ئەنە شۇ ھالەتتە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ قانۇن ئىنستىتۇتىغا كىردى . يېڭى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىمۇ بۇرۇنقى ئورنىنى ، يەنى جىمغۇر رەھبەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى ھەرگىز باشقىلاردىن ئۈستۈن سانىمايتتى ، لېكىن باشقىلار ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇناتتى ، ھەتتا ئۇنى كۆزىگە ئىلمايلىچۇ دەيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ يامان دېيىشكە ئاساس تاپالمايتتى . بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئادەملىرى بولۇپ ، ئىبراھىم ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا رەددىيە بەرمەيتتى ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خۇددى دەرس ئاڭلىغاندەك ئاڭلايتتى . ھېچقانداق پارتىيە -

گـۈرۈهـتـا بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىلىرىگە قاتناشمايتتى، ئۇلار بىلەن ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالاشمايتتى. باشقىلارنى باشلاپمۇ ماڭمايتتى، پەقەت قوشۇن ئىچىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇراتتى. شـۇنـداق بـولـسـىـمـۇ ئـۇنـىڭ تەسىرى قوشۇن باشلاپ ماڭغان ئادەمنىڭكىدىن زور بولاتتى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ ياپياش تۇرۇپ ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر ـ بېسىقلىقىدىن ئاغرىناتتى. چۈنكى ئۇ سۆزلىمىسە بولمايدىغان پەيت كەلمىگۈچە ئېغىز ئاچمايتتى. كۇلۇبلارغا بېرىپ شاھمات، قارتا ئوينىمايتتى ... ئاددىيسى باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش قىزلارغا قـانـات سۆرەپـمـۇ يـۈرمـەيـتـتـى، خـۇددى قـىـزلارنى كۆزىگە ئىلمايدىغاندەك، ئۇلارنى يوق ھېسابقا چىقىرىۋەتكەندەك ئۇلار بىلەن قىلچە ئالاقە قىلمايتتى.

بـۇ ئـىـبراھىمنىڭ قەستەن گىدىيىۋالغىنى ئەمەس، بەلكى مـىـجەز ـ خاراكتېرى شۇنداق. ئۇ گەپكە ئۇستا ئەمەس ئىدى. شـاھـمـات ئـۇرۇقـلـىرىنى يۆتكىگەندە چىققان ئاۋاز تاپانچامنىڭ ئېتىلغان چاغدىكى ئاۋازىنى ئەسلىتىدۇ دەپ، شاھمات ئوينىمايتتى، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئوينىغىنىنىمۇ كۆرمەيتتى، ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ قارتا ئويناشنى خالىمايتتى، قىزلارغا ئۆچ ئەمەس، بەلكى قىزلار ئىبراھىمنىڭ تۇرمۇشىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەنىدى، يا ھەدىسى، يا سىڭلىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاپىسى ئادەتتىكى ئايال بولماستىن، بۇ دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئالاھىدە ئايال ئىدى.

ئـۇ ھـەرگـىـز ئۆزىنى قەستەن ئېغىر ـ بېسىق تۇتمايتتى. ساۋاقداشلىرى شاھمات، قارتا ئوينىسا، قىزلارغا كۆيۈپ ـ پىشسا قـىـلـچـە خـاپـا بولمايـتـتـى. دوسـتـلـىـرى دائـىـم ئـۇنـىڭغا ئـۆزلـىـرىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئىبراھىم بولسا ئۇنداق ئىشلارغا ياكى گېپى بولۇۋاتقان قىزلارغا قىزىقىش تۇيەيلى ئەمەس، بەلكى دوستلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈش يۈزىسىدىن بېرىلىپ ئاڭلايتتى.

ئۇ تاپانچىسىغا ئامراق بولغىنىدەك، دوستلىرىغىمۇ ئامراق

ئىدى. بۇمۇ ئۇنىڭدىكى ئەزىمەتلەرگە خاس بىر روھ ئىدى. ئۇ كۆپىنىڭ ئىشىغا جان كۆيدۈرەتتى، باشقىلار ئۇچۇن ئۆز مەنپەئىتىدىن ۋاز كېچەلەيتتى. دوستلىرى ئۇچۇن بارلىقىنى، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى. بىر ـ ئىككى قېتىم نامايىشتا ئۇ دوستىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ، ئۆزى ئوق ئاستىدا جان بەرگىلى تاس قالغان، بىر قېتىم بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى دەپ، ئۆزى قۇربان بولغىلى ئاز قالغانىدى. بۇ ئىش بىر قېتىملىق نامايىشتا بولدى: ساقچىلار نامايىش قوشۇنىنىڭ قاھىرە شەھىرىگە كىرىشىنى توسۇش ئۇچۇن نىل دەرياسىدىكى ئابباس ئاجراتما كۆۋرۈكىنى ئاجرىتىۋەتتى، ئىبراھىم قولۋاق بىلەن ئابباس ئاجراتما كۆۋرۈكىنىڭ تۈۋرۈكى يېنىغا كەلدى ـ دە، تۈۋرۈك بىلەن كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىپ كۆۋرۈكنى تۇتاشتۇرماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ كۆۋرۈكنى تۇتاشتۇرۇشقا ئۇلگۇرمەيلا ساقچىلار يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۇنى دۇمبالاپ كەتتى، ئاخىر ئامالسىزلىقتىن دەرياغا سەكرەپ قىرغاققا چىقىۋالدى.

ئىبراھىم دوستلىرىغا ۋە ساۋاقداشلىرىغا مانا مۇشۇ دەرىجىدە ئامراق ئىدى. بۇ خىل ئامراقلىقتا قىلچە ياسالمىلىق يوق، ئىنتايىن تەبىئىيلىك بار ئىدى. شۇنداق ھېسسىيات بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭدا ساۋاقداشلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان كۈچ بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن ئېغىر ـ بېسىقلىق، سىپايىلىك، خۇشخۇيلۇق، مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى.

ئوقۇغۇچى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ۋەتەنگە، يولداشلىرىغا ئەقىدە باغلاش ۋە تاپانچىسىنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈشتىن باشقا نىيەت يوق ئىدى.

ئۇ ياشلىقىمدا ئادەتتىكى بىر ھەققانىي ئادەم بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرسەملا بولدى، دەپ ئويلايتتى.

بىر كۈنى ئىبراھىم كىنودىن چىقىپ ئادىل پاشا كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا ئادەملەرنىڭ توپلىشىپ

كەتكەنلىكىنى كۆردى . بىرىپ قارىسا ، بىرنەچچە ئەنگلىيە ئەسكىرى بىرنەچچە چاربازارچى بىلەن تىللىشىپ ، مۇشتلىشىۋاتقانىكەن .

ئىبراھىم توپنىڭ يېنىدا بىردەم قاراپ تۇردى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە ئەنگلىيىلىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك قايناپ تاشماقتا ۋە بارغانچە ئۇلغايماقتا ئىدى . ئۇ غەزەپكە كەلدى ، قېنى قىزىدى ، چاربازارچىلارنىڭ ئەنگلىيىلىكلەرنى يېڭىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدى . ئەمما ، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى بارغانچە كۆپىيىپ كەتتى . شۇ ئارىدا بىر ئەنگلىيە ئەسكىرى بەكىسىنى ئېلىپ بىر چاربازارچىنىڭ پېشانىسىگە سانجىۋەتتى ، شۇئان پېشانىسىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقتى . بۇ بىر مىسىرلىقنىڭ ئىسسىق قېنى ئىدى !

ئىبراھىم زادىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى ، ھېچنېمىگە قارىماي توپنى يېرىپ ئەنگلىيە ئەسكىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، مۇشت ، كاللا ، پۇتنى ئىشقا سېلىپ ئەنگلىيىلىكنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە باشلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن دۈشمىنىنىڭ ئۈتتۇر كەلگەن يېرىگە تازا سالدى .

بىر چاغدا ئىبراھىم ئۆزىگىمۇ مۇشت تېگىۋاتقانلىقىنى سەزدى ، بارلىق زەربە ئۇنىڭغا قارىتىلغانىدى . ئەنگلىيىلىكلەر ئۇنى ئۇراتتى ، تېپەتتى … ئاخىر ئىبراھىم تىزلىنىپ قالدى .

بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا تاپانچىسى كەلدى … «ئەگەر ‹ئەزىزىم› يېنىمدا بولغان بولسا ، بۇ مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم ! ‹ئەزىزىم› مېنى بۇنداق ئاھانەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئىززىتىمنى ساقلايتتى . مەن بۇ نىمىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ! ھەممىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلىمەن !»

ئىبراھىم تىزلانغان پېتى بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئەنگلىيىلىكنىڭ قولىدىكى بەكىنى كۆرۈپ قالدى . ئەنگلىيىلىك بەكىنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتاتتى . ئىبراھىم شاققىدە بېشىنى چەتكە ئالدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ قاچتى . ئالدىغا ئۇچرىغان بىر تاكسىنى توسۇپ ، شوپۇرغا مۇنىرە رايونىدىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى ھەمدە شوپۇرنى : «تېز بولۇڭ ! ئۆتۈنۈپ كېتەي ،

تېزرەك ھەيدەڭ !» دەپ ئالدىراتتى . شوپۇر خۇددى پەيلاسوپلاردەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىدىكى قانلارغا سەپسالدى ـ دە ، تەسەللى بەردى .

— خۇدايىمنىڭ كۈنى ئۆزۈن ، ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ .

ئىبراھىم بۇ گەپكە جاۋاب بەرمەستىن ھەدەپ :

— تېز ! تېزرەك ھەيدەڭ ! — دېدى . ماشىنا ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى . ئۇ شوپۇرغا :

— مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ ! — دېدى ـ دە ، پەلەمپەيدىن ئىتتىك چىقىپ بىناغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ھۇجرىسىغا ئۇچقاندەك كىردى ، ھەتتا ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئايالىنىڭ ھەيران بولۇپ تىۋلىۋەتكىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى ۋە تاپانچىسىنى ئالدى ـ دە ، بىنادىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ ماشىنىغا ئولتۇردى ، ھاسىراپ تۇرۇپ شوپۇرغا :

— يەنە ئادىل پاشا كوچىسىغا ئاپىرىپ قويۇڭ ! تېز ! — دېدى .

شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى ۋە كەينىگە قاراپ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئىبراھىمغا :

— ئەپەندىم ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋالسىڭىز بولارمىكىن ، — دېدى .

ئىبراھىم ئۈندىمىدى .

ئۇ تاپانچىنى يانچۇقىغا سېلىپ خۇددى يۈرىكىنى ، ئويلاش ئىقتىدارىنى ، ياشلىقىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغاندەك ئولتۇراتتى .

ئادىل پاشا كوچىسىغا كەلگەندە ، ئۇ ھېچكىمنى تاپالمىدى . جەڭ ئاللىقاچان ئاياغلاشقان بولۇپ ، يەردە قانلار ئۇيۇپ تۇراتتى . ئۇ بايىقى ئادەملەرنىڭ بىرەرىنى ئۇچرىتارمەنمىكىن ، بىرەر ئەنگلىيىلىكنى كۆرەرمەنمىكىن دەپ ، ئەتراپقا قاراپ باقتى . ئەمما ، كوچىدا ھېچكىم ، بىرەر ئەنگلىيىلىكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

ئىبراھىم سەل تىنچلانغاندەك بولدى ، تىترەكمۇ توختىدى . يانچۇقىدىكى تاپانچىنى چىڭ تۇتقان قولى بوشىدى ، شۇندىلا

ماشىنىنىڭ كىرا ھەققىنى تۆلىمىگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ شوپۇرغا قارىدى . شوپۇر يەنىلا بىر خىل تەمكىن نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . چىرايىدىن مۇلايىملىق ، سەمىمىيلىك ۋە ئاز ـ تولا ئۈمىدسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى . ئىبراھىم يانچۇقىنى ئاختۇردى ، ئەمما قولىغا ئاران بەش جىرىس چىقتى . ئۇ غەزەپتە پۇل ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى .

شوپۇر ئۇنىڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ دېدى :

— ئەپەندىم ، ھېچقىسى يوق ، ئاۋارە بولماڭ ! بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى ، سىز ئۇچۇن كۆپچىلىك تۆلەپ بولدى .

— كۆپچىلىك دېگىنىڭىز كىم ؟ — سورىدى ئىبراھىم ھەيران بولۇپ .

— ئۇلاردىن باشقىلار كۆپچىلىك بولامدۇ ؟ بولدى ، خوش ! — دېدى شوپۇر كۈلۈپ . شوپۇرنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلغاندەك ماشىنىمۇ گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى .

سوغۇق شامال ئىبراھىمنىڭ يۈزىگە يېنىك ئۇرۇلاتتى . ئۇ ئۆيىگە پىيادە كەتتى ، يول بويى خىيال دەرياسىدا ئۈزدى ، ئاخىر ئاجايىپ چوڭ يېڭى مەسىلىنى تاپقاندەك بولۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك نامايىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئۇ نېمىشقا ساقچىلارغا خىش پارچىسىنى ئاتىدۇ ؟ نېمىشقا يول چىراغلىرىنى چېقىپ ، تراموۋايلارنى كۆيدۈرىدۇ ؟ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ، ئۇ ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىككە ئىگە بولۇش ھوقۇقى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ . ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ، شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش ، ھەربىي ئىدارە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەركىنلىك ئۈچۈن قويۇلغان تەلەپلەر ئەمەسمۇ ؟

ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى كىم بوغدى ؟ ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىكىنى كىم تارتىۋالدى ؟ ھەرگىز ساقچىلار ئەمەس ، توك شىركىتى ، تراموۋاي شىركىتى ئەمەس ، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ

كاتتىباشلىرىمۇ ئەمەس، دەل ئەنگلىيىلىكلەر! ئۇ نېمىشقا بۇۋاستىتە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ جاجىسىنى بەرمەيدۇ؟ نېمىشقا كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئۇلارغا قاراتماي ساقچىلارغا قارىتىدۇ؟

ئىبراھىم سىياسىي جەھەتتىن ئويغىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى مەخپىي ئۆلتۈرىدىغان تەشكىلات قۇرۇش توغرۇلۇق ئويلاندى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىككىلىنىپ قالدى: مەن قاتىل ئەمەس، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىمۇ خالىمايمەن.

ياق! بۇ دېگەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەس، بۇ كۆرەش، شەرەپلىك كۆرەش! ئەنە، ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوت، زەمبىرەك، نەچچە ئون مىڭلىغان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرماقتا. ئۇ بولسا يەككە ـ يېگانە ھالدا كىچىككىنە تاپانچىسى بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرماقچى.

ئىبراھىمنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ ھەرگىز يارىسى ئاغرىغانلىقتىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئانچە ـ مۇنچە يارا ـ جاراھەتكە ئاھ ـ ۋايلاپ كەتمەيتتى. ئۇ ھازىر كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇۋاتقان باشقا بىر دۇنياغا، يەنى جەسەتلەر بىلەن تولۇپ، قانلار بىلەن بويالغان دۇنياغا نەزەر سالماقتا ئىدى. جەسەتلەر ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ جەستى، قانلار ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قېنى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىبراھىمنىڭ يۈزىگە مۇشت ئاتقان ۋە بەكە تەڭلىگەن ئەبلەخنىڭمۇ جەستى بار ئىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىبراھىم قورقۇپ كەتمىدى، ھودۇقمىدى، بەلكى دىققەت بىلەن كۆزەتتى.

ئەتىسى ئۇ تاپانچىسىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئەزىزى» ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدىغان، يانچۇقىدىلا تۇرىدىغان بولدى.

ئىبراھىم پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىلىرىغا بارىدىغان ھەممە يوللارنى، يەنى ئابباسىيە، مەئادى، مازەدە تۇرىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ گازارمىسى بولسۇن ياكى

ئالېكساندرىيە پورتىغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى گازارمىلار بولسۇن، ھەممىنى بەش قولدەك بىلىۋالدى. ئەسكەرلەرنىڭ گازارمىغا قايتىدىغان ۋاقتىنى، قاھىرەگە يالغۇز كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى، قاھىرەگە كىرسە كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان يولىيورۇق بارلىقى، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قانداق قورال-لارنى تۇتىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقتى. ئىشقىلىپ، ئۇ بىلىشكە تېگىشلىك ھەممە ئىشنى بىلدى، ئىگىلەشكە تېگىشلىك بارلىق ئاخباراتلارغا ئىگە بولدى.

ئۇ تېخى تۇنجى قېتىم جەڭ قىلىدىغان ئورۇننىمۇ تاللاپ يېڭى قاھىرە رايونىدىكى تراموۋاينىڭ ئاخىرقى بېكىتىنى جەڭ ئورنى قىلىپ بېكىتتى.

بۇ پىلاننى تۈزۈش جەريانىدا، ئىبراھىم بۇنچىۋالا كۆپ ئىشنى يالغۇز قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا ئاز دېگەندە ماشىنىسى بار، ئۇ ئوق چىقارغاندىن كېيىن ئۇنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ قاچىدىغان ھەمراھ لازىم ئىدى.

ئىبراھىم ئۆزىگە ھەمراھ تاللاشنى كۆپ ئويلىدى ۋە ئاخىر تاپانچا بەرگەن ئاغىنىسىنى تاللىدى. ئۇ ئاغىنىسىنىڭ دادىسىنىڭ ماشىنىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاغىنىسى ۋەتەننى سۆيىدىغان، ساپ دىل، سەممىي بالا ئىدى. ئۇنىڭغا بەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئىبراھىم ئاغىنىسىگە ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتماستىن، ئۇنىڭ بىلەن ھەركۈنى پاراڭلىشىپ ئەنگلىيىلىكلەر توغرىسىدا تىنماي سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ۋە زوراۋانلىقى ئۈستىدە توختالدى. شۇ ئارقىلىق ئاغىنىسىنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر سادا ئاڭلاشنى كۈتتى. دېگەندەك، ئاغىنىسىدىن سادا چىقتى. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى ئىبراھىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئاغىنىسى ناھايىتى قىزىشىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— بىز نېمىشقا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيمىز؟

ئىبراھىم ئاغىنىسىگە چىڭ ئېسىلدى ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرىكەت پىلانى تۈزۈشكە كىرىشتى .

بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . ھەرىكەت ۋاقتى بەلگىلەندى . ئىبراھىم خۇددى ئەزرائىلنى ئالداشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك ھەممە ئىشنى ئىنچىكىلىك ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قايتا ـ قايتا ئويلىدى .

يېرىم كېچە ، بىر پىكاپ مازەدىكى تراموۋاي بېكىتىگە كېلىپ توختىدى . ئەتراپ گويا گۆرىستان تىمتاسلىقىغا چۆككەنىدى .

ئۇلار پىكاپ ئىچىدە گەپ قىلماي ئولتۇردى . خېلى ۋاقىت ئۆتتى . ئۇلار يەنىلا ئۈنچىقمىدى . بۇ پىلاننى ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن . ئەگەر ئىبراھىم قولغا ئېلىنسا ياكى ئوق تېگىپ يىقىلسا ، ئاغىنىسى ماشىنىنى ھەيدەپ قېچىپ كېتىدىغانغا كېلىشكەنىدى .

غەرق مەست ئىككى ئەنگلىيە ئەسكىرى كەلدى . ئىبراھىم ماشىنا ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتتى ۋە خەيرلەشكەن نەزەر بىلەن ھودۇققان ھالدا ئاغىنىسىگە لەپپىدە بىر قارىدى . ئىبراھىم ئارىسالدى بولدى . ئەمما ، ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن بەتتەر ھودۇقۇپ كەتكەن ، لەۋلىرى تىترەيتتى ، قورقۇش ئارىلاش ئۈمىد چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئىبراھىمغىمۇ خۇددى نىيىتىڭدىن يانساڭمىكىن دەپ ئۆتۈنۈۋاتقاندەك تىكىلگەنىدى .

ئاغىنىسىنىڭ قورقۇشى ئەكسىچە ئىبراھىمغا كۈچ بېغىشلىدى . ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ، ئاغزىنى چىڭ يۇمدى ، ئاغىنىسىگە ئىلھام ، تەسەللى بەرگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ، ماشىنىدىن چۈشۈپ قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ ، «ئەزىزى»نى چىڭ تۇتقان ھالدا كېلىۋاتقان ئىككى ئەنگلىيە ئەسكىرىگە قاراپ تۇردى .

ئۇ يەنە ئارىسالدى بولدى . ۋاقىت ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق بىلىندى ، «ئەزىزى»نى شۇنچە قىلىپمۇ يانچۇقىدىن چىقىرالمىدى . ئۇنىڭغا يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ ، پۇتلىرى پۈكۈلۈپ

كېتىۋاتقاندەك ، ئۆزى ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى .
ئىبراھىم ماشىنىغا كىرىۋېلىپ «ئەزىزى» ۋە دوستىغا ئۆزىنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىنى ئىقرار قىلىشقا تاس ـ تاس قالدى . توساتتىن ئىككى ئەنگلىيە ئەسكىرى ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا مۇشت ئاتتى .
ئۇ چاقچاقانلىق بىلەن كەينىگە داجىدى ـ دە ، يانچۇقىدىن تاپانچىنى چىقاردى . «ئەزىزى» بوغۇق ئاۋاز چىقاردى ، ئۇقنىڭ ئاۋازى خۇددى پاشىنىڭ ۋىڭىلدىغىنىدەكلا ئاڭلاندى .
بىر ئەنگلىيە ئەسكىرى ئوق تېگىپ ئۆلدى . يەنە بىرى قورقۇپ كۆزلىرىنى ۋەھىمىلىك چەكچەيتكىنىچە قېتىپ قالدى . مانا بۇ ئىبراھىم كۆرگەن ئاخىرقى مەنزىرە ئىدى .
ئۇ ماشىنىغا سەكرەپ چىقتى ، ئاغىنىسى ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى ـ دە ، خۇددى يەر ئاستىغا كىرىپ مۆكۈۋالىدىغاندەك تېز سۈرئەتتە مېڭىپ كەتتى . شەھەرگە كىرگەندە ئاندىن ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى . ئۇلارنىڭ ئەمدىكى قىياپىتى سەيلە قىلىۋاتقان يىگىتلەرگە ياكى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى مەشۇقىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئاشىق يىگىتلەرگە ئوخشىشاتتى . ئۇلار پىلاننى مانا شۇنداق ئورۇندىدى .
ئىككىيلەن گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى ، چۈنكى ھېچقايسىسى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى ، ھەتتا ماشىنا ئىبراھىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ، ئىبراھىم ماشىنىدىن چۈشكەندىمۇ ئاغىنىسىگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . ئاغىنىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشمىدى .
ئىبراھىم شۇ كۈنى كېچىچە كۆز يۇمماي چىقتى . ئۆلگەن ئەنگلىيە ئەسكىرىنىڭ جەسىتى كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى . ئەمما ، ئۇ جەسەتنى ئويلىمىدى ھەم ئۇ تۇپەيلى بىئارامىمۇ بولمىدى . پەقەت مەن توغرا قىلدىممۇ ، قانداق ؟ دېگەن مەسىلىنى كۆپ ئويلىدى .
سائەتنىڭ چىكىلدىشى ئۇنىڭغا سىنىڭ قىلغىنىڭ توغرا

دەۋاتقاندەك بىلىندى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، كۆزىنى ئېچىپلا تىترىگەن قولى بىلەن گېزىتنى ئېلىپ كۆردى . ئەمما ، گېزىتتىن تۈنۈگۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئەنگلىيە ئەسكىرى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپالمىدى . خەۋەرنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار كىشىلەرنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويمىسۇن دەپ ، ئۇ خەۋەرنى ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغانىدى .

مانا بۇ تۈنجى قېتىملىق ئىش ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش بىرقانچە قېتىم بولدى . گۇرۇپپا چوڭايدى ، ئەزالار يەتتىگە يەتتى . تاپانچىمۇ ئۆزگەردى . ئۇلار رەسمىي ماۋزېر سېتىۋالدى . ئىبراھىم ماۋزېرنى قولىغا ئالغاندا ، گويا «ئەزىزى»گە خىيانەت قىلغاندەك ئوڭايسىزلاندى . بۇ ئىشنى قانداقمۇ ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولسۇن ! «ئەزىزى» ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭىيىشنى خالىمىسا ، ئىبراھىم چوڭ بولىۋېرىدۇ ـ دە ! ئەمما ، ئىبراھىم خۇددى تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلەشكەن سۆيگۈننى ئۇنتۇيالمىغاندەك ، «ئەزىزى»نى دائىم ئەسلەپ تۇردى .

يەتتەيلەن ھەر ھەپتىدە تاغقا چىقىپ قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلاتتى ، يىغىن ئېچىپ پىلان تۈزۈپ چىقاتتى . مەردانىلىك بىلەن ھەرخىل ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى . ئاخىرىدا ئىبراھىمغا ، قېنى قارار قىلىمامسەن ، دېگەندەك قارىشاتتى .

ئىبراھىم ئۇلار ئىچىدە چوڭلاردىن ھېسابلىناتتى . ئۇ چاغدا ئىبراھىم يىگىرمە ياشقىمۇ كىرمىگەن ، ئارىدا يىگىرمە ئىككى ياشلىقلار بار ئىدى . ئىبراھىم ئۇلارنىڭ باشلىقىمۇ ئەمەس ، چۈنكى يەتتەيلەن بىرگە باشلىقنىڭ كېرىكى يوق دەپ ، قارار قىلىشقان . شۇنداقتىمۇ جىمى ئىشنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىبراھىم قارار قىلاتتى . ئۇلار ھەرگىز قاراملىق قىلمايتتى . يەككىلىك بىلەن ئىش كۆرمەيتتى . سەۋەب ، بۇنىڭغا ئىبراھىم يول قويمايتتى ، ئۇ قارارنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىقىراتتى . ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتىن كېيىن ئۇلار ئۇزۇنغىچە جىم يۈرەتتى . شۇڭا ، ئىككى يىل ئىچىدە سەككىز قېتىملا ھەرىكەت قىلدى . ھەر قېتىمدا ئىش

ئوگۇشلۇق بولدى . ساقچىلار قىلچە يىپ ئۇچى تاپالمىدى . ئەنگلىيىلىكلەرنى قوللايدىغان تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇپ قالالمىدى . ئىبراھىم دائىم ئاشۇ تەدبىرلەردىن كاۋاك تېپىپ ، ئامال قىلىپ يېڭى ـ يېڭى پىلاننى تۈزۈپ چىقاتتى .

ئۇلار يىغىن ئېچىپ توققۇزىنچى قېتىملىق ھەرىكەت پىلانىنى تۈزدى .

ئەتە ھەرىكەت ئېلىپ بارىمىز دېگەن چاغدا ، پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . ھەمراھلىرى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشتى ، ھەتتا ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈردى ، ئىبراھىم بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماستىن ، بۇ پىلان تازا ئىشەنچلىك بولماپتۇ ، دەپلا قويدى .

بۇ ھەقىقىي سەۋەب ئەمەس ئىدى .

ئىبراھىم نەچچە ھەپتىدىن بۇيان تۈرلۈك خىياللار قاينىمىدا ئۈزدى : بىزنىڭ قىلمۋاتقانلىرىمىزدىن زادى نېمە چىقىدۇ ؟ بىز بەربىر مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيمىز ، ھازىرقىدەك قىلساق بەلكى بىرى ، ئىككىسى ، ھەتتا ئونى ، يۈزى ئۆلۈشى مۇمكىن . ئەمما ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىسىردىن چىقىپ كەتمەيدۇ ، يەنىلا مىسىر زېمىنىنى بېسىپ ياتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە خەۋەرلەرنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار بۇنداق خەۋەرلەرنى گېزىتكە بېسىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقتىن ، بۇ ھەرىكەتلەر خەلق ئىچىدە ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلمىدى . خەلق جەمئىيەتتە يۈرمەكتە ، ئۇلاردا تەسىرلىنىش ، غەيرەتكە كېلىش دېگەنلەر بولمىدى . ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتىن ئەسەرمۇ يوق . بۇ ھەرىكەتلەرنى خۇماردىن چىقىش ئۈچۈنلا قىلىۋاتقىنىم يوق . مېنىڭ تەبىئىتىم ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەس . مەن بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق خەلقنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ، ئويغىتىشنى ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا قوزغاشنى ئويلىغانىدىم ئەمەسمۇ ؟

ئەنگلىيىلىكلەر قانداق قىلىپ خەلقنى مۇنچە بىپەرۋا

قىلىۋەتكەندۇ ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى نېمانچىمۇ مۇجۇۋالغاندۇ ؟
ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىدىن نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ ، خەلقتە قىلچە ئىنكاس يوققۇ ؟
خەۋەرلەرنى تەكشۈرىدىغانلار ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئەمەس . كېچىدە مېڭىشنى مەنئى قىلغانلار ، ھەربىي ھالەت ئېلان قىلغانلار ، ۋەتەنپەرۋەرلەرنى تۇتۇپ جازا لاگېرىغا قامىغانلار ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئەمەس . بۇلارنى سىياسەتلەر ، خەلققە تېڭىلغان سىياسەتلەر قىلىۋاتىدۇ ، ئۇنداق بولسا ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان بۇ سىياسەتلەرنى كىم ئىجرا قىلىۋاتىدۇ ؟ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غالچىلىرى ، ۋەتەن ساتقۇچىلار !
ئىختىيارسىز ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى . بۇ خىياللارنىڭ ئۆزىنى قەيەرگە باشلاۋاتقانلىقى ، ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتسىلا ، قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكى ، ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان . ئەمدى ئۇ بىر مىسىرلىقنى ياكى بىرنەچچە مىسىرلىقنى ئۆلتۈرىدۇ . ئۇ قولىغا تۇنجى قېتىم تاپانچا تۇتقان كۈندىن تارتىپ ، تاپانچامنى مىسىرلىققا قاراتمايمەن دەپ ، ناھايىتى ئېھتىيات قىلىپ كەلگەنىدى . شۇڭا ، نامايىشلارغا قاتناشقاندا تاپانچىسىنى ئالمىغان ، ساقچىلار ئۇنى قوغلىغان ۋە كالتەكلىگەندىمۇ ، تاپانچىسىنى ئىشلىتىشنى ئويلاپ قويمىغانىدى . چۈنكى ، ئۇ تاپانچامنى مىسىرلىقلارغا تەڭلىسەم بولمايدۇ ، دەيتتى ، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقىنى ئادەتتىكى مىسىر ساقچىسى ئەمەس ، باشقا كىشىلەر ، يەنى غالچىلار ، ۋەتەن ساتقۇچىلار ! ساقچىلار ناھايىتى كەلسە سىياسەتنى ئىجرا قىلغۇچىلار ، خالاس .
شۇنداق قىلغاندا ، ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ . نامى پۇر كەتكەن غالچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ قالالمايدۇ . كىشىلەر بۇنداق غالچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە خۇشال بولىدۇ . قالغان غالچىلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا ، ئەزرائىلغا يولۇققاندەك تېنى سىرقىرايدۇ .

ئىبراھىم مۇشۇ خىياللار بىلەن ئازاب چېكىشكە باشلىدى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. يېڭىدىن ـ يېڭى خىياللار كېچىلىرى ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەيتتى، كۈندۈزلىرىمۇ شۇ خىياللار بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى.

كىمنىڭ ئەنگلىيە غالچىسى، ۋەتەن ساتقۇچ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولار؟ خېلى كۆپ ئادەملەر بىر كىشىنى ۋەتەن ساتقۇنى دەپ يۈرەتتى، ئۇمۇ ئۆزىنى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ ئاتايتتى. ۋەتەن ساتقۇچلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك. كىشىلەر ئۇ ئادەمگە ئاللىقاچان ئۆلۈم جازاسى بەرگەن بولسىمۇ، تېخىچە ئىجرا قىلىنماي كېلىۋاتاتتى.

ئىبراھىم شۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم.

ئىبراھىم بۇ قېتىممۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش ھەمراھلىرىنى ئۆز ئويلىغىنى بويىچە پىكىر قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇلارغا دېگۈزۈشكە تىرىشتى. ئاخىر ھەمراھلىرى، ھەرىكىتىمىزنى ئەنگلىيە غالچىلىرىغا قارىتايلى، دېگەن يەرگە كەلدى ۋە ئەنگلىيە غالچىلىرىنى يوقاتمىغۇچە، ئەنگلىيىلىكلەردىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، دېگەن پىكىرگە قوشۇلۇشتى.

ئۇلار ئەنگلىيىنىڭ مىسىردىكى غالچىسى ئابدۇرېھىم پاشانى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزدى.

ئىبراھىم گويا تەقدىر ئىلاھىدەك، ھەممە ئىش ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئورۇندالدى.

ئۇ ئاتقان بىرىنچى پاي ئوق نىشانغا تەگدى. خۇددى ئەمدىكى ئوق ئەرۋاھنى دوزاخقا ئەكىرىپ كېتىدىغاندەك، ئارقىدىنلا يەنە ئىككى پاي ئوق ئاتتى، ئاندىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ماشىنىغا يۈگۈردى. ماشىنا ئەسلىي ئۇ چىققۇچە ئارىلىقتا ئوت ئالدۇرۇلۇپ، دەرھال مېڭىشقا تەييار تۇرۇش ئىدى. قېرىشقاندەك ماشىنا ئوت ئالمىدى. ماشىنا بۇزۇلۇپ قالغانىدى. ئىبراھىم يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى، قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىدى. ھەمراھى ھەدەپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇشقا



تىرىشاتتى ، ئەمما ماشىنا يەرگە مىخلاپ قويغاندەك ، ئورنىدىن قوزغالمايتتى .

ئىبراھىم ماشىنىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى ـ دە ، بار كۈچى بىلەن ئالدىغا يۈگۈردى . ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىماي ، نەگە كېلىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي يۈگۈردى . ئارقىسىدىن ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ساقچى پۈشتەكمۇ چېلىندى . ئۇ بىرىنىڭ «ئوغرىنى تۇتۇڭلار ! ئوغرىنى تۇتۇڭلار ! ...» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى . ئۇلار بۇ بالىنى نېمە ئۈچۈن قوغلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . بەزىلەر ئۇنى راستىنلا ئوغرى دەپ بىلگەنىدى .

ئىبراھىم نېمىشقا ئۇلارغا ئوق ئاتمايدۇ؟ بىر پاي ئوق ھەممىنى تارقىتىۋېتەلەيتتى . ئەگەر ئاردىن بىرى ئوق تېگىپ يىقىلسا ، قالغانلىرىنىڭ شۇ ھامان تارقىلىپ كېتىشى تۇرغان گەپ... ئىبراھىم تاپانچىسىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى ، بەزىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى . ئەمما ، ئۇ ... ئۇ قاتىل ئەمەس . ئۇ كىشىلەر گۇناھسىز . ئۇلار ۋەتەن ساتقۇچلار ئەمەس ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غالچىلىرىمۇ ئەمەس . ئۇلار كېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئىبراھىم ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆلتۈرمەيدۇ .

كىشىلەر بارغانچە يېقىنلاشتى . ئۇلارغا ھەدەپ يېڭى ئادەملەر قوشۇلۇۋاتاتتى . ئىبراھىمنىڭ دېمى كېسىلدى ، پۇتىنىڭ پېيى تارتىشتى ، ئۇسساپ كانىيى قۇرۇپ كەتتى ، ئۇنىڭغا كالپۇكلىرى خۇددى ئىككى پارچە تاختايدەك بىلىندى . بىردىنلا ئۇ يۈگۈرۈشتىن توختىۋىدى ، قوغلاۋاتقانلار يېتىشىۋالدى . بىرنەچچە قول ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تەڭلا ئامبۇردەك قاماللاپ تۇتتى .

ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى . ئۇنىڭ چىرايى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ناھايىتى تەبىئىي ئىدى . بۇنداق چىراي قەلبىڭىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالاتتى ، سىزنى

ئەس ـ ھوشىنى ئايرىۋېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھېچقانداق ھودۇقۇش، تەمترەش ئالامەتلىرى يوقلۇقىنى كۆرۈشتى ـ دە، ئۇنى تۇتۇۋالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشقاندەك، قوللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئالدى. بىرلا ساقچىنىڭ قولى ئىبراھىمنىڭ يەلكىسىدىن چىڭ چاڭگاللىغىنىچە قالدى.

ئىبراھىمنى ساتقۇننىڭ ئۆلۈكى يېنىغا ئەكەلدى. ئەتراپىغا كىشىلەر ئولىشىپ كەتكەنىدى. ئۆلار باشلىق ۋە تەپتىش ئەمەلدارلىرى كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشتى.

ئىبراھىم جەسەتكە قاراپمۇ قويمىدى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۆلۈككە نەزەر ـ كۆزىنىمۇ سالمىدى.

بىرەيلەننىڭ يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان ۋەتەن ساتقۇچىنىڭ ئۆلۈكىگە قاراپ «خوپ بوپتۇ!» دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ، ئىبراھىم كۈلۈمسىرىدى. ئۇ گويا «مەن گۇناھسىز» دېگەن ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندەك بولدى، بۇ خەلقنىڭ ھۆكمى ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىملا سوراق باشلاندى ۋە بىرنەچچە ئاي داۋاملاشتى. شۇ ئارىلىقتا ئىبراھىمنىڭ جىمى ھەمراھلىرى قولغا ئېلىندى. ئۆلار ئىبراھىمنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ئەمەس، ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى قولغا چۈشۈپ قالغان ماشىنىنىڭ نومۇرى ئارقىلىق قولغا ئېلىنغانىدى.

ئىبراھىمنىڭ ئىشى پۈتۈن مىسىرنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. سۈرىتى ھەرقايسى گېزىتلەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلدى. نۇرغۇن ئادۋوكاتلار ئۇنىڭ ئاقلىغۇچىسى بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بەزىلەر ئىبراھىمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇش يۈزىسىدىن ئاقلىغۇچى بولۇشنى تەلەپ قىلغان بولسا، بەزىلەر مۇشۇ دېلو ئارقىلىق نام ـ شۆھرەتكە ئىگە بولۇش كويىدا بولدى. تۈرمىدە ئىبراھىم نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدى. قىز ـ يىگىتلەر يازغان خەتلەردە ئۇنىڭ بىر ۋەتەن خائىنىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىگەنىدى.

تونۇمايدىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا تاماكا، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. ئىبراھىمنىڭ ئاپىسى دەسلەپتە يىغلىدى، كېيىن ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قەددىنى رۇسلىدى. دادىسى بولسا ئوغلى قەھرىمانلارچە قوربان بولۇپ جەننەتكە كىرگەن ئادەمدەك گەپ ـ سۆز قىلماي جىملا يۈردى. بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ، ئىبراھىم ئۆزىنىڭ قەھرىمان بولغانلىقىنى بىلدى. ئەمما، ئۆزىنى ھەرگىز قالتىس ئىش قىلىۋەتكەن ئادەم دەپ قارىمىدى، ئۇ ھېلىمۇ بۇرۇنقىدەكلا مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم، ھېچبىر ئالاھىدە ئىش قىلغىنىم يوق. خەلقلا مېنى قەھرىمان دەپ ھۆرمەتلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئۇنى قەھرىمان دەپ تونۇغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەيدىسىگە قەھرىمانلىق ئوردېنى تاقاپ تۇرۇپ دارغا ئېسىلىدۇغۇ!

ئىبراھىم ئۆلۈشنى، دارغا ئېسىلىشنى خالىمايتتى. ھاياتىنىڭ مۇشۇنداقلا ئاخىرلىشىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇنىڭ ياشىغۇسى بار، ئىسسىق قېنى ئېقىپ كەتسە، جاسارەتلىك يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالسا بولمايدۇ. ئاخىر ئىبراھىم تۈرمىدىن قېچىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ئۇيقۇسى قاچتى. سوراق ئەھۋالىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمىدى، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك قېچىش توغرىسىدىلا ئويلىناتتى.

ئۇ سوراق مۇددىتىنى قەستەن سوزۇشقا باشلىدى. قېچىش پىلانىنى ئەتراپلىق ئويلىنىشقا ۋاقىت تېپىش مەقسىتىدە ھەر كۈنى يالغان گەپلەرنى قىلىپ سوراقچىنى قايمۇقتۇردى.

ئىبراھىم تۈرمىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قېچىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە كېسەل بولغان باشقا جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش ئەينى قەسىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىۋېلىش ئىكەنلىكىنى بىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم قەستەن ئاغرىق بولۇۋالدى. ئەسلىدە

بۆرەك كېسەلى بار بولغاچقا، ئۇ بۆرەك كېسەلى بولۇپ قالدىم، دەپ تۇرۇۋالدى.

گېزىتلەر ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىق خەۋىرىنى باستى. جامائەتچىلىك ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بولغاچقا، ھۆكۈمەتنى ئىبراھىمنى خارلىدى، دەپ ئەيىبلىدى. نەتىجىدە ھۆكۈمەت ئىبراھىمنى كۆرۈشكە تۆرمە دوختۇرىنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بىر شەخسىي دوختۇرنى تەكلىپ قىلدى. ئىككى دوختۇر بىردەك ئىبراھىمنى ئەينى قەسرى دوختۇرخانىسىغا يۆتكەش كېرەك، دەپ قارىدى. بۇ ئىككى دوختۇرنىڭ بىمارنى تەكشۈرۈشتىن بۇرۇنلا مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە بىر نىمە دەپ بولمايتتى.

تۇنجى قېتىملىق سوراقتىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارى دوكلات يېزىشقا كىرىشتى. ئىبراھىم ئەينى قەسرى دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ئالاھىدە بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىشىك تۈۋىدە ئىككى ساقچى كۆزەتچىلىك قىلاتتى. ئۇدۇلىدىكى ئۆينى ساقچى باشلىقى ئىشخانا قىلدى.

بۇ رامزاننىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئىبراھىم پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئالدى بىلەن كۆزەتچى ساقچىلارنى ئۆزىنىڭ ھەركۈنى كەچ سائەت بەشتە كىيىملىرىنى رەتلىك، تولۇق كىيىپ، كەچ سائەت ئون بىر بولغاندا سېلىۋېتىدىغانلىقىغا كۆرۈشكە ئادەتلەندۈردى. ئاندىن ساقچى باشلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا كىرىشتى.

ساقچى باشلىقى ياش يىگىت ئىدى. گەرچە تۇرغان شارائىتى ئوخشاشمىسىمۇ، ئۇ قولىدىكى مەھبۇسىدىن ھېچقانچە ئەركىن ئەمەس ئىدى. ۋەزىپىسىنىڭ چەكلىشى بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە ئۇ مەھبۇسنىڭ يېنىدىكى مەھبۇس، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پاراڭلىشىدىغان ئادەمگە موھتاج ئىدى. ئۇ ئۆزى قاراۋاتقان مەھبۇسنىڭ مۇلايىم، مەدەنىيەتلىك، گەپنى ئاز، ئەمما مېغىزلىق

قىلىدىغان ئىغىر ـ بېسىق يىگىت ئىكەنلىكىنى بايقىدى ـ دە ، ئىبراھىمنىڭ ئۆزگەرمەس چىرايىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى . چۈنكى ، شۇ چىراي بىلەن ئىبراھىم قەلبىڭىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالاتتى ، پۈتۈن دىققىتىڭىزنى ئۆزىگە تارتىۋالاتتى .

ئىبراھىم ئىككى ساقچىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ تىرىشتى . ئۇ ئۆزىنى چۈشۈرمەسلىك ئاساسىدا ساقچىلارنى ھۆرمەت قىلاتتى .

ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن پۇل ، يېمەكلىك ، تاماكىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇلارغا بېرەتتى .

ئىبراھىم كېيىن ياتاقتىن چىقىپ ساقچى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرىدىغان بولدى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ رەتلىك كىيىنىپ ، دوختۇرخانىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ بىردەم پاراڭلىشىپ چىقتى .

كېيىنچە ئىبراھىم ياتىقىغا خېلى ئۇزۇنغىچە قايتمايدىغان بولدى . بۇ ئىش ئىككى ساقچىدا سەل گۇمان پەيدا قىلاتتى . ئەمما ، ئۇلار گۇمانىغا ئىشەنچ تۇرغۇزغۇچە ئارىلىقتا ئۇ قايتىپ كېلەتتى . بۇنداق چاغلاردا ئىبراھىم ساقچى باشلىقى بىلەن ئىككى ساقچىنىڭ چىرايىدىن ئىغىر يۈكتىن ئازاد بولغاندەك ، يۈرىكى ئىزىغا چۈشكەندەك بىر ئىپادىنى كۆرەتتى .

ئۇ بارا ـ بارا سىرتتا يۈرۈش ۋاقتىنى ئۇزارتتى . دەسلەپتە ئون بەش مىنۇت ، يېرىم سائەت ، كېيىن بىر سائەت ، ئىككى سائەتتە كېلىدىغان ، ئاخىر بېرىپ ئىككى يېرىم سائەتلەردە قايتىپ كېلىدىغان بولدى .

شۇ كۈنلەردە بىر ياش ئادۋوكات ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ھالدا تاپانچا ئەكېلىپ بەردى . ئىبراھىم تاپانچىنى كارىۋاتتىكى چۈشەكنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى .

ساقچى باشلىقى بىلەن ئىككى ساقچىنىڭ ئۆزىدىن خاتىرجەم بولغانلىقىغا ، قېچىپ كەتمەسلىكىگە ئىشەنگەنلىكىگە ئىبراھىمنىڭ كۆزى يەتتى . دېمەك ، ئۇلار ئىبراھىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە

ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان بولغانىدى .
ئىبراھىم ئاخىر قاچىدىغان كۈننى بېكىتتى . ئەمدى چىقىپ كەتسە قايتىپ كىرمەيتتى . ئۇ چىقىپ كېتىپ ئۈچ سائەت ئۆتكەندە ، ئاندىن ساقچى باشلىقى باشلىقلىرىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلاتتى . ئۇ چاغقىچە ئىبراھىم كۆزلىگەن يېرىگە بېرىپ بولاتتى ··· ئۇ نەگە بارار ؟ ئۇ بارىدىغان جاي ئۇستىدە كۆپ ئويلاندى . دوستلىرى ئۇنى مىسىردىن چىقىرىۋەتكۈچە قاھىرەدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى . بەلكى بىر ھەپتە ياكى ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن . شۇ ئارىلىقتا قەيەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇش كېرەك ؟ ئۇ ھەرگىز ئۆيىگە قايتالمايتتى ، دوستلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ بارالمايتتى . چۈنكى ، ساقچىلار ئۇنى ئىزدەپ ئۇ يەرلەرگە بېرىشى تۇرغان گەپ . مېھمانسارايلارغا كىرىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى . ئىبراھىم ئويلا ـ ئويلا ئاخىر مۇھىيدنى يادىغا ئالدى .
ئىبراھىم مۇھىيددىن مۇستاپا ئەھمەت زاھىر دېگەن ئىسمنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشقا نىيەت قىلدى .
مۇھىيد يادىغا كېلىش بىلەن تەڭ ئىبراھىم ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . ئۇلار قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدا بىللە ئوقۇغانىدى . مۇھىيدنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇ ئىدىكى ، ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا بىرىنچى بولاتتى . ئۇنىڭدا ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردەك باشقىلارغا ئارىلاشمايدىغان ، سىياسەتتىن يىراق يۈرىدىغان ، نامايىشنى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش دەيدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى ، شۇڭا ئۇ قورقۇنچاق ، بەزىدە ھەتتا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانراق كۆرۈنەتتى .
مۇھىيد باشقا ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ بەكرەك يۇرەكزادە ئىدى ، بولۇپمۇ ئۇ ئىبراھىمنى كۆرگەندە ، خۇددى خۇدانى كۆرگەندەك تىترەيتتى ، ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى ، ئۇنى بەك چوڭ كۆرەتتى . شۇڭلاشقىمۇ ئىبراھىمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى . ساقچىلار ئادەم ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەن قاتىلنىڭ مۇشۇنداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشىنى

ئەسلا خىيالىغا كەلتۇرمەيتتى .
ئىبراھىم مۇھىيد بىلەن كۆرۈشكەندىكى ئەھۋالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . مۇھىيدنىڭ يۇمىلاق يۈزىنى ، ساماساقتەك بۇرنىنى ، كىچىككىنە ئاغزىنى ، يوغان كۆزلىرىنى ، ئامېرىكىدا ياسالغان كۆزەينىكىنى كۆرگەندەك بولدى . مۇھىيدنىڭ ھەممە يېرى دىگۇدەك يۇمىلاق ئىدى ، ھەتتا دوغىلاق كەلگەن گەۋدىسىمۇ سەل سېمىز بولغان بولسا ، يۇپيۇمىلاق بولۇپ كەتكەن بولاتتى .
ئالدىنئالا كېلىشىۋالماستىنلا مۇھىيدنى ئىزدەپ بارسا قانداق بولار ؟
ئىبراھىمغا شۇنداق قىلماقتىن ئۆزگە نېمە ئامال بولسۇن . ئەگەر مۇھىيد ئۆيىگە كىرگۈزمىسە ، ئۇ زورلىمايدۇ ، ئەمما مۇھىيد ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمايدۇ . چۈنكى ، ئىبراھىم بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى ئوبدان چۈشىنىدۇ . ئۇلار ھېسسىياتىنى ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەشنى بىلمەيدۇ . مۇھىيددەك يىگىتلەر بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن . ئەمما ، قىزغا مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلالمايدۇ ، قىزنىمۇ ئىشەندۈرەلمەيدۇ . ئۇلار ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلەشنى ، بۇ يولدا ھەرىكەت قىلىشنى بىلمەيدۇ . بۇنداق ئادەملەر ھەرگىز قەھرىمان بولالمايدۇ . ئامالسىز ئەھۋال ئاستىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشى مۇمكىن . مۇھىيد ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ ، ۋەتىنىنى سۆيىدۇ ـ دە .
مۇھىيد ئۇنى ئۆيىدە تۇرغۇزۇشقا ئۇنىمىسا ياكى بۇ ئىشقا مۇھىيدنىڭ دادىسى ئارىلىشىپ ئۆيىگە كىرگۈزمىسە قانداق قىلغۇلۇق ؟
ھېچ ۋەقەسى يوق ! باشقا جاينى تاپارمەن . قانداقلا بولسۇن ، ھەرگىز ئۆزۈمنى ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيمەن .
ئىشىك چېكىلدى . ئارقىدىنلا بىر ساقچىنىڭ بېشى ئىشىكتىن كۆرۈندى . ئۇنىڭ شاپ بۇرۇتى چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى

بىلىندۇرمەيتتى .

— ئىبراھىم ئەپەندى ، بىرەر ئىشىڭىز بارمۇ ؟ — دېدى ساقچى .

— رەھمەت سىزگە باش سېرژانت ! ماۋۇ تاۋۇزنى ئاچقىلى يەڭ ، ئىپتاردىن كېيىن ئادەمنىڭ مۇزدەك نەرسە يېگۈسى كېلىدۇ ، — دېدى ئىبراھىم تومپۇچكا ئۈستىدىكى تاۋۇزنى كۆرسىتىپ .

ساقچى ئۆيگە كىرىپ :

— بولمايدۇ ! خۇدا ھەققى ، بۇنداق قىلساق بولمايدۇ ، — دېدى .

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇردى ، خۇددى زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىۋاتقاندەك تومپۇچكىدىن تاۋۇزنى ئېلىپ ساقچىغا سۇندى :

— خۇدا ھەققى ، تاۋۇزنى مەن ئەمەس ، سىلەر يېيىشىڭلار كېرەك . سىلەر روزا تۇتتۇڭلار ئەمەسمۇ ، ئېلىڭ ! ھەرگىز تارتىنماڭ !

— ئىبراھىم ئەپەندى ، سىززە ، بەك ئاغىنىدارچىلىقىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ .

ساقچى تاۋۇزنى ئاچقىلى كەتتى . ئىبراھىم ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى . ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلدىغاندەك بولدى . بۇرۇن ھەرقانداق ھەرىكەتكە قاتناشقاندا بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدى . چۈنكى ، ئۇ چاغلاردا ئىبراھىم قاچقان ئەمەس ، ھۇجۇمغا ئۆتكەن ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن پىلاننى ئورۇنداشقا بېرىلگەن ، پەقەت ئىككىلەنمىگەن ، مەغلۇپ بولۇشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ، نازۇك ماشىنىغا ئوخشاش ھېچ نەرسىنى ھېس قىلمىغان ، ئۆزى بېكىتكەن پىلان بويىچىلا ھەرىكەتلەنگەنىدى . ئەمما ھازىر قاچماقچى بولۇۋاتىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى ، مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرىدى . قېچىش ھۇجۇمدىن رەھىمسىز ، قىيىنچىلىق كۆپ بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى

قىلىۋاتقان ئىشى .

ئېپتارغا ئېتىلغان زەمبىرەك ئاۋازى[1] ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى .

مەزىن ئەزان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ياتاقتىن چىقتى . ئىككى ساقچى ئىككى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى . مىلتىقلىرى تامغا يۆلەكلىك ئىدى . ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر ئورۇندۇق قويۇلغان ، ئۇستىدە ئېپتارلىق غىزالىرى تۇراتتى .

— ئىبراھىم ئەپەندى ، تاماققا كېلىڭ ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى .

بىرەر گەپنى ئارتۇق قىلىپ قويۇپ كۆڭلىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن ئىبراھىم ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا :

— سىلەر يەۋېرىڭلار ، بىر دوختۇر ماڭا ئوخشاش روزا تۇتماپتىكەن ، شۇنىڭ يېنىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ چىقاي ، — دېدى .

ئۇ ، ساقچى باشلىقىنىڭ ئۆيىگە كىردى . ساقچى باشلىقىمۇ ئېپتار قىلىۋاتاتتى . ئىبراھىم بوسۇغىدا تۇرۇپ سەمىمىيلىك بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ :

— سالامەت ، بەختلىك بولۇڭ ! — دېدى .

ساقچى ئەمەلدارى دەرھال :

— ئىبراھىم كېلىڭ ! كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇڭ ، — دېدى جاۋابەن .

— رەھمەت ، روزا تۇتقانلار بىلەن بىللە ئولتۇرسام بولماس ، — دېدى ئىبراھىم كۈلۈپ تۇرۇپ .

ئۇ ساقچى باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ، كارىدورنى بويلاپ ئاستا ماڭدى ، ئادەتتىكىچە ماڭاي دەپ ئويلىغاچقىمۇ ، قەدەم ئېلىشى سەل ئېگىز - پەس بولدى .

ئىبراھىم پەلەمپەي يېنىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى

---

[1] مىبىردا ئېپتار ۋاقتى زەمبىرەك ئېتىلىش بىلەن خەۋەر قىلىنىدۇ .

ئاچتى - دە، كىيىم جازىسىدىن ئاق خالاتتىن بىرنى ئالدى. پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ خالاتنى كىيدى. بىرىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئېپتار ۋاقتى بولغاچقا ھەممەيلەن ئېپتار قىلىۋاتاتتى.

ئىبراھىم بىنانىڭ ئىشىكىگە بارمايلا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ناتونۇش بىر دوختۇرنى كۆردى - دە، سەل ئارىسالدى بولدى، خالاتنى سېلىۋېتىپ ياتاققا كىرىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى. شۇ ئارىلىقتا دوختۇر بۇ تەرەپكە قارىۋىدى، ئىبراھىمغا دوختۇر ئۆزىنى تونۇۋالغاندەك بىلىندى، ئەمما دوختۇر ئىتتىكلا باشقا ياققا قارىدى.

ئىبراھىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئالدىغا ماڭدى ۋە دوختۇرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، دوختۇر مېنىڭ قاچىدىغانلىقىمنى سېزىپ قالغان بولسا ۋارقىرايدۇغۇ، دەپ ئويلىۋىدى، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

ئىبراھىم ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

ئۇ كوچىغا چىقتى، خالاتنى سېلىۋېتىپ گاھ تېز، گاھ ئاستا مېڭىپ كىرا ماشىنىسى بېكىتىگە باردى، كىرا ماشىنىسىغا چىققاندىن كېيىن ياسالما تەلەپپۇز بىلەن شوپۇرغا:

— ئۇستام، مېنى سۇلايمان پاشا مەيدانىغا ئاپىرىپ قويسىڭىز، — دېدى.

شوپۇر ئۇنىڭغا قاراپ قويدىيۇ، تونۇمىدى.

ئىبراھىم ھېچقانداق گىرىم قىلمىغان ياكى نىقابلانمىغانىدى. بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ قاچىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر، ئۇنى قېچىپ كېتىۋاتقان ھالدا ئۇچرىتىمىز دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى، بۇنىڭغا ئىبراھىمنىڭ ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىگە گىرىم قىلماسلىق، دېگەن گەپكە ئىشىنەتتى. ئەگەر ئۇ قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بولسا، ئوڭايلا باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇنداق ئادەمگە كىشىلەر بەكرەك دىققەت قىلىدۇ، شۇڭا باشقىلارنىڭ تونۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

سۇلايمان پاشا مەيدانىغا كەلگەندە، ئىبراھىم ماشىنىدىن

چۈشتى ، كىرا ماشىنىسى مېڭىپ كەتكۈچە تۇرۇپ ئاندىن كوچىلارنىڭ بىرىگە ماڭدى . كوچىغا كىرىپ ئۇ يەنە بىر كىرا ماشىنىسىغا چىقتى .

— ئۇستام ، مەن جىزغا بارىمەن ، — دېدى ئۇ شوپۇرغا .

بۇ شوپۇرمۇ ئىبراھىمغا قارىدىيۇ ، تونۇمىدى .

جىز مەيدانىغا كەلگەندە ، ئۇ شوپۇرغا ماشىنىنى بىر بىنانىڭ ئالدىدا توختىتىشنى ئېيتتى ، كىرا ھەققىنى تۆلەپلا شوپۇر مېڭىپ كەتمەستىنلا بىناغا كىردى . چۈنكى ، بۇ بىنانىڭ ئىشىك باققۇچىسى يوقلۇقىنى بىلگەنىدى . ئىبراھىم بىناغا كىرىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقتى ـ دە ، ھەمزە كوچىسىغا ماڭدى ۋە ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . بۇ بىنا ئۇنىڭغا تونۇش ، بۇلتۇر مۇھىيدىننىڭ يېنىغا خاتىرە دەپتەر سوراپ كەلگەنىدى . ئىبراھىم بىناغا كىردى ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ، بىر ئىشىكنىڭ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى باستى ، ئاندىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ ، مۇھىيد ئىشىكنى ئاچقاندا قىلىدىغان سۆزلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

ئىشىك ئېچىلىپ بىر قىز كۆرۈندى .

ئىبراھىم قىزنى كۆرۈپ چۆچۈگىنىدىن تەييارلىۋالغان سۆزلىرىنىمۇ قىلالماي ، قىزغا تىكىلگىنىچە گاچىدەك قاراپلا قالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە قىزدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى .

ئىبراھىم قىزنىڭ بىر تال ئۆرۈلگەن پارقىراق ، قاپقارا سۇمبۇل چېچىنى كۆرمىدى ، تېخى لەۋ سۇرۇقى ۋە سۆيۈشلەر بىلەن بۇلغانمىغان ، ھەتتا كۇلۇمسىرىشىمۇ دەككە ـ دۈككىدە مىيىقىدا قېتىپ قالغان پاك لەۋنى كۆرمىدى ؛ ئۇنىڭ غەمكىن ئەمما سىرلىق ، چاقناشلىرىدىن زېرەكلىك ، شوخلۇق ، شادلىق چىقىپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلىرىنى كۆرمىدى ؛ سىلىق ، چىرايلىق ، قىزغۇچ يۈزىنى ، قەلبىدىكى تۈگىمەس خۇشاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان ئويماقتەك چىرايلىق ئىككى زىنىقىنىمۇ كۆرمىدى .

ئۇ ، قىزنىڭ غۇنچە بويىنى ، خۇددى ئۇن ئالتە سەنئەتكار

بىرلىكتە ياساپ چىققاندەك ئېۋەن ـ نۇقسانسىز قىزنىڭ خۇش پىچىم قەددى ـ قامىتىنى كۆرمىدى .

ئۇ ، قىزنىڭ ھېچ يېرىگە دىققەت قىلمىدى ، پەقەت ئۇنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىنىلا كۆردى ، خالاس .

ئىبراھىم پىلانىدا ھەرخىل ئېھتىماللارنى پەرەز قىلغان ، ئەمما ئالدىغا بىر قىزنىڭ چىقىشىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ، قىزلار ھەققىدە پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى .

ئىبراھىم قىزنىڭ يېقىملىق ، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازىنى ئاڭلىدى .

— ئەپەندى ، كىمنى ئىزدەيسىز ؟

ئىبراھىم قىزغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ، كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى ، ئاندىن بوغۇق ئاۋاز بىلەن سورىدى :

— مۇھىيد ئۆيدە بارمىكىن ؟

— مەن ئۇنىڭغا سىزنى كىم دەپ ئېيتىمەن ؟— قىز ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى .

ئىبراھىم قىزغا باشقا بىر ئىسىمنى ئېيتماقچى بولدى ، چۈنكى يات ئادەملەرگە ئۇچراپ قالغاندا شۇنداق قىلىشنى ئويلاپ قويغانىدى . ئەمما ، قىزنىڭ چىرايىغا بىر خىل ئۇمىدسىزلىك بىلەن قاراپ ئىختىيارسىز ئۆز ئىسمىنى ئېيتىۋەتتى :

— ئىبراھىم ، ئىبراھىم ھەمدى كەپتۇ ، دەڭ .

قىزنىڭ قاشلىرى لىپىلداپ كەتتى . قىز خۇددى چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتمەي دېگەندەك ، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمدى ـ دە ، سەل ئارقىغا داجىدى . ئۇنىڭ قورققان چىرايى يىغلىۋېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى .

— سەل تەخىر قىلىڭ ، مەن قاراپ باقاي .

قىز ئىشىكنى ياپقۇچە ئارىلىقتا ئىبراھىم ئۆزىگە تېگىشلىك ھوقۇقنى تەلەپ قىلماقچى بولغان ئادەمدەك بىر پۈتىنى بوسۇغىدىن ئالدى ـ دە ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىزغا تىكىپ :

— ئىچكىرىدە تۇرۇپ كۈتۈشۈمگە رۇخسەت قىلىسىڭىز ،

تانداق ؟ — دېدى .

قىز يول بەردى .

ئىبراھىم ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتى ۋە قىزغا يەنە بىر قېتىم سەپسالدى . ئىبراھىمنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن سۇرلۇك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى . شۇنداقتىمۇ قىز خۇددى پەرۋانە چىراغ تۇۋىدىن نېرى كېتەلمىگەندەك ، دەرمەھەل ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى . كېيىن قىز بۇ كۆزلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرىدىكى سۇرلۇكلۇكنىڭ ئورنىنى مۇلايىملىق ئىگىلىدى . ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە : «كىشىلەر نېمىشقىمۇ قىز بالا تۇغىدىغاندۇ ؟» دېدى .

## 2

بۇ ئائىلىدىكىلەر ئادەتتىكىدەك ئىپتار قىلىپ بولۇپ ، سارايدا ئولتۇرۇشاتتى . رادىئودا ناخشا ئاڭلىنىۋاتاتتى .

دادىسى ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك ، بېشىغا ئاق دوپپا كىيگەندى . بۇ ئاق دوپپىنى ئۇ قىزىل تەقىيىنى كىيگەن چاغدىلا بېشىدىن ئالاتتى ، شۇ تاپتا تۈركىيە پاسونىدا ياسالغان دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەنگەن پېتى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى . سېرىق گىرۋەكلىك كۆزەينەكنى تاقاپ «ئەلئېھرام گېزىتى»دىكى خىزمەتتىن كېلىپلا ئوقۇپ چىققان بىر ماقالىنى قايتا ئوقۇۋاتاتتى . دىۋاننىڭ ئالدىغا قويۇلغان كىچىككىنە ئۇستەلدە ئازراق شاما بار بىر چىنە تۇراتتى .

موماي بېجىرىم كەلگەن ، خۇش چىراي ، ئاق كۆڭۈل ئايال بولۇپ ، ئۇ دىۋاننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پايپاق ياماۋاتاتتى . يېنىدا يىڭنە - يىپ قۇتىسى ۋە بىر دۆۋە پايپاق تۇراتتى .

سامىيە چىغ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پوپايكا توقۇۋاتاتتى . ئۇ سىڭلىسىدەك چىرايلىق بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭغا تازا زەن سېلىپ

قارىسىڭىز، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى.
مۇھىيد ئىككى كىشىلىك يوغان بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى ۋە ئادىتى بويىچە زوروربىيىتى بولمىسىمۇ بىردەم - بىردەم كۆزەينىكىنى بېسىپ قوياتتى.
ھەممە جىمجىت ئولتۇراتتى. بۇ بىر خىل ئاسايىشلىق، راھەت جىمجىتلىق ئىدى. ئۇلار بىر كۆڭۈلۈك روزىنى تاماملىغان، ئىپتار قىلىپ بولۇپ جىممىدە ئولتۇرۇپ غىزاسىنى سىڭدۈرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا يېگەن غىزاسىدىن رازىمەنلىك، كۆڭۈللىرىنىڭ خۇشۋاخ ئۆتۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتىغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن پەيدا بولغان تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.
ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھېچكىم قىمىرلىمىدى ۋە زۇۋانمۇ سۈرمىدى. دادىسى كۆزىنى گېزىتتىن ئالمىدى، ئاپىسى باش كۆتۈرمەي پايپاقنى ياماۋەردى، چوڭ قىزى پوپايكىسىنى توقۇۋەردى، ئوغلىمۇ كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇردى. پەقەت ناۋاللا قولىدىكى ژۇرنالنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. خىزمەتچى قىز ئاشخانىدا قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتاتتى. ناۋال ھەممىدىن كىچىك بولغاچقا، ئىشىكنى ئۆزىنىڭ ئېچىشى كېرەكلىكىنى بىلدى.
ئەمما، بۇ بەختلىك ئائىلىدىكى بىرەر ئادەممۇ ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاندىن كېيىنكى ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. پەقەت كىر يۇيۇش دۇكىنىدىكىلەر يوغان كىيىملەرنى ئەكەلگەندۇ ياكى بولمىسا ئىشكىباقار تەخسىنى قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلگەندۇ، دەپ ئويلىدى. چۈنكى، ھەر يىلى روزىدا ئۇلار ئىشكىباقارغا ئىپتارلىق غىزا بېرەتتى.
ناۋال ئىشىكنى ئاچتى، كەلگۈچىگە جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كىردى.
ھەممەيلەن يەنىلا ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇپ، ناۋالغا قاراپ قويمىدى. شۇنداقتىمۇ ناۋالنىڭ ئاپىسىغا كەلگۈچىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىشنى كۈتتى. لېكىن، ھېچقانداق سۆز ئاڭلىمىدى.
ناۋال گەپ قىلماي تۇرغاچقا، ھەممەيلەن بېشىنى تەڭلا

كۆتۈرۈپ ناۋالغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى . ئۇلارنىڭ نەزىرى ناھايىتى تەبىئىي ، ئادەتتىكىدەك بولۇپ ، ناۋال بىزگە ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ، نېمە ؟ دېگەن مەنىدە ئىدى . ئەمما ، ئائىلىدىكىلەر ناۋالنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ، لەۋلىرى تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا جىددىيلەشتى .

دادىسى ئۇنى ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا قوپاللىق بىلەن سورىدى :

— كىم ئىكەن ؟

ناۋال ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى ، ئاخىر ئۇنىڭ نەزىرى ئاكىسى مۇھىيددا توختىدى ، گاچا ئادەمدەك ئاغزى گەپكە كەلمەي ، لەۋلىرى تېخىمۇ تىترەپ كەتتى .

ئاپىسى يېلىنغاندەك مۇلايىم تەلەپپۇزدا سورىدى :

— ناۋال ، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقان كىم ئىكەن ؟

ناۋال نەزىرىنى ئاكىسىدىن يۆتكەپ ھودۇققان ھالدا دېدى :

— ئىبراھىم ...

دادىسى ئاچچىقلانغان ھالدا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىدى :

— گەپنى ئوچۇق قىلمامسەن ؟ نېمە بولدۇڭ ؟ قايسى ئىبراھىم ؟

ناۋال دادىسىغا قاراپ خۇددى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك بوشقىنا جاۋاب بەردى :

— ئىبراھىم ھەمدى .

مۇھىيد شۇئان قەددىنى رۇسلىدى ـ دە ، سورىدى :

— نېمە ؟ ئىبراھىم ھەمدى كەلدى دەۋاتامسەن ؟

— قايسى ئىبراھىم ھەمدى ؟ گەپنى ئوچۇق قىلغىنا !

ناۋال ئىچىدىكىنى تۆكۈپ بەرمەكچى بولغاندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ دېدى :

— ھېلىقى ئابدۇرېھىم پاشانى ئۆلتۈرگەن ئىبراھىم ھەمدى .

سامىيە پوپايكا توقۇشتىن توختاپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويدى ، قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى .

مۇھىيد جىددىيلەشكەن ھالدا :

— يوق گەپنى قىلمىغىنا ! ئۇ تۇرمىدە تۇرسا ، — دېدى . دادىسى باداشقان قۇرۇۋالغان پۇتىنى چۇشۇرۇپ ، كۆزەينىكىنى رۇسلاپ قويدى ۋە :

— بۇ بەلكى باشقا ئىبراھىم ھەمدىدۇ ، سەن قانداق بىلىسەن ئۇنى ؟ — دېدى .

— مەن ئۇنى سۇرىتىگە ئاساسەن تونۇۋالدىم ، — دېدى ناۋال يەنە ئۇھ تارتىپ .

موماي ئېرىگە ياردەم تىلىگەندەك ئىلتىجالىق قاراپ قويدى ۋە گۇپۇلدەپ قاتتىق سوقۇپ كەتكەن يۇرىكىم قىنىدىن چىقىپ كەتمىسۇن دېگەندەك قولىنى كۆكسىگە قويۇۋالدى .

— بۇ يىگىت بىزنى ئىزدەپ نېمە قىلىدىغاندۇ ؟

— ئۇ مۇھىيدنى ئىزدەپ كەپتۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ناۋال .

مۇھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە مۆكۈنۈۋالىدىغان جاي ئىزدىگەندەك ئەتراپىقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئالاقزادىلىك بىلەن :

— ئۇ مېنى ئىزدەپ نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ توۋا ، بۇرۇندىن ئۇنىڭ ماڭا بىرەر ھاجىتى چۈشمىگەنىدىغۇ ، — دېدى .

دادىسى ئەيىبلىگەن تەرزدە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئويغا پاتتى . ئۆيىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى . ھەممەيلەننىڭ كۆزى دادىسىغا تىكىلگەنىدى .

ئاخىر دادىسى تەمكىن ئاۋازدا :

— مۇھىيد ، سەن چىقىپ ئۇنىڭ نېمە ئىشى بارلىقىنى بىلىپ باققىن ، — دېدى .

مۇھىيد باشقىلارنىڭمۇ گېپىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولغاندەك ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى ، ئاندىن ئورنىدىن قوزغالدى . ئۇ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ، ناۋال ئۇنىڭ مۇرىسىگە نوقۇپ :

— مۇھىيد ، مەن سەن بىلەن چىقاي ، — دېدى .

— ياق ، سەن قالغىن ، — دېدى دادىسى دەررۇ .

مۇھىيد چىقىپ كەتتى . ھەممەيلەن ئۇنىڭغا خۇددى جەڭ

مەيدانىغا ئۇزىتىۋاتقاندەك ياكى دادىسى ئۇنىڭغا ئېغىر بىر مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى ئارتىپ قويغاندەك ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ قالدى . ئۇ قەدەملىرىنى سالماق بېسىپ ئۆزىنى زورىغا ئېغىر - بېسىق كۆرسىتىشكە تىرىشتى .

مۇھىيد ئىبراھىمنى دالاندا كۆردى . ئىبراھىم يەنىلا ئىنستىتۇتتىكى تۇرقىدا ئىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ تەبىئىي ھالىتىدە ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ، قەلبىڭىزنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالىدىغان ، پۈتۈن ئەس - ھوشىڭىزنى ئۆزىگە تارتىۋالىدىغان كۈچ بار ئىدى . ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرسىمۇ ، سەل ھودۇقۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

ئىبراھىم خۇددى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان نىجادكارىغا قول ئۇزاتقان تەرزدە مۇھىيدقا قول ئۇزاتتى .

مۇھىيد ئىككىلەنگەن ھالدا گەپ قىلماستىن قولىنى بەردى . ئىبراھىم مۇھىيدنىڭ قولىنى چىڭ سىقىمداپ تۇتتى - دە ، پىچىرلاپ :

— مۇھىيد ، مېنى كەچۈرگىن ! سىلەرنى ئاۋارە قىلغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن . سېنىڭ ئالدى بىلەن گېپىمنى ئاڭلىشىڭنى ، ئاندىن بىر گەپ قىلىشىڭنى سورايمەن .

مۇھىيد خۇددى ھوشىغا كەلگەن ئادەمدەك تۇكۇرۇكىنى يۇتتى - دە ، چوڭقۇر خورسىندى . ئىبراھىم ئۇنىڭغا بىر غايىبانە ئادەمدەك ياكى بولمىسا يەردىن ئۈنۈپ چىققان پالۋاندەك بىلىنىپ كەتتى . ئارقىدىن ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھودۇقۇش يوقالدى ، ئۇ بىر چىغ ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ :

— قېنى ئولتۇرۇڭ ! — دېدى .

ئىبراھىم ئولتۇرۇپلا گەپ ئاچتى :

— يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سورايمەن . سېنى خىجىل قىلىشنى خالىمايمەن .

مۇھىيد يەنە بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى ۋە گەپ تاپالماي :

— ئىبراھىم ئەپەندى ، تاماق يېدىڭىزمۇ ؟ — دېدى .

تەكەللۇپ يۈزىسىدىن ئىبراھىم كۈلۈپ قويدى .
— يېدىم .
ئارقىدىن ئىبراھىم ئورنىدا مىدىرلاپ قويۇپ سەل جىددىي تەلەپپۇزدا گەپ باشلىدى .
— مۇھىيد ، گېپىمنى ئاڭلا . مەن ھازىر تۈرمىدىن قېچىپ چىقتىم . يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن ساقچىلار مېنى ئىزدەيدۇ . ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىزدىمەيدۇ . مەن بۇنى تولۇق ھېسابلاپ چىققان . مەن سېنىڭكىدە بىرنەچچە ۋاقىت يوشۇرۇنۇپ تۇرايمىكىن ، دەپ كەلدىم . مەن ئويلا ـ ئويلا سېنى لايىق تاپتىم . سەن سىياسەتكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيسەن ، شۇڭا بۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ . مەن ئۇزۇن تۇرمايمەن . كۆپ بولسا تۆت ـ بەش كۈنلا تۇرىمەن . كېيىنكى ئىشلىرىمنى ئورۇنداش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىۋالساملا بولدى . قېنى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ؟ «ياق» ياكى «ماقۇل» دەپ دەررۇ جاۋاب بەر .
ئىبراھىمنىڭ گەپلىرىنى مۇھىيد خۇددى ئاجايىپ بىر چۆچەكنى ئاڭلاۋاتقاندەك جىمىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى ، كەينى ـ كەينىدىن كۆزەينىكىنى بېسىپ قويدى ، ئىبراھىمنىڭ گېپىگە دەررۇ جاۋاب بەرمەستىن خىيالغا پاتتى .
— سەن زادى نېمە دەيسەن ؟ — ئىبراھىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ سورىدى .
مۇھىيد كۆزەينىكىنى يەنە بېسىپ قويدى ۋە بىردىنلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى .
— خۇدا ھەققى ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا ، — ئىبراھىم ئەپەندى ، ھازىر بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن . سىزگە مەلۇم ، مەن سىزگە قايىلمەن ، ھەممەيلەن سىزگە قول قويىدۇ ، قەھرىمانلىقىڭىزغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ . مۇمكىن بولسا ھەممەيلەننىڭ سىز قىلغان ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىدۇ . بىراق ، بۇ ئۆيدە مېنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى ئوبدان بىلىسىز ، مەن دادامدىن سوراپ بېقىپ ، ئاندىن سىزگە بىر نېمە دەي .

— ئۆنداق بولسا سوراپ چىق . ئەگەر داداڭ ئۇنىمىسا ، مەن هازىرلا كېتىمەن ، — دېدى ئىبراھىم ئۇنى ئالدىرىتىپ .
مۇھىيد ئورنىدىن تۇردى :
— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ .
— ئۆيۈڭلاردە تېلېفون بارمۇ ؟ — دېدى ئىبراھىم ئۇنى توختىتىۋېلىپ .
مۇھىيد ھەيران بولۇپ جاۋاب بەردى :
— يوق .
— مۇھىيد ، — دېدى ئىبراھىم قەتئىي تەلەپپۇزدا ، — مەن ساڭا ئىشىنىمەن ، سەنمۇ مېنىڭ ھازىر يامان ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمنى بىلىۋاتىسەن . مەن مەشەدىكى چاغدا ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سىرتقا چىقماسلىقىنى تەلەپ قىلسام بولامدۇ ، قانداق ؟
— بولىدۇ ! — دېدى مۇھىيد ئۇنى سەل ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا .
مۇھىيد ئارقىغا بۇرۇلۇۋاتقاندا ئىبراھىم يەنە :
— ھەممە گەپنى ئۇچۇقلا دەي ، يېنىمدا بىرلا تاپانچا بار ، — دېدى .
مۇھىيد ئىبراھىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي بىردەم قاراپ ، ئاندىن :
— سىزگە قەھۋە قاينىتىپ بېرەيمۇ ؟ — دېدى .
— ماقۇل ، ئەگەر مالال كەلمىسە ، — دېدى ئىبراھىم تەكەللۇپ بىلەن .
مۇھىيد ئىچكىرىگە ماڭدى . ئۇنىڭ كۆزىگە تاملار ، ئورۇندۇقلار كۆرۈنمەيتتى ، كۆز ئالدىدا پەقەت ئىبراھىمنىڭ قىياپىتىلا بار ئىدى .
ھەممەيلەن مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى . تۇيۇقسىز كەلگەن بالايىئاپەت ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتكەن بولۇپ ، ھېچكىم زۇۋان سۈرمەيتتى . ئۇلار بىر ـ بىرىگىمۇ قارىمايتتى . جىمجىتلىقتا

ئاپىسىنىڭ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇشىلا ئاڭلىناتتى .

مۇھىيدنى تەقەززا بولغان ، چەكچەيگەن كۆزلەر قارشى ئالدى . ئاپىسى ئوغلىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى . دادىسى خۇددى چوڭ بىر ئىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا ھودۇقۇۋاتقان ئادەمدەك يۆتىلىپ قويدى . ناۋال يىغلىۋېتىشتىن ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالماقچى بولغاندەك ، ئۈزۈن ئۆرۈمە چېچىنى ئۆرۈپ - چۇۋۇپ تۇراتتى . سامىيە گويا سېھىرلىنىپ ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغاندەك ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ جىممىدە ئولتۇراتتى .

مۇھىيد دادىسىغا قارىدى . ئاندىن بېشىنى سىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن تاققا - تۇققا سۆزلىمەسلىك ئۈچۈن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ :

— ئۇ ··· ئىبراھىم ھەمدى ئىكەن ، — دېدى .

مۇھىيد سەل توختىۋىدى ، دادىسى دەرھال سورىدى :

— ئۇنىڭ نېمە ئىشى بار ئىكەن ؟

مۇھىيد سەل ئويلىنىۋېلىپ ئاستا جاۋاب بەردى :

— ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپتۇ . سىلەرنىڭكىدە يوشۇرۇنسام ، دەيدۇ ···

ھەممەيلەننىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى . چۆچۈپ كەتكەن ناۋال ۋارقىراپ ئاكىسىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى - دە ، يەنە ئارقىدىنلا سورىدى :

— قېچىپ چىقىپتۇ ؟ قانداق قېچىپ چىقىپتۇ ؟

دادىسى بىرلا ئالىيىۋىدى ، ناۋال شۇئان جىم بولدى ۋە دادىسىنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يانتۇ ئولتۇرۇۋالدى .

— ئۇ نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيىنى تاللاپتۇ ؟ — سورىدى بوۋاي ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىپ .

مۇھىيدنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېدى :

— مەن سىياسىيغا يېقىن يولىمىغاچقا ، ساقچىلار بۇ يەرنى

ئىزدەپ يۈرمەيدۇ ، دەپ ئويلاپ مەشەگە كەپتۇ .

— بەلكى ، — دېدى دادىسى سەل ئويلىنىپ ، — ساقچىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كەلگەندۇ بەلكىم . ئۇلار بىزنىڭ ئۆيىنى قورشاپ بولغان بولۇشى مۇمكىن .

ئــاپىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال يۈرىكىنى تۇتتى . ناۋال ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى :

— بىرەرى كۆرۈنمەيدۇغۇ .

— ئــىبــراھــىــم ، مــېــنى ساقچىلار بىر سائەتتىن كېيىن ئىزدەيدۇ ، دېدى ، — دېدى مۇھىيد تەمكىن ھالدا ، — ئۇ ھازىر جاۋابىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ . ئەگەر بىز قوشۇلمىساق ، دەرھال كېتىمدىكەن .

دادىــســى بــىــرخىل چۈشىنىكسىز ئازاب ئىچىدە تولغاندى . يۈزىنىڭ گۆشى لىپىلداپ كەتتى ، خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى .

مۇھىيد دادىسىنى ئالدىراتتى .

— دادا ، بىر نېمە دېمەمدىلا ؟

دادىسى ئۈندىمىدى . يۈزىنىڭ گۆشى تېخىمۇ قاتتىق لىپىلداپ ، كۆزەينىكى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈپ قالدى .

— تازىمۇ بىر تەس ئىش بولدىغۇ بۇ . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاپىسى قانداق بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ ؟ — دېدى ئاپىسى .

— ھەقىقەتەن تەس ئىش ـ دە ! — دېدى سامىيە توقۇۋاتقان پوپايكىسىنى قولىغا ئېلىپ .

دادىسى يەنىلا لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى .

نــاۋالــنــىڭ خىيالىغا جاھانكېزەر پالۋانلار ھەققىدىكى كىنو ۋەقەلىكى كېلىپ :

— راستىنى ئېيتقاندا ...— دېۋىدى ، بىردىن دادىسى ۋايساپ كەتتى :

— بۇ بالىلارنى نېمە دېسەڭ بولىدىكىنتاڭ . ھېچ بىلمىدىم ، ئۇلارنىڭ بىزنى مۇنداق ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا نېمە ھەققى بار . بۇ ...— ئۇ شاققىدە خوتۇنىغا قاراپ سورىدى ، — تەھىيە ،

سېنىڭچە قانداق قىلسام بولار ؟

خوتۇنى خۇددى توغرا دەپ قويسا ئېرىگە بېسىم ئىشلەتكەن بولۇپ قېلىشتىن قورققاندەك، يۈزنى ئالىقىنى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— دادىسى، ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە، دېمەكچىمەنكى، ئۇ بالا ئوغرى ياكى جىنايەتچى ئەمەس . باشقىلار ھېلىقى سىياسەت دېگەن نەرسە بىلەن ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ شۇنداق ئىشلارنى قىلدۇرغان نېمە ... بىراق ... بىزنىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىمىز يوق ـ دە !

ناۋال ئۆزىچىلا گەپكە لوقما سالدى :

— ئاپا، ئۇنى ھېچكىم قايمۇقتۇرمىغان .

پۇرسەت تاپالماي تۇرغان ئاپىسى سۆزلەپلا كەتتى :

— ئاز گەپ قىل ! كىم سېنى گەپكە قوشۇق سال دېدى !

دادىسى بېشىدىكى ئاق دوپپىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ساپما كەشنى كىيدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىغا :

— ياخشىسى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشەي، يۈر ! — دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا .

دادىسى ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئەمما مۇھىيد قىمىرلىمىدى، دادىسى ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا، ئۇ ھەممىسىگە ئاڭلىتىپ :

— ئىبراھىم، مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈچە ھېچكىم سىرتقا چىقمىسا، دەيدۇ . ئۇنىڭ يېنىدا تاپانچا بار ئىكەن، — دېدى .

ئىشىك تۈۋىدە توختاپ قالغان دادىسى غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندەك بولۇپ كەتتى .

ئاپىسى قورقۇپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ :

— تاپانچا ؟ ۋاي خۇدايىم ! ئۆيىمىزگە كىرمىگەن تاپانچا قالدىمۇ ئەمدى ! — دېدى .

— راست تاپانچىمىكەن ؟ — سورىدى ناۋال كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ .

— بۇ دېگەن چوڭ ئىش ... بالا ـ قازا دېگەن شۇ ، — دېدى سامىيە بېشىنى كۆتۈرمەستىن .

بوۋاي گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى . ئارقىدىن مۇھىيدمۇ چىقتى . بوۋاي ئادىتى بويىچە قورۇق يۆتىلىپ قويدى . ئىبراھىم بوۋاينى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ، ئەمما بوۋاينى كۆرۈشمەي قالارمىكىن دەپ قولىنى ئۇزاتمىدى . لېكىن ، بوۋاي زورىغا كۆلۈمسىرەپ قولىنى ئۇزاتتى . ئىبراھىم ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى .

— مېنىڭ دادام ، — دەپ تونۇشتۇردى مۇھىيد .

ئىبراھىم سەل ھودۇقتى ، بايا ساقلاپ جىددىيلىشىپمۇ كەتكەنىدى . چۈنكى ، ئۇ ھەربىر مىنۇتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . بۇرۇن ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمىنىنى ساقلىغان چاغلىرىدا بۇنچىلىك ھودۇقمىغانىدى ، شۇ تاپتا ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان ئىبراھىم ھىمايىگە موھتاج ئىدى . ھازىر ئۇ نامىنى ئاڭلىسا دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ كېتىدىغان باتۇر ئەمەس ، بەلكى دوستلىرىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئاجىز ئىدى ، تىنچ كۈنلەردە ئاپىسىنى كۆرۈشكە ، باغرىغا ئۆزىنى ئېتىشقا ئىنتىزار ئىدى ، دادىسىنى كۆرۈشكە ، ئۇنىڭ يېنىدا خاتىرجەم ياشاشقا تەلپۈنەتتى . ئۇ ئۆزى بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرغان بوۋاينىڭ دادىسى بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى .

ئىبراھىم ئۆزىنى بېسىۋالدى . چىرايىدىن بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى قىلچە چاندۇرمىدى . دۇدۇقلىماي چىرايلىق سۆزلەشكە تىرىشتى :

— ئەپەندى ، مەن ناھايىتى خىجىلمەن ... بەك خىجىل ... ئامالسىزلىقتىن ... مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا بىر سائەت ۋاقىت بېرىڭلار ، ئاندىن نېمە قىلساڭلار مەيلى ...

— بالام ، بۇ ياقىقا كىرىڭ ! — دېدى بوۋاي ئۆزىنى ئېغىر ـ بېسىق تۇتۇشقا تىرىشىپ ، ئاندىن ئالدىدا مېڭىپ مېھمانخانا

ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. بۇ ئۆيگە ئەرەب پاسونىدىكى ئۆي جاھازلىرى قويۇلغان، تامغا «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىلىرى ئېسىلغانىدى. ساپا ۋە ئورۇندۇقلارنىڭ قاتلىرى كونىراپ كەتكەنىدى.

— قېنى بالام ئولتۇرۇڭ! — دېدى بوۋاي ۋە ئالدىدا ئۆزى ئولتۇردى.

ئىبراھىم ئولتۇرا - ئولتۇرماستىن بوۋاي سورىدى:

— ئىپتار قىلغانمىدىڭىز؟

— رەھمەت! مەن تۇرمىدە بولغاچقا روزا تۇتالمىدىم، ئۈنىڭ ئۈستىگە، دوختۇرخانىدا ياتتىم.

ئارىدا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بوۋاي يەنە سورىدى:

— بالام، سىزدىن بىر گەپنى سورىسام بولامدۇ؟

ئىبراھىم تومۇرلىرىدىكى قانلار راۋان ئاقمىسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالماي دېگەندەك، بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنى بېسىپ ئولتۇراتتى.

— قېنى سورىسىلا!

بوۋاي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، پۇتىدىكى ساپما كەشكە قارىغان ھالدا سورىدى:

— سىزنىڭ قېچىپ چىققانلىقىڭىزنى بىرەرى بىلەمدۇ؟

— ساقچىلار ئاز دېگەندە بىر سائەتتىن كېيىن بىلىدۇ، — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى ئىبراھىم.

— دېمەكچىمەنكى، دوستلىرىڭىزدىن بىرەرى بىلەمدۇ، قانداق؟

— قېچىپ چىقىدىغانلىقىمنى ئۈچ ئادەم بىلىدۇ، ئەمما قاچان قاچىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ. قېچىش ۋاقتىنى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزۈم بېكىتتىم.

— ئۇلار سىزنىڭ قېچىپ چىققانلىقىڭىزنى بىلسە، بۇ يەرگە ئىزدەپ كېلەمدۇ؟

— ياق ! مەن سىلىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقلىرىنى بىلمەيمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە، زۇرۇر بولمىسا مۇھىيدىنىڭ ئىسمىنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن . مەن ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە كېلىشكەن .

بوۋاي كۈلۈمسىرىدى . چۈنكى، ئۇ ئىبراھىمنىڭ ۋىجدانلىق ئىكەنلىكىگە قايىل بولغان ھەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي تۇتۇۋالغانىدى .

— ئەگەر شۇ تاپتا بۇ يەردىن چىقىپ كەتسىڭىز كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي .

ئىبراھىم بوۋايغا ۋاقتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش نىيىتىدە ناھايىتى تېز جاۋاب بەردى :

— مەنمۇ بىلمەيمەن . شۇ ئۈچ ئادەمنىڭ بىرىنى ئىزدەپ باقارمەن . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن قاياققا بېرىشنى مەسلىھەتلىشەرمەن .

بوۋايدا ۋەتەنپەرۋەرلىك مەخپىي پائالىيەتكە قاتنىشىۋاتقاندەك بىر خىل قىزغىنلىق پەيدا بولدى :

— بىراق ، ساقچىلار ئۇ ئۈچەيلەننىڭ دوستىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى تۇرغان گەپ . چوقۇم ئۇ يەرگە بېرىپ سىزنى ئىزدەيدۇ .

ئىبراھىم ئېغىر خورسىنىپ جاۋاب بەردى :

— شۇنداق ، ئەمما باشقا ئامال يوق !

خۇددى بوۋاي يەلكىسىنى ئېغىر يۈك بېسىپ كېتىۋاتقاندەك يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە ئەمدى ئېغىز ئاچمايمەن دېگەندەك جىم بولدى .

ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتكەن ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى ، ئىشقىلىپ ، بېشىغا كەلگەن قىسمەتنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلاشقا تەييارلانغاندەك ئىدى .

مۇھىيد گەپ قىلماي بىردەم دادىسىغا ، بىردەم ئىبراھىمغا قاراپ ئولتۇراتتى . بەزىدە چاچلىرىنى سىلاپ ، كېچىلىك

كىيمىنىڭ تۈگمىسىنى تۈتۈپ قويىتتى، بەزىدە كۆزەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ قويىتتى ۋە بەزىدە ئۇسساپ چاكىلداپ كەتكەن ئادەمدەك تۈكۈرۈكىنى يۇتاتتى.

بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىبراھىمغا تىكىلدى ـ دە، بالىسىغا خاپا بولغان تەلەپپۇز بىلەن:

— بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزنى ھازىرغىچە قوللىمايمەن، بۇنداق ۋەتەنپەرۋەلىكنى توغرا تاپمايمەن، — دېدى.

ئىبراھىمنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، ئورنىدىن قوپماقچى بولغاندەك ئالدىغا سەل ئېگىلدى. غەمسىز كۆرۈنىدىغان چىرايى ھودۇقۇشنى يوشۇرالمىدى.

مۇھىيدىنىڭ چىرايى خۇددى چۇجە بوغۇزلىغانغا قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى.

بوۋاي بولسا كەسكىن تەرزدە گېپىنى داۋام قىلدى:

— سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنىمۇ خالاپ كەتمەيمەن. بىزنىڭ سىياسەت بىلەن چاتىقىمىز يوق. مەن سىزدەك ۋاقتىمدا ھېچقانداق سىياسىيغا ئارىلاشمىغان. مەن مۇشۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ھەرقانداق نامايىشقا قاتنىشىپ باققان ئەمەسمەن. بۇ يېشىمدا بىر ئائىلە ماڭا قاراشلىق تۇرغاندا، سىزنى دەپ تۇرمۇشۇمنى ۋەيران قىلىشنى خالىمايمەن.

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇردى.

بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ قويدىيۇ، گەپ قىلمىدى.

ئۈمىدىنى تېخى ئۈزمىگەن ئىبراھىم گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئىشىك تەرەپكە ئىككى قەدەم مېڭىپ:

— ئەپەندى، ئالدىڭىزدا ناھايىتى خىجىلمەن، تولىمۇ خىجىلمەن! — دېدى.

بوۋاي جاۋاب قىلمىدى ھەم ئىبراھىمغا قاراپمۇ قويمىدى. يۈزىنىڭ گۆشى لىپىلداشقا باشلىدى. ئۇ قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى. ئىبراھىم ئۈچىنچى قەدىمىنى باستى. ئۇ تېخى ئىشىك تۈۋىگە

بارمىغانىدى ، بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى ، ئۆزىدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە ئالدىدا ، قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ، ئىدراك بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان كۈچ ئالدىدا تەسلىم بولغانىدى . شۇڭا ، ئۇ بوغۇق ئاۋازدا :

— بالام ، قېيقېلىڭ ! كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ! مەن سىزدىن يەنە بىر گەپنى سورىسام بولامدۇ ؟ — دېدى .

ئىبراھىمنى يىغا تۇتتى ، ئۇ دەرھاللا :

— سورىسىلا ، — دېدى .

— سىز ئابدۇرېھىم پاشانى نېمىدەپ ئۆلتۈردىڭىز ؟

ئىبراھىم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا جاۋاب بەردى :

— ئۇ ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنىڭ ئادىمى ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ قولى بولغاچقا ئۆلتۈردۈم . ئۇنىڭ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غالچىسى ، ۋەتەن خائىنى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ .

— ئۇنى ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلسا بولماسمىدى ؟

ئىبراھىم غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئاران بېسىپ جاۋاب بەردى :

— ھۆكۈمەت ئۇنى باشقۇرالمايدۇ ، ئۇ ھۆكۈمەتتىنمۇ يامان . ئۇ ھۆكۈمەتنى باشقۇرىدۇ . نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى ھۆكۈمەت چىقىرالمايدۇ ۋە ئىجرا قىلالمايدۇ . ھۆكۈمنى خەلق چىقىرىپ ، ئۆزى ئىجرا قىلىشى كېرەك . جامائەت ئۇنى ۋەتەن خائىنى دەپ ھۆكۈم قىلدى . مەن ئۇنى ئىجرا قىلدىم .

بوۋاي بىردەم جىم بولۇپ قېلىپ يەنە سورىدى :

— سىز بىرەر پارتىيىگە كىرگەنمۇ ؟

— ياق .

— ۋەتەنداشلار پارتىيىسىگىمۇ كىرمىدىڭىزما ؟

— ياق .

بوۋاي جىم بولدى . خېلىدىن كېيىن ئۇ ئوغلىغا بۇرۇلۇپ بايا ئۇنتۇپ قالغان ئىشنى ئېسىگە ئالغانداك :

— ئاپاڭ ۋە سىڭىللىرىڭنى چاقىرغىن ، ئۇلار ئىبراھىم

ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قويسۇن ، — دېدى .

ئىبراھىم بىلەن مۇھىيد تەڭلا بوۋايغا قارىدى ، ھېچ ئىشنى ئاڭقىرالماي ھەيران بولدى . ئۇلار بوۋاينىڭ لەۋلىرىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇمنى كۆردى . بوۋاي شۇ تەبەسسۇمى بىلەن ئۇلارغا ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرماقچى بولغان بولسا كېرەك .

ئىبراھىم چۈشەندى ، گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، ھېچنېمە دېمەي بۇرۇنقى تەمكىن قىياپىتىگە كىردى . بوۋاينىڭ چىرايىدا جىلۋە قىلغان كۈلۈمسىرەش ئۇنى نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنكى ئازادىلىككە ئىگە قىلغانىدى .

ھاياتىدىكى ئەڭ زور ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان مۇھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .

ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى .

بوۋاي تاماقنى قىرىپ قويدى ، كېيىن يەنە بىر قېتىم قىردى ، ئاندىن ئىبراھىمغا قارىماي تۇرۇپ :

— دادىڭىز قانداقراق ؟ — دېدى .

— ئىنشائاللا ، خېلى تېمەن ، ئەپەندى ! — دەپ جاۋاب بەردى ئىبراھىم قەددىنى رۇسلاپ ئەدەپ بىلەن .

بوۋاي گەپ بىلەن ئۆزىنى يېنىكلەتمەكچى بولغاندەك :

— دادىڭىز ھازىر تۆتىنچى دەرىجىغۇ دەيمەن ؟ — دېدى .

— شۇنداق بولسا كېرەك .

— مېنىڭ قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقىدا ئىشلەيدىغان بىر نەۋرە ئىنىم بار . ئۇ دائىم دادىڭىزنى ماختايدىغان ، — دېدى بوۋاي تەكەللۇپ بىلەن .

بىردەم جىم ئولتۇرۇپ بوۋاي يەنە گەپ ئاچتى :

— سىلەر بىزنىڭ بۆلۈم باشلىقىمىز ئابدۇل ئەزىز بىلەن باردى - كەلدى قىلامسىلەر ؟ مەن سىلەرنى تۇغقان دەپ ئاڭلىغانىدىم .

— مېنىڭچە ، ئۇ دادامنىڭ دوستى .

— ئۇمۇ ئوبدان ئادەم .
— شۇنداق ، ئەپەندى .
ئۇلار يەنە جىم بولۇشتى . بوۋاي گەپلىرىنىڭ تازا چەك باسمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىيۇ ، باشقا گەپ تاپالمىدى .
— مەن سىلىگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن . مەن بايا ...— دېدى ئىبراھىم .
بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى . بايىقى ئىشلارنى ئەسلىگۈسى كەلمىدى :
— ئۇنداق دېمەڭ ... سىزمۇ ئوغلۇم مۇھىيدقا ئوخشاش ... پەقەت سىزنىڭ تۇرمۇشتىكى رولىڭىز ئۇنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ .
مۇھىيد قايتىپ كىرىپ ئورنىدا ئولتۇردى . ئۇلار نېمە دېيىشىنى ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئوسال ھالغا چۈشۈپ جىممىدە ئولتۇرۇشتى . بوۋاي كۆزىنى يۇمۇۋىدى ، كۆزى يوقتەك بولۇپ قالدى . ئۇ كەلگۈسى ئۈستىدە ئويغا پاتتى . كېيىن كۆزىنى ئاچقاندا ، كۆزلىرى گويا ياشلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىككە بولغان كۆزقارىشىنى ئىزھارلاپ ئۇتۇق سۆزلىمەكچى بولغاندەك نۇرلىنىپ كەتتى . ئارقىدىنلا ھازىر ئۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان چاغ ئەمەسلىكىنى سېزىپ بېشىنى ساڭگىلاتتى ـ دە ، يەنە خىيالغا پاتتى .
مۇھىيدنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرى بولسىمۇ ، گەپنى قانداق باشلاشنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى . ئاخىر گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ بېشىنى كۆتۈردى . ئالدىدا ئىبراھىمغا ، ئارقىدىن دادىسىغا قارىدى ، ئەمما گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى .
ئىبراھىم ئەدەپ بىلەن ئولتۇراتتى . بىردە پىلانى ئۈستىدە ئويلىناتتى ، بىردە بولسا مۇشۇ ئائىلىنى ئويلايتتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەچۈرۈم سورىغاندەك بوۋايغا ، ئاندىن غەيرەتلىك بول دېگەندەك ، مۇھىيدقا لەپپىدە قاراپ قويدى .
مۇھىيد ئاخىر تىترەڭگۈ ئىنچىكە ئاۋازدا سورىدى :
— ئىبراھىم ئەپەندى ، سىز قانداق قېچىپ چىقتىڭىز ؟
بۇنىڭ جاۋاب بەرگۈچىلىكىمۇ يوققۇ ، دەپ ئويلىغان ئىبراھىم

كۆلۈمسىرەپ قويدى ـ دە ، ئاددىيلا جاۋاب بەردى :
— بۇنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق . ئۇلار مېنىڭ دوختۇرخانىدا ئەركىن يۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغانىدى . بۈگۈن مېڭىپ ـ مېڭىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم .

بۈگەپتىن قانائەت تاپمىغان مۇھىيدىنىڭ چىرايى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى . ئۇ ئەسلى ئۇنىڭ تامدىن قانداق ئارتىلىپ چۈشكەنلىكى ، ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئاتقان ئوق ئاۋازى ئىچىدە سۇ تۇرۇبىسىدىن سىيرىلىپ چۈشكەنلىكىگە ئوخشاش ئاجايىپ قىزىق ھېكايە ئاڭلايمەن ، دەپ ئويلىغان ، تۈرمىدىن قېچىشىنىڭ ئىبراھىم ئېيتقاندەك ئاسان بولۇشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى .

مۇھىيدىنىڭ ئاپىسى بىلەن ئىككى سىڭلىسى كىرىپ كەلدى . ئۇلار ھېچقانچە ياسانمىغان ، پەقەتلا ئاپىسى كۆڭلىكىنى ئالماشتۇرۇپ چىققانىدى . سامىيە بىلەن ناۋالنىڭ پۇتىدا ئارا پاشنا توپلەي بار ئىدى .

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى ئۆز ئاپىسى بىلەن كۆرۈشكەندەك مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيۈپ قويدى ۋە ئۇنى پېشانىسىگە تەگكۈزدى . مومايىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان خۇشخۇي چىرايىنى كۆرۈپ باللىق چاغلىرىدا كوچىدا ئويناپ ھېرىپ كەتكەندە ، ئاپىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالىدىغىنىغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئېتىپ بارلىق ئازابتىن خالاس بولغۇسى كېلىپ كەتتى .

ئەمما ، ئىبراھىم ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ ، سامىيە بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى .
— قىزىم سامىيە ، — دەپ تونۇشتۇردى بوۋاي .
ئىبراھىم كۈلۈپ قويدى .
— بۇ ناۋال ، — دەپ تونۇشتۇردى بوۋاي .
ئىبراھىم قىزلار بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇلارغا قارىمىدى .

ئەمما ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن كۆرۈش مەنئى قىلىنغان غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈۋاتقانغا ئوخشاش ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم قاراپ قويدى .

ئىبراھىم ناھايىتى خىجىل بولدى ۋە ئوڭايسىزلاندى . چۇنكى ، ئالدىدا بىر ئەمەس ئىككى قىز تۇراتتى ، بۇ ئۆيدە قىزلارنىڭ بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق شارائىتتا ياشاپ باقمىغان تۇرسا ، قىز بالا بار ئۆيدە قانداقمۇ تۇرالىسۇن . ئۇ بىر بولمىغۇر ئىش قىلىپ قويۇپ دوستىنىڭ ۋە بوۋاينىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويغاندەك ھېس قىلدى .

شۇنداقتىمۇ ئىبراھىم ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، كۆڭلىدىكىنى پەقەتلا چاندۇرمىدى .

ئۇ ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا موماينىڭ سۆزى ئاڭلاندى .

— بالام ، ئولتۇرۇڭ ! ئولتۇرۇڭ ! ئوبدان بالام .

ئىبراھىم ئولتۇردى . مۇلايىم ئانا يەنە مېھرىبانلىق بىلەن :

— بالام ، ئەھۋالىڭىز قانداق ؟ تەن ساقلىقىڭىز ياخشىمۇ ؟

— خۇداغا شۈكۈر ، يامان ئەمەس ، — دېدى ئىبراھىم يەرگە قارىغىنىچە .

— ئاپىڭىز ياخشىدۇ ؟ ئۇنى كۆردىڭىزمۇ ؟

— ئون كۈننىڭ ئالدىدا ئۇلار ئاپامنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرگەن . ئىنشائاللا ، ئاپامنىڭ تېنى خېلى ساق .

موماي تىلىنى چاكىلدىتىپ قويۇپ ، يەنە دېدى :

— ئۇ بىچارىمۇ سىزنىلا ئويلايدىغاندۇ . ئانا بولغان ئادەم ھەممىدىن بەك غەم يەيدۇ . ئۇ سىزنىڭ ھازىر نەدىلىكىڭىزنى بىلەمدۇ ؟

ئاپىسىنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى ، پەس ئاۋاز بىلەن :

— بىلمەيدۇ ! — دېدى .

بوۋاي خوتۇنىغا بولدى ، گەپ قىلما دېگەندەك ، تاڭلىيىنى قىرىپ قويدى ـ دە :

— ئىبراھىم ئەپەندى بىزنىڭ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن تۇرىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك، — دېدى.

بوۋاي جىم بولدى. باشقىلارمۇ ئۈندىمىدى. بۇ گەپ ھېچكىمگە تاسادىپىي تۇيۇلمىدى.

— بولىدۇ، بىراق دادىسى، ئۆيگە بىرەرى كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى موماي ئېغىكىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ياخشىسى، بىز ئىشىكنى قۇلۇپلاپلا قويايلى، كەلگەنلەر بىزنى بىر يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قالسۇن، — دېدى سامىيە ئاپىسى بىلەنلا سۆزلىشىۋاتقان تەرزدە.

ئىبراھىم ھەيران قالدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ سامىيەنىڭ قارىغانسېرى گۈزەل كۆرۈنىدىغان چىرايىغا قارىدى. ئۇ مۇشۇ باھانىدە باشقىلارنىڭمۇ چىرايىنى تونۇۋالاي، دېگەندەك ناۋالغا قارىغانىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ناۋالمۇ ئىبراھىمنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئىبراھىم ناۋالنىڭ بۇلاقتەك سۈزۈك، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ دەرھال يەرگە قارىۋالدى، ناۋالمۇ ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك يەرگە باقتى. ئىبراھىم ناۋالنىڭ پەقەتلا قاپقارا، ئەمما غەمكىن، سىرلىق كۆزىنىلا كۆردى. ئۇ كۆزلەردىن زېرەكلىك، شوخلۇق ۋە شادلىق ئەكس ئېتىپ، ئىلھامبەخش نۇر چاقناپتتى.

ئىبراھىم مۇھىيدىننىڭ سامىيەگە قىلغان سۆزىنى ئاڭلىدى:

— قانداق گەپ بۇ؟ ئۇنداق قىلساق بىز نېمە يەپ، نېمە ئىچىمىز؟ دادام قانداق ئىشقا بارىدۇ؟

— قانداقلا بولسۇن، ھەركۈنى ئېتىزدىن كېيىن مەن سىرتقا چىقىپ كېتەي، بىرەرى ئىزدەپ كەلسە، مېنى يوق دەپ قويساڭلار بولدى، — دېدى بوۋاي.

-- دادىسى، سىلى نېمە گۇناھلىرى ئۈچۈن ھەركۈنى كەچتە سىرتلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىلا؟ — دېدى موماي قولىنى سىلكىپ

ۋە گېپىم ئىبراھىمغا تېگىپ كەتمىسۇن دەپ ، ئەتەي ئىبراھىمغا قارىمىدى .

— ئەپەندى ، مېنىڭچە ، ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەكلا بولىۋەرسۇن ، ھەممەيلەن ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرسۇن . بولمىسا ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىمىز ، — دېدى ئىبراھىم . ئۇنىڭ سۆزىنى ھەممەيلەن خۇددى پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاندەك دىققەت بىلەن ئاڭلىدى .

— ئەگەر بىرەرى كېلىپ قالسا ، ئىبراھىم ئەپەندى ئۆزىنى دالدىغا ئالسا بولىدۇ ، — قوشۇمچە قىلدى ناۋال .

ئىبراھىم ناۋالغا قارىمىدى ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتقاندەك رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى .

— ۋاقتى كەلگەندە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلايلى ، خۇدايىم ساقلار ، — دېدى بوۋاي كۆڭلىنى تازا توختىتالماي .

— سەنىيە قېنى ؟ — دەپ تۇيۇقسىزدىن ۋارقىرىۋەتتى ناۋال خۇددى ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك .

— بۇ ئىش بىلەن سەنىيەنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟ — سورىدى ئاپىسى چۆچەنمەي .

مۇھىيد زېرەكلىك بىلەن سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى ـ دە :

— بۇ ئىشنى سەنىيە بىلمەسلىكى كېرەك ، ئۇ تېخى كىچىك ، ئاغزى چىڭ ئەمەس ، — دېدى .

— ئۇنداقتا ، ئۇنى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى سامىيە .

ئىبراھىم بۇ ئىشلارنى پىلان تۈزگەندە ئويلاشمىغاچقا ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويغا پاتتى . بوۋايمۇ باشقىلار بىرەر ئامال تاپار دېگەندەك جىم تۇردى . ناۋال چوڭ بىر ئىشنى ھەل قىلغاندەك توۋلىۋەتتى :

— مۇنداق قىلايلى ، مەن ھازىر كىرىپ ئىشىدىن چاتاق تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشاي ، ئاندىن ئىشىكباقارنى چاقىرايلى ـ دە ، ئۇنى ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەتكۈزۈۋېتەيلى .

— ۋاي خۇدايىم ، بۇ قاراپ تۇرۇپ خەقنى بوزەك قىلغانلىق بولمامدۇ ؟ خۇدايىم ، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ، — دېدى ئاپىسى .

ئىبراھىم ئاپىرىن ئوقۇغان تەرزدە ناۋالغا لەپپىدە قارىغاندى ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى . ناۋالنىڭ كۆزلىرىدىن ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— قارىغاندا ، شۇنداق قىلساق بولىدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى بوۋاي .

بۇ گەپ بىلەن ناۋال چىقىپ كەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خىزمەتكار قىزنى ئەيىبلىگىنى ئاڭلاندى . ئاۋازى بارغانچە كۆچىيىپ ، ئاخىر رەسمىي ۋارقىراشقا ئايلاندى . ئارقىدىن شاپىلاق بىلەن ئۇرغان ۋە يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . كېيىن ناۋال خۇددى راست سوقۇشقاندەك ، خىزمەتكار قىز ھەقىقەتەنمۇ شاپىلاققا لايىقتەك ناھايىتى ھاياجانلانغان قىياپەتتە قايتىپ كىردى .

— ئاپا ، ئەمدى سەن چىقىپ ئۇنى ھەيدىۋەت ! — دېدى ئۇ .

ئاپىسى قىمىرلىماستىن :

— خۇدا ھەققى ، مېنى قىينىماڭلار ، مۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھازىر روزا - رامزان .

— تەھىيە ، ھېچنېمە بولمايدۇ ، ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىمىز ، — دېدى بوۋاي ھاياجان بىلەن .

— مۇھەمىد ، سەن ئۇنى كەتكۈزۈۋەت ! — دېدى ئاپىسى مۇھەمىدقا .

— خىزمەتكارنى كەتكۈزۈۋېتىش بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم ؟ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس ئۇ ! — دېدى مۇھەمىد .

— ئاپا ، — دېدى ناۋال ، — ئۆزۈڭ بارغىن ! پۇلۇمدىن ئۇنىڭغا يېرىم رىيال[①] بېرەي .

ئاپىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ، گويا ئۇ قىزدا گۇناھ يوق ئىدى ، ھەممىنى قىلغان سەن دېگەندەك ، ئىبراھىمغا ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراپ قويدى .

---

① رىيال — مىسىرنىڭ پۇل بىرلىكى ، بىر رىيال يىگىرمە جىرىسقا تەڭ .

— ئش ھەققىدىن باشقا يەنە ئاز دېگەندە 50 جىرىس قوشۇپ بەرمىسەك خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ . ئۇ دېگەن دادىسى يوق يېتىم ! — دېدى موماي چىقىپ كېتىۋېتىپ .

موماي چىقىپ كېتىشكە سامىيە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ۋايسىدى :

— ئۆي ئىشلىرى ئەمدى بىزگە قالدىغان بولدى . ئېيتىڭلارچۇ ، ئەمدى كىم بازارغا بېرىپ كۆكتات ئەكېلىدۇ ؟ مەنمۇ ياكى ناۋالمۇ ؟

— خېنىم ، ئەندىشە قىلماڭ ، ئەلى تاغام ئەكېلىپ بېرىدۇ ، تاماقنى بىر كۈنى ئاپام بىلەن مەن ئېتىمەن ، بىر كۈنى سىز ... — دېدى ناۋال .

ئاپىسىنىڭ ۋارقىرىغىنى ، ئارقىدىن ئىشكىنىڭ ئېچىلغانلىقى بىلەن ئىشكباقارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . كېيىن ئىشىك يېپىلدى ، ھايال ئۆتمەي ئاپىسى قايتىپ كىردى :

— خۇدايىم مېنى كەچۈرگەي ! — دېدى ئۇ .

ئىبراھىم گەپ قىلمىدى ، بۇ ئائىلىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنىگە خىجىل بولۇپ ، ئۆزىمۇ بىر قىسمىلا بولۇپ كەتتى .

— ئىبراھىم ئەپەندى ھېرىپ قالغاندۇ ، مۇھىيدىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئارام ئالسۇن ، گەپ بولسا ئەتە قىلىشايلى ، — دېدى بوۋاي .

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇردى . نېمە قىلىشنى ، نېمە دېيىشنى بىلمەي بىردەم تۇردى ـ دە ، ھېچكىمگىمۇ قارىماي :

— كەچلىكىڭىزلار خەيرلىك بولسۇن ، — دەپ قويدى .

مۇھىيدىمۇ ئورنىدىن تۇردى . ئۇلار تېخى ئىشىك تۈۋىگە بارمىغانىدى ، بوۋاي چاقىردى :

— ئىبراھىم ئەپەندى ...

ئىبراھىم توختاپ بوۋايغا بۇرۇلدى .

— سىزدە تاپانچا بار دەپ ئاڭلىدىم ، سىز ئۇنى مۇھىيدىنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويۇڭ ، بۇ ئۆيدە تۇرغان مەزگىلدە ئۇنى

قولىقىزغا ئالماڭ ، مەن ئۇنداق نەرسىلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن .
ئىبراھىم ئىختىيارسىز ، ئەمما ناھايىتى تېزلىكتە يانچۇقىدىن تاپانچىنى ئېلىپ بوۋايغا :

— بۇنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەيمۇ يا ؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى .

قورقۇنچتىن بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . موماي قولىنى كۆكسىگە قويۇپ :

— خۇدا ھەققى ، ئۇ نەرسىنى تېز كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار ! — دېدى .

سامىيە دۈگدىيىۋالدى ، مۇھىيد كەينىگە داجىپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ناۋال ئاڭلىغان ، لېكىن كۆرمىگەن نەرسىگە قارىغاندەك بوينىنى سوزۇپ قارىدى ، قىزىقىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى .

ئىبراھىم ھودۇقۇپ كەتتى ، قىلىپ قويغان ناشايان ئىشىنى ياپماقچى بولغاندەك دەرھال تاپانچىنى يانچۇقىغا سالدى :

— كەچۈرۈڭلار ، مەن ئويلانمايلا …

ئۇ ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە ، مۇھىيد بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى .

ھۇجرىغا كىرىپ مۇھىيد ئىشىكنى ياپتى . ئىبراھىم ئەتراپقا قاراپ ئۆي ئىچىنى كۆزدىن كەچۈردى . ئۆيدە بىر كىيىم ئىشكاپى ، بىر يېزىق ئۈستىلى ، ئىككى ئورۇندۇق ، تامدا بىر كىيىم ئاسقۇچ تۇراتتى . ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەر پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى .

ئىبراھىم ئورۇندۇقتا ، مۇھىيد كارىۋاتتا ئولتۇردى ۋە گەپ قىلساڭچۇ ، دېگەندەك ئىبراھىمغا قارىدى .

ئىبراھىم سىياسىي ئىشلار ، ئۆزىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلمىدى . مۇھىيددىن ئىنستىتۇتتىكى ساۋاقداشلىرىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى سورىدى ، ئاندىن ساۋاقداشلىرىغا ئائىت ئۆزى بىلمىگەن قىزىق گەپلەرنى قىلىپ

بەردى . چۈنكى ، ئىبراھىم مۇھىيدنى خاتىرجەم قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ، ئۇنىڭدىكى ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىكنى يوقىتىش ، شۇنداقلا ئوتتۇرىدىكى زىيادە تەكەللۇپنى يوق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى . ئىبراھىم بۇ مەقسەتكە ناھايىتى ئوڭايلا يەتتى . مۇھىيد ئىبراھىمنى ئۆز دوستىدەك بىلىپ ، قەھرىمانىنىڭ ئۆزىگە دوست بولىدىغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىشقا باشلىدى . بۇرۇنلاردا بۇ قەھرىماننى ئۇ ئەۋلىيادەك كۆرۈپ ، يىراقتىنلا تەلمۈرۈپ قارايتتىيۇ ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرىغا ئارىلىششقا جۈرئەت قىلالمايتتى . ئەمدىلىكتە ئەنە شۇ قەھرىمان ئۇنىڭغا ئاغىنە بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرماقتا ، ئۇنىڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتماقچى بولۇۋاتىدۇ .

كېيىن مۇھىيد ئىبراھىمدىن كۆپ سۆزلەشكە باشلىدى . توساتتىن ئىشىكنى بىرى چەكتى .

مۇھىيد تاشقىرىغا چىقىپ شۇئان پەتنۇس كۆتۈرۈپ كىردى . پەتنۇستا تاماق ـ قورۇمىلار بار ئىدى . مۇھىيد پەتنۇسنى يېزىق ئۈستىلىگە قويۇپ :

— ئىبراھىم ، قېنى مەرھەمەت ، — دېدى .

ئىبراھىم ئۇنىڭ ئۆزىنى «ئەپەندى» دېمەي ئىسمى بىلەنلا ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھىيدنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى ، ئۇنى خاتىرجەم قىلغانلىقىنى بىلدى . شۇڭا ، ئۇ تاماقنى مەززە قىلىپ ئىشتىھا بىلەن يېدى . تۇرمىگە كىرگەندىن بۇيان مۇنداق ئىشتىھا بىلەن تاماق يېمىگەنىدى . مۇھىيد سۆزلەپ ئولتۇردى .

ئىشىك يەنە چېكىلدى .

— كىرىڭ ! — دېدى مۇھىيد ئورنىدىن تۇرمايلا .

ئۆيگە ناۋال كىرىپ كەلدى . قولىدا دەزماللانغان ئاق يەكتەك بار ئىدى .

— مۇھىيدنىڭ كېچىلىك كىيىمى دەل كەلمەمدىكىن دەپ ، سىزگە دادامنىڭ يەكتىكىنى ئەكىردىم ، — دېدى ئۇ ئىككىلەنگەن

ھالدا ئىبراھىمغا قاراپ .
ئىبراھىمنىڭ ۋىلكا تۇتقان قولى توختاپ قالدى . ئۇ ، يەر يېرىلسا كىرىۋالغۇدەك دەرىجىدە ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ ، تامىقىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى . ناۋالغا قارىدىيۇ ، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئالالماي قالدى ، ئۇ ناۋالنىڭ ئىنىدىئان قىزلىرىنىڭكىدەك قىزىل مەڭزى ، تېخى لەۋ سۇرۇقى سۇرتۇلمىگەن لېۋى ، چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە ھودۇقۇپ كەتتى ۋە «قىز بالا»نىڭ ئۆزى ياتىدىغان ئۆيگە كىرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .
ناۋال ئىبراھىمغا تەئەججۇپ بىلەن قارىدى ، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئاكىسىدىن سورىدى :
— سىلەرگە يەنە نېمە كېرەك ؟
— رەھمەت ! — دېدى مۇھىيد .
— رەھمەت ! — ئىبراھىممۇ سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى .
ناۋال چىقىپ كەتتى .
ئىبراھىم تاماقنى يەپ بولدى . ئەمما ، كاللىسىغا پىلانىدا يوق «قىز بالا» كىرىۋالدى . مۇھىيد بىلەن ھاجەتخانىغا كىرىپ چىققاندىن كېيىن كىيىملىرىنى سالدى ، تاپانچىنى ئۇستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويۇپ ، يەكتەكنى كىيىپ مۇھىيدنىڭ يېنىغا چىقىپ ياتتى . ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا «قىز بالا»نىڭ كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك يوتقاننى ھىم ياپتى .
مۇھىيد يەنە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىشلارنى سۆزلىدى ، تۇساتتىن رادىئودىكى ناخشا توختاپ دىكتورنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى :
«خانىملار ، ئەپەندىلەر ، ھازىر جامائەتچىلىككە مۇھىم بىر خەۋەرنى ئاڭلىتىمىز . بىز بايا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدۇق : ئابدۇرېھىم پاشانى ئۆلتۈرگەن دېلونىڭ باش جىنايەتچىسى ئىبراھىم بۈگۈن كەچتە

قىچىپ كەتكەن . ئۇ يىگىرمە ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا تۈرمىدىن ئەينى قەسىرى دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەنىدى . ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى شۇنى جاكارلايدۇكى ، بۇ جىنايەتچىنى تۇتۇپ بەرگەن ياكى تۇتۇشقا ياردەملەشكەن ئادەمگە بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ ئىنئام بېرىلىدۇ . ھەربىي ئىشلار قوماندانى يەنە شۇنى جاكارلايدۇكى ، بۇ جىنايەتچىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە ياردەم قىلغان ياكى ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىپ ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تۈرمىگە تاشلىنىدۇ . ھازىر ھەربىي سوتنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىتىمىز ، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە… »

بىرى رادىئونى ئۆچۈرۈۋەتتى .

مۇھىيد ئىبراھىمغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، كۆزىنى باشقا تەرەپكە قاچۇردى .

ئىبراھىم مۇھىيدقا قارىماي تورۇسقا تىكىلىپ يېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك :

— ئۆزۈمنىڭ بۇنچىلىك پۇلغا يارايدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن ! — دېدى .

ئىبراھىم جىم بولۇپ قالدى . مۇھىيدمۇ ئۈندىمىدى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىماي تورۇسقا تىكىلىپ يېتىشتى .

ئىبراھىم ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رادىئو ئۇقتۇرۇشىغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى . چۈنكى ، بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ يېنىدىكى دوستىغا بېرىدىغان تەسىرىنى يوقىتالمايتتى . ئۇ دوستىدىن ئۆزىنى پاش قىلماسلىقنى تەلەپ قىلالمايتتى ، بۇنداق ۋەدە ئېلىش ھەققىمۇ يوق ئىدى . ئەگەر دوستى ئۇنى پاش قىلماقچى بولسا ، ئالغان ۋەدىنىڭ نېمە رولى بولىدۇ ؟

ئىبراھىم جىمىدە ياتسىمۇ بەك ئاچچىقى كەلدى . غەزەپتىن تومۇرلىرى كۆپۈپ ، دېمى سىقىلدى . ئۇلار نېمىشقا ئىبراھىمغا بۇنچە چىڭ ئېسىلىشىۋالىدىغاندۇ ؟ نېمىشقا خەلق ئۇنى تۇتماقچى بولغان ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمايدۇ ؟ نېمىشقا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان ، ئۇنىڭغا تىنچلىق ۋە پارلاق ئىستىقبال ئاتا

قىلمىدىغان ئىش بولمايدۇ؟ ئۇ ۋەتەن ۋە خەلقنى دەپ ھېلىقى ۋەتەن خائىنىنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا، نېمىشقا كىشىلەر ئۇنى قوتۇلدۇرۇۋالايلى دېمەيدۇ؟

ئىبراھىم ئۈمىدسىزلەندى. كىشىلەر ھېچ ئىش قىلمايدۇ، ئۇ خۇددى قاپقانغا چۈشكەن چاشقاندەك تۇتۇلىدىغان بولدى. شۇ تاپتا تېخى بىرلىرى ئۇنى تۇتۇپ بېرىپ بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ ئىنئام ئېلىشنى ئويلاۋاتقاندۇ! ئۇنىڭغا راستىنلا قەپەسكە سولىنىپ قالغاندەك، بېشى قەپەسنىڭ بالداقلىرىغا تېگىۋاتقاندەك بىلىندى. دېمىسىمۇ ئۇ ھازىر ئادەملەرنىڭ قوغلىشىدىن قېچىپ يۈرگەن چاشقان بولدىغۇ؟

ئۇنىڭ خىيالى ئۆزى ئورۇنلاشقان ئائىلىگە كۆچتى. ئۇلار تۇتۇپ بېرەرمۇ؟ ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى ۋاپاغا جاپا قىلغان ئادەمدەك ھېس قىلىپ، كاللىسىغا كەلگەن بۇ خىيالدىن ئىزا تارتىپ قالدى. ياق! بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۇنى تۇتۇپ بەرمەيدۇ. بۇنىڭغا ئىبراھىمنىڭ كۆزى يېتىدۇ.

بىراق، ئىبراھىم ھۆكۈمەتنىڭ ئېلاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ تىنچ، خاتىرجەم ئائىلىگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ جىنايەتچى نامى بىلەن بۇ ئائىلىگە كىردى. ئۇ كىچىكىشى كېرەك ... بۇ ئائىلىدىن كىچىكىشى كېرەك ... ئەتە... تېزدىن كېتىش كېرەك. بۇ يەردە تۇرماسلىق كېرەك. باشقىلار ئۇنى دەپ ناھەق گۇناھكار بولمىسۇن.

بۇ خىياللاردىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەرخىل مەنزىرىلەر ئەكس ئەتتى.

مۇھىيد ئۇنىڭ يېنىدا ئۇن چىقارماي ياتماقتا. ئۇنىڭدا بايىقى ئۆيۈمگە بىر قەھرىمان كەلدى، دېگەن ئېيتىخارلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇ قەھرىماننى ئەمەس، ئۆزىنى، ئۆز تەقدىرىنى ئويلاۋاتاتتى: ئۇ بىر ناتونۇش دۇنيانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك بولدى. بۇ دۇنيا شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولۇپ، ھەممىلا يەردە لاۋۇلداپ ئوت ياناتتى، پۈتۈن ئەتراپ شاۋقۇنلۇق ئاۋازلارغا تولغانىدى، بەزىلەر داد ـ پەرياد قىلاتتى، بەزىلەر شوئار

تـوۋلايتتى ، مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىناتتى ··· ئۇ تۆمۈر رېشاتكىنى كـۆردى . ئـۇنـىڭ بەزى ساۋاقداشلىرى رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە مەھبۇس كىيىمى كىيىپ تۇرۇشاتتى . بىر چاغدا ، ئۇمۇ.مەھبۇس كىيىمى كىيىپ ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالدى . ئۇنى قورقۇنچ باستى ، چىرايى ئىختىيارسىز تاتىرىپ كەتتى . ئۇ خۇددى ئىبراھىم بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق دېگەندەك ، ئىبراھىمدىن نېرىراق سـۈرۈلـۈپ ياتتى . ئۇنىڭغا ساقچىلار كىرىپ ئىبراھىمنى قولغا ئـالـغـان تـەقـدىـردىـمـۇ ، نېرى ياتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى قولغا ئالمايدىغاندەك بىلىندى .

رادىئودىن ھۆكۈمەتنىڭ ئېلانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، مۇھىيد ئـىنئام توغرىسىدا ئويلىمىدى ، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى . ئـۇنىڭغا جىنايەتچىنىڭ قىچىپ كېتىشىگە ياردەملەشكەن ئادەمنى تۈرمىگە تاشلاش توغرىسىدىكى ھەربىي سوتنىڭ ئۇقتۇرۇشىلا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . ئۇ تۈرمىدىن ، تۈرمىگە چۈشۈشتىن قورقاتتى ، تەرگە چۆمۈلدى ، گويا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى .

ئىشىك چېكىلدى ، ھېچقايسىسى ۋاقىتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىـلـمەيتتى . ئىبراھىم جىددىيلەشكەن ھالدا ئاۋۋال ئىشىككە ، ئـاندىن مۇھىيدقا قارىدى . ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن شۈبھە ، ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى .

ئىشىك يەنە چېكىلدى .

— مـانـا كـەلدىم ! — دېدى مۇھىيد ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبراھىمغا قارىدى :

— ئـىـبـراھىم ، ئىبراھىم ئەپەندى ! — ئۇ ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەنسىزلىكنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى ، — قورقۇڭ ، زوھۇرلۇق يەيمىز !

ئـىـبـراھـىـمـنىـڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى ، كۆزلىرىدىكى ئەنسىزلىكمۇ يوقالدى .

— رەھمەت ! مەن ئەتە روزا تۇتالمايدىغاندەك تۇرىمەن ! — دېدى ئۇ .

مۇھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. كۆزەينەكنى تاقاپ سىرتقا ماڭغاچ سورىدى:

— چىراغ يېنىق تۇرىۋەرسۇنمۇ؟

— ئۆچۈرۈۋەت! — دېدى ئىبراھىم.

مۇھىيد چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

ئىبراھىم باشقىدىن خىيالغا پاتتى، كېيىن ئىختىيارسىز كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

## 3

ئىبراھىم دېرىزىدىن كىرگەن قۇياش نۇرىنىڭ كۆزىنى چېقىشىدىن ئويغاندى، كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك گاڭگىرىغان ھالدا ئەتراپقا قارىدى.

ئۆي قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. ئۇ يېنىغا قاراپ مۇھىيدنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى، سائەتكە قارىۋىدى، سائەت ئىسترېلكىسى 9 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئىبراھىم، مۇھىيد نەگە كەتكەندۇ؟ نېمىشقا مېنى ئويغىتىپ قويمىغاندۇ؟ دەپ ھەيران بولدى.

ئۇ مۇھىيد كىرىپ قالار، دەپ بىر پەس جىم ياتتى، مۇھىيد خېلىغىچە كىرمىگەندىن كېيىن كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە قولۇم ـ قوشنىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، دېرىزىدىن نېرى تۇردى.

ئىبراھىم ئولتۇرۇپ پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. قېنىپ ئۇخلىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ زېھنى تولۇق ئەسلىگە كەلگەنىدى، ئۇ ئويلىغانلىرىنى توغرا دەپ بىلدى، كەلگۈسىنى ئېنىق كۆرگەندەك بولۇپ شادلاندى، ھۆكۈمەتنىڭ رادىئودا ئېلان قىلغان تەھدىت ۋە ئالداش خاراكتېرىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئۇنىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمىدى، كىشىلەر ياخشى ۋە يامان ئادەم دەپ ئايرىلىدۇ، تەھدىت سېلىش ۋە ئالداشلار خەلقنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ، ياخشى ئادەم ھامان ياخشى، يامان ئادەملەر

يەنىلا شۈنداق بولىدۇ. ئۇ ئىختىيارسىز كۇلۇۋەتتى، بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى، ھەربىي قوماندانىنى، ھەربىي ھالەت تۈزۈمىنى، ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولغانلىقلىرىنى زاڭلىق قىلغىنى ئىدى.

مۇھىيد تېخىچە كىرمىدى. ئىبراھىم مۇھىيدنى چاقىراي دېدىيۇ، خىجىل بولدى، بۇ ئۆيدە قىزلار بار، ئۇلار مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلمىغىنى تۈزۈك، ۋارقىراپ يۈرسەم، ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالماي يەنە، دەپ جىممىدە ئولتۇرۇپ مۇھىيدنى ساقلىدى.

مۇھىيد يەنىلا كىرمىگەندى، ئۇ سەل جىلى بولدى، يۈزىنى يۇيۇپ، ئېغىزىنى چايقاپ، ئىشىغا كىرىشسە بولاتتى ئەمەسمۇ!

ئىبراھىم كۆڭلىكىنى، شىمىنى كىيدى، بىردىنلا كۆڭلىگە بىر يامان ئىش كەچتى: مۇھىيد نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇ نېمىشقا قايتىپ كىرمەيدۇ؟ ئۇ ساقچىنى باشلاپ كېلىپ تۇتقۇچە قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىشىكنى سىرتىدىن ئېتىپ قويدىمۇيا؟

ئۇ كەمەرنىمۇ باغلىماستىن شىمىنى كۆتۈرگىنىچە يۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك تۈۋىگە باردى ـ دە، ئىشىكنى ئاستا ئىچىپ باقتى.، ئىشىك قۇلۇپلانمىغانىدى.

ئۇ خاتىرجەم بولدى، ئىشىكنى يەنە ئاستا يېپىپ قويۇپ كەمەرنى باغلىدى، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى كىيىۋېتىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، كۆزلىرىدە يەنە شۈبھە، ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى: تاشقىرىدىكى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇپ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتىمۇيا؟ ياكى بولمىسا ئۇلار رادىئودىن تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئاڭلىدۇق، ئەمدى سىزنى ئېپقالالمىغۇدەكمىز، ۋاقتىدا يولىڭىزغا ماڭسىڭىز بولارمىكىن، دېگەننى قىلىپ ئىشىكنى ئەتەي ئوچۇق قويغانمىدۇ؟ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ، تېز كېتىش كېرەك، ھازىرلا! ئۇ ئورنىدىن ئىختىيارسىز لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، ئۈستەل يېنىغا بېرىپ تارتمىسىدىن تاپانچىنى ئالدى. تاپانچىنى تېخى يانچۇقىغا سالمىغانىدى، ئىشىكنى بىرى چەكتى. ئىبراھىم تاپانچىنى دەرھال

تارتمىغا سالدى ـ دە ، ئىشىككە قاراپ :
— كىم ؟ — ئاۋازىنىڭ ناھايىتى قوپال چىققانلىقىنى سېزىپ ، سىپايىلىك بىلەن ، — كىرىڭ ! — دېدى .
سىرتتىن مۇلايىم ئاۋاز ئاڭلاندى :
— ئىبراھىم ئەپەندى ، ئويغاندىڭىزمۇ ؟
بۇنى ئۇ مۇھىيدىنىڭ كىچىك سىڭلىسى ناۋالنىڭ ئاۋازى دەپ جەزم قىلدى . قىزنىق ئىش ، ئۇ ناۋالنىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالدى . شۇڭا ، ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇردى .
— ئورنۇمدىن تۇردۇم ، كىرىڭ .
ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ناۋال كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىرايىدا قانداق كۆلۈشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغاندەك تەبەسسۇم بار ئىدى . قىز بۇ تەبەسسۇمى بىلەن ئىبراھىمنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى . مۇھىيدىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىبراھىم ناۋالنى كۆرۈپ بەكمۇ تەمتىرەپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز :
— مۇھىيد قېنى ؟ — دەۋەتتى ، ئارقىدىن ئۆزىنى ئەدەپلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن تەلەپپۇزىنى سەل ئۆزگەرتىپ قوشۇپ قويدى ، — ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن !
ناۋال ئۇنىڭغا تىكىلىپ جاۋاب بەردى :
— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ! مۇھىيد ئەتىگەندىلا مەكتىپىگە كەتتى ...
ئىبراھىم ناۋالنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى ، ئەمما دەررۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، قىزغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن يەرگە قاراۋالدى .
— ئۇ نېمىشقا جىمجىتلا مەكتەپكە كېتىدۇ ؟ كېتىشتىن بۇرۇن ماڭا دەپ قويسا بولماملتى ؟
ناۋال ئىبراھىمنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى سەزدى بولغاي :
— ئەتىگەن مەسلىھەتلىشىپ دادام سىزنى ياخشى ئۇخلاپ ، ئارام ئېلىۋالسۇن ، دېدى . سىزنى بىر يىلدىن بېرى ، بولۇپمۇ تۈرمىدە ئارامخۇدا ئۇخلىيالمىغاندۇ ، دەپ ئويلىدۇق ، — دېدى .

ئىبراھىم بۇ كىشىلەرنىڭ بۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل ۋە ساددىلىقىغا ھەيران بولغاندەك، بېشىنى كۆتۈرۈپ ناۋالغا قارىدى، ئاندىن يەنە كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ دېدى:

— مۇنداق كۈندە خاتىرجەم ئۇخلىيالامدىمەن؟

ناۋال ئىبراھىم بىلەن تاكاللاشماقچى ياكى ئۇنى ئەيىبلىمەكچى بولغاندەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ:

— ئەمەلىيەتتە سىز خورەك تارتمىغان بىلەن راسا قاتتىق ئۇخلىدىڭىز، — دېدى.

— راستىنى ئېيتسام، بەك ھېرىپ كېتىپتىمەن. بىراق، مۇھىيد ماڭغۇچە كۆرۈشۈۋالغان بولسام بولاتتى. ئۇنىڭغا تاپىلايدىغان ئىش بار ئىدى. ئەمدى بىز پۈتۈن بىر كۈننى زايە قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى ئۇ.

— كۈن دېگەن جىق گەپ، — دېدى ناۋال ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندەك، ئارقىدىن سورىدى، — يۈزىڭىزنى يۇيامسىز؟

ئىبراھىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، بۇ يەردە تۇرالىشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ ناۋالغا قاراپمۇ قويماي ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ناۋال بولسا ئۇنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە سەپسالدى. ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ، دېھقانغا ھەم شەھەرلىكلەرگە ئوخشىمىدىغان چىرايىغا، يوغان قوڭۇر كۆزلىرىگە قارىدى. ئىبراھىم كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەپ قويۇشتىن قورقۇپ، كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمىدى. ناۋال ئۇنىڭ دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە قادىلىدىغان نەيزىدەك قاڭشارلىق بۇرنىغا، ئاز گەپ قىلىدىغان ئاغزىغا، نېپىز لەۋلىرىگە، كەڭ، ئەمما پۈتۈن ئىرادىسى توپلانغاندەك كۆرۈنىدىغان ئېڭىكىگە قارىدى.

ئىبراھىم بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئىشىكتىن چىقىشىغا بىرىنىڭ چۆچۈپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، ئالدىدا سامىيە تۇراتتى. ئۇ ھاۋا رەڭ ئۇزۇن كىچىلىك كىيىم كىيگەن، يەڭلىرىنى تۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ئىبراھىمغا ئۇچراپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە، دەرھال ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويدى، ئارقىدىن تېخى چېچىنى تارىمىغانلىقى ئېسىگە

كېلىپ ، بىر قولى بىلەن چىكە چاچلىرىنى تۇزەشتۇردى .

ئىككىيلەنلا ھودۇقۇپ كەتكەچكە ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشمىدى . سامىيە ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى ـ دە ، ئىبراھىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئىبراھىم ئەپۇ سورىغان ھەم مەدەت تىلىگەن تەرزدە ناۋالغا قارىدى . ناۋال كۈلۈۋەتتى . ئۇ ئىبراھىمنى يۇز يۇيۇش ئۆيگە باشلاپ كېتىۋېتىپ :

— ھەدەم سامىيە بەك ھۇرۇن ، ئەتىگەندە ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كىرىپ ئايلىنىپ يۇرىدۇ . دادام كېلىشكە ئاز قالغاندا ئاندىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرىدۇ ، — دېدى .

ئىبراھىم كۈلۈمسىرەپ قويدى ، يۇيۇنۇش ئۆيگە كىرىپلا ئىشىكنى تاقىدى ، ئارقىدىن چىڭ تاقالغان ـ تاقالمىغانلىقىنى تەكشۇرگەندىن كېيىن ئورنىدا جىمجىت تۇرۇپ قالدى ، بەكمۇ جىلە بولدى . تۇرمىدە ھەممىسى ئەركەكلەر بولغاچقا ، ئۇ خېلى ئەركىن ئىدى . بۇ يەردە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قىزلاردىن تۇزۇلگەن قاتمۇقات توسۇقلار بولغاچقا ، ئۇ خىجىل بولاتتى ھەم بۇ يەردە تۇرسام بۇ ئۆينىڭ نامىغا داغ كەلتۇرگەن بولىمەن دەپ ، غەم قىلاتتى .

ئىبراھىم يۇزىنى يۇيۇشقا باشلىدى . يۇيۇپ بولۇپ ئىشىكنى ئېچىشنى ياكى ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىپ قىزلارنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى بىلەلمەي ، ئىشىك تۇۋىدە بىر پەس تۇرۇپ قالدى .

ئاخىر ئىشىكنى چېكىپ قويۇپ ئېچىشنى لايىق تاپتى ـ دە ، ئىشىكنى بوش چەكتى . ئارقىدىن قاتتىق ـ قاتتىق چەكتى . شۇئان ناۋالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— چىقىڭ !

بۇ ئۆيدە باشقا ئادەم يوقتەك يەنە ناۋالغۇ ! ناۋالنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلمىدى . ئەكسىچە ناۋال ئۇنىڭغا بۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر دوستىدەك ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتقان يەتتە نەپەر ھەمراھىنىڭ قاتارىغا قوشماقچى بولغان دوستىدەك بىلىنىپ

ئىنتايىن خۇش بولدى ۋە بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى .
ئىبراھىم ئىشىكنى ئېچىپلا ئوچۇق كۆكۈللۈك بىلەن كۇلۇپ تۇرغان ناۋالنى كۆرۈپ ، كۇلۇپ قويۇپ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى . ناۋال كەينىدىن ماڭدى . ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ، ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ناۋالغا دېرىزىنى ئىما قىلىپ :
— دېرىزىنىڭ قاپقىقىنى يېپىۋەتسىڭىز قانداق ؟ — دېدى .
ناۋالنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن قىز ئۆزىنى قەھرىمانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ، خۇددى چوڭ بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتكە قەدەم تاشلىغاندەك چەبدەسلىك بىلەن ئۆيگە كىردى - دە ، دېرىزىنىڭ قاپقىقىنى ياپتى .
ئىبراھىم ئۆيگە كىردى ، ناۋالغا قارىماسلىققا تىرىشىپ مۇھىيدىنىڭ تارغىقىنى ئېلىپ ، ئەينەككە قاراپ چېچىنى تارىدى ، بىردىنلا ئۆيدە ناۋالنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئەينەككە قاراپ تۇرغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ كەتتى . سەۋەبى ئۇ ئەر كىشىنىڭ ئەينەككە قارىشىنى ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىش ، دەپ بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ چېچىنى ئاندا - مۇندىلا تاراپ بولدى قىلدى .
— سىز تاماقخانىغا چىقىپ ناشتا قىلىڭ . مەن ئۆينى يىغىشتۇرۇپ قوياي ، — دېدى ناۋال .
— رەھمەت ، — دېدى ئىبراھىم بوش ئاۋاز بىلەن .
ئىبراھىم ھۇجرىدىن چىقىپ ئانچە ماڭمايلا ناۋالنىڭ ئاپىسىغا ئۇچرىدى . مومايىنىڭ گۆشلۈك ، خۇشخۇي چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئىبراھىمنى كۆرۈپلا :
— بالام ، ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟ تېز بېرىپ ناشتا قىلىۋېلىڭ ! — دېدى .
ئىبراھىم جاۋاب بەرگۈچە ، ئۇ يەنە ۋارقىراپ دېگۈدەك سۆزلەپ كەتتى :
— سامىيە ! قارا بۇنى ، نەگىمۇ كەتكەندۇ ؟ ئاشخانىنىڭ

ئىشىنى پەقەت قىلماپتۇ! ئەمدىغۇ سەنيەنىڭ قانچىلىك چاققانلىقىنى بىلگەنسىلەر؟ ئۇ ئۆينىڭ پۈتۈن ئىشىنى قىلاتتى.

سىلەرچۇ، گەپ قىلىشنىلا بىلىسىلەر، — ئۇ ئىبراھىمغا قاراپ، -- بالام، بېرىپ ناشتا قىلىۋېلىڭ، — دېدى، ئاندىن ناۋالغا قارىدى، — مەن بىلەن ئاشخانىغا كىرگىن.

— بۈگۈن مەن ئۆي يىغىشتۇرماقچى، سامىيە ئاشخانىدا ئىشلىمەكچى بولغان، — دېدى ناۋال نارازى بولۇپ.

— ماڭساڭچۇ، گەپ ئاڭلا!

ناۋال خاپا بولۇپ بېشىنى چايقاپ قويدى - دە، ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئىبراھىم تاماقخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۈستەلدە بىر تەخسە دۇملەپ پىشۇرۇلغان دادۇر ۋە بىر پارچە ئىرىمچىك، بىرنەچچە تال تۇزلانغان زەيتۇن تۇراتتى. ئۇ بۇلارنى يېيىشكە باشلىدى، گويا ئەتراپىدا يالىڭاچ قىزلار تۇرغاندەك ئەتراپىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئىبراھىم پىلانى ئۈستىدە ئويلاندى. سەپداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشى لازىم ئىدى. بۇ ئىش مۇھىمدىسىز پۈتمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا مۇھىمدىنى پىلانىغا كىرگۈزۈشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك گېزىتنى كۆرگۈسى كەلدى. ئۇ تۈرمىگە سولانغاندىن بۇيان گېزىتتىن ئادەتتىكى گېزىت ئوقۇرمەنلىرىدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، گېزىت ئوقۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىش بولۇپ قالغان، تۈرمىدە گېزىت بەرمىگەچكە نارازىلىق بىلدۈرگەن. بۇ يەردە، بۇ ئائىلىدە ئۇ گېزىت ئوقۇيمەن دېيەلەمدۇ؟ ئۇنىڭدا قانداق ھوقۇق، قانداق سەۋەب بار دەيسىز؟

ئۇنىڭ ھۆكۈمەت رادىئودا ئېلان قىلغان تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ تەسىرىنى بىلگۈسىمۇ بار ئىدى. ناۋال بۇ ھەقتە گەپ قىلمىغان، ئۇنىڭ ھەدىسى ۋە ئاپىسىمۇ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك ياكى ئۇنىڭغا بۇ ئۆيدە تۇرۇشنىڭ خەتەرلىك

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈسى كەلمىگەندەك بۇ ھەقتە ئۈندىمىگەنىدى. ئۇلار ياخشى كۆڭۈل بىلەن شۇنداق قىلىۋاتاتتى. ئەمما، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىمنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ ئىشنى مۈرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئىبراھىم ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بىر قاچقۇن، ھۆكۈمەت تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلغان ئادەم قاتارىدا كۆرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداق بولغاندا ئىبراھىم ئۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ پىلانى توغرىسىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىشەلەيتتى، ئەمما ھازىر ئۆيدە ئاياللارلا بار ئىدى. ئۇ ئاماللىسىزلىقتىن ئەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ خىياللار كاللىسىدىن نېرى كەتمىگەن ئىبراھىم تاماقنىڭ تەمىنىمۇ بىلەلمىدى. بىرنەچچە مىنۇت ۋاقىتمۇ نەچچە سائەتتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ قېچىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى ۋە ئالدىدىكى ۋاقىتنى تولۇق ھېسابلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپمۇ خېلىغىچە بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي، ئەتراپىمۇ قارىماي، خۇددى باشقىلارنىڭ باشلاپ مېڭىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قارىغۇ ئادەمدەك ئولتۇرۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا، ناۋالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھۇجرىغا كىرسىڭىز بولۇرۇق!

ئىبراھىم قىزنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى ئەمدى بىلگەندەك بېشىنى كۆتۈردى ۋە غۇدۇرىغاندەك: «رەھمەت» دەپ قويدى.

ئىبراھىم ئۆيگە كىرگەندە گەپ قىلىدىغاندەك ناۋالغا قارىدى، ئەمما گەپ قىلمىدى، ناۋالدىن ئەتىگەنلىك گېزىت تاپقىلى بولارمۇ دەپ سورىماقچىدى. لېكىن، گېزىت سورىسا، ئۇلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ناۋال كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىرەر نەرسە لازىم بولسا مېنى چاقىرىڭ، — دېدى ۋە مېڭىشقا تەمشىلىپ توختاپ قوشۇپ قويدى، — گېزىتنى دادام ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر سىز ھازىر كۆرىدىغان بولسىڭىز، مەن

ئەكىرىپ بېرەي .
ئىبراھىم ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى . قىزىق ئىش ، ناۋال ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ ؟
— رەھمەت ، لازىمى يوق ! ھە ، رادىئونى ئاچساق بولامدۇ ؟
— ئىككى كۈندىن بۇيان رادىئو ئاڭلىتىشنىڭ تايىنى يوق ، — دېدى ناۋال سەل ئىككىلىنىپ .
— ھېچبولمىغاندا خەۋەر ئاڭلارمىز .
— بولىدۇ ، — دېدى ناۋال ئامالسىز ، ئاندىن چىقىپ كەتتى .
ئىبراھىم ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە ناۋالنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى ، ئەمما مۇمكىن بولمىدى ، ئاخىر ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئويلاشقا ، ھەربىر ئادەمنى پىلانىغا كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى . ناۋال ئەقىللىق ، باتۇر قىز ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالايدۇ ، بەلكى ئاكىسىدىنمۇ ئىشەنچلىك بولۇشى مۇمكىن ، بىراق ئۇ قىز بالا ، ئىبراھىم قىزلارغا ئىشەنمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئەرلەر ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى قىزلارغا ئارتىپ قويۇشقا ئىبراھىمنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىگە پاناھلىق بەرگەن مۇنداق بىر ئالىيجاناب ئائىلىنىڭ قىزىنى ئۆز پىلانىغا كىرگۈزۈۋالسا بولمايدۇ - دە ، ھەرگىز بولمايدۇ ! ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ ، شۇنداقتىمۇ ئۇ كونكرېت پىلانلىرى ئۈستىدە ئويلانغاندا ، يەنىلا ناۋالغا بەلگىلىك ئورۇن بەردى .
رادىئونىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . دىكتور خەۋەرلەر پروگراممىسىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى . ئىبراھىم ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى .

ئىبراھىم بىردەم خىيالغا پاتاتتى ، بىردەم مۇھىيدىننىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ ۋاراقلاپ قوياتتى . ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە . ئۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى ، سىرتتىكى ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاندا بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى . تۈنۈگۈن

ئۇ قېچىشقا تەييارلانغاندىمۇ مۇشۇنداق بولغانىدى .
مۇھىيدىنىڭ سىڭلىسى بىلەن سۆزلەشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىبراھىمنىڭ كۆڭلى سەل ئارامغا چۈشكەندەك بولدى . ئۇ دوستى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەرەددۇتلىنىپ خاتىرجەم ئولتۇرغان قىياپەتكە كىرىپ كۈلۈمسىرىدى ، لېكىن مۇھىيد خېلىغىچە كىرمىدى . بۇ ۋاقىت ئىبراھىمغا ناھايىتى ئۇزۇن بىلىندى . ئىشىك چېكىلگەندە كۆڭلىنىڭ تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى چاندۇرماي ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك :
— كىرىڭ ! — دېدى .
مۇھىيد كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن لىموندەك سارغايغان ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەندەك ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى ، كۆزلىرىدىن ئەنسىرلىك چىقىپ تۇراتتى ، قەدەملىرىمۇ مەست ئادەمنىڭكىدەك ئېگىز ـ پەس ئىدى . ئۇ ئىبراھىمغا ئۇدۇل قارىيالمىدى .
ئىبراھىم ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن سەپسالدى . ئاندىن ئارىدىكى تەكەللۇپنى يوق قىلىش ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدا ئورنىدىنمۇ تۇرماستىن قەدىناس ئاغىنىلەردەك مۇراجىئەت قىلدى :
— قانداقراق ؟
مۇھىيد قولىدىكى دەپتەرلەرنى ئۈستەلگە تاشلاپ ، ئىككى بارمىقى بىلەن كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ :
— سىز قانداقراق تۇردىڭىز ئىبراھىم ئەپەندى ؟ — دېدى .
ئۇنىڭ بۇ سۆزى جاۋابقا ئەمەس ، مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن قىلىنغان سۆزگىلا ئوخشىشاتتى . ئۇنىڭ «ئەپەندى» دېيىشى ئىبراھىمغا بەكلا غەلىتە تۇيۇلدى ، شۇڭا ئىبراھىم جىم بولۇپ ئويغا چۆمدى . ئۇ ئەسلىي تونۇشقاندىن باشلاپ مۇھىيد بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى تەكەللۇپ يوقالدى ، دەپ ئويلىغانىدى . ئەمدى نېمە ئىش بولغاندۇ ؟
ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈپ قويدى ، ئاندىن مۇھىيدىنىڭ يېنىغا بېرىپ دېدى :

— ئەھۋال قانداقراق ؟

مۇھىيد يەنىلا ئۇنىڭغا قارىماي جاۋاب بەردى :

— پۈتۈن مەكتەپتىكىلەر سىز توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ .

ئىبراھىم قىزىقىپ سورىدى :

— ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ ؟

مۇھىيد ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، باشقا ياققا قارىۋالدى .

— راستىمنى ئېيتسام ، مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم . ئۇ گەپلەرنى ئەتەي ئاڭلىمىدىم . ئەگەر ئۇ گەپلەرگە قىزىقسام بارلىق ساۋاقداشلار سىزنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ قالامدىكىن دەپ ئويلاپ ، ياخشىسى ، مەن ھېچنېمىنى بىلمىگەن ، دۆلەتتە نېمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن بولاي دېدىم .. دەرسلىرىمنى ئاران تەستە تۈگەتتىم . ئەمما ، قۇلىقىمغا ھېچ نەرسە كىرمىدى ، دەرستىن قالمايدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىمنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈنلا دەرسكە كىردىم . ماڭا ئەگەر دەرسكە كىرمىسەم ، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئۆيگە مېنى كۆرگىلى كېلىدىغاندەك تۇيۇلدى .

ئىبراھىم مۇھىيدقا ھېسداشلىق بىلەن قاراپ تۇردى ، ئاندىن ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشنى سوراۋاتقاندەك :

— ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشى توغرىسىدا ئۇلار نېمە دېيىشتى ؟ — دەپ سورىدى .

مۇھىيدقا ئىبراھىم ساۋاقداشلىرىنىڭ پىكرىنى ئەمەس ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى سوراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، بىرھازا جىمىپ كەتتى .

— ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنىلا ئاڭلىدىم ، دەرس ۋاقتىدا ئارقامدا ئولتۇرىدىغان بىر ساۋاقداش يېنىدىكى ساۋاقدىشىغا : «داداڭ ئىبراھىمنى تېپىپ خەۋەر يەتكۈزۈپ بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ ئىنئامنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا كوچا ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەندۇ ؟ ...» دېدى .

ئىبراھىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . كۈلگەندىمۇ چىن كۆڭلىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى . بۇنىڭ بىلەن مۇھىيدتىكى

ھودۇقۇش يوقالدى. مۇھىيد گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر ئاغىنەم مەندىن: «ئەگەر ئىبراھىم بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا، قانۇن نۇقتىئىنەزىرىدىن ئالغاندا ئۇنىڭغىمۇ بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ بېرىش كېرەكمۇ، يوق؟» دەپ سورىدى.

مۇھىيد بۇ گەپنى شۇ ئاغىنىسىنىڭ قانۇنشۇناسلارچە تەلەپپۇزىنى دوراپ سۆزلىدى. ئىبراھىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەگەر ماڭا بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ بېرىدىغانلا بولسا، بېرىپ ئۆزۈمنى ئاشكارىلايتتىم.

مۇھىيدمۇ كۈلۈپ ۋە قىزغىن ھالدا:

— ماڭا ئۇن مىڭ فوند ستېرلىڭ بەرگەندىمۇ، ئەزبىرايى خۇدا، ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى.

ئىبراھىم دوستىدىكى ئالاقزادىلىكنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قورۇنۇشنى يوقاتقاندى.

ئىككىيلەن بىردەم جىم بولۇپ قېلىشتى، ئاندىن ئىبراھىم خۇددى خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋاتقاندەك:

— سەن فەھمى ئابدۇل ئەزىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

مۇھىيد بۇ سوئالنىڭ مۇھىملىقىنى سەزمەستىن:

— كۆرمىدىم. ئۇ ئادىتى بويىچە ئاشخانىغا قورساق تويغۇزغىلى كەتكەن بولسا كېرەك. مەن ئەزەلدىن ئۇ يەرگە بارمايمەن، — دېدى.

ئىبراھىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن سورىدى:

— سېنىڭچە، ئۇ قانداقراق؟

— مەن ئۇنى تازا ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇنىڭ غەلىتە قىياپىتىنى كۆرسەم، بىر قىسما بولۇپ كېتىمەن. چۈنكى، كىيىنىشلىرى غەلىتە، ۋالاقتەككۇر. دەرس تاشلىغان چاغلاردا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ.

ئىبراھىم قوشۇمىسىنى تۈردى، ئەمما بۇنى مۇھىيدقا چاندۇرماستىن ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك:

— ئۇ ياخشى يىگىت، نۇرغۇن قېتىم ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان، — دېدى.

مۇھىيد بىردىنلا ئىبراھىمنىڭ قەستەن فەھمى ئابدۇل ئەزىز توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى ـ دە، ھەيران بولۇپ سورىدى:

— سىز ئۇنى تونۇمسىز؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى يېقىن.

— دېمەكچىمەنكى، ئۇ ... ئۇ سىز بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلغانمۇ؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

ئىبراھىم ئۆز مۇددىئاسىنى مۇھىيدقا بىر يولى بىلدۈرۈش ئۈچۈن:

— ئۇ مېنىڭ تۈرمىدىن چىقىدىغانلىقىمنى بىلىدىغانلاردىن بىرى، — دېدى.

بۇ گەپتىن ھەيران قالغان مۇھىيدنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ۋە كۆزەينىكىنى بېسىپ قويۇپ سورىدى:

— ئۇ سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزنى بىلەمدۇ؟

— بىلمەيدۇ، بىراق مەن چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشىم كېرەك، — دېدى ئىبراھىم خاتىرجەم ھالدا.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئالاقىلىشىسىز؟ — سورىدى مۇھىيد دەرھال.

ئىبراھىم مۇھىيدقا قارىدى، ئەمما كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى دەرھال يەرگە تىكتى ۋە ئىمكانقەدەر ئاۋازىنى تەبىئىي چىقىرىشقا تىرىشىپ:

— مەن ھازىر شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

مۇھىيد گەپ قىلمىدى، ئىككىيلەن تەڭلا ئويغا پاتتى. كېيىن مۇھىيد بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سىز فەھمىگە ئىشىنەمسىز؟ — دېدى.

— ئۇنىڭغا ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن، — دېدى

ئىبراھىم ئىشەنچ بىلەن .

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى . ئىبراھىم مۇھىيدىنى ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلسۇن دەپ گەپ قىلمىدى ، ئەمما ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قويدى .

بىرئازدىن كېيىن مۇھىيد ئويلىنىشتىن زېرىككەندەك :

— قارىغاندا ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىشتىن ئۆزگە ئامال يوق ئوخشايدۇ ، — دېدى .

ئىبراھىم غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەندەك كۈلۈمسىرىدى ، ئۇ مەقسىتىگە يەتكەنىدى . باشقىلارغا تەلەپ قويماستىن ، ئۆز قارارىنى تاڭماستىن ، ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئويلىنىپ ئۆزلىرى قارار چىقىرىدىغان ، ئۆزلىرى تەلەپ قىلىدىغان قىلىش ئىبراھىمنىڭ ئادىتى ئىدى . شۇڭا ، ئاخىر بېرىپ قارار چىقارغانمۇ ، تەلەپ قويغانمۇ ئۇلار ئۆزلىرى بولاتتى .

ئىبراھىم گويا مۇھىيدىنىڭ سۆزى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك بىردەم جىم تۇرۇپ :

-- مېنىڭچە ، بىردىنبىر ئامال مۇشۇدەك قىلىدۇ ، — دېدى .

مۇھىيد ئىككىلىنىپ قالدى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئۆز پىكرىنى رەت قىلىشىنى كۈتكەنىدى ، شۇڭا ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە :

— مەن ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن ؟ — دېدى .

ئىبراھىم بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى ، ئەمەلىيەتتە بولسا مۇھىيدىنىڭ نادانلىقىغا ئېچىندى .

-- سەن ئۇنىڭغا ، ئامانەت بىزنىڭكىدە دېگىن ياكى بولمىسا مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلدۈرىدىغان بىرەر ئېغىز گەپنى قىلساڭمۇ بولىدۇ ، لېكىن مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارمىغىن ، — دېدى ئۇ .

— مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغاچقا ،ئىككىمىزنىڭ سۆزلەشكىنىمىزنى ھېچكىم كۆرمىگەن . ھازىر سۆزلەشكىنىمنى كۆرسە خەقلەر گۇمانلىنىشى مۇمكىن ، — دېدى مۇھىيد سەل جىددىيلىشىپ .

— سەن ئۇنىڭغا گەپ قىلمساڭمۇ بولىدۇ، يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئۇنىڭغا خاتىرىنى بەرسەڭلا بولىدى. بىراق، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سەن ئۇنىڭغا گەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، سەندىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ، — دېدى ئىبراھىم يەنىلا تەمكىن قىياپەتتە.

مۇھىيد ئىبراھىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مەن قەھرىمانلىقتا مۇناسىپ ئادەم ئەمەس ئىكەنمەن، دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇنداقتىمۇ سورىدى:

— يەنىچۇ؟

— باشقا گەپ يوق. قالغىنىنى ئۇنىڭغا قويۇپ بەر. ئۇ ھەممىنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — دېدى ئىبراھىم.

مۇھىيد گويا ئەتىكى ئىشنى، مەكتەپنى، ساۋاقداشلىرىنى، فەھمى ئابدۇل ئەزىزنى ئويلاۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى.

— مۇھىيد، سېنى ئاۋارە قىلغىنىمغا ناھايىتى خىجىلمەن. ساڭا قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئىبراھىم كۈلۈپ.

— خىجىل بولماڭ، — مۇھىيد قىسقىلا جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇستەل يېنىغا كېلىپ دەرس تەييارلاشقا كىرىشتى.

— قاچان ئىمتىھان ئالىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم.

— يېرىم ئايدىن كېيىن، — مۇھىيد كۆزىنى كىتابتىن ئۈزمەي جاۋاب بەردى.

— بىرەر پارچە گېزىت ئالغاچ كەلسەڭمۇ بوپتىكەن، — دېدى ئىبراھىم.

— گېزىتنى بۇرۇندىن دادام ئىشتىن چۈشكەندە ئەكېلىدۇ، — مۇھىيد يەنىلا بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرمىدى.

ئىككىيلەن جىم بولدى. ئىبراھىم ئوقۇماقچى بولۇپ بىر كىتابنى قولىغا ئالدى. مۇھىيد بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ دۇدۇقلىغان ھالدا پىچىرلاپ:

— لېكىن، بەزىلەر فەھمى ئابدۇل ئەزىزنى ھۆكۈمەتنىڭ

ئىشپىيونى دېيىشىدۇغۇ ، — دېدى .
ئىبراھىم كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن :
— شۇنداقمۇ ، شۇنىڭغا ئىشىنەمسەن ؟ — دېدى .
— ئۇلار يەنە ، ھۆكۈمەت ئۇنى قولغا ئېلىنغان باشقا ئادەملەرنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىنى بىلىش ئۈچۈن قولغا ئالغان دېيىشىدۇغۇ ، — دېدى مۇھىيد ئىبراھىمنى ئۆز سۆزىگە ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك .
ئىبراھىم بۇنىڭغىمۇ ھەيران بولمىدى .
— توۋا ! سەن ئۇنداق ئويلىمىغىن ، ئۇ دۇرۇس بالا جۇمۇ .
ئىبراھىم دېگەن گېپىگە مۇھىيدنىڭ باشقىچە سەۋەب كۆرسىتىدىغاندەك تۇرغىنىنى پەملەپ كۇلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەندەك :
— مەن فەھمىگە ئىشەنمىسەم ، ئۆزۈمگە ، ساڭا ئىشەنمىگەن بولىمەن ، — دېدى .
دوستىنىڭ بۇ گېپى بىلەن كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن مۇھىيد كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى .
ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى .
ئىبراھىم دەرھال جىددىيلەشتى . ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . بۇ ئىش ئۇنى ھاردۇرماقتا ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى بوشاشتۇرماقتا ئىدى .
— بۇ چوقۇم دادام ، — دېدى مۇھىيد .
دېگەندەك بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .
— كەچۈرۈڭ ، مەن ھېلىلا كىرىمەن ، — دېدى مۇھىيد ۋە چىقىپ كەتتى .
ئىبراھىم تاقەتسىزلىك بىلەن بوۋاينىڭ ئۆزىنى چاقىرىشىنى ياكى بۇ ئۆيگە كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى . ئۇ بىرەر خەۋەر ئاڭلاشقا شۇنچىلىك تەشنا ئىدى ، شۇنداقلا بوۋاينىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكى ، ئۆزىگە قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقى ، رادىئودىن

ئۇقۇتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئېلىپ قالىدىغان ـ قالمايدىغان بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتاتتى. بۇلارنى بىلسە، ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشەتتى.

مۇھىيىد بىر پارچە «ئەلئىبھرام گېزىتى»نى كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ئىبراھىمغا بېرىۋېتىپ:

— دادام سىزگە سالام ئېيتتى، — دېدى.

— رەھمەت، ئۇ قانداقراق؟ — دېدى شۇئان ئىبراھىم.

— ھېچنېمە دېمىدى، رامزاندا ئۇ ئىشتىن كېلىدۇ ـ دە، ھېرىپ كەتكەندەك دەرھاللا يېتىۋالىدۇ.

ئىبراھىم لاسسىدە بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، بوۋاينىڭ ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئۇ گېزىتنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلغان تېمىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بۇنداق داۋراڭ كۆتۈرۈشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار دېگەندەك، مەسخىرىلىك تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئەمەس، مۇخبىرنىڭ زىيارەت خاتىرىسىنى ئوقۇدى.

خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ قاچقاندا ئولتۇرغان ئىككى كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىمۇ پاش قىلىنمىغان، ھەتتا ئۇنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دوختۇرنىڭمۇ ئىسمى يېزىلمىغانىدى. بىردىنلا ئىبراھىمنىڭ كۆزى «ئىبراھىمغا قارىغان ساقچىلار ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ» دېگەن تېمىغا چۈشۈپ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. بۇ خەۋەردە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر كومىتېت تەشكىللەپ ئىبراھىمغا قاراشقا مەسئۇل بولغان ساقچى ئەمەلدارى ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى يېزىلغانىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ساقچى ئەمەلدارىدا نېمە گۇناھ بولسۇن؟ ئۇنىڭ گۇناھى ئىبراھىمغا ئىشەنگەنلىكى ئەمەسمۇ، ئىبراھىم ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە خائىنلىق قىلدى. ئۇنى ئالدىدى. ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى، بىر گۇناھسىز

مىسىر يىگىتىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلدى .
ئىبراھىم ئۆزىنى كاچاتلىغۇدەك بولۇپ كەتتى ، ئىختىيارسىز ئىچىدە نالە قىلدى . ئۇ نېمىدېگەن شەخسىيەتچى ـ ھە ! ئۇ گۇناھكار ! ئۇ ئۆزىگە يېقىنلاشقان ۋە ئىشەنگەن بارلىق ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلدى . ئۇ ساقچى يىگىت ۋەتەن خائىنى ئەمەس . ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غالچىسىمۇ ئەمەس تۇرسا ، ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ ، ھەتتا بۇ يىگىتنى ئۇنتۇپمۇ قالغانىدىغۇ !
ئىبراھىم ئىنتايىن ئازابلاندى ، ئەلەم ئوتىدا پۇچۇلاندى ، ئۆزىگە تەسەللى بەرمەك بولۇپ : «مەن ئۆلۈمدىن قاچتىم ، ئۇنى جىق بولسا خىزمىتىدىن يۆتكىۋېتەر ياكى بولمىسا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتەر » دېدى ، ئەمما بۇ گەپلەر ئۇنى تىنچلاندۇرمىدى . كاللىسىغا بىر گۇناھسىز ياشنىڭ ئىشەنچىسىگە تۇزكورلۇق قىلدىم ، دېگەن خىيال كىرىۋالدى ۋە ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ خىيالنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى .
ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن مۇھىيدقا :
— ماڭا بىر ۋاراق قەغەز ، قەلەم بەر ! — دېدى .
مۇھىيد ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە دەپتىرىدىن بىر ۋاراق قەغەز يىرتىپ بەردى ، ئاندىن قەلەمنى ئۇزاتتى .
ئىبراھىم ئولتۇرۇپ خەت يېزىشقا باشلىدى :
«قەدىرلىك لېيتېنانت جەمىل ئىززەت»
ئۇ يېزىشتىن توختاپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ ساقچى ئەمەلدارىغا كەچۈرۈم سوراپ خەت يېزىپ ، ئۆزىنىڭ نېمىشقا كەتكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە نېمىشقا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى ، قىسقىسى ، ئۆزىنى ئاقلىماقچىدى . ئۇ خېتىنى داۋاملاشتۇردى .
«ياخشىمۇ سىز ! سىزگە خەت يېزىپ ، قىلغانلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ ... »
ئۇ يەنە توختىدى . بەلكى ساقچى ئەمەلدارىغا خەت يازسا

بولماس. بۇ خەت ئۆز پىلانىنى بۇزۇۋېتەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۇ ساقچى ئەمەلدارى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، ئەگەر بۇ خەت ئەۋەتىلسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ پايدىسىز بولۇشى مۇمكىن. ئىبراھىم قەلەمنى تاشلاپ بېشىنى چاڭگاللىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھى تۈپەيلى ئازابلىنىۋاتقان ساقچى ئەمەلدارىدىن بەتتەر ئازاب چېكىۋاتاتتى.

— ئىبراھىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى مۇھىيد بىئارامىلىق بىلەن.

ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈردى، كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ:

— ھېچ ئىش بولمىدى! — دېدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقاچقا، ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ باشلاپ قويغان خەتنى يىرتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالدى.

## 4

ئىپتارغا يېرىم سائەتچە قالغاندا ناۋال ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ قويىدى ھەمدە يات ئادەم يوقتەكلا ئۆيگە كىرىپ:

— دادام ئىككىڭلارنى مېھمانخانا ئۆيگە چىقسۇن دەيدۇ، — دېدى.

مۇھىيد گويا كىتاب ئوقۇشتىن زېرىكىپ ئاران تۇرغاندەك دەررۇ كىتابىنى ياپتى.

ئىبراھىم قەددىنى رۇسلاپ، قولىدىكى گېزىتنى قويىدى ۋە چاندۇرماستىن ناۋالغا لەپپىدە قاراپ قويىدى.

قىزىق، ئۇ ئەزەلدىن مەن قىزلارغا ئۆچ دەپ يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايۋاتاتتى. ئۇ ھازىر ناۋالغا ئۆچ بولماقتا يوق، قارىماي تۇرالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھەر بىر ئاڭلىسا

ياكى ئۇ يېنىغا كەلگىنىنى سەزسە ، كۆڭلى يايراپ ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى . بۇ ئەركىن ئىنساندا ، ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ، تۈرمىدە ياتمىغان ، تۈرمىدىن قاچقانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش چىقارمىغان ئادەمدە بولىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە ئارامبەخش تۇيغۇ ئىدى . ئۇنىڭدا ئۆز ئۆيىدىكى چاغدا بۇنداق تۇيغۇ بولغان . بۇ چاغدا ئىبراھىم ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ ئۆيدە سائەتلەپ جىم ئولتۇراتتى . ئەتراپ جىمجىت بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا يالغۇزلۇق بىلىنمەيتتى . چۈنكى ، ئاپىسى ياندىكى ئۆيدە بولاتتى . ناۋال ئىبراھىمغا ئاپىسىنى ئەسلىتەتتى … ياق ، ئۇنىڭغا تىنچلىق ، ئارامبەخشلىكنى ئەسلىتەتتى . ئېنىقراق ئېيتقاندا ، ئۇ ئەركىنلىككە تەشنا ئىدى . تۈرمۈشتىن رىشتىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى . بەزىبىر يېڭى ، ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان سەۋەبلەر تۇپەيلى تۇرمۇش ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىممەتلىك ، بۇرۇنقىدىن بەكرەك قەدىرلىك تۇيۇلاتتى . بۇنىڭغا بەلكى ئۇنىڭ مۇشۇ ئائىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ، بۇ ئائىلىدىكى گۈزەللىك ، مېھرىبانلىق ۋە بۇ ئائىلىدە ئۆتكۈزگەن ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشى سەۋەب بولۇۋاتقاندۇ . بۇ يەردە ئۇنىڭغا مىسىردا ئەنگلىيىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى يوقتەك ، ئىنقىلاب ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يوقتەك ، پۈتۈن مىسىر مۇشۇ ئائىلىدە مېھرىبانلىق ، سەمىمىيلىك ، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە تولغاندەك بىلىنەتتى .

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرگۈچە ، يوقىرىقى خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

مۇھىيد ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىۋېتىپ :

ـ مەرھەمەت ، ئىبراھىم ئەپەندى ، — دېدى .

ئىبراھىم «ئەپەندى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدى . مۇھىيد بىردەمنىڭ ئىچىدە يەنە تەكەللۇپ قىلىشقا باشلىغانىدى .

ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ناۋال :

— مۇھىيد ، سەن ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلسەڭلا ، ھەممە نەرسىنى قالايمىقان قىلىۋېتىسەن ، — دېدى .

— سىنى ئىش تاپالماي قالمسۇن دەيمەن. ئەگەر يىغىشتۇرغۇدەك نەرسىمۇ بولمىسا، سەن بىكار قالامسەن؟ — دېدى مۇھىيد ناۋالغا قارىماي.

ناۋال ئىبراھىم ئورۇندۇققا تاشلاپ قويغان گېزىتنى ئالدى. ئۈستەلدىكى كىتاب - دەپتەر ۋە قەغەزلەرنى رەتلىدى. ئۇ بىلمەستىن ئىبراھىم ئۆزىگە قارىغان ساقچى ئەمەلدارىغا يازماقچى بولۇپ، ئىسمىنى يېزىپلا توختاپ قالغان ۋە يىرتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان قەغەزنى ئاكىسىنىڭ قەغەزلىرى بىلەن قوشۇپ كىتاب ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدى.

مۇھىيد بىلەن ئىبراھىم مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. مۇھىيد ئېگىلىپ دادىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى. بوۋاي تۆرك پاسونىدىكى دىۋاندا ئولتۇراتتى، ئۇ سەل ئېگىلىپ ئىبراھىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئىككىيلەن بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇشتى. مۇھىيد كەڭ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋىدى، يېنىدا بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك جاي قالدى. ئىبراھىم توقۇلما ئورۇندۇقتا گەپ - سۆز قىلماي، سىپايە، ئەمما ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇردى. ئۇ بوۋاينىڭ ئالدىدا ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قۇلىقى يۇمشاق مۆمىن بالا بولۇشى ياكى ئۆز ئالدىغا مۇلاھىزە قىلالايدىغان، ھەرخىل پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ھەمدە بوۋاينىمۇ بۇ پىلانلارغا ئىشتىراك قىلىشقا جەلپ قىلالايدىغان يېتىلگەن ئەر بولۇشى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلىشى ياكى بوۋايغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن لايىقىدىراق بولۇشى لازىملىقىنى ئۇقالمايۋاتاتتى.

ئىبراھىم بوۋايغا لەپپىدە قارىدى. بوۋاينىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، غەمگە پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى. تېخىمۇ ئورۇقلىغان، چىرايى تۇنۇگۈنكىدىن بەك سارغىيىپ كەتكەن، پۈتۈنلەي باشقا بىر قىياپەتكە كىرىپ قالغاندى.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. كېيىن بوۋاي

ئەندىشىسىنى ئازراق بولسىمۇ ئازايتماقچى بولغاندەك، تامىقىنى قىرىپ تەكەللۇپ تەلەپپۇزىدا سۆز ئاچتى:

— بالام، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ ئاخشام يامان ئەمەس ئۇخلىغانسىز؟

— ئىنشائاللا، ياخشى، تاغا! — جاۋاب بەردى ئىبراھىم. ئارقىدىنلا قاتمال كەيپىياتنى ياخشىلىماقچى بولغاندەك قوشۇپ قويدى، — راستىنى ئېيتسام، ئاخشام بەك قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

بوۋاي سۆز قىلمىدى ياكى كۈلمىدى. ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. مۇھىيد بىلەن ئىبراھىم بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى. بىرئازدىن كېيىن بوۋاي ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك:

— ئەتىگەن، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا دادىڭىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈم كەلدى ... ئۇ ناھايىتى خىيالچان كۆرۈندۇ، — دېدى.

ئىبراھىم ئۆيدىكى جىددىيلىك كەيپىياتنى يوقىتىش ئۈچۈن:

— دادام مېنىڭ ئىشلىرىم ئۈچۈن باش قاتۇرمىسا بولاتتى، — دېدى.

بوۋاي ئۇنىڭغا خاپا بولغاندەك قاراپ قويۇپ، ئاچچىقى بىلەن:

— دادا دېگەن دادا، ئۇ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوغلىنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىشىنى ياكى ئىستىقبالىنى يوقىتىپ قويۇشىنى خالىمايدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم ئۈندىمىدى، يەرگە قارىغىنىچە تۈكۈرۈكىنى يۇتتى. بوۋايدا ئاچچىق بىلەن تەڭ غەيرەت پەيدا بولغاندەك بولدى. شۇڭا، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— بۈگۈن دوستىڭىز بىلەن ئالاقىلىشەلىدىڭىزمۇ؟

ئىبراھىم سەن گەپكە ئارىلاشماي تۇرغىن، دېگەندەك مۇھىيدقا لەپپىدە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ئەتە ئالاقىلىشەي دېدىم. ئارىدا بىر كۈن ئۆتۈپ كەتسە،

ساقچىلارمۇ ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەس.

بوۋاي ئىبراھىمنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ گەپ قىلمىدى، ئەمما بىرئازدىن كېيىن سورىدى:

— سىز ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئالاقىلەشمەكچى؟

ئىبراھىم قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ مۇھىيدقا گويا ئىككىمىز مەسلىھەتلەشكەن پىلانغا داداڭ قوشۇلارمۇ دېگەن مەنىدە؛ يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. مۇھىيد تۇگۇلۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

ئىبراھىم گاڭگىراپ قالدى. بۇرۇن ئۆزىگە ئوخشاش ياش ئىنقىلابچىلار سوئال سورىغاندا، ئۇ ھېچقاچان ئوسال ئەھۋالدا قالمىغانىدى. چوڭلار بىلەن سوئال ـ جاۋابلىشىپ ئادەتلەنمىگەچكە خىيالغا چۆكتى: «مەن پىلانىمنى ھېچقاچان دادامغا دەپ باقمىغان. ئەمدى بۇ دادامغا ئېيتسام بولارمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ئوغلىڭىز دوستۇم بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ۋاستىچى بولىدۇ، بىزنىڭ پىلانىمىزغا ئىشتىراك قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرگە ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، دېسەم بولارمۇ؟ بۇنى بوۋاي قوبۇل قىلارمۇ؟ ئۇ ئوغلىنىڭ ھالاكەتكە قاراپ مېڭىشىغا گەپ قىلماي تۇرارمۇ؟ بوۋاي ۋەتەنپەرۋەر، بولمىسا، مېنى ئۆيىدە تۇرغۇزامتى. ئەمما، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، چىدامىلىقلىقى قانچىلىكتۇ؟ ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى پاسسىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ پاسسىپلىقىنى قاتتىق قوغدايدۇ. مۇستاپا ئەھمەت زاھىر ئەپەندى ئۆز پاسسىپلىقىنى قوغدايدۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ مېنىڭ ئىشلىرىمدا ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلگەن ھامان سەكرەپ كېتىدۇ، ئاچچىقلايدۇ، ھەتتا مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشى تۇرغان گەپ. ئۇ ئۆز بىخەتەرلىكىنى دەپ يۈزسىزلىك قىلىشى، ھۆكۈمەت تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان مەندەك خەتەرلىك مېھماننى قوغلىشى مۇمكىن ... ياق! ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئېيتماسلىقىم كېرەك. خۇددى پىلانلىرىمنى دادام بىلمەي قالغىنىغا ئوخشاش، بۇ بوۋايمۇ ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرغىنى ياخشى.

ئىبراھىم گويا مۇھىيدنى گەپ قىلالماس، دادىسىغا ھېچنېمىنى ئېيتالماس قىلىپ قويماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى، ئەمما يەنە «مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا راست گېپىمنى ئېيتمايمەن؟ بوۋاي مۇشۇ ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولغاندىكىن ئۇنىڭغا ئىشىنىشىم كېرەك. بۇ ياۋاش ئادەملەرگە نېمىشقا ئىشەنمەيمەن؟ بەلكى ئۇ تەجرىبىسى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە ئاسانلىقچە بىلىندۈرمەيدىغان قىزغىنلىقى بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىشىم ئۈچۈن ياخشى چارە تېپىپ ياردەم قىلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي مۇناسىۋەت قىلىشىم، راستچىل بولۇشۇم كېرەك» دېگەنلەر كاللىسىغا يالتىندە كەچتى.

ئىبراھىم شۇ خىياللار بىلەن ئىككىلىنىپ خېلىغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. بىردىن بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بولدى، سىز بۇنىڭ ماڭا ۋە ئائىلەمگە تەسىر قىلىدىغان تەرىپىنىلا ئېيتىپ بەرسىڭىز بولدى.

ئىبراھىم سەل دۇدۇقلاپ:

— راستىنى ئېيتسام، مەن ... مەن تېخى ئۇلار بىلەن قانداق ئالاقىلىشىش توغرىسىدا بىر يەرگە كەلمىدىم ... بىراق، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە ھەممە ئىش ئوڭدىن كېلىپ قالار.

بوۋاي ئۇنىڭغا سەمىمىي نەسىھەت قىلدى:

— ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇش چىقارغاچقا، سىزنىڭ ئىشىڭىز قىيىنغا چۈشىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. ھازىر يامان ئادەملەر كۆپ. بەش مىڭ فوندستېرلىڭ دېگەن ئاز پۇل ئەمەس، شۇڭا سىز تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىڭ.

— خۇدايىم ساقلار. خاتىرجەم بولۇڭ تاغا! ئەتە ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ! — دېدى ئىبراھىم ياۋاشلىق بىلەن.

بوۋاي «ھەي، ماۋۇ بالىنىڭ ھېچنېمىنى ئويلاشمايلا خاتىرجەم بولۇڭ دەۋاتقىنىنى قارىمامدىغان» دېگەندەك تەئەججۇپ ئارىلاش ئەيىبلەش نەزىرىدە ئىبراھىمغا قارىدى.

خاتىرجەم بولۇڭ دەۋاتامسىز ؟ بۇ گەپنى ئېيتماق نېمىدېگەن ئاسان ـ ھە ! ياش باللار ھازىر بوۋاينىڭ خاتىرجەملىككە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىمۇ ؟ ئۇلار بۇنى چۈشىنىپ يېتەلەمتى ؟ ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى يوق ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدەممۇ قەدەم مېڭىپ كەلگەن ئۇزۇن ئۆتمۈشى يوق . ئۇلار قىرىلارغا ئوخشاش مىنۇت ـ سېكۇنتلار بىلەن ھېسابلاشمايدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىمغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرەي ، ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسامۇ خاتىرجەم كۆزۈم يۇمۇلسۇن ، دەيدىغان قىسقىغىنا ئۆمرى قالغان ئەمەس .

بوۋاي ئولتۇرغان يېرىدە قەددىنى رۇسلاپ ، رادىئودا قىرائەت قىلىنۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرىلىرىگە قۇلاق سالدى .

ئۆي جىمجىت بولۇپ ، قىرائەت ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئىبراھىم بىلەن مۇھىيد بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى . بوۋاي يۆتىلىپ قويدى .

تۇيۇقسىزدىن بوۋاي ئىبراھىمغا قارىدى ، خۇددى ئۇزۇندىن بۇيان ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەن ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك سۆزلەپ كەتتى :

— ئېيتىڭلارچۇ ، سىلەر زادى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر ؟ پۈتۈن دۆلەتتە سىلەرگە ياققۇدەك ، سىلەر ئەگەشكۈدەك بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن . سىلەر ناھاسنى① ، نەقراشنى②ياقتۇرمىساڭلار ، پادىشاھنىمۇ ياقتۇرمىساڭلار ، سىلەرگە زادى كىم كېرەك ؟ بۇ دۆلەتنى كىم باشقۇرسۇن دەيسىلەر ؟ سىز ماڭا ، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يارىمايدۇ ، دېمەكچى . بوپتۇ ، بۇنىڭغا مەنمۇ قوشۇلاي ، ئۇنداقتا ئورنىغا كىم بولىدۇ ؟ سىلەر بۇنداق قىلىۋەرسەڭلار ، پۈتۈن دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىۋېتىسىلەر . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ سىلەر سەل تىنچلىنىپ ، ئۆزۈڭلەرگە ياققۇدەك ئادەم تېپىلغۇچە ،

---

① ناھاس ـ ـ مۇستاپا ناھاس (1876 ـ ـ 1965) مىسىردىكى سىياسىي ئەرباب . 1919 ـ يىلى ھوقۇق تەلەپ قىلغۇچىلار پارتىيىسىنىڭ شۇجىسى بولغان . 1926 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە كۆپ قېتىم پارلامېنت تەشكىللىگەن . 1936 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن دۆلەتنى مۇنەقەرز قىلىدىغان «ئەنگلىيە ـ مىسىر يىگىرمە يىللىق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان .

② نەقراش — مۇھەممەت فەھمى نەقراش (1886 — 1948) مىسىردىكى ئاتاقلىق سىياسىي ئەرباب . ھوقۇق تەلەپ قىلغۇچىلار پارتىيىسىگە كىرگەن . ئەمما ناھاس بىلەن ئىختىلاپى بار . ئىككى قېتىم پارلامېنت تەشكىللىگەن . 1948 ـ يىلى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەن .

ئۆپكەڭلارنى بېسىپ تۇرالامسىلەر ؟

ئىبراھىم بوۋاينىڭ مۇنداق ئاچچىقلاپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ بۇرۇلۇپ بوۋاي بىلەن زادى قانداق سۆزلەشسەم بولىدۇ ، دېگەندەك مۇھىيدقا قارىدى . ئۇ ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا بوۋاي يەنە كۆزقارىشىنى شەرھلەپ كەتتى :

— 1919 - يىلىدىكى ئىنقىلاب ۋاقتىدا زۇغلۇل[1] دېگەن رەھبەر بار ئىدى . پۈتۈن مەملىكەت ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى ، ھەممەيلەن نېمە قىلىشنى بىلەتتى . زۇغلۇل سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەنىدى . ھازىرچۇ ، ئۇنىڭ ئورنىنى كىم باسالايدۇ ؟ كىم ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزەلەيدۇ ياكى ئۇلار بىلەن جەڭ قىلالايدۇ ؟

بوۋاي بۇ گەپلەر ساڭىمۇ تېگىشلىك دېگەندەك ئوغلىغىمۇ قاراپ قويدى . راستىنى ئېيتقاندا ، بوۋاي بۇ سۆزلەرنى مەقسەتلىك ھالدا ئوغلۇم دوستىنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتمىسۇن ، دەپ قىلىۋاتاتتى .

بوۋاي باشتىن - ئاياغ تەھدىت ئاھاڭىدا سۆزلىدى .

ئىبراھىم بوۋاي بىلەن گەپ تالىشىشنى خالىمىدى ، چۈنكى ئۇ بوۋايغا ، مەن ھېچكىمگە ئەگەشمەيۋاتىمەن ، بەلكى بىر پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈۋاتىمەن ، مەن مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ، بەلكى مىسىر ئۈچۈن ئەركىنلىك ، باراۋەرلىك ، پاراۋانلىق ئىزدەۋاتىمەن ، دەپلا جاۋاب بەرسە بولاتتى . ئەمما ، ئۇنداق دېمىدى... بۇنىڭغا بەلكى ئۇنىڭدىكى ھەرخىل پىكىرلەرنى ئاڭلىيالايدىغان ، ھەرگىز خاپا بولمايدىغان خاراكتېر سەۋەب بولغاندۇ ياكى بوۋايغا بولغان ھۆرمەت مۇنازىرىلىشىشكە يول قويمىغاندۇ ۋە ياكى ئەقلى ئۇنىڭغا ھازىرقى شارائىتتا ھەرقانداق سىياسىي مۇنازىرىلەرنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقنى ئەسكەرتكەندۇ .

ئىبراھىم گەپنى قەستەن باشقا ياققا بۇرىدى :

---

① زۇغلۇل — (1857 — 1927) مىسىردىكى ئاتاقلىق سىياسىي ئەرباب . 1924 - يىلى مىسىرنىڭ باش مىنىستىرى بولغان . ھوقۇق تەلەپ قىلغۇچىلار پارتىيىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى . ھايات ۋاقتىدا مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان .

— سىز 1919 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقانمىدىڭىز ؟
بوۋاي ئۇ گەپتىن غىتقىدە بولۇپ ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئويغا پاتقاندەك جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى . بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى .
— ئۇنىڭغا پۈتۈن مەملىكەت قاتناشقان . ئۇ چاغدا مەن ئون بەش ياش ئىدىم . زۇغلۇلنىڭ سۆزلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىمىغان ، نامايىشلارغىمۇ قاتناشمىغانىدىم . بىراق ، ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنى يادقا سۆزلەپ بېرەلەيتتىم . رەھمەتلىك دادام دائىم ماڭا زۇغلۇلنىڭ نۇتۇقلىرىنى يادلاتقۇزۇپ ئاڭلايتتى .
ئىبراھىم خەيرخاھلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى . ئۇ ئون بەش ياشلىق بالىنىڭ پۈتۈن نىيىتى بىلەن زۇغلۇلغا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ، تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى .
— ئۇ ئىنقىلابقا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە بىرلىكتە كۆچ چىقارغانىدى ، — دېدى بوۋاي يەنە .
ئۆيگە مۇھىيدىنىڭ ئاپىسى كىرىپ كەلدى .
ئۇنىڭ چىرايىدىكى سەممىي تەبەسسۇم ھاياتلىق ۋە تىنچلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەندەك ، ئۈچ ئەر كىشى بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى . بوۋاي كۈلۈمسىرىدى . مۇھىيد خۇددى ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ئاپىسىغا تاپشۇرىدىغاندەك كۆزىنەك ئاستىدىن غەمكىن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى ئاپىسىنىڭ قوغداپ ئاسرىشىغا تەشنا بولۇپ ، قانىتى ئاستىغا كىرىۋالماقچى بولغان قۇش بالىسىغىلا ئوخشاتتى . ئىبراھىم خۇددى ئۆز ئېتىقادىنى ، ئەزەلدىن گۇمانلانمىغان ، ئۆزىگە ھايات بەخش ئەتكەن ئېتىقادىنى كۆرگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . بۇ ئېتىقاد ئۇنىڭ ئانىسىغا بولغان ئېتىقادى ئىدى .
ئانا زادىلا تىنىم تاپمايدۇ ، ئۇنداق بولمىسا ھايات توختاپ قالغاندەك بولىدۇ .
— ھەي ، ئېپتارغا زەمبىرەك ئاتىدىغانغا قانچىلىك ۋاقىت قالدى ؟ — دېدى موماي ئالدىراپ ، ئاندىن ئىبراھىمغا قارىدى ۋە

ئۇنىڭ مۇرىسىنى قىقىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى .
— بالام ، ئولتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇڭ بالام ! خۇدايىم سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ! — دېدى . مۇھىيد ئاپىسىنىڭ جاۋاب كۈتمەيۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ ، سائەتكە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى :
— بەش مىنۇت قاپتۇ .
ئاپىسى مۇھىيدنى جاۋاب بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلىگەندەك :
— شۇنداقمۇ ، ئەمىسە داداڭنىڭ جايىنامىزىنى سېلىپ قوي ، ھەممىڭلار ئاز - تولا ئىش قىلىڭلار ! بۈگۈن ئىككى قىزىم ئىش قىلىپ بەك ھېرىپ كەتتى ، — دېدى ، ئاندىن بوۋايغا قاراپ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتمەي قوشۇپ قويدى ، — ئۇقۇپ قويسىلا دادىسى ! سەنىيە قايتىپ كەلگەندە ئىش ھەققىنى بىر رىيال ئۆستۈرىمەن . ئەمدى بىلىندىكى ، ئۇ پۈتۈن ئۆينىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانىكەن .
خۇددى سەنىيە كەلسە ، ئائىلىدىكى غەم - قايغۇ بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك بوۋايمۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ :
— شۇنداق بولسۇن ! — دېدى .
مۇھىيد ئورۇندۇقنىڭ يان يۆلەنچۈكىگە دەسسەپ ئىشكاپ ئۈستىدىن جايىنامازنى ئالدى .
ئىبراھىم سەل مىدىرلاپ قويۇپ كۈلۈپ سورىدى :
— مەن نېمە ئىش قىلاي ؟
— بالام ، ئۆزىڭىزنىڭ دەردى يېتىپ ئاشىدۇ . ھەممىمىز سىزگە يار - يۆلەك بولساق بولىدۇ ، — دېدى موماي دەرھال .
ئۇنتۇپ كەتكەن ئىشى ئېسىگە كەلگەندەك ئىبراھىمنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقالدى . توغرا ، ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى ئەمەس . بۇ ئانا ئۆز ئانىسى ئەمەس . ئۇ مۇھىيدقا ئوخشاشمايدۇ ، ھەتتا ئۆز ئۆيىدىمۇ ئاپىسى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئۆي ئىشلىرىنى قىلدۇرمايتتى .
موماي سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك :

— مەن بېرىپ تاماقنى ئۇساي ، هازىرقى قىزلار ھېچ ئىشنى ئوڭلاپ قىلالمايدۇ ، — دېدى .

رادىئودىن بېرىلىۋاتقان قىرائەت تۈگىمەستىنلا ئىپتارغا زەمبىرەك ئېتىلدى .

— ئەمدى ئىپتار ۋاقتى بولدى ، — دېدى مۆھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ئەزان ئوقۇلسۇن ، — دېدى بوۋاي قىمىرلىماي .

مەزىننىڭ ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى . بوۋاي ئەزان تۈگىگۈچە ، ئولتۇرغان يېرىدىن قىمىرلىمىدى ، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىدىكى ئاق دوپپىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى . مۆھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبراھىمنى نوقۇپ قويدى ۋە :

— ئىبراھىم ، يۈرۈڭ ! — دېدى ۋە ئىبراھىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ، — دادامنىڭ سۆزلىرىگە خاپا بولماڭ .

— ھەرگىز ، — دېدى ئىبراھىم جاۋابەن .

ئىككىيلەن تاماق يەيدىغان ئۆيگە كېتىۋېتىپ كارىدوردا ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان سامىيە بىلەن ناۋالغا ئۇچرىدى . ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى تەخسىلەردە قورۇما بار ئىدى .

سامىيە سالاملاشقاندەك ئىبراھىمغا قاراپ كۈلۈپ قويدى . ناۋال ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولغاندەك پەس ئاۋاز بىلەن :

— ھېلى ماڭا توڭلىتىلغان چەيزە قورۇمىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ . ئۇنى مەن قىلدىم ، — دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىبراھىم خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلدى ـ دە ، كۈلۈپ قويدى .

ھەممەيلەن جوزىغا كەلدى . موماي بىر تەلەڭگە گاڭپەن ئەكىرىپ سامىيەگە بەردى ۋە :

— بالىلىرىم ، ھەممىڭلار ئولتۇرۇڭلار ، داداڭلار نامىزىنى ئوقۇپ بولسىلا تاماق يەيمىز ، — دېدى .

ئۇ مۆھىيدنىڭ چىلىغان سەيگە قول ئۇزاتقانلىقىنى كۆرۈپ

قىلىپ ئەيىبلەپ كەتتى :

— ئىپتاردا ئاۋۋال چىلىغان سەي يېمەيدۇ ، بالام ، ئاشقازىنىڭنى ئاسرا . «ھەدىس»تە ئېيتىلىشىچە ، ئىپتاردا ئاۋۋال بىر تال چىلان يېمەك بار ئىكەن .

— ئۇ دېگەن بۇرۇنقى زامان . ئۇ چاغلاردا چىلىغان سەي يوق - دە ، — دېدى مۇھىيد كۈلۈپ .

ئاق كۆڭۈل ئانا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سالدى ، قەيەرگە ئولتۇرۇشنى بىلمەي تۇرغان ئىبراھىمغا قاراپ :

— بالام ، مەيەرگە ئولتۇرۇڭ ! مۇھىيدنىڭ يېنىغا كېلىڭ . سىز بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز ، — دېدى .

— رەھمەت ، — دېدى ئىبراھىم ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ پەس ئاۋازدا .

موماي بىر پىيالە ئۆرۈك شەربىتى قۇيۇپ ئۇنىڭغا تۇتتى :

— بالام ، خۇدا تۇرۇپتۇ ، ئانىڭىزغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ . ياشانغاندا سىز يېنىدا بولمىسىڭىز ، ئۇنىڭ يېگىنى يېگەن بولمايدۇ دەڭا .

ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى قىسىلغاندەك ، قانلىرى تومۇرىدا ئۇيۇپ قالغاندەك بولدى . ئاق كۆڭۈل مومايىنىڭ ئۇنىڭغا قەستەن ئاپىسىنى ئەسلىتىپ سېغىنىش پىراقىنى كۆچەيتىش نىيىتى بولمىسىمۇ ، غەرەزسىز ھالدا ئىبراھىمنىڭ يۈرەك يارىسىغا تېگىپ ، ئۇنى ئازابقا قويدى . ئىبراھىم ئالدىدىكى چىنىنى تۇتۇپ ، كۆزلىرىنى تەخسىگە تىككىنچە ئولتۇرۇپ كەتتى .

بوۋاي كىردى ، ھېچكىمگە قارىماي جايىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە ، قوشۇقنى ئېلىپ شورپا قاچىسىغا سالدى ، ئاندىن :

— خۇدايىم ، سەن ئۈچۈن تۇتتۇم روزا ، سېنىڭ ئىلتىپاتىڭدا قىلدىم مەن ئىپتار ، — دەپ ئايەت ئوقۇدى .

ھەممەيلەن ئىپتارلىق قىلدى . بوۋاي گەپ قىلمىدى . موماي بىردەم ئۇنىڭغا ، بىردەم بۇنىڭغا قاراپ خۇددى ھايات - ماماتلىق

جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان باشلىقتەك ھېلىدىن ـ ھېلىغا ھەرخىل بۇيرۇقلارنى چۇشۇرۇپ تۇراتتى :

— مۇھىيد ، سەن بۇ تاماقنى كۆپ يەۋەتمەي تاتلىق ـ تۇرۇملارغىمۇ قورساق قويغىن !

— سامىيە ، گاڭپەننى ئىبراھىم ئەپەندىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قوي !

— دادىسى ، ئۆزلىرى نېمىدەپ تاماق يېمەيدىلا ؟ بىرى تەكلىپ قىلسۇن دەپ ئولتۇرامدىلايا ؟

— توڭلىتىلغان چەيزە قورۇمىسىنىڭ تەمى قانداق ئىكەن ؟ — دېدى ناۋال .

ئىبراھىم كۆڭلىدىكىنى ئېيتماقچى بولدىيۇ ، ئورۇنسىز گەپ قىلىپ سالارمەنمىكىن دەپ ئوڭايسىزلاندى ـ دە ، باشقىلارنىڭ بۇ توغرىسىدا بىرەر گەپ قىلىشىنى كۈتتى . ئەمما ، ناۋالنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى . ئىبراھىم ناۋالنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي ئولتۇرسام بولماس ، ناۋال قورۇمىلىرىنىڭ ماڭا ياققانلىقىنى بىلسۇن دەپ ئويلاپ ، قىزارغان ھالدا بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي :

— بەك ئوخشاپتۇ ، — دېدى .

ناۋال خۇشال بولۇپ ، دەرھال :

— بۇ قورۇمىنى مەن قورۇغان ، — دېدى .

سامىيە قايىل بولمىدى :

— راست گەپ قىل . سەن قورۇدۇڭمۇ ؟ پېدىگەننى ئاقلاپلا قويغانغا قورۇمىنىمۇ سەن قورۇغان بولامسەن ؟

— ھە ، ۋاي توۋا ! بۇ گەپچە مېنىڭ قىلغىنىم پېدىگەننى ئاقلاشلا بوپتۇ ـ دە ؟ — دېدى ناۋال ئۆزىنى ئاقلاپ ، ئاندىن ئاپىسىغا قارىدى ، — خۇدا ھەققى ، ئاپا ئېيتىڭا ، پېدىگەن قورۇمىسىنى مەن قورۇمىدىمما ؟ ھەممىنى مەن قىلدىم !

— شۇنداق ! سامىيە ، سەنمۇ تالاشما ! — دېدى ئاپىسى ئۇلارغا قارىماي .

ناۋال ئۆز غەلبىسىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ئىبراھىمغا قاراپ قويدى .

— مەن بۇ قورۇمىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى سۆزلىسەم قانداق ؟ — دېدى مۇھىيد ئۇنى مەسخىرە قىلىپ .

— بولدى ، بولدى ، گەپ قىلمەن دەپ قولۇڭنى چىشلىۋالما[①] يەنە ! — دېدى ناۋال شۇئان .

بوۋاي تاماق ئۈستىدە بولۇۋاتقان ئۇشۇقچە گەپ ـ سۆزلەردىن بىزار بولدى ، ئاخىر ، بەس دېگەندەك ، ھەممەيلەنگەن بىر قۇر قاراپ چىقتى . ھەممە دەررۇ جىم بولدى . ئۈستەلگە تاتلىق يېمەكلىك چىققاندا ئاندىن گەپ قىلدى .

ئىپتاردىن كېيىن ئەرلەر مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . مومای ئىككى قىزى بىلەن قاچا ـ قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا ئەكىردى .

مېھمانخانا ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . بوۋاي خۇددى يېگىنى سىڭمەيۋاتقاندەك ياكى كاللىسىدىكى خىياللار ھەزىم قىلىشنى بۇزۇپ قويغاندەك خاپا ھالدا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى . ئىبراھىم پەرىشان ئىدى . ئۇ بوۋايدىن ، بوۋاينىڭ ئالدىدا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتتىن ، تەكەللۇپتىن قېچىپ باشقا ئۆيگە يالغۇز كىرىۋالغۇسى كېلەتتى . مۇھىيدمۇ جىم ئولتۇراتتى ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بەزىدە ئورۇندۇقىنى چېكىپ قوياتتى ، بەزىدە كۆزەينەكنى بېسىپ قوياتتى ، بەزىدە ئاپىسى بىلەن ئىككى سىڭلىسىنى تېزرەك كەلسىكەن ، دېگەندەك ئىشىككە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى .

پەتنۇستا چەينەك بىلەن چىنە كۆتۈرۈپ سامىيە كىردى ، پەتنۇسنى دادىسىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويدى ، ئاندىن مۇھىيدقا قاراپ ھەممەيلەنگەن ئاڭلىتىپ :

— ئەمدى بىرى مېنى يەنە ئىشقا بۇيرۇيدىغان بولسا ، ئۆزۈمنى دېرىزىدىن تاشلىۋېتىمەن جۇمۇ ، — دېدى ۋە ھېرىپ كەتكەنلىكىنى

---

① مىسىرلىقلار تاماقنى قولىدا يەيدۇ .

كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ياندىكى ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى . مۇھىيد دەررۇ چاقچاق قىلدى :
— دېرىزىدىن يەرگە چۈشكەندە باشقىلارنى زەخملەندۈرۈپ قويمىساڭلا بولاتتىغۇ .
بوۋاي چىنىگە چاي قۇيۇۋېتىپ ، قىزىغا يان باسقان تەرزدە :
— مۇھىيد ، گېزىتنى ئەكەل ! — دېدى .
مۇھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ گېزىتنى ئەكەلدى . مېھمانخانا ئۆيگە موماي ، ئارقىسىدىن ناۋال كىردى . ناۋال ئولتۇرۇپلا :
— ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش ھەر كىم ئۆزىنىڭ قاچىسىنى يۇيۇشى كېرەك ! — دېدى .
— شۇنداق بولغىنى ياخشى ، — دېدى ئىبراھىم ئۇنىڭغا قاراپ .
— ئامېرىكىلىقلار پەقەت يېدىگەن قورۇمىسى يېمەيدۇ . ئەگەر يېگەن بولسا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى . بۇنداق مايلىق تەخسىلەرنى جانابلىرىدەك مۇتەخەسسىس يۇمىسا بولامدۇ ! — دېدى مۇھىيد .
— بولىدۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن جانابلىرىغا كۆكتاتنى سۇدا قاينىتىپلا بېرەيلى ، ئۆز قاچىلىرىنى ئۆزلىرى يۇسىلا ئەمىسە ! — دەپ رەددىيە بەردى ناۋال .
ناۋال ھەممەيلەنگەن چاي تۇتتى . ھەممە چاي ئىچىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى . ھەممەيلەن تەڭلا بىر ـ بىرىگە قارىدى . بوۋاي چىنىنى ۋە قولىدىكى گېزىتنى ئۈستەلگە قويدى ، ئەمما باشقا بىرەرىنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتكەندەك جىم ئولتۇرۇپ قالدى .
ھودۇقۇپ قالغان موماي ئۆزىنى زورىغا بېسىپ :
— بۇ كىمدۇ ؟ ئاھ خۇدا ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! — دېدى .
— ئىشىكنى ئاچمايلى ، — دېدى سامىيە .
— بولمايدۇ ، چىراغ تۇرسا ، كەلگەن ئادەم ئۆيدە بارلىقىمىزنى بىلىدۇ ـ دە ! — دېدى مۇھىيد .

— بەلكى ئىشكىباقار ئەلى تاغىدۇ ياكى بولمىسا قىزنى قايتۇرۇپ كېلىشىمنى سوراپ سەنىيەنىڭ ئاپىسى كەلگەندۇ ، — دېدى ناۋال .

موماي تاقەت قىلىپ تۇرالماي قالدى :

— ۋاي توۋا ! مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ ئەمدى ! بىز ھېچقاچان قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىدۇق ، ئۆيىمىزگىمۇ يامان ئادەملەر كىرمىدى . ئىشىكنى ئېچىڭلار ، نېمە بولسا شۇنى كۆرەيلى !

بوۋاي بىلەن ئىبراھىم گەپ قىلمىدى . بوۋاي ئىبراھىمغا «ئىنقىلابىي ياش ئەپەندىلەر ، ئەھۋال مۇشۇ تۇرسا سىلەر نېمىمۇ قىلالايسىلەر ؟» دەپ سوراۋاتقاندەك قىلاتتى .

ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى تىترىگەندەك بولدى . ئۇ تۈرمىدىن قاچقاندىن بېرى يۈرىكى دائىم مۇشۇنداق بولاتتى ، ئەمما پەقەتلا چاندۇرمايتتى . ئۇ بەكمۇ خىجالەت بولۇپ ، ئۆزىنى بۇ ئاق كۆڭۈل ، گۇناھسىز كىشىلەرنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاشتەك ھېس قىلدى . ئۆزىنى ئىمكانقەدەر تەمكىن ، سەگەك تۇتۇشقا تىرىشتى . ئاخىر ئۇ بوۋايغا :

— مېنىڭچە مۇنداق قىلايلى ، بىرەيلەن چىقىپ ئىشىكتىكى ئەينەكتىن كىم كەلگەنلىكىگە قاراپ باقسۇن . ئەگەر يات ئادەم بولسا ئاچقۇچ ئەكېلەي دەپ قايتىپ كىرسۇن ، بىرەر ئامال قىلايلى ، — دېدى .

ناۋال بۇ پىكىرنى بەكلا ياقلىدى . مۇھىيد ئىبراھىمغا گۇمانىي نەزەردە قاراپ قويدى . سامىيە بۇ پىكىرنى توغرا تاپمىغاندەك ناھايىتى بىئارام بولۇپ قىمدىنىپ قويدى .

موماي خۇددى شەيتاننى قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك بېشىنى چايقاپ ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى .

بوۋاي ئىبراھىمنىڭ پىكرىنى ياراتمىغاندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇردىيۇ ، باشقا ئامال بولمىغاچقا :

— ناۋال ، سەن بېرىپ ئىبراھىمنىڭ دېگىنىدەك قىلغىن ! — دېدى .

ناۋال ئورنىدىن تۇردى، چىقىپ كېتىۋېتىپ مەدەت تىلىگەندەك ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا بىرەر بالا - قازا ئېلىپ كەلمە دېگەندەك قاراپ قالدى.
ناۋال بىردەمدىلا قايتىپ كىرىپ ھاياجان بىلەن:
— بىرنەۋرە ئاكام ئابدۇل ھەمدى ئىكەن، — دېدى.
— ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! — دېدى بوۋاي.
ئىبراھىم ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ:
— ئۇنداق بولسا، مەن مۇھىيدنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇراي، — دېدى.
— ئابدۇل ھەمدى كەلسىلا، ئۆزىنى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئادىمىدەك تۇتۇپ ھەممىلا ئۆيگە بىر كىرىپ چىقىدۇ، — دېدى مۇھىيد دەرھال.
مومای ئىككى ياققا چايقىلىپ مەيدىسىگە رىتىملىق ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئاللا، ئاللا، ئاللا ...» دەپ ئولتۇراتتى.
— مېنىڭچە، ئىبراھىم بالكونغا چىقىپ كەتسۇن، بالكوننىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ قويايلى، — دېدى سامىيە.
— قوشنىلار كۆرۈپ قالىدۇ، — دېدى بوۋاي.
— ئەڭ ياخشىسى، سامىيە ئىككىمىز مېھمانخانا ئۆيدە قىزلار كەلگەندەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، ئىبراھىم ئەپەندىمۇ يېنىمىزدا ئولتۇرسۇن ... — دېدى ناۋال.
— ۋاي خۇدايىم، سىڭلىم، ئۇ كەلسە ئايلىنىپ - ئايلىنىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىۋالىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى سامىيە.
ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ھەركىمنىڭ كاللىسىدا ھەرخىل تەكلىپلەر بولسىمۇ، بىرەرىمۇ كارغا كەلمەيدىغاندەك ئىدى. ھەممىنىڭ بىرەر ئىش قىلغۇسى كېلەتتىيۇ، جۈرئەت قىلالمايتتى. مومای يېنىك چايقىلىپ «ئاللا، ئاللا» دەۋاتاتتى. بوۋاينىڭ يۈزىدىكى گۆشلەر بىر يەرگە يىغىلىپ غەلىتە تۈسكە كىرگەنىدى. ئىبراھىمنىڭ ئۆزىگە بىرەر ئامال تېپىپ بېرەلمەي، ئالاقزادىلىككە چۈشكەن كىشىلەرگە ئاچچىقى

كېلىۋاتاتتى . شۇ خاپىلىقتا بىردىنلا تاپانچا يادىغا كەلدى . ئۇ نېمە ئۈچۈن تاپانچىسى بىلەن كەلگەن ئادەمگە ھەيۋە قىلىپ قويۇپ قېچىپ كەتمەيدۇ ، نەگە قاچسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ . خىيالىغا تاپانچا كېلىشى بىلەنلا ئۇ جىددىيلىشىپ كەتتى :

— ئۇنداقتا ، بۇ ئۆيدە مەن مۆكۈۋالغۇدەك جاي يوق ئىكەن ـ دە !

مۇھىيد بېشىنى كۆتۈردى ۋە كۆپ ئويلاپ تاپقان چارىسىنى ئېيتتى :

— ئەڭ ياخشى جاي بالىخانا ، ئىبراھىم شۇ يەرگە مۆكۈۋالسۇن . ئابدۇل ھەمدى ئۇ يەرلەرگە بېرىپ يۈرمەس .

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن تەڭلا بوۋايغا كۆز تىكتى . بوۋاي خىرقىرىغان ئاۋازدا :

— مېنىڭچە ، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ ، — دېدى . ئاندىن ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئىبراھىمغا يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئالىيىپ ناۋالغا شۇنداق دېدى ، — ناۋال ، سەن ئىبراھىمنى بالىخانىغا ئاچىقىپ قوي ! مۇھىيد ، سەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچ !

— بولىدۇ ، ئاچقۇچ نەدە ؟ مەن ئىشىكنى ئاچقۇچ بىلەن ئاچقاندەك بولاي ، — دېدى مۇھىيد .

موماي دېۋاندىكى ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بىر باغلام ئاچقۇچنى ئېلىپ بەردى .

— يۈرۈڭ ، — دېدى ناۋال ئىبراھىمغا ۋە ئۇنى باشلاپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

«بالىخانا» دېگىنى ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسى بىلەن تورۇسى ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە بىر جاي ئىدى . ناۋال كىچىككىنە شوتىنى ئەكېلىپ تامغا يۆلەپ قويۇپ ئىبراھىمغا :

— چىقىڭ ، — دېدى .

ئىبراھىم شوتىغا چىقىۋېتىپ سورىدى :

— نەۋرە ئاكىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

ئۇ ناۋالدىن نەۋرە ئاكىسىنىڭ ساقچى ياكى ئۆزىنى قوغلاپ

كەلگەن دۈشمەن ئەمەسلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى تىندۇرماقچى بولغانىدى.

— ئۇ لۈكچەك بىرنېمە. ئوقۇشنى تۈزۈك ئوقۇيالماي بىر شىركەتتە ئىشلەۋاتىدۇ. بىر يىلچە بولدى، ھەددەم سامىيەنى ئالىمەن دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرىدۇ، — دېدى ناۋال پىچىرلاپ.

كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن ئىبراھىم بالىخانىغا چىقتى ۋە بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ناۋال شوتىنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

ئىبراھىم ئاستىدىكى پىياز، سامساقلارنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويدى. مۇھىيدىنىڭ مېھمانىغا قىلغان گېپى ئاڭلاندى:

— سەنىيە كەتكەندىن كېيىنلا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىدىغان بولدۇق.

ئىبراھىم ئاغىنىسىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن خۇشال بولۇپ كۈلۈپ قويدى ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن شۇنچە قىلىسىمۇ، پىياز، سامساقلارنىڭ، سېرىق ماي، ھەسەللەرنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. مىلىش ـ مىلىش بىر نەرسە يۈزى ۋە بوينىغا تېگىپ تۇراتتى. پۈتىنىڭ يېنىدا بىر نەرسە مىدىرلىغاندەك بولدى. چاشقانمىكىنتاڭ. بەلكى ھېلى ئۇنى غاجاشقا چۈشەر. ئۇنىڭ بېلى ئاغرىپ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى، كۆزلىرى ئېچىشىپ چاناقلىرىغا ياش تولدى. بۇ پىيازنىڭ ئاچچىقى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ راسا يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى كەلگەنىدى. ئۇ يىغلىسا ئۆز ھالىغا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا يىغلايتتى. ئۇ تۈرمىدە يىغلىمىغان، چۈنكى ئۇ چاغدا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلار ئۇنىڭغا ئايدىڭ ئىدى. ئۇ ئاچچىقىنى شۇلاردىن چىقىرالايتتى، بىراق ھازىر ئىبراھىم تۈرمىدە ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭغا پۈتۈن جاھان، ھەتتا ھازىرقى ھالىتىمۇ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئەپسۇس، بۇنى ئۇ ئۆزى

تالـلىۋالدى ـ دە .

بىر سائەت ۋاقىت ئۆتتى . بۇ بىر سائەتنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى ئـۇ كـۆرەش بـىـلـەن ئۆتكۈزدى : ئۇ خاپىلىقى ، زىيانكەشلىككە ئۇچراش تۇپەيلى پەيدا بولغان مەيۇسلۇكى ، يىغىسى ، سىرىق ماي ، پىياز ، سامساقلارنىڭ پۇراقلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى .

ئۇ چوڭ ئىشىككە ماڭغان ئاياغ تىۋىشلىرىدىن سەگەكلەشتى . ئاندىن تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى ئاڭلاندى . ئارقىدىنلا ناۋال كىرىپ ئاشخانىنىڭ چىرىغىنى ياندۇردى . ئۇنىڭغا شوتىنى قويۇپ بېرىپ :

— چۈشۈڭ ، ئۇ كەتتى ، — دەپ پىچىرلىدى .

ئـىـبـراھـىـم تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ يېپىلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاپ ، ئاندىن پەسكە چۈشتى ـ دە ، خۇددى ئەركىنلىككە چىققاندەك ناۋالنىڭ ئالدىدا ماڭدى .

ئـۇ تـېخى كارىدورغا چىقمىغانىدى ، تاشقىرىقى ئىشىك يەنە چېكىلدى ، ئىبراھىم ماڭا شۇنداق بىلىنگەندۇر ، دەپ ئويلىدى .

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يات ئادەم پەيدا بولدى . ئۇ ئادەم تـەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭغا سەپسالدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدا مۇھىيد ھـەيـكـەلـدەك قـېـتـىـپ تۇراتتى . ئىبراھىم خۇددى ئوق تېگىپ كـېـتىشتىن قاچقاندەك ئىختىيارسىز ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

ھـەمـمەيلەن مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۇنىسىز ھالدا قېتىپ قـالـدى . جـىـمـجىتلىقنى يات ئادەم بۇزدى . ئۇ قۇۋلۇق بىلەن ھىجىيىپ :

— كەچۈرۈڭلار ، ژۇرنىلىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، — دېدى ۋە مـېـھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ژۇرنال كۆتۈرگەن ھالدا چىقتى ، ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايلارغا كۆز يوگۇرتۇپ مەككارلىق بىلەن :

— خەير ـ خوش ! — دېدى .

ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى . ئۇمۇ جاۋاب كۈتمەستىنلا چىقىپ كەتتى .

## 5

ئىبراھىم ئاشخانىدىن چىقتى . ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ، قاپاقلىرى يۇرىكىگە ئوخشاشلا تىترەپ تۇراتتى . ئۇ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سوئال تەرىقىسىدە ھەممەيلەنگە تىكتى .

ئىبراھىم ئۆيدىكىلەرنىڭ قانداق قىلىشى توغرۇلۇق ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى كۈتتى . ئۇنىڭ ئابدۇل ھەمدىنىڭ قانداق ئادەملىكى ، ئەخلاقى ، خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقى ، ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى . ئىبراھىم ئۇلاردىن ئىككى ئېغىز — تىل ـ ئاھانەت بولسىمۇ مەيلى — گەپ ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى . ئۇ بەلكى كۆڭلىدىكى غەشلىك ۋە ئەنسىزلىكنى يوق قىلىۋېتىدىغان گەپنى ياكى زېھنىنى ئاچىدىغان گەپنى ئاڭلىسا ، كۆڭلىدىكى ئەندىشە ـ ساراسىمە يوقاپ كەتكەن بولاتتى ـ دە .

ئەپسۇس ، ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئۆيدىكى بىر ئائىلە كىشىلەر ياغاچتەك قېتىپ ئولتۇراتتى . ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە كەلگەندە ، گويا بۇ ئىشنىڭ قۇربانى شۇدەك ، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك ، ھەممىسىنىڭ كۆزى بوۋايغا تىكىلدى .

بوۋاي ئۈندىمىدى . ھېچكىمگە ، ھەتتا ئىبراھىمغىمۇ قارىماستىن ئېغىر ، ھارغىن قەدەملىرىنى يۆتكەپ ھوجرىسىغا قاراپ ماڭدى . موماينىڭ كۆزلىرىدە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى . موماينىڭ كۆزلىرىدە ئەنسىزلىك ، تىترەپ تۇرغان پۇتلىرى سېمىز بەدىنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك ئىدى .

سامىيە بۇرۇلۇپ ئىبراھىمغا تىكىلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ چاقنايتتى . ئۇ ئىبراھىمغا كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سېلىپ ، ئاندىن ياقىسىدىن تۇتقانچە ئۆيدىن چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى . ئۇ چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ ھوجرىسىغا كىرىپ

ئىشكنى «گۆپ» قىلىپ ياپتى.

ناۋال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىبراھىمغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىچ ئاغرىتىش، كەچۈرۈم سوراش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ھەدىسى ئۈچۈن، بىر نەۋرە ئاكىسى ئۈچۈن، ئىبراھىمنى تۇتماقچى بولغان ھۆكۈمەت، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ ئۇنى قىيناۋاتقان مىسىر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتتىيۇ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي توختاپ قالدى.

ناۋال ئىبراھىمنىڭ ئاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى، تىترەۋاتقان قاپاقلىرىنى كۆرۈپ ئويلاپ قويغان گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ گەپنىڭ ئورنىغا كۈلۈمسىرەش بىلەن ئىبراھىمغا ئىلھام بېرىپ، ئۇنىڭ دىلخەستىلىكىنى يېنىكلەتمەكچى بولدى. ئەمما، بۇنىمۇ قاملاشتۇرالماي بېشىنى ساڭگىلاتتى ـ دە، ئىبراھىمدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، ئۇنىڭ ياردەم سورىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالدى ۋە ئاستا مېڭىپ ھەدىسىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

كارىدوردا ئىبراھىم بىلەن مۇھىيدىلا قالدى. ئىبراھىم گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، مۇھىيد باشقا ياققا قارىۋېلىپ، ئادىتى بويىچە كۆزەينىكىنى بېسىپ قويۇپ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى تۇتۇلغانىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭغا ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ بۇنداق جىمجىتلىقتا، بۇنداق قورقۇنچاقلىقتا چىدىيالمىدى. ئۇلار ھازا تۇتۇپ مېيىت چىقىرىۋاتقىنى يوققۇ! ساقچىمۇ كەلگەن ئىش يوق! ئابدۇل ھەمدى ئۇنى كۆرۈپ قالغاندىكىن، ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەتلەشسە، ئەينى چاغدا ئۇ يولداشلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىققانغا ئوخشاش كېڭىشىپ بىر چارىنى تېپىپ چىقسا بولمايتتىمۇ؟ ۋەزىيەت ئادەمنىڭ كۆڭلىگە باقمايدۇ. قورقۇپ ئولتۇرىدىغان، پۇشايمان قىلىدىغان ئەندىشىگە ۋاقىت يوق. ئويلاش كېرەك. كاللىنى ئوبدان

ئىشلىتىپ ئويلاش كېرەك . ھازىرقى ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىپ بىرەر تەدبىر تېپىش لازىم .

ئىبراھىم بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ سوكۇت قىلىشىدىن ئۆزىگە ئۈنسىز ھالدا بىر تەلەپ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى . دېمەك ، ئۇلار ئۇنى ، بۇ ئۆيدىن دەرھال چىقىپ كەتكىن ، بىز سەن تېپىپ بەرگەن ئاۋارىچىلىكتىن ئازاد بولايلى ، دەۋاتىدۇ . مانا بۇ بوۋاينىڭ ، موماينىڭ ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ، ھەتتا ناۋالنىڭ تەلىپى !

ئۇ بۇ ئائىلىدىن كېتىدۇ .
بۇ ئائىلىدىن دەرھال كېتىدۇ .
تاپانچىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ .

ئىبراھىم مۇھىيدىننىڭ ئارقىسىدىن ھۇجرىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ خىيالغا پاتتى . تۈرمىدىن قاچقاندىن بۇيان پات ـ پات پەيدا بولىدىغان قورقۇنچىنى يەڭدى ، ئىختىيارسىز ئۆز ـ ئۆزىگە مەن چىقىپ كەتسەم ، بۇ ئائىلىدىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ بىخەتەر قىلالامدىمەن ؟ دەپ سوئال قويۇپ بۇنىڭغا جاۋاب ئىزدىدى . ئۆزى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى . نۇرغۇن گۇمانلاردىن خالىي بولالمىدى . بۇ گۇمانلاردىن خالاس بولۇپ بىر پىكىرگە كېلىش ئۈچۈن قاتتىق باش قاتۇردى . خۇددى ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنى ئىشلىگەندەك ئوخشاش ئۆزى سوئال قويۇپ ئۆزى جاۋاب بەردى :

«بىز ئابدۇل ھەمدىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ دەپمۇ پەرەز قىلايلى ، شۇنداقتا ئۇ مېنى ھازىرلا بېرىپ مەلۇم قىلارمۇ ؟ بەلكى ئابدۇل ھەمدى ساقچىلارنىڭ تاغىسىنى تۇتۇپ كېتىشىنى خالىماس . مەيلى ئۇ ھەرقانچە رەزىل ، پەسكەش بولغان تەقدىردىمۇ تاغىسى بىلەن بىر نەۋرە ئىنى ـ سىڭىللىرىنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سامىيەنى ئالىمەن دەپ يۈرگەن ئادەم تۇرۇقلۇق ، سامىيەنىڭ ئالدىدا ئۇنچە رەزىللىك قىلماس ، بەلكى ئۇ مېنىڭ چىقىشىمنى ساقلاۋاتقاندۇ ، ئېھتىمال چىقسىملا ئارقامغا چۈشۈشى ، ئاندىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن مېنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنى ساقچىغا

مەلۇم قىلىشى مۇمكىن . ساقچىلار ئۇنى سوراق قىلسا ، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . بۇنداق ناكەس ياشلارنىڭ ئىرادىسى ئاجىز بولىدۇ . كىشىلەر ئۇنداقلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ناھايىتى ئوڭايلا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ . ساقچىلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەممە ئىشنى ، مېنىڭ بۇ ئۆيدە يوشۇرۇنغانلىقىمنى بىلىۋالالايدۇ . ئاندىن ئۇلار بوۋاي بىلەن ئوغلىنى تۇتۇپ كېتىدۇ . قارىغاندا ، ئابدۇل ھەمدىنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئۆيدىن چىقمىسام ، ئۇنىڭغا ساقچىغا مەلۇم قىلىش پۇرسىتى بەرمىسەم بولغۇدەك . مەن بۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىللە بولسام ، بۇ يەردىن چىقىپ كەتمىسەم ، بۇلار خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالغۇدەك . »

بۇ خىيالدىن ئىبراھىم يېنىكلەشتى . ئۆيدىن چىقىپ كەتمەس بولدى . بارىدىغان باشقا ئۆيىمۇ يوق ئىدى . بۇ خىيالنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ ، ئۇلارنىمۇ شۇ پىكىرگە كەلتۈرمەكچى بولدى .

بىراق ، بۇ پىكىر ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتەرمۇ ؟

ئىبراھىم بۇرۇلۇپ مۇھىيدقا قارىدى ، ئىمكان بار تەمكىنلىك بىلەن :

— سىڭىلچە ، بىر نەۋرە ئاكاڭ مېنى كۆرۈپ قالدىمۇ ؟ — دېدى .

— سىڭىلچە ، كۆردى ، — دېدى مۇھىيد كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ .

ئىبراھىم دوستىدىكى جىددىيچىلىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا :

— سىڭىلچە ، ئۇ مېنى مەلۇم قىلىپ قويارمۇ ؟ — دېدى .

— راستىنى ئېيتسام ، بىلمەيمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھىيد بىتاقەت بولۇپ .

— سىڭىلچە ، ئۇ ئاشۇنداق نامەردلىك قىلىپ ساقچىغا مەلۇم قىلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم دوستىنىڭ دىققىتىنى

كىتابتىن ئايرىش ئۈچۈن ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ .

مۇھىيد بېشىنى كۆتۈردى ، ئىختىيارسىز تېرىككەن ھالدا جاۋاب بەردى :

— ئۇنىڭ نامەردلىكىنى دېمەيلا قويۇڭ ، ئۇ مۇناپىق نەشە چېكىدۇ . ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۈچ يىل سىنىپتا قالغان . كېيىن بىر شىركەتكە ئىشقا كىرىۋالدى . ئۇنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ، قەيەردىن پۇل تاپىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

ئىبراھىم مۇلايىملىق بىلەن :

— ئاڭلىشىمچە ، ئۇ سامىيەنى ئالمەن ، دەپ يۈرىمىشقۇ ؟ — دېدى .

مۇھىيد ئاھانەتكە ئۇچرىغاندەك ئاچچىق ئارىلاش ھەيرانلىق بىلەن ئىبراھىمغا قاراپ قويدى . ئىبراھىم شۇئان كەچۈرۈم سورىغاندەك چۈشەندۈردى :

— ناۋال شۇنداق دەيدۇ .

مۇھىيد گەپ قىلماي كىتابىغا قارىدى ۋە بىر پەستىن كېيىن :

— ئۇ بۇلتۇر سامىيەگە تەكلىپ قويغان ، ئەمما ئۇنى ھېچقايسىمىز ياقتۇرمايمىز ، — دېدى . ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرغۇسى كەلگەندەك ئاچچىق ئارىلاش سۆزلەپ كەتتى ، — ئىبراھىم ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ ! توغرا ، ئابدۇل ھەمدى مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام . ئەمما ، ئۇنىڭدىن ھېچقايسىمىز خاتىرجەم ئەمەس ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئەسكى ، بىنومۇس ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز .

ئىبراھىم دوستىنى ئاياپ ئولتۇرمايلا سورىدى :

— سېنىڭچە ، ھازىر بىز قانداق قىلساق بولىدۇ ؟

مۇھىيد بىرلا ئامال بار . ئۇنى سەنمۇ بىلىسەن ، دېگەندەك ئىبراھىمغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ :

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام ، ئۆزىڭىز بىلىڭ ، — دېدى .

— سىڭلىچە ، مەن بۇ ئۆيدىن ھازىرلا كەتسەم بولارمۇ ؟ — دېدى ئىبراھىم ئۆيلانغان ھالدا .

— ئۇنداقتا نەگە بارىسىز ؟ — دېدى مۇھىيد بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامال مۇشۇدەك بوش ئاۋاز بىلەن .

— مەن قەيەرگە بارسام بولىۋېرىدۇ ، ئەمما سىلەرگە ئىش تېپىپ بەرمىسەملا بولاتتىغۇ .

مۇھىيد گەپ قىلمىدى .

— سىڭلىچە ، ئابدۇل ھەمد بەش مىڭ فوند ستېرلىڭنى دەپ ئۆز تاغىسىنى ، بىر نەۋرە ئىنى ـ سىڭىللىرىنى ساتارمۇ ؟ — دېدى ئىبراھىم يەنە .

— ئۇ يېرىم رىيال ئۇچۇنمۇ بىزنى سېتىۋېتىدۇ ، — دېدى مۇھىيد زەردە بىلەن .

— مېنىڭچە ، ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى ئىبراھىم ئىشەنچلىك تەلەپپۇز بىلەن .

مۇھىيد بېشىنى كۆتۈردى . ئىبراھىم نېمە ئۇچۇن بىر نەۋرە ئاكامنى ئاقلايدىغاندۇ ؟ دەپ ھەيران بولدى .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز ؟

ئىبراھىم خۇددى بولغۇسى ئىشلار ئۆزىگە ناھايىتى ئېنىقتەك سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئابدۇل ھەمدىدەك ئادەملەر دائىم ئۆزلىرىنى ئەقىللىق ھېسابلىشىدۇ . ئۇ قىلمىشىنى سىلەردىن يوشۇرۇپ قېلىش ئۇچۇن پەقەت مېنىلا ساتىدۇ . ھەرگىز سىلەرنى مەلۇم قىلمايدۇ ، مېنىلا مەلۇم قىلىدۇ .

— بىزنى قانداق قىلىدۇ ؟ — دەپ سورىدى مۇھىيد ئىبراھىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي .

ئىبراھىم پىكرىنى چۈشەندۈردى :

— بىز ئابدۇل ھەمدىنىڭ مېنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلدۇق . ئۇ ھازىر مېنىڭ ئۆيدىن چىقىشىمنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . مەن چىقسىلا ، ئۇ ئارقامغا چۈشىدۇ ، مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى

بىلىۋالىدۇ ـ دە ، ساقچىلارغا ، مەن ھازىر كوچىدا ئىبراھىمنى كۆرۈپ قالدىم ۋە نەدىلىكىنى بىلىۋالدىم دەپ ، مېنى مەلۇم قىلىدۇ ، ئەمما ھەرگىز سىلەرنى چاقمايدۇ .

مۇھىيد خۇددى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر ئىشنى بىلگەندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆيگە پاتتى .

ئىبراھىم گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئەگەر مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ ، كوچىغا چىقىپ باق ، باغلىشىمەنكى ، ئۇنى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۇچرىتىسەن .

مۇھىيد بىر ئىشنىپ ، بىر ئىشەنمەي سورىدى :

— ئەگەر سىز بۇ ئۆيدىن چىقمىسىڭىز ، ئابدۇل ھەمدى قانداق قىلىدۇ ؟

ئىبراھىم مۇھىيدنىڭ پىكرى چېچىلىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىپ :

— ئۇ مېنى چوقۇم چىقىدۇ ، دەپ ساقلاپ تۇرىدۇ . ئەگەر مەن بۇگۈن چىقمىسام ، ئۇ ئەتىگىچە ساقلايدۇ ، — دېدى .

— بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇق . ئۇنداقتا سىز بۇ يەردە تۇرىۋەرسىڭىز ئابدۇل ھەمدى بىزنى مەلۇم قىلالمايدىكەن ـ دە ! — دېدى مۇھىيد ئۆيگە پاتقان ھالدا .

— مەن ئۆزۈمنىلا كۆزدە تۇتقىنىم يوق . سىلەرنىڭ غېمىڭلارنىمۇ قىلىۋاتىمەن . ئەگەر ئابدۇل ھەمدى مېنى مەلۇم قىلسا ، ساقچىلار يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتە قىلىپ ، ئاخىرىدا مېنىڭ سىلەرنىڭ ئۆيدە يوشۇرۇنغانلىقىمنى بىلمەي قويمايدۇ ! — دېدى ئىبراھىم .

قورقىنىدىن مۇھىيدنىڭ يۈزىدىكى گۆشلەر تارتىشىپ كەتتى .

— ئەمىسە ، قانداق قىلىمىز ؟

— مەن ھازىر ساقچىلاردىنلا ئەمەس ، ئابدۇل ھەمدىدىنمۇ ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىم كېرەك . مەن ئۆيدىن چىققاندا ، ئۇ كۆرمەسلىكى ، ئارقامغا كىرىۋالماسلىقى كېرەك ، — دېدى ئىبراھىم تەمكىنلىك بىلەن .

مۇھىيد قوشۇمىسنى تۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى . بىرئازدىن كېيىن يىلىنغان ئاھاڭدا :
— مېنىڭچە ، سىز بۇگۈن كېچە كەتمەڭ . بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرايلى . ئابدۇل ھەمدى ساقلاپ زېرىككەندە بىرنېمە دېيىشەيلى ، — دېدى .
ئىبراھىم كۈلۈپ قويدى . ئۇ مەقسىتىگە يەتكەندى ، ئاخىر جىددىي تەلەپپۇزدا :
— مەن ئەتە چوقۇم كەتمىسەم بولمايدۇ . مۇھىمى ، سەن ئەتە مەكتەپتە فەھمى ئابدۇل ئەزىزنى ئۇچراتساڭ ، ئۇنىڭغا بىز كېلىشكەن سۆزنى دېگىن ، سەن كېلىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن مەن چىقىپ كېتەي ، — دېدى .
مۇھىيد «شۇنداق بولسىدى !» دەپ ئويلاپ خۇشال بولدى .
— سېنىڭچە ، داداڭ مېنى بۇگۈن كېچە قوندۇرارمۇ ؟ — دېدى ئىبراھىم .
— ياخشىسى ، ھازىر چاتىقمىز بولمىسۇن ، ئۇ سىزنى قوغلىۋەتمەيدۇ . زوھۇرلۇق يەيدىغان چاغدا مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قوياي ، — دېدى مۇھىيد ئىشەنچ بىلەن .
دوستلار يەنە جىم بولۇشتى . پۈتۈن ئائىلە جىمجىتلىققا چۆمگەن بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى ...
موماي ياتقۇسى كەلمەي كارىۋاتتا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى . بوۋاي مومايغا ئارقىسىنى قىلىپ يېنىچە ياتاتتى ، ئەمما كۆز يۇمىغانىدى .
— دادىسى ، قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى موماي پىچىرلاپ .
بوۋاي ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك جاۋاب بەردى :
— راستىنى ئېيتسام ، تەھىيە ، مەنمۇ بىلمەيۋاتىمەن .
— مەن ئابدۇل ھەمدىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن ، — دېدى موماي بېشىنى تۇتۇپ .
— خۇدايىم ساقلار ! — دېدى بوۋاي يۈرىكى قىسىلىۋاتقاندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ .

— راستىنى ئېيتسام ، ئىبراھىم ئەپەندى باشقا بىر يەرنى تاپسا بولاتتى ، ئۇ بىزدىن ئەندىشە قىلمىغاندىمۇ ، ئۆزىنى ئويلىسا بولاتتى ! — دېدى موماي زىددىيەت ئىچىدە قالغاندەك ئارسالدىلىق بىلەن .

— ئۇ نېمە قىلسا قىلمامدۇ ! تۇرامدۇ ، كېتەمدۇ ، مەن بىرنەرسە دېمەيمەن ، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز ، — دېدى بوۋاي .

— ھەممىنى قادىر ئاللاغا قويدۇق . خۇدايىم ساقلار ، — دېدى موماي ۋە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ تامغا قاراپ ياتتى . كاللىسىدا خىلمۇخىل سايىلەر پەيدا بولدى ، كېيىن بۇ سايىلەر جىن ـ شاياتۇنلار سىياقىدا كۆرۈندى ، ئۇ جىنلارنى كۆرمەيچۇ دەپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ ، ئۇلار كۆپىيىپ كەتتى . ئۇ دەرھال كۆزىنى ئېچىپ ئۆرۈلدى ـ دە ، ئېرىنى قۇچاقلىۋېلىپ :

— دادىسى ، مەن قورقۇۋاتىمەن ، — دېدى .

بوۋاي مومايىنىڭ قوللىرىنى مۇلايىملىق بىلەن بوشقىنا بېسىپ قويۇپ :

— تەھىيە ، قورقمىغىن ! ئاللا بىزگە يار بولىدۇ ! — دېدى .

— خۇدايىم نېمىشقىمۇ ئىبراھىمنى بىزنىڭكىگە ئەكېلىپ قويغاندۇ ، بىز ئەزەلدىن بۇنداق يۇرەكزادە بولىدىغان ئىشنى قىلىپ باقمىغاندۇققۇ ! — دېدى موماي تىترەپ تۇرۇپ .

بوۋاي خوتۇنى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ :

— مېنىڭ نېمىنى خىيال قىلغىنىمنى بىلەمسەن ؟ مەن ئەگەر ئىبراھىم ئوغلۇم بولغان بولسا ، مەن قانداق قىلاتتىم ؟ دېگەننى ئويلىدىم ، — دېدى .

— دادىسى ، ئۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلمىسىلا ؟ — دېدى موماي ئالدىراپ ـ تېنەپ .

— مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەگەر مۇھىيد تۇرمىدىن قېچىپ چىقىپ ئىبراھىملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالاي دېسە ، ئۇنىڭ دادىسى قانداق قىلغان بولاتتى ؟ — بوۋاي گېپىنى داۋام قىلىۋەردى .

— سىلىزە، ئابدۇل ھەمدى نېمە ئىش تاپار دېگەننى ئويلىمايدىلا ـ ھە، ئۇ بېشىمىزغا بىر بالا بولدى! شۇ تاپتا ساقچىلار كېلىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمەن، — دەپ ئېرىنى كايىدى موماي.

بوۋاي مۇڭلانغان ھالدا سۆزلىدى:

— گەپ مېنىڭ ئابدۇل ھەمدىنى ئويلىغان ـ ئويلىمىغانلىقىمدا ئەمەس، ئويلاپ نەتىجە چىقىرالمايۋاتقانلىقىمدا. بايا ئىبراھىمغا، بۇ ئۆيدىن كېتىڭ، دېمەكچى بولغانىدىم. ئەمما، ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئۆيىمىزدە تۇرۇڭ دەپ قويغان ـ دە، باشتىلا ئۇنى ئۆيىمىزدە تۇرغۇزمىساقمۇ بولغانىكەن. ئەمدى بولماي قالدى. ھەممىگە چىدىماقتىن باشقا ئامال يوق. ئەگەر بىزنى ئابدۇل ھەمدى بالاغا تىقىدىغان بولسا، ئىبراھىممۇ ئوخشاشلا بالاغا تىقىلىدۇ. ئەمدى ھەممىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ باشقا كەلگەننى كۆرەيلى. تەھىيە، قورقمىغىن! قانداقلا بولسۇن، ئابدۇل ھەمدى جىيەن بالىمىز، ئۆزى ئەسكى بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى ياخشى. ئىبراھىممۇ ياخشى ئائىلىنىڭ بالىسى، بىر ئەزىمەت، سەن ئەزەلدىن قەيسەر ئىدىڭغۇ. ھەرگىز قورقما!

بوۋاي بۇ سۆزلەرنى كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، بولغۇسى ئىشلار، ئائىلىدىكى مەجبۇرىيىتى، مەرد، ھەققانىي ئادەمىيلىك بۇرچى ئالدىدا ئۇ تەشۋىشكە چۈشكەنىدى، سەپرايى ئۆرلىگەنىدى، شۇنداقلا يەنە نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى.

موماي بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ يىغلىۋەتتى.

يىغلىغان يەقەت مومايلا ئەمەس، ياندىكى ئۆيدە ناۋالمۇ ئۈن چىقارماي يىغلاۋاتاتتى. چاچلىرى ياستۇقتا خۇددى قارلىق ياغلىقتەك يېيىلىپ تۇراتتى.

سامىيە خېلىغىچە يىغلىماي دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. سىڭلىسىغا بولغان ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئەندىشىنى يوشۇرۇپ، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن:

— ئېيتقىنا قېنى، نېمانچە يىغلايسەن؟ — دېدى.
— بۇ ناھەقچىلىك ھەدە، ناھەقچىلىك! — دېدى ناۋال خۇددى چېچىنى يۇلۇۋالىدىغاندەك چاڭگاللاپ تۇرۇپ.
— نېمە ناھەقچىلىك؟ — سورىدى ھەدىسى تاقەتسىزلىنىپ.
— ئۇنىڭغا ھەممىلا ئىشتا ناھەقچىلىك بولۇۋاتىدۇ! ئۇنىڭ گۇناھى نېمە ئەمدى؟ — ناۋال ھەدىسىگە قاراپمۇ قويماي جاۋاب بەردى.
— ئۇ دېگىنىڭ كىم؟ — سامىيە سىڭلىسىنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن بولۇۋېلىپ سورىدى.
— ئىبراھىم، — ناۋالنىڭ ئاۋازى چۈشىدە جۆيلۈگەندەك چىقتى.
— توغرا، ئۇنىڭ گۇناھى بار. ئەمما، بىز نېمە گۇناھ قىلدۇق؟ — دېدى سامىيە. ئۇنىڭ ئىبراھىمنى تىلغا ئالغانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەندەك.
ناۋال ھەدىسىگە قاراپ قويدى ـ دە، ياستۇقنى مۇشتلاپ تۇرۇپ دېدى:
— ئۇنىڭ گۇناھى يوق. ھۆكۈمەت تېخى ئۇنىڭغا خاتىرە مۇنارى تىكلىسە بولىدۇ، ئۇ دېگەن قەھرىمان. ئۇ ئەنگلىيە غالچىسىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، مال ـ دۇنيا ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈردى.
سامىيە جىم بولۇپ قالدى، ئەمما سىڭلىسىنىڭ كۆزلىرىدىن كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئاندىن زاڭلىق قىلغاندەك:
— مۇنداق دېگىن! دېمەك، ئادەم ئۆلتۈرگەن ئىش يوق ئىكەن. ئۇنداقتا، بىزدە ياخشى نىيەتلىك يالماۋۇز چىقىپتۇ ـ دە! — دېدى.
ناۋال ئۆرۈلۈپ دۈم يېتىۋالدى. ياستۇقنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتۇپ ئارانلا:
— قىياپىتىگە قاراپ ئۇنى توخۇ ئۆلتۈرۈپتۇ، دېسىمۇ ھېچكىم

ئىشەنمەيدۇ . ئۇ شۇنداق سالاپەتلىك ، ئەدەپلىك ھەم تارتىنچاق ، مېنى كۆرسىمۇ ئىزا تارتىپ كېتىدۇ ، — دېدى .

سامىيە سىڭلىسىنى سەگەكلەشتۈرمەكچى بولغاندەك :

— ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ . توۋا ! سەن ئۇنىڭ كۆزىگە دىققەت قىلمىدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— ئۇنىڭ كۆزى ... ئۇنىڭ كۆزى ! ... راست ! مەن ئۇنىڭ كۆزىنى كۆردۈم ! — دېدى ناۋال ئوڭدىسىغا يېتىپ تورۇسقا تىكىلگەن ھالدا .

سامىيەنىڭ ئاچچىقى كەلدى ، ئەمما ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كالپۇكىنى چىشلىدى ـ دە ، سىڭلىسىنىڭ بىلىكىنى سىلىكىپ :

— ناۋال ، ماڭا قارىغىنا ! چىرايىڭغا بىر قاراپ باقاي ! — دېدى .

ناۋال چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ياتاتتى . ئۇ خۇشياقمىغاندەك ھەدىسىگە قارىدى . سامىيە ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئاچچىقى بىلەن :

— ئاخشامدىن بېرى ئۇنى كۆرەر كۆزۈم قالمىدى . سەن يەڭگىللىك قىلىپ ئۆزۈڭنى تازا بىلەلمەيۋاتىسەن . ئېيتقىنا ، بۇ زادى نېمە گەپ ؟ — دېدى .

— سېنىڭ چاتىقىڭ بولمىسۇن ! — دېدى ناۋال باشقا ياققا قاراپ سوغۇققىنا .

— چاتىقىم بار ! ئۇنتۇپ قالمىغىن ، ئۇ دېگەن ئۇلۇمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىستىقبالسىز ئادەم ! — دەپ ۋارقىرىدى سامىيە .

ناۋال خۇددى ھەرە چاققاندەك سەسكىنىپ كەتتى . دېرىزىدىن چۈشكەن غۇۋا ئاي نۇرىدا ناۋالنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

— سەن بۇنداق دېمە ! بىلىپ قوي . يەنە شۇنداق دېيىشىڭگە يول قويمايمەن . ئاڭلىدىڭمۇ ؟ — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، يۈزىنى ياستۇققا چاپلاپ يىغلىۋەتتى .

سامىيە سىڭلىسىنى يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە قاراتتى ۋە بېشىنى سىڭلىسىنىڭ بېشى يېنىغا قويۇپ ياتتى ، يۈزىنى سىڭلىسىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەن يۈزىگە يېقىپ

ئازابلانغان ھالدا :

— ناۋال ، مەن سەندىن ئەندىشە قىلىمەن ! ئائىلىمىزنى ، دادامنى ، مۇھىيدنى ئويلايمەن ، ئويلاپ باقمامسەن ، بىز قانداق قىلىمىز ئەمدى ؟ — دېدى .

ناۋال ھەدىسىنى قۇچاقلىدى ـ دە ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى .

سامىيە ناۋالنى خۇددى بوۋاقلارنى پەپىلىگەندەك پەپىلەپ :

— ئەگەر بىرى ساڭا دادا لازىممۇ ياكى ئىبراھىم دېسە ، سەن نېمە دەيسەن ؟ — دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا .

ناۋال جاۋاب بەرمەستىن سامىيەنىڭ قوينىدا تۇگۇلۇپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى . سامىيە ئۇنى پەپىلىدى ، مۇلايىملىق بىلەن بەزلىدى :

— بولدى ناۋال ، بولدى ! ئۇبدان سىڭلىم ، يىغلىما ، دادام ئاڭلاپ قالىدۇ .

بۇ كېچە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر تۈزۈك ئۇخلىمىدى . بەزىلەر پەقەتلا كۆز يۇممىدى . بەزىلەر چالا ـ بۇلا ئۇخلىغاندەك بولدى . تاڭ ئاتتى .

بوۋاي ئەتىگەندە ئىبراھىم بىلەن كۆرۈشمەيلا ئىشقا ماڭدى . ئۇ غەمكىن ، بىچارە قىياپەتتە بولۇپ ، بىر كېچىدىلا ئۇن نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى .

مۇھىيد مەكتەپكە ماڭغۇچە ئىبراھىم ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى :

— مۇھىيد ئېسىڭدە بولسۇن ، فەھمىنى كۆرسەڭ تېزدىن قايتىپ كېلىپ مېنى خاتىرجەم قىل . دەرسىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمە !

مۇھىيد خۇشياقمىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئۇنىڭ كۆزەينەك تاقىغان كۆزلىرىدىن تېگىرقاش چىقىپ تۇراتتى .

— بولىدۇ ! — دېدى ئۇ ئاخىرىدا ، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ ، مەڭزىنىڭ گۆشلىرى ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى لىپىلداپ تۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇ خۇددى تۇرمىگە كېتىۋاتقاندەك ئېغىر قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى .

ئۆيدىكى ھايات تونۇگونكىگە ئوخشاش داۋام قىلدى.

ناۋال كىرىپ ئىبراھىمنى يۈز يۈيۈۋىلىشقا دەۋەت قىلدى ۋە ئونىڭغا ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن قارىدى، ئىبراھىممۇ ناۋالغا قارىدى، لېكىن خۇدۇكسىنىپ گويا جىنايەتچىدەك، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ چىرايىغا قارىسا بولمايدىغاندەك دەرھال يەرگە قارىۋالدى، ئاندىن يۈيۈنۈش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردىن چىققاندا ئونىڭغا يا موماي ياكى سامىيە ئۇچرىمىدى. ئۇلار مەندىن قەستەن قېچىپ يۈرىدۇ، شۇڭا سالاملىشىشقىمۇ چىقمىدى، دەپ ئويلىدى ئىبراھىم.

ھەرھالدا ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، لېكىن ئىبراھىم مەن بۇ ئائىلىنى بەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم، دەپ ئويلاپ، بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۆزىنى كۆرۈنۈشتە ھۆرمەت قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا باشلىغانلىقىغا ئىشەندى.

ناۋال ناشتىلىق قويۇلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تونۇگونكىدەك ئىبراھىمنى تاماقخانىغا تەكلىپ قىلمىغىنىدىن قارىغاندا، بۇلار ئۇنى مۇشۇ ئۆيدىن چىقارماسلىقنى، بۇ ئائىلىدىن چىقىپ كەتكۈچە مەشەدە غىزالاندۇرۇش ۋە ئۇخلىشىنى قارار قىلغان ئوخشايدۇ. ئىبراھىم ئىچىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ ــ دە!

ناۋال چىقىپ كەتكۈسى كەلمىگەندەك ئۇنى ــ بۇنى قىلىپ يۈردى. ئەمما، كۆزلىرى ئۇنى ھەر زامان قوغدايدىغاندەك، پۈتۈن دۇنيانىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالماقچى بولغاندەك ئىبراھىمغا تىكىلگەنىدى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ ئىبراھىمنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئازابلىنىشىنى، ئۆز ــ ئۆزىنى قىينىشىنى خالىمايدۇ.

ئىبراھىم گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

ناۋال پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر قەدەم ئېلىشى خۇددى بىرەر باھانە تېپىپ ئۇنىڭ يېنىدا قالماقچى بولغاندەك ناھايىتى ئاستا ئىدى.

ئىبراھىم تاماقنى ئازراقلا يەپ غىققىدە بولدى، ئۆزىنى تىلسىماتلىق دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئوي ـ خىيالىنى بىر يەرگە يىغىپ، كېيىنكى ئىشلارنى، ئەمدى قانداق قىچىش كېرەكلىكىنى، ئۆزىنى دەپ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ بېقىشقا، ئابدۇل ھەمدى ۋە ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشلارنى پەرەز قىلىپ بېقىشقا تىرىشتى، ئەمما مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ خىيالى چېچىلغانىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ چېچىلغان پىكرىنى يىغالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىلا كېلەتتى.

ئەگەر ئىلگىرى ئۇ تۈرمىنى، بۇنداق قېچىشلارنى، دارنى ۋە ھازىرقى بۇ مۇشەققەتلەرنى ئويلاپ يەتكەن بولسا، ئابدۇرېھىم پاشانى ئۆلتۈرەتتىمۇ؟

ئىبراھىم تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن تۈرمىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، سىرتماق بويىنىغا سېلىنىش ئالدىدىلا، دار دېگەن نەرسىنى بىلدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى پەقەت سىياسىي ساقچى بولغاچقا، ئۇ ساقچىلارنىڭ ئوي ـ پىكرى ۋە ئىشلىتىدىغان ۋاستىلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ كەينىدە تۈرمە، دارنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغان. بۇ بەلكى ئۇنىڭ ساقچىلارنى يېڭەلىشىدىكى سىردۇر. چۈنكى، ئۇنىڭغا ساقچىلار كۈچ جەھەتتە ئۆزىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغاندەك، ھۆكۈمەتمۇ ئۆزى بىلەن تەڭدەك، ھەتتا ئۆزى ھۆكۈمەتتىن سەل كۈچلۈكتەك بىلىنگەچكە، ھۆكۈمەت بىلەن ئېلىشىشتا پەقەت زېرەك بولسىلا بولدى. بۇ خۇددى شاھمات ئوينىغاندا ھەر ئىككى تەرەپتە رىقابەتچىسى بىلمەيدىغان قورال يوق بولغانغا ئوخشاش ئىش، ھۆكۈمەتتە تۈرمە، تۇتقۇن لاگېرى ۋە دار يوق. ئەمما، مەندە بولسا زېرەكلىك ۋە بىر تاپانچا بار، دەپ ئويلىغانىدى.

بۇ بەلكى ئۇنىڭ باشقا ياشلاردىن، مەسىلەن، مۇھىيدىتتىن پەرقلىنىدىغان يېرى بولسا كېرەك، مۇھىيدىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكتە ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. ئەمما، مۇھىيدىنىڭ كۆزىگە دائىم تۈرمە،

دار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىگە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تۈرمە ۋە داردىن قاچۇرىدۇ . ئەمما ، ئىبراھىمنىڭ نەزىرىدە تۈرمە ۋە دار دېگەنلەر بولمىغاچقا ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن ئاكتىپ ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرىدۇ . ئەگەر ئۇمۇ تۈرمە بىلەن دارنى كۆرەلىگەن ، كۆزدە تۇتقان بولسا ، بەلكى ئۆزىنى قاچۇرۇپ پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇشى مۇمكىن ئىدى .

ياق ! بۇ گەپ توغرا بولمىدى . مۇھىد تۈرمە ۋە داردىن قورققان ، ئۆزىنى قورقۇنچاقلىق قەپىسىگە سولاپ قويغان ، قورقۇنچاقلىق ئۇنى نابۇت قىلغان ؛ ئەمما ، ئىبراھىم بۇ قورقۇنچتىن خالىي ، ئۇ ھەرخىل تۈرمە ۋە دار ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغان . ئۇ تۈرمە ۋە دارنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىۋېتىشىدىن قورقمايدۇ ، شۇڭا ئىستىقبالى ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرمەيدۇ . ئۇ مىنىستىر ، پارلامېنت ئەزاسى ، مىليونېر بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ گاداي ، مەھبۇس ۋە دارغا ئېسىلغۇچى بولۇپ قېلىشىنىمۇ ئويلىمىغان .

مانا مۇشۇنداق قورقۇنچتىن ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان تەشۋىشتىن قۇتۇلۇشلار ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەن ، ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن . ئەمما ، ئۇ بۈگۈن ، ھازىر بۇ ئائىلىدە ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك ھېس قىلمىدى . مەن ئەركىن قەھرىمان ، دەپمۇ ئويلىمىدى . پەقەت ئۆزىنى «مەن بىر قاچقۇن» دېگەن تۇيغۇدىن قۇتۇلدۇرماقچى ، ئەركىن ، خۇشال ، خۇشخۇي ھېس قىلماقچى بولدى . توغرا ، ئۇ كۈلۈشنى خالايدۇ .

ئىبراھىم غەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى . ئۆزىنىڭ بىر يىلدىن بۇيان كۈلمىگەنلىكى ئېسىگە چۈشتى . قولغا ئېلىنغاندىن بېرى ئۇ چىن كۆڭلىدىن كۈلۈپ باقمىغان ، تۈرمىدىكى چېغىدا تۈرمىداشلىرىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم يالغاندىن بولسىمۇ كۈلگەنىدى . ئەمما ، بۇ ئائىلىدە ئۇ يالغاندىنمۇ كۈلمىدى .

ناۋال قاچىلارنى يىغىشتۇرغىلى كىرگەندە ، ئىبراھىم يەنىلا

چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ناۋالنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى ، ئەمما بېشىنى كۆتۈرمىدى . بەلكى ئۇ بۇ ئاياغ تىۋىشىنى گۈندىپاينىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشاتقاندۇ . ئۇ تۇرمىدىكى چېغىدا كىرگەن گۈندىپايغا زادىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمايتتى .

ناۋال ئارىسالدى بولغان ھالدا ئىبراھىمغا بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە ، پەتنۇسنى ئالدى ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن چىقىپ كەتمەكچى بولدىيۇ ، يەنە بۇرۇلۇپ :

— ئىبراھىم ئەپەندى ، سىزنى بىرەر ئىش بىئارام قىلىۋاتامدۇ ؟ — دېدى .

ئىبراھىم پەرىشان ھالدا جاۋاب بەردى :

— يوقسۇ ! ھېچ ئىش بولغىنى يوق !

ناۋال خۇددى ئىبراھىمنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرغان ئازابنى بىر يولىلا يوقاتماقچى بولغاندەك ، ئۇنىڭغا يېقىملىق نەزەر بىلەن باقتى ۋە :

— سىزگە بىرەر نەرسە لازىممۇ ؟ -- دەپ سورىدى .

— ماڭا كۈلكە لازىم ! — دېدى ئىبراھىم خۇددى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك .

ناۋالنىڭ قولىدىكى پەتنۇس سىلكىنىپ كەتتى ـ دە ، ئۇنىڭدىكى چىنىلەر خۇددى قېچىپ كېتىۋاتقان مۈشۈكنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان كىچىك قوڭغۇراقلاردەك جىرىڭلاپ توختىمىدى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى سەزدى . بۇ ئازاب ناۋالغىمۇ تەسىر قىلىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى .

— ئەتە راسا كۈلۈۋالسىز ، ئىبراھىم ! — دېدى ناۋال تۈنجى قېتىم تارتىنمايلا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ .

بۇنىڭغا ئىبراھىم دىققەت قىلدى .

بۇنى سېزىپ ناۋالنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزاردى ، قولىدىكى پەتنۇس سىلكىنىپ قاچىلار يەنە جىرىڭشىپ كەتتى .

ئىبراھىم ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى ، كېيىن ئۆزىنىڭ ناۋالغا ئاجىز كۆرۈنۈپ قالغانلىقىغا باھانە كۆرسىتىپ :

— مەن بايا ئۆزۈمنىڭ بىرىلدىن بېرى كۆلمىگەنلىكىمنى ئويلاپ بىر كۈلۈپ باقاي دېگەنىدىم، — دېدى.

ناۋال كۈلۈۋەتتى. ئۇ بىرەر ئامال قىلىپ ئىبراھىمنى كۈلدۈرمەكچى بولۇپ تارتىنغان ھالدا سورىدى:

— بىرەر لەتىپە ئېيتىپ بېرەيمۇيا؟

ئىبراھىمنىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلدى. ناۋال لەتىپە ئېيتماستىنلا قاقاقلاپ كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسىغۇ ئاجايىپ ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۇ.

ناۋال بولاقتەك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ بىردەم ئويلاندى-دە، ئويالغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى:

— چاتاق بولدى. بىرىمۇ يادىمغا كەلمەيۋاتىدۇ.

ناۋال بۇرۇلدى-دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا بېشىنى قايرىپ ئوياتچانلىق بىلەن كۈلۈپ:

— بىرەر لەتىپە يادىمغا كەلسىلا كىرىپ ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

ئىبراھىمنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقالدى. ناۋال ئىبراھىمغا ئۆزىنىڭ ئىچىنىڭ ئاغرىسۇن، دېگەندەك ئىلتىجا بىلەن بىردەم قاراپ تۇرۇپ كۆڭلى غەش ھالدا چىقىپ كەتتى.

ئىبراھىم يەنە يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ئەمدى باشقا ئىشلار توغرۇلۇق ئويلىنىشقا رەۋىتى قالمىدى. ئۇنىڭ گېزىت-ژۇرنال ئوقۇغۇسىمۇ كەلمىدى. بىكارچىلىقمۇ ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى، ئارقىدىن مۇھىيدىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى.

مۇھىيد ھۇجرىغا ھودۇققان ھالدا كىردى-دە، ئىبراھىم بىلەن قول ئېلىشماي باش لىڭشىتىش بىلەنلا كۆرۈشتى. ئىبراھىم سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— قانداق؟ ئەھۋال ياخشىمۇ؟

مۇھىيد كىتابلىرىنى ئۈستەلگە تاشلاپ:

— ھېچبىر نەتىجە يوق! — دېدى.

ئىبراھىم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئاۋازىمۇ ۋارقىرىغاندەك چىقتى:

— قانداقسىگە نەتىجە بولمايدۇ؟

مۇھىيد ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە يىغلىغۇدەك بولۇپ:

— مەن فەھمى ئابدۇل ئەزىزنى ئۇچرىتالمىدىم، ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم. باشقىلاردىن سورۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇتۇۋالالمىدى.

– ئۇ قانداق تۇتۇلۇپتۇ؟ قاچان؟ — سورىدى ئۇ.

— تۈنۈگۈن تاڭ سەھەردە. ئۇلار ئۇنى سىزنىڭ تۈرمىدىن قېچىشىڭىزغا ياردەملەشكەن دەپ تۇتۇۋاپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھىيد كارىۋاتتا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ.

ئىبراھىم گەپ قىلمىدى. ئۇ زورىغا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، زېھنىنى يىغىپ ئويلىنىشقا باشلىدى. مۇھىيد بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— باشقىدىن ئويلىنىش كېرەك، — دېدى ئىبراھىم ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

مۇھىيد ئويلىنىشتىن ئۈمىد ئۈزگەندەك تەلەپپۇزدا:

– تېزرەك ئويلىشىمىز كېرەك، ۋاقىت قىس. ھازىر مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى يەنە قاتتىق پاراكەندىچىلىك قاپلىدى. ساقچىلار ھەممە يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ، ئاڭلىسام، ئۇلار ئەللىك ئادەمنى قولغا ئاپتۇ، — دېدى.

— مۇھىمى بىز ئۇبدان ئويلىنىۋېلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئىبراھىم پىسەنت قىلمىغاندەك.

ئۇ مۇھىيدنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ باش قاتۇرسۇن دېگەندەك «بىز» دېگەن سۆزنى مەقسەتلىك ھالدا ئالاھىدە ئۇرغۇدا ئېيتتى، ئاندىن ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. مۇھىيد تەشۋىشلەنگەن

هالدا ئىبراھىمغا قاراپ ـ قاراپ قويانتى . ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىش ، قورقۇنچ ، ئۆچمەنلىك ۋە يېلىنىش ئارىلىشىپ كەتكەندى .

## 6

سىرتقى ئىشىك ۋە بوۋاينىڭ ئاياغ تىۋىشى ، يەنە تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنى ، ئارقىدىن بوۋاينىڭ ئالدىراپ سامىيەدىن گەپ سورىغىنى ئاڭلاندى .

— ئاپاڭ قېنى ؟

مۇھەمىد ئالدىراپ ـ سالدىراپ چىقىۋىدى ، بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى بەردى ـ دە ، سورىدى :

— ئاپاڭ قېنى ؟

موماي ئاشخانىدىن ئىتتىك چىقتى ۋە بوۋاينىڭ كەينىدىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى . بوۋاي ئىشىكنى ياپقاندىن كېيىن تەقىيىسىنىمۇ ئالماي قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە :

— ئابدۇل ھەمدى ئىشخانامغا كەلدى ، — دېدى .

— ھە ، ئۇ نېمە دەيدۇ ؟ — موماي ھېكايە ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان ئادەمدەك سورىدى .

— ئۇ مېنى ، سىز ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر زات ئىكەنسىز ، دېدى ، — بوۋاينىڭ تەلەپپۇزىدا زەردە ۋە مەسخىرە بىلىنىپ تۇراتتى .

— ئۇنىڭغا رەھمەت ، يەنىچۇ ؟ — موماي يەنىمۇ تاقەتسىزلەندى .

— ئۇ ، سامىيەنى ماڭا بېرىڭلار ، دەيدۇ ، — بوۋاينىڭ يۈز مۇسكۇللىرى ئازابتىن تىترەپ كەتتى .

موماي گەپنى چۈشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ :

— ئۇ بۇلتۇر سامىيەگە تەلەپ قويغاندا ، بىز بولمايدۇ دېگەن ئەمەسمۇ ؟ — دېدى .

— بۇ قېتىم ئۇنداق دېيەلمەيمىز ـ دە ! — دېدى بوۋاي تېڭىرقىغان هالدا .

موماي كالتەك يېگەن ئادەمدەك ساپاغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ، خېلى بىر هازادىن كېيىن :

— سامىيەدە نېمە گۇناھ ؟ — دېدى .

بوۋاي ئۈندىمىدى . ئۇ كۆڭلىدە قىزىنى ئابدۇل هەمدىگە بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئىلاج يوق دەپ قارايتتى .

بوۋاي شۇ تاپتا ئۆزىنى چۆكۈش ئالدىدا تۇرغان كېمىدىكى بىر قىسىم مالنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ، يەنە بىر قىسمىنى ئىلاجسىز دېڭىزغا تاشلىماقچى بولۇۋاتقان كېمە باشلىقىدەك هېس قىلدى . ئۇ ئائىلىسىدىكى باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سامىيەدىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتاتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ سامىيەنى قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىنى قىلماي تۇرۇپلا ئۇنى خەققە بېرىۋەتمەيتتى .

دېمى سىقىلىپ پەرىشان بولۇۋاتقان موماي توختىماي «ئاللا ئىگەم ! سامىيەنىڭ نېمە گۇناهى بار ؟ ئاه خۇدا ، ئۇنىڭ قانداق گۇناهى بار ؟ !» دەپ نىدا قىلدى .

— بۇ خۇدانىڭ تەقدىرى . خۇدانىڭ ئىرادىسى ، — دېدى بوۋاي .

بوۋاينىڭ خىيالىغا يەنە ئابدۇل هەمدىنىڭ بۇگۈن ئەتىگەن ئىشخانىدا قىلغان سۆزلىرى كەلدى . ئابدۇل هەمدى پىچىرلاپ دېگۇدەك ، مەنمۇ بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى . مەنمۇ ۋەتەن سۆيۈشتە سىلەردىن قېلىشمايمەن ، دېگەنىدى . ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ماختاپ ، ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا قانداق نامايىشلارغا قاتناشقانلىرىدىن تارتىپ سۆزلەپ كەتكەنىدى ... ئاندىن خۇددى گەپكە گەپ توغرا كېلىپ قالغاندەك سامىيە بىلەن بولغان توي ئىشىنىمۇ تىلغا ئالغانىدى . ئۇ خۇددى بۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولۇشتىكى شەرتى سامىيە بىلەن توي قىلىشتەك ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇ توي ئىشى بىلەن زىچ باغلانغاندەك بىر تەلەپپۇزدا ئالاهىدە

سۆزلەپ كەتكەنىدى .

ئابدۇل ھەمدى دېگەن بۇ ئىپلاس ، خۇمپەر ، لۈكچەك ، تەھدىت سېلىش ئارقىلىق توي قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتاتتى ! بوۋاينىڭ ئۇنى بىر تەستەك سالغۇسى ، ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۇنى ھەم ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكۈسى كەلدى ، بىراق بۇنداق قىلالمىدى . چۈنكى ، ئۇ ھازىر ئاجىز بولۇپ تىز پۈكمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى . ئۇ دەرھال سامىيەنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدىغان بارلىق چارىلەرنى ئويلاپ باقتى . بىرىنچى بولۇپ دەرھال ئۆيگە بېرىپ ئىبراھىمنى قوغلىۋېتىش ، بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋەرمەسلىك خىيالىغا كەلدى . ئەمما ، ئىبراھىمنى چىقىرىۋەتكەن بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى . بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى . ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭغا تاكى سامىيە بىلەن توي قىلغۇچە تەھدىت سېلىۋېرەتتى .

خوتۇنىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى . خوتۇنى قىزى ئۈچۈن ھازا ئېچىۋاتقاندەك ھۆكۈرەپ يىغلاپ :

— ياق ، بولمايدۇ ! بۇ دېگەن ئائىلىمىزدە بولىدىغان تۇنجى توي ! بىز دوختۇرغىمۇ ئۇنىمىغان تۇرساق ، ئەمدى كېلىپ قىزىمىزنى ئابدۇل ھەمدىدەك مۇناپىققا بېرەمدۇق !

بوۋاي كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ ، ئۆزىنى يىغىدىن ئارانلا تۇتۇۋالدى :

— تەھىيە ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال ! مېنىڭمۇ ھالىمغا يەت ... گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام ، ئابدۇل ھەمدى بىزگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ . ئەگەر بىز سامىيەنى بەرمىسەك ، بىزنى ساقچىلارغا چاقىدۇ .

موماي ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ كەتتى :

— ئۇ قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن . مەن قانداقلا بولسۇن ، قىزىمنى ئۇنىڭغا ئىتتىرمەيمەن . قىزىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقىنىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل ! ئىبراھىم نەگە بارسا بارسۇن ! قىزىم بۇ توينى ھەرگىز قىلمايدۇ !

— ئىبراھىم كەتسىلا ئىش پۈتمەيدۇ ـ دە ، مەسىلەن ، مۇھىيد بىلەن مەن ...

موماي يەنە بىر قېتىم داڭقېتىپ قالدى ، ئاندىن قار ياغقۇر تۆكۈلۈپ تۇرۇپ :

— نېمىدېگەن پېشكەللىك بۇ ! توۋا ، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا بۇ بالاغا قالدۇققۇ ! خۇدايىممۇ باغرى قاتتىقلىق قىلماس ! دادىسى ، بىرەر ئامال تاپسىلا ، دادىسى ، قىزلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن دوزاخقا ئىتتىرسىلە بولمايدۇ ، جۇمۇ !

بوۋاي مومايىنىڭ يەلكىسىگە بوش ئۇرۇپ ، مۇلايىملىق بىلەن :

— بولدى قىل ، تەھىيە ! مەن گېپىمنى قىلىپ بولمىدىم ، داۋامىنى ئاڭلامسەن ؟ — دېدى .

بوۋاي مومايىنىڭ تىترىكى بېسىلغۇچە تۇردى ، ئاندىن كۆزلىرى مۆغەمبەرلەرچە چاقناپ كەتتى . ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تۇنجى قېتىم سىناپ باقماقچى بولغاندەك :

— خوتۇن ، قارا ، ھازىر بىز بۇ تويغا رازىلىق بەرگەن بولايلى ، بىز پەقەت ماقۇللا دەپ تۇرىمىز ، ئەلۋەتتە . ھازىر توي قىلىشقا ، مېھمان چاقىرىپ چاي ئىچۈرۈشكە ، ھەتتا ئاكامنىمۇ چاقىرىشقا بولمايدۇ . بىز پەقەت ئابدۇل ھەمدى بىلەن ئېغىزدىلا كېلىشىمىز . چۈنكى ، بىزنىڭ ئاساسىمىز تولۇق . ئىبراھىم بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقاچقا ، ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلالمايدۇ . بىرنەچچە كۈندىن ياكى بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ، بۇ ئىشنى خۇدايىم بىر تەرەپ قىلار !

موماي بۇ گەپلەرنى ئېرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى ، ھەيران بولغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويدى .

— خوتۇن ، چۈشەندىڭمۇ ؟ — دېدى بوۋاي .

موماي ئۆزىنىڭمۇ ئەقلىدە ئۇنىڭدىن كەم ئەمەسلىكىگە ئېرىنى ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك :

— سىلىچە ، بىز يالغاندىن توي قىلىدىكەنمىز ـ دە ! — دېدى .

— توي قىلمايمىز ، ئېغىزدىلا ماقۇل دەپ قويىمىز . ئېغىزدىلا

قوشۇلۇپ تۇرىمىز ، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ دۆتلۈكىنى ئەيىبلىگەن تەرزدە .

— ئاندىن كېيىن يېنىۋالىمىز ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى موماي .

— توغرا ! — دېدى بوۋاي ئاچچىق كۈلۈپ .

موماي ئۇيغا پاتتى ۋە يىغىدىن ئۈزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ :

— ۋاي خۇدايىم ! بولمىغۇدەك ! ئۇنداق قىلساق قىزىمىزنىڭ نامىغا سەت بولىغۇدەك . خەقلەر ئۇنى رازى بولۇپ كېيىن يېنىۋالدى ، دەيدۇ . قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ئۈستىمىزدىن ھەرخىل گەپلەرنى تاپىدۇ ، — دېدى .

بوۋاي خوتۇنىنى رازى قىلىشقا كۆزى يەتمەي جىملە بولۇپ كەتتى :

— خوتۇن ، خەق ھېچ نەرسە دېمەيدۇ . بۇ ئىشنى بىر نەچچىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئابدۇل ھەمدى كىرىپ ـ چىقىپ يۈرسە يۈرىۋەرمەمدۇ ، ئۇ جىيەنىم بولغاندىكىن بىز بىلەن تەڭ باش قاتۇرىدۇ ، كېيىن ئەگەر ئۇ بىزنى چاققان تەقدىردىمۇ ، ساقچىلار نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىدىڭ ، دەيدۇ .

موماي يەنىلا كۆڭۈل تىندۇرالماي :

— ئاللا ئىگەم پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! ئەته نېمە ئىشلار بولار ـ ھە ! بىزدەك ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدۇ دەپ كىممۇ ئىشىنىدۇ ! — دېدى .

بوۋاي خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك :

— خەقلەر سامىيە ھەققىدە نېمە گەپلەرنى تاپمايدۇ ، دەيسەن ؟ چاي ئىچۈرۈپ قويۇپ يېنىۋالغان قىزلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى يوققۇ ، بۇ ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسى تۈرمىدە دېگەندىن ياخشىدۇ ؟

موماي ئېرى ۋە ئوغلى ئۈچۈن چوقۇم قىزىنى قۇربان قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەندەك :

— دادىسى ، بۇنداق ئاغزىلىرىغا كەلگەننى دېمىسىلە ! سىلى بۇنداق دېسىلە مەن تۈگىشىپ كېتىمەن ، خۇدايىم ، مەن ياشماي ! ئۆزۈمنى كىرسىن بىلەن كۆيدۈرۈپلا ئۆلۈۋالاي !

— دېمەكچىمەنكى ··· — بوۋاي تەسەللى بەرمەكچى بولۇۋىدى ، موماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— بولدى ، سۆزلىمىسىلە !

ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى .

— بىز سامىيەنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتساق قانداق ؟ — دېدى بوۋاي .

موماي تەتۈر قارىۋالدى . بارلىق ئىشنى ئېرىگە دۆڭگىمەكچى بولغاندەك قول سىلكىپ :

— چاقىرسىلا ، چاقىرسىلا ، گەپنى ئۆزلىرى قىلسىلا ! — دېدى .

— مەن بالىلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىراي ، — دېدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ . ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى ، — سامىيە ، سامىيە ···

سامىيە ئاشخانىدىن چىقىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى . بوۋاي ئۇنىڭغا خۇددى قۇربان بولۇش ئالدىدىكى ئىپپەتلىك قىزغا قارىغاندەك مېھرىبانلىق بىلەن سەپسالدى .

— ئاكاڭ بىلەن سىڭلىڭنى چاقىرىپ كەل .

ناۋال ھەدىسىنىڭ ئارقىسىدىن چىققانىدى ، دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا مۇھىيدىنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدى . ئۇ ئىشىكنى چېكىپلا قىيا ئېچىپ بېشىنى تىقتى . ئىبراھىم بارمىكىن دېگەندەك ئۆي ئىچىگە قاراپ :

— مۇھىيد ، دادام چاقىرىۋاتىدۇ ! — دېدى .

مۇھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئىبراھىم ئۇنىڭ كەينىدىن گۇمان بىلەن قاراپ قالدى . بوۋاي ئادىتى بويىچە ئىشتىن كېلىپلا ئۇخلايتتى . بۈگۈن نېمىشقا ئۇخلىمىغاندۇ ؟ قارىغاندا ، چوڭ ئىش بولغان ئوخشايدۇ . شۇڭا ، ئۇ

ئۇخلىيالماپتۇ ، - دە . ئىبراھىم شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا مۇھىيد چىقىپ كەتتى .

ئائىلىدىكىلەر جەم بولدى . سامىيە بىلەن ناۋال كارىۋات بېشىغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇردى . مۇھىيد ئىشىك تۇۋىدە تامغا يۆلەندى . ساپادا ئولتۇرغان بوۋاي بىلەن موماي باللىرىغا تىك بېقىپ قارىيالمىدى .

بوۋاي تامىقىنى قىرىپ قويىدى ، خۇددى كانىيىغا تۇرۇپ قالغان نەرسىنى تۇكۇرۇۋەتمەكچى بولغاندەك يەنە بىر قېتىم كانىيىنى قىرىپ قويىدى - دە ، ئالىقانلىرىغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدى :

— ئابدۇل ھەمدى بۈگۈن ئىپتاردىن كېيىن بىزنىڭكىگە كېلىدۇ .

— يەنچۇ ؟ — مۇھىيد بىتاقەت بولۇپ دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى .

بوۋاي لوقما سالما ، دەپ ئەيىبلىگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى :

— بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ بىزنىڭ ئىدارىگە كەپتۇ . مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىبراھىمنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلدىم .

— نېمە قىلماقچىكەن ؟ — دەپ سورىدى ناۋال .

بوۋاي خاپا بولۇپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويىدى - دە ، گېپىنى يەنە داۋام قىلدى .

— ئەلۋەتتە ، سىلەرگە مەلۇم ، بىز ئوسال ئەھۋالدا قالدۇق . بۇنداق شارائىتتا ھەركىم ئىمكان بار كۆپرەك كۈچ چىقىرىشى ، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشى كېرەك .

بوۋاي گېپىنىڭ قانداق تەسىر قىلغانلىقى ، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى ، شۇنداقلا قانچىلىك چىداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك باللىرىغا سەپسالدى . ئۇلار جىمجىت تۇرۇشاتتى ، ھەممىسىلا ئەنسىزچىلىككە چۈشكەندى . بوۋاي تامىقىنى يەنە بىر قېتىم قىرىپ قويۇپ گېپىنى

داۋام قىلدى :

— ئابدۇل ھەمدىنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر . بۇنداق ئادەملەرگە ئاز ـ تولا ھىيلە ئىشلەتمىسەك ، ئۇ ئەسكىلىك قىلىدۇ …

موماي ئېرىگە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قاراپ قويۇپ ، سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— دادىسى ، ئۇلارغا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسىلە ، دەردىنى ھەممىمىز تەڭ تارتىمىز .

— تەھىيە ، ئالدىرىما ! — دېدى بوۋاي ھەمدە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ سۆزلىدى ، — ئابدۇل ھەمدى بۇلتۇر سامىيەگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان . بۇنىڭغا بىز قوشۇلمىغان . بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر . بۈگۈن يەنە شۇ گەپنى قىلىۋاتىدۇ . ئەلۋەتتە ، بىز بۇنىڭغا قوشۇلمايمىز .

سامىيە مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ :

— قىزىق ، ئۇنىڭغا باشقا قىز تېپىلماپتۇمۇ نېمە ! — دېدى .

بوۋاي ئۇنىڭغىمۇ قارىماي :

— بىراق ، بىز بۇدا باشقىچە ئۇسۇل بىلەن رەت قىلىشىمىز ، يەنى ئاۋۋال ئۇنى قوشۇلۇپتۇ ، دېگەن ئويغا كەلتۈرۈشىمىز ، ئاندىن رەت قىلىشىمىز كېرەك ، — دېدى .

مۇھىيد ئۆزىنى بېسىۋالالماي غەزەپ بىلەن :

— ئۇ تەھدىت سېلىپ توي قىلماقچى ئىكەن ـ دە ، ئىپلاس ! مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق رەزىل مۇناپىقنى كۆرمىگەن ! — دېدى .

سامىيە ۋەھىمىگە چۈشتى . ئۇ يەر تېپىپ تۇرۇپ :

— مەن بۇ تەكلىپنى بىر كۈن ، بىر سائەتكىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن ! بولمايدۇ ! بۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ ! تەھدىت سالسۇن ـ سالمىسۇن ، پەرۋايىم پەلەك .

ناۋال ھەدىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى قوغدىماقچى بولغاندەك يېقىن تۇردى .

— ئەگەر سەن بىر سائەتكىمۇ قوبۇل قىلالمىساڭ ، مەن بىر

مىنۇتقىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن ، ئەمما ئىلاجسىزلىقتىن شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتىمىز . مەن ساڭا شۇنى ئېيتايكى ، ئۇ سېنى ئالالمايدۇ . مېنى ئېتىۋەتسىمۇ ، سېنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلمايمەن ، — دېدى بوۋاي .
سامىيە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ سورىدى :
— دادا ، ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن ؟
— سەن ئاز ـ تولا ئۇنىڭ رايىغا باققىن ، ئۇنى ئانچە ـ مۇنچە ئۇمۇندۇرۇپ قوي .
سامىيە دادىسىنىڭ ئۆزىگە بۇنداق تەلەپ قويۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي :
— رايىغا باققىن دەمسىز ؟ بۇ ئىشنى قانداق قىلىمەن ؟ — دېدى .
دادىسى گەپنى ئوچۇق دېيىشتىن ئىزا تارتقاندەك ، ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ :
— ئۇنى بىزنى قوشۇلۇپتۇ دېگەن ئويغا كەلتۈر ، دېمەكچىمەن ، — دېدى .
سامىيە قەستەن دادىسىنى ئوسال ئەھۋالغا قويماقچى بولغاندەك يەنە سورىدى :
— ئەمىسە ، قانداق قىلسام بولىدۇ ؟
بوۋاي ئەمدى تاقەت قىلالماي ۋارقىراپ كەتتى :
— قانداق قىلىدىغىنىڭنى مەنمۇ ئۇقمايمەن ، شۇنى بىلگىنكى ، مەن ئابدۇل ھەمدى ساڭا خوجايىن بولىدۇ ، دەۋاتمايمەن . ئەگەر ئۇ قىلىقسىزلىق قىلىدىغان بولسا ، قولىنى كېسىۋەت ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ — كېيىن ئۇ ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ يىلىندى ، — ماڭا بۇ دەردلەر بەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ . ياردەم قىلىڭلار !
— بۇنىڭ ھەممىسى ئۆيىمىزدە تۇرۇۋاتقان ھېلىقى ئەپەندىنىڭ كاساپىتى . مەن تۇگەشتىم . مەن تويدۇم . ئەمدى گەپ قىلماي تۇرالمايمەن . بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن . ھامما ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرىمەن . بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرمايمەن . بىرەر ئامال

تېپىڭلار ! بۇنداق بولىۋېرىدىغان بولسا ھەممىمىز بالاغا قالىمىز ، — دېدى سامىيە كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ .
ئاپىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ پەپىلەپ قويدى . ناۋال گويا ھەدىسىنىڭ سۆزلىرى ئۆزىگە قارىتىلغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى .
مۇھىيد قاپىقىنى تۈرۈپ سورىدى :
— سىلەرچە ، ئابدۇل ھەمدى بىزنىڭ نىيىتىمىزنى بىلىۋالماسمۇ ؟
— راستىنى ئېيتسام ، بالام ، مەنمۇ بىلمەيمەن . ئېيتقىنا ، باشقا ئامال بارمۇ ؟ — دېدى بوۋاي ھالسىزغىنا .
مۇھىيد جىم بولۇپ ئابدۇل ھەمدىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇشنىڭ باشقا ئامالىنى ئويلىدى ، ھەرقانچە ئويلاپمۇ كاللىسىغا بىر نەرسە كەلمىگەندىن كېيىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى .
بوۋاي ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى .
— بۇ ئىشنى ئىبراھىمغا ئېيتمىغىن ، ئۆزىمىز بىلەيلى .
مۇھىيد كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ :
— بولىدۇ ! — دېدى .
ئۇ ئەمدى مېڭىشىغا ، دادىسى يەنە :
— سەن ئۇنىڭغا ئابدۇل ھەمدى بۈگۈن ئاخشام ئۆيىمىزگە كېلىدىكەن . سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ، دېگىن . ئىدىيىسىدە تەييارلىق بولسۇن ، — دېدى .
— بولىدۇ ! — دېدى مۇھىيد ئىنتائەتمەنلىك بىلەن .
— ئىبراھىم دوستلىرى بىلەن ئالاقىلىشەلىدىمىكىن ؟ — دېدى بوۋاي يەنە ئۇنى توختىتىۋېلىپ .
— ياق ، — دېدى مۇھىيد تاقەتسىزلىنىپ .
بوۋاي ئىلاجسىز قالغاندەك بېشىنى ساڭگىلاتتى .
مۇھىيد خۇددى ئىبراھىمنى ياكى ئابدۇل ھەمدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك غەزەپلىك ئەلپازدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
ئىبراھىم مۇھىيدنى سوئال نەزىرى بىلەن قارشى ئالدى .

ئەمما ، مۇھىيد ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇردى ، چىرايى تۇتۇلغان هالدا تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ، بارمىقىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى .

ئىبراھىم دوستىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كۈلۈمسىرەپ :

— نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بوپتۇ ؟ — دېدى .

— هېچ ئىش يوق ! ئابدۇل ھەمدى بۈگۈن ئاخشام ئۆيىمىزگە كەلگۈدەك ، — دېدى مۇھىيد زەردە بىلەن .

شۇئان ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى . ئەمما ، چاندۇرماي خاتىرجەم هالدا سورىدى .

— نېمىشقا ؟

مۇھىيد ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ ، سىز بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن كېلىدىكەن . دادام سىزنى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسۇن ، دەيدۇ . شۇنداق بولسا ياخشىراق بولار . بىز ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان ، ئەمما ئۇمۇ بىز بىلەن تەڭ تەشۋىشلىنىدىغان بولسۇن .

— بولىدۇ ، — دېدى ئىبراھىم بېشىنى ساڭگىلىتىپ .

مۇھىيدنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى ۋە زەردە بىلەن سورىدى :

— بولىدۇ دېگىنىڭىز نېمىسى ؟

ئىبراھىم ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي :

— تاغام شۇنداق دەپتۇ ، مەنمۇ بوپتۇ ، كۆرۈشەي دېدىم شۇ ، — دېدى .

مۇھىيد ئاچچىقىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن يوقاتماقچى بولۇپ كىتابتىن بىرنى ئالدى ۋە :

— دادام سىزنى دوستلىرى بىلەن ئالاقىلىشەلىدىمىكىن ، دەپ سوراۋاتىدۇ ، — دېدى .

— يەنە بىر ئادەم بار ، ئۇنىڭ بىلەن تېزدىن ئالاقىلەشسەك بولاتتى .

— ئۇ كىم ؟

— پەتهى مەلىجى .

مۇھەيد ئىبراھىمنىڭ دوستلىرىنىڭ ھەممىسىنى زاڭلىق قىلغۇسى كەلگەندەك تەلەپپۇزدا :

— تونۇمايدىكەنمەن ، — دېدى .

— ئۇ بىز بىلەن بىر مەكتەپتە ئەمەس . ئۇ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ ، — دېدى ئىبراھىم خاتىرجەم ھالدا .

— بەلكى ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەتكەندۇ ، — دېدى مۇھەيد ئىبراھىمغا قارىماي .

ئىبراھىم ئۆزىنى باسالماي قالدى . بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاچچىقلىنىشى ئىدى . ئۇ مۇھەيدقا قاراپ خۇددى ئۇنى كونترول قىلماقچى بولغاندەك :

— مۇھەيد ، قۇلاق سال . بىز قىلىۋاتقان ئىشتا ھەرقانداق ئامالنى قىلىپ باقىمىز . شۇڭا ، ھازىرقى ئەھۋالدا ئاسانلا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ . پەتهى مەلىجى قولغا ئېلىنغان بولۇشىمۇ ، ئېلىنمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . مۇھىمى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئالاقىلىشىپ باقايلى ، بولمىغاندا باشقا ئامال قىلارمىز ، — دېدى زەردە بىلەن .

مۇھەيدمۇ بوش كەلمىدى :

— ئۇنداق ئامال ، بۇنداق ئامال دەيسىز ، زادى قاچان بىر باشقا چىقىدۇ بۇ ئىش ؟

ئىبراھىم سەل پەسكويغا چۈشتى :

— سىلەرگە كۆپ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنىمنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن . كەلگىنىمگە ئىككى كۈن بولدى . سىلەرنىڭمۇ نېمە خىيالدا بولۇۋاتقىنىڭلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن . داداڭ مېنى بۇ يەردە كۆپ بولسا تۆت كۈن تۇرساڭ بولىدۇ ، دېگەن . ئەگەر ئۇ گېپىدە تۇرىدىغان بولسا ، مەن تۆتىنچى كۈنى ساقچىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ بولسىمۇ ، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن .

مۇھەيد دەرھال ئاچچىقىدىن ياندى . ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى ئويلاپ ئەپۇ سورىدى :

— ئىبراھىم، كەچۈرۈڭ! مەن قەستەن قىلغىنىم يوق. سىزمۇ بىلىسىز، بۇ ئىككىمىز بىلەنلا تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس.

ئىبراھىم مۇھىيدنى تېخىمۇ خىجىل قىلماقچى بولغاندەك جىم تۇرۇۋالدى. ئاخىر مۇھىيد:

— ئۇ دوستىڭىز بىلەن قانداق ئالاقىلىشىمىز؟ — دېدى.

ئىبراھىم ئويغا پاتقان قىياپەتتە:

— بىلمىدىم ... سېنىڭچە، قانداق قىلسام بولار؟ — دېدى.

مۇھىيد مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈۋەتتى، چۈنكى ئۇ ئىبراھىمنىڭ تاكتىكىسىنى بىلىۋالغانىدى. شۇڭا:

— ئەلۋەتتە مەن بارىمەن - دە! — دېدى ئۇ.

— بولمايدۇ، سەن بارمىغىن!

— ئۇنداقتا، كىم بارىدۇ؟ داداممۇ؟ — دېدى مۇھىيد زاڭلىق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا.

ئىبراھىم تالىشىشقا ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن:

— ياق! ناۋال بارسۇن! — دېدى.

مۇھىيد تۇرۇپلا قالدى ۋە ھەيران بولۇپ سورىدى:

— سىڭلىم ناۋالمۇ؟ چاقچاق قىلىۋاتامسىز، قانداق؟

— مەن پەتھىنى نازارەت ئاستىدىمىكىن دەيمەن. ئەگەر سەن بارساڭ، ساقچى ئارقاڭغا چۈشۈشى مۇمكىن. ناۋال ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ دوستى سۈپىتىدە بارىدۇ.

مۇھىيد ئويغا پاتتى، بىر چاغدا ئۈستەلگە بىرنى ئۇرۇپ:

— مەن سىڭلىمنى بۇنداق ئىشلارغا قاتناشتۇرمايمەن. مېنىڭ قاتناشقىنىممۇ يېتەر، — دېدى.

ئىبراھىم مۇھىيدنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەن تەلەپپۇزدا:

— بۇ ئىشقا بىز ھەممىمىز قاتنىشىۋاتىمىز، — دېدى.

مۇھىيد جاھىللىق قىلىپ ئۇنىمىدى:

— ياق! سىڭلىم بۇ ئىشقا قاتناشمايدۇ! باشقا ئامال تېپىڭ.

— ئويلاپ باقمن ، ئەگەر باشقا ئامالىم بولسا ناۋالنى ئارىلاشتۇراتتىممۇ ، مەن مۇشۇ چاغقىچە ئىشىمغا بىرەر قىزنى ئارىلاشتۇرغان ياكى بىرەر قىزغا ئىشەنگەن ئەمەسمەن . ئەمما ، بۇ قېتىم بىر قىز بارمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى ، — دېدى ئىبراھىم ئامالسىز قالغان بىر قىياپەتتە .

— سىڭلىم بۇ ئىشقا زادى ئارىلاشماسلىقى كېرەك . بىزنىڭ ئۆيدە بولۇۋاتقان پاراكەندىچىلىك ئازمۇ ؟ — دېدى مۇھىيد زەردىسى قايناپ .

— بوپتۇ ، ئۇنداقتا سەن بىر ئامال تاپقىن !

ئۆينى ئۇزۇنغىچە سۇرلۇك جىمجىتلىق باستى ، ھەر كىم ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى .

توساتتىن مۇھىيد خۇددى ئىچىدىكىنى بىراقلا تۆكۈۋەتكۈسى كەلگەندەك سۆزلەپ كەتتى .

— پەتھى دېگەن ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى مەن نەدىن بىلەي ؟ شۇنداق ئەھۋالدا سىڭلىمنى ئۇنىڭ ئۆيىگە قانداق ئەۋەتىمەن ؟ ئۇ بەلكى بىر لۈكچەكتۇر ، كېيىن ئېگىز - پەس سۆزلەپ يۈرسە قانداق بولغىنى .

پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى سەزگەن ئىبراھىمنىڭ تۈرۈلگەن قاپىقى ئېچىلدى .

— ناۋال ئۇنىڭ بىلەن ئۆيىدىكىلىرى قېشىدا كۆرۈشىدۇ ، يەنى ئاۋۋال ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ . ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ، ھەتتا سېنىڭ ئىسمىڭنىمۇ چىقارمىسا بولىۋېرىدۇ . مېنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمنىمۇ ئېيتمىسۇن . بۇنىڭ ھېچبىر يامىنى يوق . ئەگەر پەتھى مەلىجى ئوڭ - تەتۈر گەپ قىلماقچى بولسا ، سىڭلىڭنى ئويلىمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى ئويلايدۇ !

— دادام ئۇنىماسمىكىن ، ئەگەر ئۇ بىلىدىغان بولسا بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . ئۇ دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم .

— بۇ ئىشنى داداڭغا ئۇقتۇرمايمىز ! — دېدى ئىبراھىم بۇيرۇق ئاھاڭىدا .

مۇھىيد ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمىدى . چۈنكى ، ئۇ قايىل بولغانىدى .

— ئۇ قاچان بارىدۇ ؟ كەچقۇرۇن بارسا بولامدۇ ؟

ئىبراھىم دوستىغا ياپسام پىشارمىكىن ، كۆمسەم پىشارمىكىن دەپ ئولتۇرماي ، ئىشقا دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇش مەقسىتىدە :

— ئۇ ھازىرلا بارسۇن . ھازىر سائەت ئۈچ يېرىم بولدى . ئىسپىتاردىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلەيدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆيى يىراق ئەمەس ، دەقى رايونىدا ، — دېدى .

مۇھىيد ئالدىدىكى كىتابنى ياپتى ، ئاندىن ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ۋارقىرىدى :

— ناۋال ، ھەي ناۋال !

ناۋال ھۇجرىسىدىن ئاستا چىقتى ، ھەدىسىنىڭ يىغىسىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغاچقا ، پەرىشان ھالدا سورىدى :

— نېمە بولدى ؟ نېمانچە ۋارقىرايسەن ؟

— كەلگىنە ، ئازراق ئىش بار ! — دېدى مۇھىيد جىددىي قىياپەتتە .

مۇھىيد قايتىپ كىرىشكە ئارقىدىنلا ناۋالمۇ كىردى . ئۇ ئىبراھىمغا خۇددى مېنى قوينۇڭغا ئالساڭچۇ ، دەپ يېلىنىۋاتقاندەك ، ئۆزى ئۇچۇن ، ئىبراھىم ئۇچۇن ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەقدىرى ئۇچۇن راسا يىغلىغۇسى كېلىۋاتقاندەك مىسكىن قىياپەتتە باقتى . ئىبراھىم ناۋالغا كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشتىن خىجىل بولۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى .

— ئىبراھىم ساڭا بىر ئىشنى دېمەكچى ، — دېدى مۇھىيد ئىشىكنى يېپىۋېتىپ .

ئىبراھىم گەپنى ئۆزىگە قالدۇرغانلىقىغا نارازى بولغاندەك مۇھىيدقا بىر قارىۋېتىپ ناۋالغا يۈزلەندى ۋە كۆزىنى دەرھال يەرگە تىكتى .

ناۋال بىر ئاكىسىغا ، بىر ئىبراھىمغا قاراپ ھەيران بولۇپ

تـۇرۇپ قالدى . ئىبراھىمنىڭ ئۆزىگە نېمە دەيدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ يېتەلمىدى . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىبراھىم دەيدىغان بىرلا گەپ بار ئىدى ، بىراق ئىبراھىم ئۇنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى !

ئىبراھىم خورسىنىپ قويدى ، ئارقىدىن يەنە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ :

— مۇنداق ئىش ، مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار . ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم ئالاقىلىشىشىم كېرەك . بۇنىڭغا سىزدىن باشقا ئادەم بارالمىغۇدەك …

ئىبراھىم گويا ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى بىراقلا تاشلىۋەتمەكچى بولغاندەك ناھايىتى تېز سۆزلىدى .

ناۋالنىڭ قەلبىدىن شاد كۈلكە ئۇرغۇپ چىقتىيۇ ، لەۋلىرىدە زاھىر بولمىدى . ئۇ گەپ قىلمىدى ، ئىبراھىمنىڭ ئېيتقانلىرى راستمۇ دېگەندەك ، ئاكىسىغا قاراپ قويدى .

ئىبراھىم ئۇنىڭ قارىشىدىكى مەنىنى چۈشىنىپ :

— مۇھىد بىلەن ئىككىمىز باشقا ئامال تاپالمىدۇق ، -- دېدى .

ناۋال ھاياجانلىنىشقا باشلىدى . ھەدىسىنىڭ يىغىسى پەيدا قىلغان ئۇنىڭدىكى پەرىشانلىق نەلەرگىدۇ يوقالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر خىزمەتنى بېجىرىشكە بارىدىغانلىقىنى سەزدى ، ئەمما بۇ خىزمەتنى مىسىر ئۈچۈن ، بىر قەھرىمان ئۈچۈن قىلىمەن دېمەي ، پەقەت ئىبراھىم ئۈچۈن ، مەن ئۇچراتقان ئەزىمەت ئۈچۈنلا قىلىمەن ، ئەمدى مەن ئىبراھىم بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتىم ، ھەتتا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى سېزەلەيدىغان بولدۇم ، دەپ ئويلىدى - دە ، دەرھاللا :

— مەن قانداق بارىمەن ؟ — دەپ سورىدى .

ئىبراھىم يەنىلا ئۇنىڭغا قارىمىدى . ئۇنى پىلاننى ئىجرا قىلىشقا قاتنىشۋاتقان ناۋال ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ مەخپىي گۇرۇپپىسىدىكى بىر سەپدىشى دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرمەكچى بولدى .

— ئۇنىڭ ئۆيى دەقى رايونى ئىسمىل كوچىسىدىكى 15 -

نومۇرلۇق ئۆي ، — دېدى ئىبراھىم ، — ئەگەر ئىشىكنى باشقا بىرى ئېچىپ قالسا ، مەن ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىكى ساۋاقدىشى ، ئۇنىڭدىن كونسپېكت سوراپ كەلگەنىدىم ، دەڭ . ئۇنى كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى ئېيتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق . مېنىڭ نەدىلىكىمنىمۇ ئېيتماڭ . سىز پەقەت ئۇنىڭغا ئىبراھىمغا بىر قۇر ئوفىتسېر كىيىمى ۋە بىر كىچىك ئاپتوموبىل لازىم ئىكەن ، سىز ئېپتارغا زەمبىرەك ئېتىپ ئون مىنۇتتىن كېيىن نىل دەرياسى كوچىسىدىكى قولۋاقچىلار كۇلۇبىنىڭ ئالدىدا ، يەنى جىز تەرەپتە ئىبراھىمنى ساقلاپ تۇرۇڭ ، دەپ قويسىڭىزلا بولىدۇ . بۇ ئىشلارنى ئەتە قىلىپ بولسۇن ، كېچىكسە بولمايدۇ . بۇنى ئۇچۇق ئېيتىپ قويۇڭ . مەن بۇ يەردە تۇرنۇەرسەم بولمايدۇ .

ناۋالنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى جىددىي تۇس ئالدى ، ئاندىن ئىبراھىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى مىدىرلاتتى ، ئىككى مەڭزىدىكى زىنىقى بەئەينى تاڭ يۇلتۇزىدەك گاھ يوقىلىپ ، گاھ پەيدا بولدى .

ئۇ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن «يەنە نېمە گېپىڭىز بار» دەۋاتقاندەك ھەمدە ئۆز سۆيگۈنىنىڭ بۇيرۇقىغا چىن كۆڭلىدىن بويسۇنغاندەك بىر خىل قىياپەتتە ئىبراھىمغا بولغان ئىنتائەتمەنلىكى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى ، شۇڭا ھاياجانلانغىنىنى قىلچە چاندۇرماي ئىنتايىن يېقىملىق ئاۋازدا :

— ئاپامدىن سىرتقا چىقىشقا نېمە دەپ رۇخسەت ئالىمەن ؟ — دېدى .

— سەن ئاپامغا پەجىيەنىڭكىگە ياكى باشقا بىر دوستۇمنىڭكىگە بارىمەن دېگىن ، — دېدى مۇھىيد .

— ئۇنىمايدۇ ! — دېدى ناۋال خاتىرجەملىك بىلەن .

— سىز ئاپىڭىزغا ، مەن ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ قوياي ، بولمىسا ، ئۇلار كېلىپ چاتاق تېرىمىسۇن دەڭ ، — دېدى ئىبراھىم .

— بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى ··· ئۇنىڭ ئىسمى

نېمە؟ — دېدى ناۋال قايىللىق بىلەن ئىبراھىمغا قاراپ .
— كىمنىڭ ! — ئىبراھىم ھەيران بولۇپ سورىدى .
— مەن ئىزدەپ بارىدىغان ئادەمنىڭچۇ ! — دەپ كۈلۈۋەتتى ناۋال .
ئىبراھىممۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى :
— پەتھى مەلىجى .
— ھازىرلا بارامدىمەن؟
ئىبراھىم ھاياتى ۋە ئىستىقبالىنى ناۋالغا بىرىشكە چىن كۆڭلىدىن رازى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى ۋە :
— ھازىرلا بېرىڭ ، — دېدى .
ناۋال ئىبراھىمدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي :
— بولىدۇ ! — دېدى .
ناۋال مېڭىشىغا مۇھىيد توختىتىۋالدى ـ دە ، يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى :
— ناۋال ، پەخەس بول ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاش بىپەرۋا بولما . ئەگەر بىرەر ئىش بولىدىغانلىقىنى ، ئارقاڭغا بىرەرى چۈشكەنلىكىنى سەزسەڭ ياكى بىرەرى چاتاق چىقارسا ، دەرھال قايتىپ كەل !
— بولىدۇ ، — دېدى ناۋال خۇشاللىقتىن گەپ قىلالماي ئارانلا .
ناۋال ئۆيدىن گويا ئىبراھىمدىن يىراقلىشىۋاتقاندەك ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقاندەك تېز چىقىپ كەتتى .

## 7

ناۋال دوستۇمنى يوقلاپ كېلىمەن ، دېگەن باھانە بىلەن ئاپىسىنى ئوڭايلا ماقۇل كەلتۈردى ، قەستەن ئالدىرىمىغان قىياپەتتە كىيىمىنى ئالماشتۇردى .
ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە تەمكىن تۇتاي دېسىمۇ ، قوللىرى

ئىختىيارسىز تىترەيتتى ، پايپىقىنى كىيگۈچە يىرتىۋەتتى ۋە يىرتىق يوغىناپ كەتمىسۇن دەپ ، تۈكۈرۈكىدە يەملەپ قويدى .

پايپىقىنى كىيىۋاتقان ناۋال ئۆزىنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ ، ئەتەي ئېغىر - بېسىق بولۇۋالغانلىقىغا كۈلگۈسى كەلدى .

ئۇنىڭ قوللىرى قورققانلىقتىن ئەمەس ، بەلكى بىر تەۋەككۈلچىلىك يولىغا ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقى ، ئۆزى بىلمەيدىغان يېڭى بىر ئالەمگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن تىترەيتتى . ناۋال بىر كۆزى بىلەن نامەلۇم ئالەمدىكى يورۇقلۇقنى ، بىر كۆزى بىلەن قاراڭغۇلۇقنى كۆرگەندەك ، بىر قۇلىقى بىلەن ئۇنىڭدىكى بۇلبۇللارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايرىغىنىنى ، يەنە بىر قۇلىقى بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۆركىرىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدى .

ئەمما ، بۇ ئالەمدە ناۋالنىڭ كۆزىگە ئىبراھىملا كۆرۈنەتتى . ئۇ ئۆزىنى ئىبراھىمغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك ، مۇھەببەتلىشىشنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇنىڭغا كۆرۈنگەن يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئىبراھىمدىن تارقىلىۋاتاتتى . ئۇ ئاڭلىغان بۇلبۇللارنىڭ خۇشناۋاسى بىلەن يىرتقۇچلارنىڭ ھۆركىرىشى ئىبراھىمنىڭ ئەتراپىدىن چىقىۋاتاتتى . ئۇ ئىبراھىمغا قاراپ مېڭىشنى ئويلايتتى ، ئەمما ئارىسالدى بولاتتى . چۈنكى ، ئۇ ئىبراھىم توغرۇلۇق ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتى . بىر خىل تۇيغۇ ئۇنى ئىبراھىمنى ئويلاشقا ، ئىبراھىمنى ئىزدەپ تېپىشقا مەجبۇرلايتتى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇشىنى تىلەيتتى . ئىبراھىم ئاغرىقتەك ، ناۋال قانداق داۋالاشنى بىلمەي دوختۇر تاپماقچى بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاتراۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى . شۇڭا ، ھازىر ئۆزىنى ئاشۇ دوختۇرنى چاقىرىشقا ماڭغاندەك ھېس قىلدى .

ناۋال ئىككى تال ئۆرۈلگەن توم سۇمبۇل چېچىنى ئارقىسىغا تاشلىغان پېتى ئۆيىدىن چىقىپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە ماڭدى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى

خىيالىغا كەلتۈرمىدى ، ساقچى ، تۈرمە دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئىبراھىمنى قۇتۇلدۇرۇشتا بولۇپ ، شۇ دوختۇرنى تاپالماي قالارمەنمىكىن ياكى دوختۇر ئامالسىزمەن ، دەپ باش چايقارمىكىن ، دەپلا تەشۋىشلىنەتتى . ئۇ ئىختىيارسىز ئاكىسىنىڭ «ناۋال ، پەخەس بول ! ئەگەر بىرەر ئىش بولىدىغانلىقى ، ئارقاڭغا بىرەرى چۈشكەنلىكىنى سەزسەڭ ياكى بىرەرى چاتاق چىقارسا دەرھال قايتىپ كەل !» دېگەن نەسىھىتىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە ، سەگەكلەشتى . ئۇ گۇمانىي نەزەر بىلەن ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلارغا سەپسالدى . ئۇنىڭغا ئاپتوبۇستىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ، ئىبراھىمنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىۋالغاندەك ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەخپىي ساقچىلاردەك ، دوختۇرنىڭ يېنىغا بارماي تۇرۇپلا ئۆزىنى تۇتۇپ كېتىدىغاندەك ، تۈرمىگە تاشلايدىغاندەك بىلىندى . ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . ئەمما ، ئۇ دەرھال بۇ بولمىغۇر خىياللارنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى بېسىۋالدى .

ناۋال ئەنگلىيە كوۋرۇكى مەيدانىدا ئاپتوبۇستىن چۈشتى .

ئۇ ئىسمىل كوچىسىغا كىرىپ ، ئىشىكلەرنىڭ نومۇرلىرىغا سەپسېلىشقا باشلىدى . 13 ـ نومۇرلۇق ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، گويا كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنى ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندىگەندەك ئىختىيارسىز ئارقىسىغا قاراپ قويدى . ئارقىسىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئالدىغا مېڭىپ 15 ـ نومۇرلۇق ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . بۇ چاغدا ، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى كېيىنكى قەدىمىگە باغلىق بولۇپ قالغاندەك يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق سوقۇپ كەتتى . ئۇ خېلىغىچە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى . بۇ ئارىسالدىلىقتا ئىزا تارتىش ، ھودۇقۇش بار ئىدى . ئۇ بىردىنلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك رېئاللىققا قايتتى ـ دە ، ئىبراھىمنىڭ قاچقۇن ئىكەنلىكىنى ، ئۆزى ئۇنىڭ قېچىشىغا ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم بىلدى . ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم بىر يات ئائىلىنىڭ ئىشىكىگە يالغۇز كېلىپ ،

ناتونۇش ئادەم بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.
ناۋال ئۆزىدىكى ئارىسالدىلىقنى يېڭىشكە تىرىشىپ بۇ ئىمارەتنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ كاتتا بىر داچا بولۇپ، ئەتراپى گۈللۈك ئىدى. خوجايىنىنىڭ پۇلدار ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇ ساراسىمە ئىچىدە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كونۇپكىسىنى باستى. ئاق يەكتەكلىك قاپقارا خىزمەتكار ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ناۋال تىترىگەن ئاۋازدا ئاستا سورىدى:
— پەتھى ئەپەندى ئۆيدىمۇ؟
— مەن ئۇنىڭغا سىزنى كىم دەپ ئېيتىمەن؟ — خىزمەتكار گەپ قىلغاندا ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈندى.
— مېنى ساۋاقدىشىڭىز ئىكەن دەڭ، — دېدى ناۋال يەنىلا تىترەك ئاۋاز بىلەن.
— سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، مەن مەلۇم قىلاي.
خىزمەتكار ناۋالنى ھەشەمەتلىك بىر زالغا باشلاپ كىردى. ئەمما، ناۋال بۇ زالنىڭ كاتتىلىقىغا، ئۇنىڭدىكى ئېسىل ساپالارغا، ھەل بېرىلگەن ئۇستەللەردىكى قەدىمكى زامان نەرسىلىرىگە سەپسالمىدى، خۇددى قورۇق ئۆيگە، ھەتتا ئولتۇرغۇدەك ئورۇندۇقمۇ يوق ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدى.
ئىتتىك قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىز پەيدا بولدى، ئۇ قىز ھەم چىرايلىق، ھەم ئېسىل كىيىنگەنىدى.
قىز ئاستا مېڭىپ ناۋالنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، قولىنى سۇنۇپ سالاملاشتى.
— ياخشىمۇسىز!
ناۋال ئۇيالغان ھالدا قىزغا سالام قىلدى.
ئۇ قىز ناۋالنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەختىنى بىلمەكچى بولغاندەك بېشىدىن ئايىغىچە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، سوغۇقلا:

— سىز پەتھى بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇمسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— ھەئە ، — دېدى ناۋال توكۇرۇكىنى يوتۇۋېتىپ .
قىز يەنىلا ئۇنىڭغا سەپسالغان ھالدا سورىدى :
— ئۇ ئوخلاۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا دەپ قويىدىغان بىرەر گېپىڭىز بارمىدى ؟
ناۋال سەل ھودۇقتى ، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ :
— ئۇنى ئويغىتىپ قويسىڭىز بولارمۇ ، ئۇنىڭغا دەيدىغان ناھايىتى مۇھىم ئىش بار ئىدى ، — دېدى .
ئۇ قىز ناۋالغا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلىپ :
— پەتھىنى ئويغات دەمسىز ؟ بولمايدۇ ! بۇ مېنىڭ جېنىمنى ئالغانلىق ئەمەسمۇ ؟ ھەرقانداق ئىشنى قىلىمەنكى ، پەتھىنى ئويغىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن ، — دېدى .
— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئەگەر ئويغاتسىڭىز ، ئۇ چوقۇم خاپا بولمايدۇ . بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش ، — دېدى ناۋال دەرھاللا .
— سىزگە نىسبەتەن مۇھىم ـ دە !
ناۋال قىزنىڭ سۆزىدىكى مەنىنى چۈشەندى ـ دە ، ھۆپپىدە قىزاردى ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى . ئۇ قىزنى بىر تەستەك سېلىۋەتمەي يەنە دەپ ئىمكانقەدەر غەزىپىنى باستى :
— ئۇنى ئويغىتىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . ئەگەر ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشنى خالىمىسا ، كېلىپ ماڭا دەڭ .
قىز ھەيرانلىق بىلەن ناۋالغا قاراپ پەسەنت قىلمىغاندەك تەلەپپۇزدا :
— قارىغاندا ، بەك مۇھىم ئىشتەك تۇرىدۇ ، تەلەيلىك ئىكەنسىز ، — دېدى .
بۇ گەپكە ناۋالنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى ، ئۇ يەنە سورىدى :
— ئۇنىڭغا سىزنى كىم دەيمەن ؟
ناۋالنىڭ ئاچچىقى ياندى ، ئۇ ئويلاپ تۇرۇپ :
— زەينەپ دەڭ ، — دېدى . ئارقىدىنلا بىرنەرسە ئېسىگە

كەلگەندەك قوشۇپ قويدى ، — زەينەپ ھەمدى !

قىز پەرۋا قىلماستىن مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ناۋال يالغۇز قالدى . بايىقى «ھەمدى» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى . بۇ ئىبراھىمنىڭ فامىلىسى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ فامىلىسىنى قوللاندى . بۇنداق قىلىشقا ھەققى بارمۇ ؟ ئۇنىڭ ئىسمى كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ناۋال ھەمدى» بولارمۇ ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ بەكلا ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىنى سېزىپ ئىزا تارتىپ كەتتى . ئەمما ، ئۆز ئىسمىنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئىسمى بىلەن بىرىكىپ بىر ئىسىم بولۇشىنى ئويلىشى بىلەنلا قەلبىنى شېرىن بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالغاندەك بولدى .

ئۇ ئەتراپقا قاراپ ، يېنىدىكى ساپادا كېرىلىپ ئولتۇردى ـ دە ، خىيالغا كەتتى . بىر چاغدا ۋەزىپىسى ئېسىگە كېلىپ ساپانىڭ لېۋىگە سۈرۈلۈپ جىددىي قىياپەتتە تۈز ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزۇن ساقلىدى .

ناۋال زېرىكىپ ئەتراپتىكى كاتتا ئۆي جاھازلىرىغا سەپسېلىشقا باشلىدى . ئېسىل ساپالارنى ، ھەل بېرىلگەن ئۈستەل ئۈستىدىكى قەدىمكى زامان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدە : «تۇۋا ، ئىبراھىمنىڭ دوستلىرى ئىچىدە مۇشۇنداق راھەت ـ پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىرىمۇ باركەنە ؟» دېدى . ئۇ ئەسلىي ئۇلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرىدىغان ، راھەت تۇرمۇشقا كۆنەلمەيدىغانلار ، تاپانچىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق جەڭچىلەر ، دەپ ئويلىغانىدى .

ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ۋىجىككىنە بىر يىگىت كىرىپ كەلدى ، ئۇنىڭ مەڭز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان ، قولىنىڭ كۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ، چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەنىدى . يىگىت كېچىلىك كىيىمنىڭ ئۈستىگە دوخاۋا خالات كىيىۋالغانىدى ، قىزارغان كۆزلىرىدىن ئۇيقۇسىغا قانمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . پەتھى مەلىجى دېگەن مۇشۇمىدۇ ؟ ناۋال ئۇنى قاۋۇل ، كۈچلۈك ، بەرنا يىگىت دەپ پەرەز قىلغانىدى . ئىبراھىمنى

قۇتۇلدۇرىدىغان ئادەم كۈچلۈك بولۇشى كېرەك ـ دە!
ناۋال ئىشەنمىگەندەك تەئەججۇپ بىلەن تىكىلگەن هالدا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. يىگىتمۇ ناۋالغا ئوخشاشلا هەيران ئىدى. شۇ ئەسنادا، ناۋال يىگىتنىڭ سىڭلىسى كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەتئىي تەلەپپۇزدا:
— كەچۈرۈڭ، سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يىگىتنىڭ سىڭلىسى ئاڭلىسۇن دەپ ئاۋازىنى قەستەن كۆتۈرۈپ.
قىز «قارا دېگەن گېپىڭنى» دېگەندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويدى ـ دە، بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.
ناۋال يىگىتكە يېقىن كېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى:
— سىز پەتهى مەلىجى ئەپەندىمۇ؟
— هەئە، — دېدى پەتهى يەنىلا هەيرانلىق بىلەن.
ناۋال ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنىڭ گۇۋاهنامىسىنى تەكشۈرگەن تەرزدە دىققەت بىلەن سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، تېخىمۇ پەس ئاۋازدا:
— مەن ئىبراهىم هەمدىنىڭ يېنىدىن كەلدىم، — دېدى.
پەتهى تېخىمۇ هەيران بولۇپ، شۇئان ناۋالنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
— ئۇ هازىر قەيەردە؟
— ئۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.
— مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق دېمەكچىدىم. ئۇ هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دېدى يىگىت ئەپۇ سورىغاندەك.
ناۋال زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ هەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ دەرهاللا جاۋاب بەردى:
— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناهايىتى ياخشى، ئۇنىڭغا بىر قۇر ئوفىتسېر كىيىمى بىلەن بىر كىچىك ئاپتوموبىل كېرەك ئىكەن. سىزنى ئېپتار زەمبىرىكى ئېتىلىپ ئون مىنۇتتىن كېيىن نىل

دەرياسى كوچىسىدىكى قولۋاقچىلار كۆلۈبنىڭ ئالدىدا ، جىز تەرەپتە ساقلىسۇن ، دەيدۇ . بۇلارنى ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە تەييارلاپ بېرىدىكەنسىز ، كېچىكسە بولمايدىكەن .

پەتھى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۆيگە پاتتى . ناۋال بولسا يىگىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئۆزى بەرگەن ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىنى كۈتتى . ئۇ بۇ نەتىجىنى ئىبراھىمغا دوكلات قىلاتتى .

بىر چاغدا پەتھى بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك ، ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى .

— ئوفىتسېر كىيىمىنى مەن بۈگۈن ئاخشاملا تاپالايمەن ، ئەگەر سىز ئەكېتىدىغان بولسىڭىز ، ئەتە ئەتىگەندە بەرسەم بولىدۇ .

ناۋال ئۇنى باشقا ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئېيتىشقا ئالدىراتقاندەك :

— سائەت نەچچىدە ؟ — دېدى .

— خالىغان ۋاقتىڭىزدا كېلىڭ . بوپتۇ ، سائەت ئون ئىككىدە بولسۇن ...

— قەيەردە ؟ يەنە مەشەگە كېلەمدىمەن ؟

— ياق ، ياخشىسى ئۆيگە كەلمەڭ . دادام ئەتە سىرتقا چىقمايدۇ . سىز چوڭ كۆۋرۈك مەيدانىدىكى تاماكا دۇكىنىنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرۇڭ . مەن سىزنى تېپىپ كىيىمنى بېرىمەن . ئەگەر ئون ئىككىدە بارالمىسام ، سىز سائەت ئۈچتە مەشەگە كېلىڭ ، چۈنكى مېنىمۇ بىرەرى نازارەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .

ۋەزىپە بارغانچە مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— مەن بىر كۈندە ئىككى قېتىم سىرتقا چىقىدىكەنمەن ـ دە ، ئۇنداق قىلسام بولماس ! — دېدى ناۋال .

پەتھى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنمەي تەئەججۈپلىنىپ سورىدى :

— نېمىشقا بولمايدۇ ؟

ناۋال ئاپام چىقارمايدۇ دېمەكچى بولدىيۇ ، پەتھىگە بۇنداق

دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى سېزىپ :
— دېـــــمــــەكچــــمەنكى ... مۇھىمى ... ماشىنىنى قانداق قىلىسىز ؟ — دېدى .
— ماشىنىنى ئۆگۈنلۈككە تاپىمەن ، بالدۇر بولسا بولمايدۇ .
ناۋال خوشلاشماقچى بولۇپ :
— رەھمەت ! — دېدى .
يىگىت ناۋالنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى :
— سىز ئىبراھىمنىڭ سىڭلىسىمۇ ياكى تۇغقىنىمۇ ؟
— ھــېچنېمىسى ئەمەس ، پەقەت تونۇشى ، — دېدى ناۋال پىسسىڭىدە كۈلۈپ .
نــاۋال ئــىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ پەتھىنىڭ سىڭلىسىنىڭ زاڭلىق ئارىلاش نەزەر بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ قىز ناۋالغا :
— ئـــۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان قىزلار تەلەيلىك بولىدىكەن ، ئەمما بۇ خېنىم بەكلا مۇتەئەسسىپ ئىكەنغۇ ! — دېدى .
ناۋال جاۋاب قىلمىدى ، ئەمما ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنى بىر تەستەك سالغاندەك چېچىنى بىرلا سىلكىتتى ـ دە ، چىقىپ كەتتى .
ئۇ ئۆيىگە دورا ئەكېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . كۆڭلى شېرىن تۇيغۇ ۋە ئىشەنچكە تولدى . ئەمدى ناۋال بۇ يولنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى . ئۇ كەڭ ھەم داغدام يول بولۇپ ، ھېچبىر قورقۇنچلۇق ئـــەمەس ئىكەن ، ئۇنىڭدا يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قاراڭغۇلۇق يوق ئىكەن ، بۇ ئۇدۇل ئىبراھىمنىڭ يېنىغا بارىدىغان يول ئىكەن .
نــاۋالــنــىڭ كاللىسىغا پەتھى مەلىجىنىڭ چىراي ـ شەكلى كـــىرىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئورۇق يۈزى ، بۆرتۈپ چىققان مەڭزى ، ئۆيقۇغا قانمىغانلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى زادىلا كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى . ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوبرازىمۇ ، يەنى ئۇنىڭ زاڭلىق ئارىلاش بېقىشلىرى ، چىرايلىق كىيىملىرى ، ھېلىقى ئۆيمۇ ئۇنىڭغا باشــقــىچــە تەسىر قىلغانىدى . ئېسىل ساپالار ، ھەل بېرىلگەن ئۈســتــەلــدىــكى قەدىمكى زامان نەرسە ـ كېرەكلىرى بىر خىل

يېقىملىق ، قىممەتلىك ئەسلىمىلەردەك ، شۇنداقلا تۇنجى ئۇچرىشىش قالدۇرغان خاتىرىلەردەك ئۇنىڭ كۆڭلىگە چىڭ ئورنىشىپ قالدى . ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە پەتھى مەلىجىنىڭ سىڭلىسىنىڭ «ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان قىزلار تەلەيلىك بولىدىكەن ، ئەمما بۇ خېنىم بەكلا مۇتەئەسسىپ ئىكەن» دېگەن گېپى جاراڭلاپ تۇراتتى . بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنىدۇ ؟ ناۋالنىڭ كۆلگۈسى كەلدى . پەتھىنىڭ سىڭلىسى گۆدەك ئىكەن . تېخى تۇرمۇشنىڭ ، مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن ! ئۇنىڭ گېپى ئىچى تارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . بۇ خۇددى بىر يىگىت بىر قىز بىلەن كېتىپ بارسا ، باشقىلار ئۇلارغا ئىچى تارلىق قىلىپ غەلىتە گەپلەرنى قىلغاندەك بىر ئىش . ئۇ قىز ناۋالنىڭ ئاكىسىنىڭ يېنىدا ئەمەس ، بەلكى ئىبراھىمنىڭ يېنىدا ، دېمىسىمۇ ئىبراھىم ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ ، ئىبراھىمنىڭ سېيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ، لېۋىدىن نېرى كەتمەيدۇ . پەتھىنىڭ سىڭلىسى مۇشۇلارنى كۆرۈپ كۈنداشلىق قىلىۋاتىدۇ . ئەمما ، ئۇ تېخى كىچىك ، تېخى رەسىدە بولمىغان قىز ئىكەن ، ئەمما ناۋال چوڭ ، بويىغا يەتكەن قىز ، تۇرمۇشنى ، سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئوبدان چۈشىنىدۇ .

ناۋال ئۆيىگە خۇشال ، ئىشەنچ بىلەن قايتىپ كەلدى .

مۇھىيد ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا ئالدىغا چىقتى ۋە يىراقتىنلا قول پۇلاڭلاتتى ، ئاندىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ ھۇجرىغا ئەكىرىپ پىچىرلاپ سورىدى :

— ئوڭۇشلۇق بولدىمۇ ؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلىدىڭمۇ ؟

ناۋالنىڭ مېيىقىدا كۈلكە جىلۋە قىلىۋىدى ، شۇئان پۈتۈن ئۆيگە كۈلكە ياغدى .

— ھەئە ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم ، — دېدى ناۋال ئىبراھىمغا قاراپ . خۇشاللىقتىن ئىبراھىمنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى . ئۇ كۆزلىرى بىلەن ناۋالنى قۇچاقلىدى ۋە ئىختىيارسىز تەنتەنە قىلغۇسى كەلدى ، ناۋالنىڭ خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىگىلا ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىگە

شادلىنىۋاتاتتى . ناۋال كەتكەندىن كېيىن ئىبراھىم ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ، تەشۋىش ئىچىدە قىزنى خىيالىدىن نېرى قىلالمىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى ، مەن ناۋالدىن ئەمەس ، پىلانىمدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالارمىكىن دەپ تەشۋىشلىنىۋاتىمەن ، ئۇنىڭدىن ئەمەس ، ئۆزۈمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن ، دەپ ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى . گۇرۇپپامدىكى باشقا يولداشلارنى ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتكەندىمۇ مەندە مۇشۇنداق تۇيغۇ بولغانمۇ ، دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى ، ئەمما بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىدى . ئۇ قەلبىدە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى . بۇ ھېسسىيات بىر پۈتۈن كوللېكتىپقا ، پۈتۈن مىسىرغا ئەمەس ، بەلكى پەقەت بىرلا كىشىگە مەركەزلەشكەنىدى . ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم شۇ بىرلا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ، پۈتۈن مىسىر مۇشۇ ئادەم سىياقىدا گەۋدىلىنىۋاتقاندەك بىلىندى .

ئىبراھىم ئۆزىدىكى بۇ خىل ھېسسىياتقا ، بۇ خىل تەشۋىشكە خاپا بولاتتى ، ئەمما بۇ تەشۋىشلىك ھېسسىياتنى ھەرقانچە قىلىپمۇ باسالمىدى ، بىرخىل ئەنسىرەش ـ ئەندىشە ئۇنى خېلى تالجىقتۇرۇپ قويدى . ناۋالنىڭ ئىسمىنى تووۋلىغۇسى كەلدى . پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى سولاپ قويغان شەكىلسىز توسۇقلارنى پاچاقلىۋېتىپ ، ناۋالنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگۈسى ، ئۇنى يېنىدىن ئايرىماي تۇرغۇزغۇسى كەلدى . ئۇ بۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشسىمۇ بولمىدى . ئىبراھىم ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللاردىن ناۋال قايتىپ كەلگەندىلا خالاس بولدى .

ئىبراھىم تۈنجى قېتىم ناۋالغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن سەپسالدى ، كۆزىنى ئەپقاچمىدى ، چۈنكى بۇنىڭغا ئامالسىز ئىدى . ئىبراھىمنىڭ تەبەسسۇمى بىلەن ناۋالنىڭ تەبەسسۇمى بىرلىشىپ كەتتى . قانداقتۇر بىر ئەلچى ئۇلاردىكى تەشنالىقنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى .

سىڭلىسى گەپ قىلمىغاچقا ، مۇھىيد تاقەت قىلىپ تۇرالماي :

— ئۇ ساڭا نېمە دېدى؟ تېز دېمەمسەن؟ — دېدى.
ناۋال ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا جاۋاب بەردى:
— ئۇ ماڭا ھەممىنى بېجىرىمەن، دېدى.
مۇھەيدىنىڭ ئاۋازى ئىبراھىمنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ كۆزىنى تەسلىكتە ناۋالدىن يۆتكەپ، گاڭگىرىغان ھالدا سورىدى:
— نېمە؟
ناۋال ئۆز نەتىجىسىدىن خۇشال بولۇپ:
— ئۇ كىيىمنى ئەتە سائەت ئون ئىككىدە ئەكېلىدىغان بولدى، ماشىنىنى ئۆگۈنلۈككە تاپىدىكەن، — دېدى.
— كىيىمنى نەگە ئەكېلىدۇ؟ — دەرھال سورىدى مۇھەيد.
— مەن چوڭ كۆۋرۈك مەيدانىدىكى تاماكا دۇكىنىنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرىدىغان بولدۇم، ئۇ شۇ يەرگە كېلىپ كىيىمنى ماڭا بېرىدىغان بولدى، — دېدى ناۋال.
مۇھەيد ئۆينى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ كەتتى:
— بەللى! ساڭا ئەمدى ئۇلار بىلەن چوڭ كوچىدا كۆرۈشۈشلا قالغاندى! — ئۇ كۆزەينەكنى بېسىپ قويدى، — ئۇنداق گەپ يوق. بولدى بەس! كىيىمنى مەن ئەكېلىمەن!
ناۋال ياردەم سورىغاندەك ئىبراھىمغا قارىدى. چۈنكى، ئاكىسى ئۇنىڭ مۇھەببەت خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى توسۇپ، غەلىبىسىدىن لەززەتلىنىش ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى.
ئىبراھىم بىر ھازا ئۈندىمەي تۇرۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭمۇ بېشى قاتقان، كۆڭلىدە بىر نەرسە ناۋالنىڭ چوڭ كوچىدا پەتھى بىلەن كۆرۈشۈشكە قارشى تۇرۇۋاتاتتى، شۇنداقلا ناۋالنىڭ باشقا يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشۈشى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەتتەك بىلىنمەكتە ئىدى.
ئۇ ئۆزىنى، شۇنداقلا مۇھەيدنى قايىل قىلماقچى بولغاندەك پەس ئاۋازدا:
— ئۇ كىيىمنى ناۋالغا بىرىپلا كېتىدۇ، بۇ پەقەت بىر

مىنۇتلۇقلا ئىش ، — دېدى .
— بىر مىنۇت ، ئىككى مىنۇتلار بىلەن چاتىقىم يوق . قانداقلا بولسۇن ، مەن بارىمەن ، مېنىڭ سىڭلىم چوڭ كوچىدا يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرسە بولمايدۇ ، — دېدى مۇھىيد .
ناۋال غەلىبە مېۋىسىنى قوغدىماقچى بولغاندەك خاپا بولۇپ :
— ئۇ سېنى تونۇمايدۇ ، تونۇماي تۇرۇپ كىيمنى قانداق ساڭا بېرىدۇ ؟ — دېدى .
مۇھىيد جىم بولۇپ قالدى . ئىبراھىم «قېنى ، بۇ گەپكە جاۋاب بەر » دېگەندەك مۇھىيدقا قارىدى .
مۇھىيد ئۆي ئىچىدە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ خۇددى جاۋاب تاپقاندەك بىردىنلا سىڭلىسىغا بۇرۇلدى ـ دە :
— مەن سەن بىلەن بىللە باراي ، ئىككىمىز بارايلى ، — دېدى .
— ئەگەر پەتھى ناۋالنىڭ يېنىدا سېنى كۆرسە ، سېنى ئىشپىيون ياكى بولمىسا ناۋال مېنى ئەخمەق قىپتۇ ، دەپ ئويلاپ ناۋالنى تونۇمىغان بولۇۋېلىپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ، — دېدى ئىبراھىم ئۇستازلارچە تەلەپپۇز بىلەن .
— قانداقلا بولسۇن ، ناۋال يالغۇز بارسا بولمايدۇ . سىز باشقا ئامال تېپىڭ ! ناۋال چوڭ كوچىدا بىر يىگىت بىلەن كۆرۈشسە زادىلا بولمايدۇ ، — دېدى مۇھىيد يەنىلا ئاچچىق بىلەن .
— مۇھىيد ، ئىشىمىز پۈتەيلا دەپ قالدى . كىچىككىنە ئىش بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويساق بولمايدۇ .
— بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ، ئۆزىڭىزنىڭ سىڭلىسى بولغان بولسا مېنىڭ سىڭلىم قىلغان ئىشنى ھەرگىز قىلغۇزمىغان بولاتتىڭىز ، — دېدى مۇھىيد ئىبراھىمغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ .
ئىبراھىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى . گەپ قىلماقچى بولغاندەك ئاغزىنى ئاچتىيۇ ، ھېچ نەرسە دېمىدى . يۈزىدىكى گۆشلەر لىپىلداپ كەتتى ، ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتتى .
ناۋال ئىبراھىمنىڭ ئازابىنى ، دەردىنى چۈشىنىپ ئاكىسىغا

ئاچچىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

— مۇھىيد ، سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ! مەن پەتھىنىڭ ئۆيىگە باردىم . ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك يىگىت ئىكەن ، ماڭا تىكىلىپمۇ قارىمىدى . مېنى ئۇنىڭ سىڭلىسى كۈتۈۋالدى . ئۇمۇ تەربىيە كۆرگەن مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىز ئىكەن ، ئۇ مېنىڭ ئاكىسىنىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ، ناھايىتى تەكەللۇپ قىلىپ كەتتى . سەن نېمىدىن قورقىسەن ؟

— ئۇنداقتا ، ئۇ نېمىشقا كىيىمنى ساڭا ئۆز ئۆيىدە بېرىشنى ئېيتمىدى ؟ — مۇھىيد ئىبراھىمغا قاراپمۇ قويماي سورىدى .

— ئۇ دادىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن .

مۇھىيدنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرى كار قىلمىدى ، ئاخىر ئۇ يەنە بىر باھانە تاپماقچى بولغاندەك :

— يوق گەپ ، ئۇ دادىسىنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئەمەس ، بەلكى ماشىنىسىنى ئالدىڭدا توختىتىپ ، ساڭا : «قېنى چىقىڭ ، كىيىمنى بىللە بېرىپ ئەكېلەيلى» دېيىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن نېمە ، سەن بۇنداق يىگىتلەرنى بىلمەيسەن ، مەن ئۇلارنى بەش قولدەك بىلىمەن ، — دېدى .

— ساراڭ بولدۇڭمۇ مۇھىيد ! قانداقچە بۇ گەپلەر ئېغىزىڭغا پاتتى ! مېنى ئەخمەق ياكى ساراڭ كۆرۈۋاتامسەن نېمە ! — دېدى ناۋال ئاچچىقلاپ .

— مۇھىيد ، گېپىمگە قۇلاق سال ، بۇنداق گەپلەرنى قىلما ! نېمە ئىش بولسا بولسۇن ، مەن ھازىرلا كېتەي ، — دېدى ئىبراھىم ئازابلانغان ھالدا .

ناۋالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئۇنسىز چۇقان كۆتۈردى .

مۇھىيد دەرھال پەسكويغا چۈشۈپ گاڭگىرىغان ھالدا :

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ — دېدى .

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن :

— ئەگەر مەن ھازىر كەتسەم ، ئۇلارنىڭ تۇتۇۋېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ . ناۋادا مېنىڭ پىلانىم بويىچە ئىش قىلىدىغان

بولساق ، ئىش كۆپ ئاسانغا چۈشەتتى ، — دېدى .

— ياق ، بولمايدۇ ، سىز كەتمەڭ ! — دېدى ناۋال ئىبراھىمغا ئېسىلىدىغاندەك قىياپەتتە ، ئاندىن ئاكىسىغا بۇرۇلۇپ ، پەس ئاۋازدا غەزەپ بىلەن توۋلىدى ، — مۇھىيد !

مۇھىيد بېشىنى ساڭگىلاتتى ، كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ :

— ئىبراھىم ، بۇ چارە ئەمەس ، سىزنى كەت دېمەكچى ئەمەسمەن . سىز مېنىڭ ۋە ھەممىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك ، — دېدى .

ئىبراھىم دوستىنى ئوبدان چۈشەنگەندەك سەممىي ئاھاڭدا :

— مەن سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈنلا كېتەي دەۋاتىمەن . مەن بۇ ئۆيگە كىرگەندىن تارتىپلا بۇ ھەقتە ئويلىنىۋاتىمەن ، — دېدى .

— مەن ناۋالدىن ئەنسىرەيمەن ، ئۇ بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى قىزلارغا ئوخشاشمايدۇ . ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتمەستىنلا دادام ئۇنى سىرتقا چىقارمايدىغان بولغان . ئۇنىڭدىن باشقا ...

— مەنمۇ ناۋالدىن ئەنسىرەيمەن ، — دېدى ئىبراھىم دوستىنى ئەيىبلىگەن تەرزدە .

ناۋال ئىبراھىمغا قارىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئارىسالدىلىق ئەكس ئېتىپ سەل قورقۇشقا باشلىدى .

— ئەگەر ئۇنىڭغا راست خەۋپ بار بولىدىغان بولسا ، — دېدى ئىبراھىم ، — مەنمۇ ئۇنى بارغۇزمىغان بولاتتىم . خاتىرجەم بولغىن مۇھىيد ! توغرا ، مېنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىم يوق . لېكىن ، بۇ ئۆيگە كىرگەن كۈندىن باشلاپلا سىلەر بىلەن قېرىنداش بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن .

سىرتتىن موماينىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ناۋال ، ناۋال ! بۇ قىز نەگە كەتكەندۇ !

— مەن چىقىپ باقاي ، ئاپامنىڭ نېمە ئىشى باردۇ ؟ — دېدى ناۋال ئورنىدىن قوزغىلىپ .

ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا كەينىگە بۇرۇلدى ، ئاكىسىغا قاراپ

كۆلۈپ :

— مۇھەيىد ، مەندىن ئەنسىرىمىگىن ! سەن مېنى بىلىسەنغۇ ! — دېدى . ئاپىسى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى :

— نەگە كەتتىڭ ؟ ئۆزۈم يالغۇز يېتىشەلمەيلا قالدىم . قايتىپ كەلگىنىڭگە يېرىم سائەتتەك بولدىغۇ دەيمەن ! ...

— مۇھەيىد بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم .

— ماڭ ، بېرىپ ئاياغ ، پايپىقىڭنى سېلىۋېتىپ كەل ! ئاپئاق ئاچاڭنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى كېلىپ قالدىمۇ نېمە ، قولىنى ئەگرى قىلمىدى .

— ماقۇل ! — دېدى ناۋال ۋە ھۇجرىسىغا كىرىپ قاراپ ئاچىسىنى ئىزدىدى .

سامىيە كارىۋاتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تامغا يۆلىنىپ ، ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى . ئۇچىسىدا كۆك چىت كېچىلىك خالتى ، بېشىدا ئۆڭۈپ كەتكەن كونا شارپا ، چىرايىمۇ شارپىنىڭ رەڭگىدەك سېرىق ، كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى .

ناۋال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، مېھرىبانلىق بىلەن :

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى .

— ھېچنېمە بولمىدى ، سەن نەگە يوقالدىڭ ؟ — دېدى سامىيە ئاچچىقى بىلەن .

ناۋال ھېچ ئىش بولمىغاندەك :

— پەجىيەنىڭكىگە باردىم ، بىزنىڭكىگە كېلىپ قالمىسۇن دەپ ، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلدىم ، — دېدى .

سامىيە شۇنداق بىر تىكىلدىكى ، ئۇنىڭ بۇ قارىشى بەئەينى قۇرۇپ قالغان ئەتىرگۈلنىڭ تىكىنى ئىدى :

— ھەم ، يالغان ! بۇ ھىيلەڭنى ماڭا ئىشلەتمىسەڭ بولامدىكىن !

ناۋال يالغاننى ئەپلەشتۇرەلمەي سورىدى :

— سەن دېگىنە ئەمىسە ، مەن نەگە باردىم ؟

— بىلمەيمەن ، بۇ ئۆيدىكى ئىشلارنى كىم بىلەتتى ؟ — دېدى

سامىيە قېيىدىغاندەك .

— سامىيە ، نېمە ئىش سېنى بۇنچە خاپا قىلىۋەتتى ؟ — دېدى ناۋال مۇلايىملىق بىلەن .

سامىيە زەردە بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— ئۇنداق ھارامزادىلىك قىلما ! سەن ئىبراھىم ئەپەندىگە كۆڭۈل بۆلسەڭلا بولىدۇ ، مېنىڭ نېمىگە خاپا بولغانلىقىم بىلەن كارىڭ نېمە ، ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق . مەن ناھايىتى خۇشال ، سېنىڭدىن ئۆتە خۇشال . سېنىڭ ئوي - خىيالىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمدە بولسا ، ماڭا ئوقۇشنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمىگەن بىر لۈكچەك نېسىپ بوپتۇ . ھەر ھالدا مەن سەندىن ياخشىراق .

- سامىيە ، بۇنداق دېمىگىن ! دادام سېنى ئۇنىڭغا بەرمەيمەن دېدىغۇ ! ئۇ ھېچقاچان سېنى ئالالمايدۇ ، — ناۋال ئاچىسىنىڭ يەلكىسىنى سىلىماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى .

— نېرى تۇر ! — سامىيە ناۋالنىڭ سوزۇلغان قولىغا پاققىدە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى ، — مېنى ئۆگچە قوي ، ھېچكىمنى كۆرەر كۆزۈم يوق .

ئۇ شۇنداق دەپ بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى - دە ، يىغلاپ كەتتى . ناۋال مېھرىبانلىق ھەم ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئاچىسىغا قاراپ قويۇپ كىيىمىنى ئالماشتۇردى - دە ، ئاپىسىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئاشخانىغا ماڭدى . سامىيە يالغۇز قالغاندىن كېيىن تۇرمۇشىدا بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ۋە ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى تەسىرىنى ئەسلىدى .

ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ ، ئۇ سامىيەنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئىدى . بالىلىق چاغلىرىدا ئۇلار دائىم بىللە ئوينايتتى . ئۇ ئابدۇل ھەمدىگە قايىل ئىدى . ئۇنىڭ زېرەك ، باتۇرلۇقىغا ، ئاتا - ئانىسىغا گەپ ياندۇرالايدىغانلىقى ، گەپ ئاڭلىمايدىغانلىقى ، دودەنلىكىگە ، ماروژنى ئوغرىلاپ كېلەلەيدىغانلىقىغا قول قوياتتى ، ئۇنىڭ بۇ قايىللىقى ياش - قۇرامىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك

تـۇيغۇغا ، ئاخىر مۇھەببەتكە ئايلاندى . پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بۇ مۇھەببەتكە ئۇ پەقەت باش ئېگىپ بويسۇندى . ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇنى ئـابـدۇل هـەمدىگە بېرىدىغان ، ئابدۇل ھەمدىمۇ ئۇنى ئالىدىغان بولدى . ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى بارلىقىنى ، كەلگۈسىدە ئەر ـ خوتۇن بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى .

ئۆزى گويا ئابدۇل ھەمدى ئۇچۇنلا يارالغاندەك ، سامىيە بۇ توغرىدا ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمىدى . ئۇ بۇ ئىشنى بىلگەندىن تارتىپ ، يەنى ئون بىر يېشىدىن باشلاپلا ئۆزىنى ئابدۇل ھەمدىنىڭ خوتۇنى دەپ قارىدى . ئۇ ئابدۇلنى كۆرسە ئىزا تارتاتتى ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئـىـتائەت قىلاتتى ، ئاستىرتىن ئۇنىڭغا بولۇشاتتى ، بىرەر ئىشقا يـولـۇقسىلا ئۇنى تاپاتتى . بۇ خىل مۇناسىۋەت سامىيەدە يېشىغا مـۇناسىپ كەلمەيدىغان تۇيغۇ پەيدا قىلدى . ئۇ ئۆزىنى ناۋالدىن چوڭ ، ئاكىسى مۇھىيدىنىمۇ چوڭ ، ھەتتا ئاپىسى بىلەن تەڭلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى . شۇنداق بولغاچقا ، قىز دوستلىرى ئالدىدا مەغرۇرلىناتتى ، ئۆزىنى كەم سۆز ، تەجرىبىلىك ، پىشقان ، ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا — ئەسلىي ھۇرۇن بولسىمۇ — قولىدىن ئىش كېلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى .

ئـابدۇل ھەمدى ئۇنىڭدىن بەش ياش چوڭ بولۇپ ، سامىيە ئـۇنىڭ قانداق ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقىنى ، چىرايىدىكى ئەرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن . بۇرۇتى خەت تارتقاندا ئـۇنـى ئـۆزىـگـە تـېـخىمۇ يېقىن ھېس قىلغان ، تويىنىڭ داقا ـ دۇمباقلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولغانىدى .

لـېـكـىـن ، شۇ مەزگىلدە ئابدۇل ھەمدى ئۇزاققىچە يوقاپ كـەتـتـى . كـېـيىن ، دادىسىدىن ئۇ «لۈكچەك» دېگەندەك بەزى سۆزلەرنى ئاڭلايدىغان ، بارا ـ بارا ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى شـۇنـداق دەيـدىـغـان بـولدى . شۇنىڭ بىلەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ «لۈكچەك»لىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان پاكىتقا ئايلاندى .

دەسـلـەپتە سامىيە بۇنىڭغا ئىشەنمىدى . چۈنكى ، ئۇ ئابدۇل هـەمـدىـدە «لۈكچەك»لىك ئالامەتلىرىنى كۆرمىگەنىدى . ئابدۇل ھەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايتتى ، تولا گەپ قىلاتتى . ئۇ ئون تۆت

يېشىدىلا سامىيەنىڭ ئالدىدا تاماكا چەككەن ، ئىككى قېتىم سامىيەنى سۆيۈۋالماقچى بولغاندا ، سامىيە ئىتتىرىۋەتكەنىدى . چۈنكى ، ئۇ چاغلاردا سامىيە توي قىلغاندىن كېيىن سۆيۈشۈشكە بولىدۇ ، دەپ قارايتتى . ئەمما ، بۇنىڭغا قاراپلا ئۇنى «لوكچەك» دېيىشكە بولمايتتى . ئابدۇل ھەمدى مۇھىيدقا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايتتى . ئەمما ، سامىيە ئابدۇل ھەمدىدەك ئادەملەرنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇراتتى ، چۈنكى بۇنداقلار ئۇنىڭغا ئەزىمەتلەردەك جاسارەتلىك ، تەدبىرلىك ، جۇرئەتلىك بىلىنەتتى ، شۇڭا ئۇ مۇشۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى .

ھەتتا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئابدۇل ھەمدى ئۇسسۇلچى قىزلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرىدۇ ، نەشە چېكىدۇ دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ ، ئۆزىنى ئابدۇل ھەمدىگە مەنسۇپ دەپ بىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ئۇنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويىمەنمىكىن ، دېگەن ئەندىشە پەيدا بولدى . ئۇ ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ، ئاندىن ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇ ئەسلىي ئابدۇل ھەمدى ئىمتىھاندىن ئۆتىدۇ ، ئۇنىۋېرسىتېتقا چىقىدۇ ، باكالاۋۇرلىق ئۇنۋانىنى ئالىدۇ ، ئاندىن مەن بىلەن توي قىلىدۇ ، دەپ ئويلايتتى . شۇڭا ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن گۇمانلىنىپ ، ئىختىيارسىز ھالدا : «ئەگەر ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشى بولسىلا مەيلى» دەيدىغان بولدى .

كېيىن ئابدۇل ھەمدى يەنە بىر قېتىم سىنىپتىن قالدى . سامىيە شۇندىلا بەزى گەپلەرگە ھەقىقىي ئىشەندى ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش ئابدۇل ھەمدىنىڭ «لوكچەك»لىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنى ئۆز تۇرمۇش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن ، ئۆزىدىن يىراق ئادەم قاتارىدا كۆرۈشكە باشلىدى .

ئابدۇل ھەمدى ئۈچىنچى قېتىملىق ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ، بىر شىركەتكە ئىش بېجىرگۈچى بولۇپ ئىشقا كىردى ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشىدى ... بۇلار سامىيەگە تاسادىپىي تۇيۇلمىدى . چۈنكى ، ئۇ ئاللىقاچان خام خىيالى بىلەن كەلگۈسىنى باغلىمايدىغان بولغانىدى . شۇنداقتىمۇ ،

سامىيەنىڭ كاللىسىدا ھېلىقى خىياللار تېخىچە بار ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۆزىگە تەلەپ قويغۇچىلارنى ئابدۇل ھەمدى بىلەن ئۆلچەيتتى .

بۇ جەرياندا ئابدۇل ھەمدى سامىيەلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇردى . سامىيە ئۇنىڭ كۆزىدىن يەنىلا كۆرۈپ ئادەتلەنگەن نەرسىلەرنى كۆرگەندەك بولاتتى . ئۇ سامىيەنى كەلگۈسى ھەمراھى دەپ بىلەتتى . سامىيەگە بۇيرۇق قىلاتتى ، نېمە قىيىنچىلىقى بارلىقىنى سورايتتى . ئۇ ئۆزىنى مەلۇم ھوقۇققا ئىگە ، سامىيەنى بولسا مەلۇم مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ، دەپ قارايتتى . سامىيە ھېچنېمە بىلمىگەن بولۇۋالاتتى ، ئائىلىدىكىلەرمۇ سامىيەگە ئوخشاشلا ئىدى . سامىيە ئابدۇل ھەمدىنى كەلگۈسىدىكى ئېرى ئەمەس ، بىر نەۋرە ئاكىسى سۈپىتىدە كەلسە قارشى ئالاتتى ، كەتسە ئۇزىتىپ قوياتتى .

بۇ ئىشلار شۇنداق ئۆتۈپ كەتكەن . چوڭلار سامىيەنى ئابدۇل ھەمدىگە بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز دېمىگەن ، بۇ توينى رەت قىلغاندىمۇ ، ئۇنى رەت قىلدۇق دېمىگەنىدى . ئۇ چاغدىكى توي چايلىرىدا داۋراڭ سېلىنمايتتى ، ھېچقانداق مۇراسىم رەسمىيەتلىرىمۇ بولمايتتى ، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشمۇ شۇنداق ئاددىي بولاتتى .

بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئابدۇل ھەمدى بۇ ئۆيگە تولا كېلىدىغان ؛ سامىيەنى ئالىمەن دېگەن گەپنى بارغانچە ئاشكارا ئېيتىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ھەممەيلەن بۇ ھەقتە كۇسۇرلىشاتتى . ئابدۇل ھەمدى سامىيەنىڭ دادىسىغا بۇ نىيىتىنى ئېيتقانىدى ، قەتئىي رەت قىلىندى . پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرمۇ قوشۇلمىدى ، ھەتتا ئابدۇل ھەمدىنىڭ دادىسىمۇ جىيەن قىزىنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئىشىغا ئارىلاشمىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇل ھەمدى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئۆيگە دائىم كېلەتتى . ئۇنىڭ سامىيەگە بېقىشلىرىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . ئۇنىڭ قاراشلىرى سامىيەگە بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا تونۇش بولۇپ ، قارا پانقاق لاي ئىچىدە ئۆسۈپ چىققان بىر تۈپ چىرايلىق گۈلگە ئوخشىشاتتى .

بۇ ئائىلىدىكىلەر ئابدۇل ھەمدىنىڭ تولا كېلىشىدىن بىزار بولۇپ، ئۇنى يۈزى قېلىن دەيتتى. ئەمما، سامىيە ئۇنىڭدىن بىزار ئەمەس ئىدى. ئابدۇل ھەمدىنىڭ سامىيەنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشى ۋە يۈزى قېلىنلىقى، جۇرئەتلىكلىكى سامىيەنىڭ يوشۇرۇن كۆرەڭلىكىگە بەكلا ماس كېلەتتى. ئابدۇل ھەمدى ئۆسمۈرلۈك چېغىدىكى خىياللىرىنى ئۇنتۇماي سامىيەنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەچكە، سامىيە ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. سامىيە سىڭلىسى ناۋالنىڭ: «خېنىم، چىقسىلا، سىلىنىڭ ئابدۇل ھەمدى ئەپەندىلىرى كەپتۇ!» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاشنى بەكلا ياقتۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ: «تىلىڭغا تاش، يوق گەپنى قىلما!» دەپ قوياتتى.

بىراق، ھازىر ئابدۇل ھەمدى سامىيەنى ئىسكەنجىگە ئالىدىغان قورال كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، پۈتۈن ئائىلىگە تەھدىت سالماقتا ئىدى. ئۇ سامىيەنى سۆيىدۇ، سامىيەگە تەلەپ قويغىلى كېلىدۇ. ئۇنى سامىيە كەچۈرەمدۇ؟ ئۆزىنى ئالمەن دەپ ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىۋاتقان ئادەم ئالدىدا سامىيە ئۆزىنىڭ كۆرەڭلىكىگە بويسۇنۇشى كېرەكمۇ ياكى ئابدۇل ھەمدىگە نەپرەتلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشى كېرەكمۇ؟

سامىيەنى مۇشۇ ئارىسالدىلىق ئازابلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرەڭلىكى ۋە كاللىسىدىكى خام چوتى ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇل ھەمدىدىن قورقمايتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى توي قىلىشقا مەجبۇرلىشىدىنمۇ قورقمايتتى. پەقەت ئۇنىڭغا، شۇنداقلا ئۆزىگە نىسبەتەن كۆڭۈل توختىتالمايۋاتاتتى.

سامىيە ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىغا يىغلىدى.

ئېپتارغا زەمبىرەك ئېتىلدى. سامىيە يۈرىكى خۇددى زەمبىرەك ئوقى تەگكەندەك تىترەپ كەتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئاپىسىنىڭ بېشى كۆرۈندى، قولىدا بىر تەخسە قورۇما، تاماقخانىغا ئەكىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— يۈر، سامىيە! يۈر، ئوبدان قىزىم! ئېپتار ۋاقتى بولدى! — دېدى ئانىسى.

# 8

ئىپتاردا ھەممەيلەن غەمگە پاتقان ھالدا گەپ ـ سۆز قىلىشماي جىم ـ جىم غىزالاندى .

ھەممەيلەن ئىبراھىمغا قاراپ قويساق ئۇ خىجىل بولۇپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي كېتىدۇ ، دەپ تەشۋىشلەنگەندەك ، ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى . ناۋاللا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ، ئۇ ئىبراھىمغا بىر نەچچە قېتىم يوشۇرۇنچە قارىۋالدى ، كېيىن باشقىلار كۆڭلۇمدىكىنى بىلىپ قالمىسۇن ، دەپ قارىمىدى .

ھەممەيلەن بىر ـ بىردىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ، تېزرەك تىنچلىنايلى دېگەندەك ، تاماقنى ناھايىتى تېز يېيىشتى .

سامىيە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېمەيلا ئورنىدىن تۇردى .

— نېمىشقا تاتلىق ـ تۈرۈملارنى يېمەيسەن ؟ — ئاپىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى .

سامىيە خۇددى بىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغاندەك خۇيلىنىپ :

— يېگۈم يوق ! — دېدى ـ دە ، ھۇجرىسىغا ماڭدى ، تېز مېڭىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى . ناۋال خۇددى خوشلاشقاندەك ئولتۇرغانلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئاچىسىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ماڭدى .

بوۋاي بىلەن مۇھىيد ئورنىدىن تەڭلا تۇردى . ئىبراھىممۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنىڭ كەينىدە قالغانلىقىدىن سەل ئۇيالدى . تاماق ئۈستىلىدە موماي يالغۇزلا قالدى . ئۇ تاماق يەۋاتاتتى ، ئەمما كۆزى قاچىدا ئەمەس ئىدى . ئۇ بەلكى ئادەتتىكىدىن جىق يېگەندۇر ، ئەمما نېمە يەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمايۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان ، كاللىسىدا مىڭ خىيال .

بوۋاي ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى .

مۇھىيد بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ئىبراھىم ئۇ مېنى بوۋاينىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىشقا تەكلىپ قىلارمىكىن ، دەپ كۈتتى ، ئەمما مۇھىيدنىڭ ئارىسالدى بولۇپ

تۇرغانلىقىنى سىزىپ، پەرىشان ھالدا مۇھىيدىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. مۇھىيدىنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ ئىشىكنى ياپتى.

— بىز چاينى مەشەدىلا ئىچمەيلىمىكىن، — دېدى ئۇ.

— ئىختىيارىڭ! — دېدى ئىبراھىم.

مۇھىيد ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر كىتابنى ئاچتى. كۆزى كىتابتا بولغىنى بىلەن زادىلا ئوقۇيالمىدى.

— مېنىڭچە، ئەتە ناۋال بېرىپ كېيىمنى ئەكېلىۋالسۇن ... پەقەت ... ئەمما ... — دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي.

— ئەمما نېمە؟ — سورىدى ئىبراھىم.

— ھېچنېمە ئەمەس، — مۇھىيد ئۇنىڭغا قارىماي جاۋاب بەردى.

— مۇھىيد، ناۋالدىن خاتىرجەم بول. ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، — دېدى ئىبراھىم كۈلۈپ.

— خۇدايىم ساقلىسۇن! — پىچىرلىدى مۇھىيد ۋە جىم بولۇپ قالدى. ئەمما، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى تۈتۈلۈپ، بەك دىققەت بولۇپ كېتىۋاتقاندەك نەپەس ئېلىشىمۇ تېزلەپ كەتتى. ئۇ تەشۋىشلىنەتتى، نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى، بىر تەرەپتىن، سىڭلىسىنىڭ بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىبراھىمنىڭ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگە ياردەم قىلىشنى ئويلايتتى، ئىبراھىم كەتسىلا ئۇ يەڭگىللەپ قالاتتى. ئائىلىدىكىلەرمۇ چوڭ بىر يۈكتىن قۇتۇلاتتى. ئىپتاردىن بۇرۇنلا ئۇ بىرەر ئامالنى تېپىشنى ئويلىغان، ئىبراھىممۇ ئۇنىڭغا ئامال تېپىشىپ بەرمەكچى بولغانىدى. ئەمما، ئۇ ئارىسالدى بولدى، سىڭلىسىنىڭ كىيىم ئەكېلىشىگە قوشۇلغاندىن كېيىنمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشمىدى.

ئۆيدە خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مۇھىيد يالغاندىن كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇراتتى. ئىبراھىم بولسا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئەمما پىكرىنى يىغالمايۋاتاتتى. ئۇ

ناۋالنى ، ئارقىدىنلا قېچىش پىلانىنى ئويلىدى ، ئاندىن ئىختىيارسىز ئابدۇل ھەمدى خىيالىغا كەچتى ، ئاخىر ئۆزىنى ، ئابدۇل ھەمدىنى ، باشقا ھەممە ئىشنى ئويلاشتىن قۇتۇلۇپ پەقەت ناۋالنىلا ئويلاشقا تىرىشتى .

ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى . مۇھىيد كىتابتىن بېشىنى ئېلىپ ، بىزار بولغان ھالدا تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ :

— بۇ چوقۇم ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى ، — دېدى .

ئىبراھىم بولغۇسى جەڭگە ھازىرلىنىش يۈزىسىدىن زېھنىنى بىر يەرگە يىغماقچى بولدى ۋە بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى مۇھىيدقا بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئالىقىنى بىلەن توسۇۋالدى .

— سەن ئابدۇل ھەمدىگە بۇ ئۆيدە ئاز دېگەندىمۇ يەنە ئىككى ھەپتە تۇرىدىغانلىقىمنى پۈرىتىپ قويساڭ بولامدىكىن ، — دېدى ئىبراھىم .

— نېمىشقا ؟ — مۇھىيد كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا ھەيران بولۇپ سورىدى .

— مېنىڭ نەدىلىكىمنى بىلىپ خاتىرجەم بولسۇن ، دەيمەن . بولمىسا ، ئۇ مېنى ، بۇ ئۆيىنى نازارەت قىلىپ ، مەن باشقا يەرگە يۆتكەلگەن ھامان ساقچىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن .

— توغرا ، — مۇھىيدنىڭ چىرايى ئەكسىگە كەلدى .

— سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەمسەن ؟ — سورىدى ئىبراھىم .

مۇھىيد سەل ئويلىنىۋېلىپ :

— دادام چاقىرسا بىر گەپ بولار ، — دېدى .

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ نېرۋىسى خۇددى توك ئۆتكەندەك بولۇپ كەتتى .

بوۋاي تۈركىيە پاسونىدىكى ساپادا ئولتۇراتتى ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىغىنىنى ئاڭلاپ توساتتىن بىقىنىغا سانجىق تۇرغاندەك سىلكىندى . قوللىرى كىرىشىپ كەتتى . كېيىن ئۇ ئابدۇل ھەمدىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك گېزىتتە يۈزىنى

تۇسۇۋالدى .

موماي بىردىنلا بىئارام بولۇپ كەتتى ، بۇ ئىشنىڭ بۇنداق تېز بولۇپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ ئەندىشە ئىچىدە لېۋىنى چىشلىدى ، بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېرىگە :

— مەن گەپ قىلمايمەن ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمەن ، گەپنى سىلى قىلسىلا ، مەن ئېغىز ئاچسامىلا ھەممە گەپنى بىراقلا دەۋېتىپ ، كونا ـ يېڭى ھېسابنى بىر يولى قىلىپلا ئولتۇرىدىغاندەك قىلىمەن ، — دېدى .

— بوپتۇ ، سەن ئېغىز ئاچما ، خۇدايىم ساقلار ، — دېدى ئېرى ئېغىر خورسىنىپ .

سامىيە ھۇجرىسىدا خىيالى چېچىلغان ھالدا سىڭلىسىنىڭ تەسەللىسىگە پەرۋا قىلماي ئولتۇراتتى . ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاندا ئۇ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سىڭلىسىغا بۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى .

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيمەن . سەن دادامغا دېگىن ، مەن ئۇ يەرگە كىرمەي . ياق ! ئۆلۈممۇ ماڭا بۇنىڭدىن ياخشىراق ، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ .

ناۋال ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ :

— خۇدا ھەقىقى ، كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭنى كەڭ تۇت ، ئۇ ئەبلەخكە تاقابىل تۇرۇش قانچىلىك ئىش دەيسەن ، كېيىن بىز ئۇنى شۇنداق چۇشۇرىمىزكى ، ئۇ ھەرگىز بۇ ئىشلارنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدۇ . مەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچاي ، سەن چېچىڭنى تارىۋال ياكى بولمىسا مۇشۇ پېتىڭلا چىقىۋەر ، ئۇ سېنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سەن بىلەن توي قىلىشتىن يېنىپ قالامدۇ تېخى ! — دېدى ۋە زورىغا كۈلۈپ قويۇپ قولىنى ئاچىسىنىڭ قولىدىن بوشىتىپ چىقىپ كەتتى . ئىشىكتىن چىقىپلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقالدى ، يۈرىكىدىكى ئازاب يۈزىگە تەپتى .

ناۋال ئىشىكنى ئاچتى ـ دە ، ئابدۇل ھەمدىگە قاراپمۇ قويماي

كەينىگە ياندى . ئابدۇل ھەمدى ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ سورىدى :
— سىلەر نېمىشقا ئىشىكنى ئېتىپ قويمايسىلەر ؟
ناۋال ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى .
ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋېتىپ يەنە سورىدى :
— تاغام قەيەردە ؟
— مېھمانخانىدا ئۆيدە ، — ناۋال ئۇنىڭغا قارىماي جاۋاب بەردى - دە ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . ئابدۇل ھەمدى مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ خۇددى بوۋاينىڭ رۇخسەت قىلىشىنى كۈتكەندەك توختىدى . بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ چىرايىدا ، كۆزلىرىدە ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى . ئۇ گەپ قىلماي قولىدىكى گېزىتنى ئاستا قاتلىدى - دە ، سەل مىدىرلاپ قويۇپ :
— بالام ، كىرگىن ، — دېدى .
ئابدۇل ھەمدى ئۆيگە كىرىپ تاغىسىنىڭ قولىغا سۆيدى ، ئاندىن كىچىك ئاپىسىغا قولىنى سوزغانىدى ، موماي چەتكە قارىۋېلىپ قولىنى ئۇزاتتى ، ئابدۇل ھەمدى سۆيەي دەپ تۇرۇشىغا خۇددى ئۇنىڭ لەۋلىرى چېقىۋالىدىغاندەك قولىنى شارتلا تارتىۋالدى .
ئابدۇل ھەمدى خۇشاللىقىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇياتچان ، ئەدەپلىك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ گەپ قىلمىدى . چىرايىغا مۇلايىم تۈس بېرىپ ، كۆزلىرىدىن مەككارلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتى . كېيىن ، بىئارام بولۇپ بويىنىنى ھېلى ئوڭغا ، ھېلى سولغا تولغىدى . ئاخىر بۇلارنىڭ ھەممىسى جېنىغا تەگدى .
بوۋاي قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ باداشقان قۇردى - دە ، قولىغا يەنە گېزىتنى ئېلىپ سورىدى :
— داداڭ ياخشىمۇ ؟
— خۇداغا شۈكۈر ، ئۇ ناھايىتى ياخشى ! — ئابدۇل ھەمدى ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى .
— سەن ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭ ! — بوۋاي گېزىتنىڭ يەنە بىر بېتىنى ئېچىپ سورىدى .

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز ... — ئابدۇل ھەمدى كۆرەڭلىك بىلەن گەپ باشلىدى، بوۋاي ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلغاندەك قادىلىپ قاراپ سورىدى:

— شۇنداق! مەن ئىبراھىمنىڭ بىزنىڭ ئۆيدىلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىڭمۇ دېمەكچىمەن.

ئابدۇل ھەمدى سەل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سىپايە قىياپەتتە بىلەرمەنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ياق، سىزمۇ ئۇنىڭغا ئېيتمىغان تۇرسىڭىز!

— ياخشى قىپسەن! — دېدى بوۋاي گېزىتنى ۋاراقلاۋېتىپ.

موماي: «ئۇ ياخشى ئىشنى بەك تولا قىلمىدۇ ئەمەسمۇ!» دەپ غۇدۇراپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

— مۇھىيد قەيەردە؟ — سورىدى ئابدۇل ھەمدى.

— ھۇجرىسىدا، — بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي جاۋاب بەردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئابدۇل ھەمدىدىن قورقمايدىغانلىقىنى، ھېچ ئىشنى يوشۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك قوشۇپ قويدى، — ئىبراھىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە.

ئابدۇل ھەمدى گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا قانداق ھۇجۇم قىلسام بولىدىكىن دەپ كۆزەتكەندەك بوۋايغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ئاندىن بۇ ئىشتا ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ سورىدى:

— ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقىپ بىردەم ئولتۇرسام بولارمۇ؟

— بولدى، مەشەدە ئولتۇرىۋەر، — دېدى بوۋاي قولىدىكى گېزىتنى ئوقۇپ، ئاندىن خوتۇنىغا قارىدى، — تەھىيە، مۇھىيدنى چاقىرغىنا، ئىبراھىم ئەپەندىمۇ بىللە كەلسۇن.

ئابدۇل ھەمدى كىچىك ئاپىسىنى توختاتماقچى بولۇپ دەرھال:

— تاغا، مۇھىيد كىرگۈچە سۆزلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى.

— قېنى دېگىن، — دېدى بوۋاي بىزار بولغان ئەلپازدا.

— بۈگۈن ئەتىگەن سىزگە دېگەن ھېلىقى ئىش، يەنى سامىيەنىڭ ئىشى. ھازىر پەيتى ئەمەسلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن، بىراق ماڭا سىزنىڭ بىرلا ئېغىز گېپىڭىز لازىم.

بوۋاينىڭ چىرايى تۇتۇلدى، ئابدۇل ھەمدىنى كەلتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالغۇسى كېلىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ چانداۇرماستىن:

— توغرا ئويلاپسەن، ھازىر شۇ گەپنى قىلىشىۋالايلى. ئەتىگەن ئىشخانىدا ساڭا نېمە دېگەن، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىراق...

بوۋاي بىردىنلا گېپىنى توختىتىۋالدى. چۈنكى، ئابدۇل ھەمدىنىڭ بالا تېرىماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلپىگە يالغاندىن قوشۇلىدىغان بولغانلىقى ئېسىگە كەلدى.

ئابدۇل ھەمدى سۆدەك يادلىۋالغان دەرس تېكىستىنى سۆزلىگەندەك سۆزلەپ كەتتى:

— تاغا، سىزگە مەلۇم، مەن خېلىدىن بۇيان سامىيە بىلەن توي قىلىش ئارزۇسىدا بولۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇلتۇر ئەلچىمۇ كىرگۈزگەنىدىم. تۈنۈگۈن قېشىڭىزغا چۈشتىن كېيىنمۇ خىزمەتكە ماڭغانلىقىمنى[1] ئېيتىپ قويay دەپ بارغان. بىر ئىستراخوۋانىيە شىركىتىدىن ئىش تاپتىم. ئايدا ئاز دېگەندە ئون بەش فوند ستېرلىڭ تاپىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئايلىق مائاشىم يىگىرمە يەتتە فوند ستېرلىڭ. بىراق، تۈنۈگۈن بۇلارنى دېيىشكە پۇرسەت تاپالمىدىم. شۇڭا، بۈگۈن ئەتىگەن ئىشخانىڭىزغا بارغانىدىم. يېڭى ئەھۋالنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. سىز ماڭا بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دېسىڭىزلا كۇپايە. سىز مېنى ئەسكى، دەپ قارايسىز. توغرا، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئەسكى ئىدىم، ئەمما ھازىر تۈزەلدىم. ئەقلىمنى تاپتىم. ئەگەر سىز شىركىتىمىزنىڭ مۇدىرىدىن سورىسىڭىز، ئۇ مېنى چوقۇم ئەڭ ياخشى خىزمەتچى، دەيدۇ.

---

[1] مىسىرلىقلار خىزمەتنى ئەتىگەندىن باشلاپ چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىگىچە ئىشلەپ تۈگىتىدۇ. چۈشتىن كېيىن خىزمەت قىلىش قوشۇمچە ئىشلەش ياكى باشقا جايدىن خىزمەت تاپقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى خۇددى شىكايەتنامىنى ئاڭلىغاندەك ئاڭلىدى، شۇنداقتىمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ:

— قانداقلا بولسۇن، سەن مېنىڭ جىيەنىم، سامىيە سېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىڭ. ئۇ سەن بىلەن بىللە ئۆتسە، مەن ھېچ نەرسىدىن غەم قىلمايمەن. خۇدا سېنىڭ تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلغاي، سامىيەمۇ مۇرادىغا يەتكەي.

ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى:

— سامىيە قەيەردە؟

موماي ئۇنىڭغا بوغۇۋېتىدىغاندەك ئالىيىپ: «مانا، نەس باستى!» دەپ غودۇڭشىدى.

ئابدۇل ھەمدى مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي يەنە سورىدى:

— سىز سامىيەگە دېدىڭىزمۇ؟

بوۋاي ئۆزىنىڭ بىزار بولغانلىقىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرماي:

— ھەئە، ئۇنىڭغا دېدىم، — دېدى.

— ئۇ نېمە دېدى؟ — تەقەززالىق بىلەن سورىدى ئابدۇل ھەمدى.

بوۋاي دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئەمما، قىزى ئۈچۈن يالغان ئېيتىشنى خالىماي:

— راستىنى ئېيتسام، بۇنداق ئەھۋالدا قىز بالا دېگەن ھېچ نەرسە دېمەيدۇ، جىممىدە تۇرۇۋالىدۇ، — دېدى.

— بىراق ...

بوۋاينىڭ سەۋر قاچىسى تاشتى.

— مېنى سوراق قىلىۋاتامسەن نېمە؟ نېمانداق يۈزى قېلىنلىق قىلىسەن. بۇنداق قىلما.

ئابدۇل ھەمدى پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ئەپۇ سورىغاندەك چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ:

— ئەپۇ قىلىڭ! مەن خۇشاللىقىمدا ئۆزۈمنى بىلەلمەي

ھەددىمدىن ئېشىپ كېتىپ قاپتىمەن .
بوۋاي ئۆزىنى بېسىۋېلىپ قەتئىي تەلەپپۇزدا :
— سەن بۇ ئىشنى ئىبراھىم ئەپەندى ئۆيىمىزدىن چىقىپ كەتكۈچە ئارىلىقتا باشقىلارغا دەپ يۈرمە . بۇ ئىشنى خەقلەر بىلمەي تۇرسۇن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ — دېدى .
— بولىدۇ . تاغا ، سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا ، — ئابدۇل ھەمدىنىڭ لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينىدى .
بوۋاي خۇددى ئابدۇل ھەمدىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرماقچى بولغاندەك خوتۇنىغا قاراپ :
— تەھىيە ، سەن بېرىپ مۇھىيدنى چاقىرىپ قوي !— دېدى .
موماي ناھايىتى ئېغىر يۈك كۆتۈرگەن ئادەمدەك تەستە ئورنىدىن تۇردى :
— بۈگۈن ئاخشام نېمە بولدۇمكىن ، ئۇيقۇم كېلىپلا تۇرىدۇ .
ئۇ ھارغىن قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى . بوۋاي ئابدۇل ھەمدىگە قاراپ قويۇپ ، گېزىتنى ئوقۇشقا باشلىدى . نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ ئابدۇل ھەمدىنى ئىبراھىمغا سېلىشتۇردى . ئەگەر ئىبراھىم ئۇنىڭ جىيەنى بولۇپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ! ئۇ چاغدا بوۋاي تۇرمىدە ياتسىمۇ ، دارغا ئېسىلسىمۇ رازى بولغان بولاتتى . ھازىر ئۇنىڭ قارىشىچە ، قىزىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمگە بېرىش ئابدۇل ھەمدىگە بېرىشتىن ياخشى ئىدى .
ئابدۇل ھەمدى ئۆزىنى پەرۋاسىز كۆرسەتمەكچى بولۇپ تاماقنى قىرىپ قويدى - دە ، سورىدى :
— ئىبراھىم ئەپەندى بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرامدىكەن ؟
بوۋاي خۇدادىن مەدەت تىلىگەندەك ئاسمانغا قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى :
— بىلمەيمەن . خۇدايىم ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلغاي .
ھۇجرىغا ئالدىدا مۇھىيد ، ئارقىدىن ئىبراھىم كىرىپ كەلدى .
ئابدۇل ھەمدى ئورنىدىن تۇردى . بوۋاي ئورنىدىن تۇرمىدى ،

ئەمما قولىدىكى گېزىت سەل تىترەپ توختاپ قالدى .
مۆھىيد ئابدۇل ھەمدىگە مۆزدەك قولىنى سوزۇپ سوغۇقلا كۆرۈشتى ۋە يىرگىنگەن ھالدا :
— قانداق ئەھۋالىڭ ، ئابدۇل ھەمدى ؟ — دەپ قويدى .
ئابدۇل ھەمدى جاۋاب بەرمەستىن قولىنى مۆھىيدىنىڭ يۇمشاق ئالىقىنىدىن تارتىۋېلىپ ئىبراھىمغا سۇندى . ئۇ ئىبراھىم بىلەن خۇددى چىش دوختۇرىنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ئاغزىنى يوغان ئاچقان ھالدا كۆرۈشتى ۋە ھىجىيىپ :
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ماڭا چوڭ شەرەپ مۇشەررەپ بولدى ، — دېدى .
— بۇ ، ئىبراھىم ھەمدى ئەپەندى ، سەن ئەلۋەتتە ئۇنى تونۇيسەن ؟ — دېدى مۆھىيد تەنە قىلىپ .
ئابدۇل ھەمدى ئىبراھىمغا سەپسېلىۋېتىپ :
— قارا گېپىڭنى ، ئۇ ۋەتەن خائىنى قولىدىن ۋەتەننى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان قەھرىمان تۇرسا ، كىم بىلمەيدۇ . خۇش كەپسىز ! — دېدى .
— ناھايىتى خۇشالمەن ، — دېدى ئىبراھىم سوغۇقلا .
ئىبراھىم خۇددى يۇرىكىنى كۆرمەكچى بولغاندەك ئابدۇل ھەمدىگە مىختەك تىكىلگەنىدى ، ئابدۇل ھەمدى تىك قارىيالماي ئەتراپىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق ئىزدىگەن بولۇۋالدى .
ئۇلار جاي ئېلىشقاندىن كېيىن ئابدۇل ھەمدى :
— مېنىمۇ مۆھىيدقا ئوخشاش كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . مېنى تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا تەييار ئادەم دەپ بىلىڭ . مەنلا بېجىرەلەيدىغان ھەرقانداق ئىش بولسا ئېيتىۋېرىڭ ! — دېدى .
— رەھمەت ! — دېدى ئىبراھىم جاۋابەن .
بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن ئابدۇل ھەمدى :
— سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىز ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ . دەسلەپتە مەنمۇ ئىشەنمەيلا قالدىم ! — دېدى .

— قۇرۇق گەپلەرنى دەپ نېمە قىلىسەن، قىلىدىغان باشقا گەپ تاپالمايۋاتامسەن؟ — دېدى ئاچچىقى كەلگەن بوۋاي.

ئابدۇل ھەمدى ياردەم تىلىگەندەك ئىبراھىمغا لەپپىدە قارىدى ـ دە، توختاپ قالدى.

ئىبراھىم ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ سورىدى:

— مەملىكەت ئىچىدە نېمە خەۋەرلەر بار؟

ئىبراھىمنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنى ئويلاپ ئولتۇرغان ئابدۇل ھەمدى قىزارغان ھالدا قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— مەملىكەتنىڭ ئەھۋالى بەك چاتاق، بىر ئوچۇم كىشىلەر دۆلەتنى بالا ـ قازاغا ئىتتىرمەكچى، ئەنگلىيىلىكلەرگە سېتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭغا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە ئىش قىلايلى دەپ مەن بىرنەچچە ياشنى تەشكىللىدىم.

ئىبراھىم ئابدۇل ھەمدىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك كۈلۈپ قويدى.

— توۋا! ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى، قاچاندىن باشلاپ بۇنداق ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ كەتتىڭ؟ — دېدى مۇھىيد تەنە قىلىپ.

ئابدۇل ھەمدى خاپا بولدى.

— مۇھىيد، سەن مېنى چۈشەنمەيسەن. مېنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىمنى، نېمىلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلمەيسەن. ياخشىسى، گەپكە لوقما سالما!

مۇھىيد ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك، مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ ئۈندىمىدى.

ھەممەيلەن جىم بولۇپ قالدى.

ئابدۇل ھەمدى ئۇچەيلەن ماڭا يەۋېتىدىغاندەك قاراۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ نەپەسلىرى يۈزىگە تۆكۈرۈك تېگىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ ئۆزىنى ئىبراھىمغا تونۇشتۇرغاندا، خاتالاشقانلىقىنى بىلدى،

ئىبراھىمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن، ئىش كۆرگەن، بۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى چۈشەنگەن قىياپەتتە تۇتقان بولسا ئوبدان بولاتتى ئەمەسمۇ. «مەن تاكتىكىنى ئۆزگەرتەي. گەپ قىلماستىن غەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالاي، ھېچ ئىشنى سۈرۈشتە قىلماي، سورىمىسامىمۇ ھەممە ئىشنى ماڭا ئۇلار ئۆزلىرى دەپ بەرسۇن. مەن ھوش - كاللام بىلەن ئىش كۆرەي!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئابدۇل ھەمدى.

ئۇنىڭ چىرايى خىيالىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىشكە باشلىدى: يۈزىدىكى كۈلكە يوقالدى، قاراشلىرى سىپايىلەشتى، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، جىددىي، چوڭ بىر مەسىلىنى ئويلاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىردى.

ئىبراھىم، بۇلار ئابدۇل ھەمدىگە بۇنداق سوغۇق پوزىتسىيە تۇتماستىن، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلسا، ئۇنىڭ يامان نىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ بىلمىگەن بولۇۋالسا ئوبدان بولاتتى، دەپ ئويلاپ، قانداق قىلىپ ئابدۇل ھەمدىنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇردى.

ئىبراھىم ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئابدۇل ھەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. بوۋاي ئۇنىڭدىن:

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئابدۇل ھەمدى ھەيران بولغان ھالدا كەينىگە قارىدى. بوۋاينىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى ئەيىبلىمەكچى بولغاندەك مەردانىلىك، ئەمما ئەدەپ بىلەن:

— تاغا، سۇ ئىچىپ كىرەي، — دېدى ۋە چىقىپ كەتتى.

ئىبراھىم بۇرۇلۇپ مۇھىيدىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇنىڭغا سەل ياخشىراق مۇئامىلە قىلساڭ قانداق؟

بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ قويدى - دە، گېپىنى ئوقۇۋەردى.

ئابدۇل ھەمدى ئۇسسىمىغان بولۇپ، سىرتقا چىقىش بىلەن

ئوبرازىنى ۋە تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ، ئۆيگە يېڭى ئوبراز ، يېڭى تاكتىكا بىلەن كىرمەكچى بولغانىدى ، يەنە سامىيە بىلەن كۆرۈشۈپ ئىشىنى بېكىتىپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغۇسى ، سامىيەنىڭ كۆزلىرىگە تويىماي قاراپ ، ئۇنىڭ مۇلايىملىقى ، پاك ـ بىغۇبارلىقىدىن ئىلھام ئالغۇسى كەلگەنىدى . دېمىسىمۇ ئابدۇل ھەمدى ئۆزىدە يوق بۇ نەرسىلەرنى سامىيەنىڭ كۆزلىرىدىن تاپالايتتى ، شۇڭا ئۇ ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتاي دېگەندەك ، چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ ماڭدى ، ناۋال ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ھوجرىسىدىن چىقتى . ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۆي ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ سورىدى :

— سامىيە نەدە ؟

ناۋال ئۇنى توسقۇسى كەلمىگەندەك ، بىر چەتكە ئۆتۈپ جاۋاب بەردى :

— ئەنە ، ئالدىڭىزدا تۇرمامدۇ ؟

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

ئابدۇل ھەمدى بوسۇغىغا كېلىپ پەس ئاۋاز بىلەن :

— سىڭلىم ، ياخشىمۇسىز ؟ — دېدى .

سامىيە كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئىچ ـ ئىچىدىن تولۇپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى بېسىۋالماقچى بولغاندەك ، بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇل ھەمدىنى كۆردى ۋە ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى ، خاپا بولۇپ ، چېچىلىشقا تەمشىلىۋىدى ، كۆزى ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . سامىيە يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تارتىپ تونۇش بولغان قاراشلىرىنى كۆردى . ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى خۇددى قارا پاتقاق لاي ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققان گۈلگە ئوخشىشاتتى . شۇئان سامىيەنىڭ خاپىلىقى ، ئاچچىقى پەسەيدى . ئۇ تەتۈر قارىۋېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ، ئۆزىنىڭ بالىلىق ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن قاچۇردى . ئۆزىگە ئاشىق بۇ ئادەم ئالدىدا كۆرەڭلىكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى .

ئابدۇل ھەمدىمۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ بوش ئاۋازدا

سورىدى :

— نېمىشقا بىز بىلەن بىردەم ئولتۇرمايسىز ؟

سامىيە ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى ، ئەمما ۋۇجۇدىدىكى قان يۈزىگە تېپىپ بىھوشلۇقتىن ئېسىگە كەلگەندەك بولدى .

ئابدۇل ھەمدى ئۆيگە كىرىۋېتىپ يەنە سورىدى :

— سىز نېمىشقا ماڭا قارىمايسىز ؟ نېمىشقا مۇنداق تۇمشۇقىڭىزنى ئۇچلايسىز ؟

سامىيە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ جاۋاب بەردى :

— مېنى بىردەم ئارامىدا قويۇڭ !

ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ سورىدى :

— سىز نېمىگە ئاچچىقلىنىۋاتىسىز ؟

سامىيە تاقەت قىلالماي ۋارقىراپ كەتتى :

— ماڭا كانىدەك چاپلىشىۋالماي نېرى بېرىڭ ! ياخشىسى ، شۇنداق قىلىڭ ، بولمىسا ، مەن دادامنى چاقىرىمەن جۇمۇ .

ئابدۇل ھەمدى بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ سامىيەدىن جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى :

— سامىيە ، سىزگە نېمە بولدى ؟ تاغام سىزگە نېمە دېدى ؟

سامىيە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يىغلىۋېتىدىغان ئەلپازدا :

— ئەگەر دادام ماڭا ھېچنېمە دېمىگەن بولسا ياخشى بولاتتى ، — دېدى .

ئابدۇل ھەمدى ئۆز ئاۋازى بىلەن سامىيەنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلماقچى بولۇپ :

— بۇ بىز ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش ئەمەسمۇ ؟ — دېدى .

— ماڭا سىز كېرەك ئەمەس ، مەن نېمىدەپ سىزنى تاللىغۇدەكمەن ؟ مەن ئوقۇشنىمۇ تۈزۈك ئوقۇيالمىغان ئەخلاقسىزنى نېمە قىلاتتىم ؟ — دېدى سامىيە ئابدۇل ھەمدىنىڭ سۆزىدىن خورلۇق ھېس قىلىپ .

ئابدۇل ھەمدى سامىيەنىڭ كالتە پەملىكىنى زاڭلىق قىلىپ :

— ئوقۇشنى ئوبدان ئوقۇغانلار نېمە بوپتۇ؟ تاغام ئوقۇغان ئــادەم، ئەمما ئوتتۇز يىل ئىشلەپمۇ ئاران بەشىنچى دەرىجىلىك ئادەتتىكى خىزمەتچىغۇ! — دېدى كۈلۈپ.

— پەخەس بولۇڭ، دادام بويىنىڭىزنى ئۇزۇۋەتمىسۇن يەنە، — سامىيە غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى :

— مــۇھىيد مۇشۇ كۈنگىچە ئوقۇۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە ئۇمۇ ئاران ئون ئىككى ياكى ئون بەش فوند ستېرلىڭ پۇل ئالىدىغان خىزمەت تاپىدۇ. ساراڭلىق قىلماڭ! ئوقۇپ نېمە كەپتۇ، ئەڭ مۇھىمى قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇش كېرەك، سىز ۋە مەن كىچىكىمىزدىن تارتىپ تەقدىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە باغلىغان، ئەزەلدىن سىزنى مېنىڭكى دەپ، سىزمۇ مېنى ئۆزىڭىزنىڭكى دەپ قــارىــغــان. ئــېــسىڭىزدىمۇ؟ ئەينى چاغدا مەن سىزگە ماروژنى ئــەكــېلىپ بېرەتتىم، ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ يەيتتۇق. مانا ھازىرمۇ سىزگە بىر نەرسە ئالغاچ كەلدىم. سىزگە بىر يۈرۈش ئــۆي، بــىللە يەيمىز دەپ يــاخشــى يــېمەكلىكلەرنــى تــەييارلاپ قويدۇم ...

ســامــىــيە بولدى، گېپىڭىزنى توختىتىڭ دېگەندەك ھەدەپ بېشىنى چايقىدى، ئاخىر تاقىتى تاق بولۇپ، يەرنى تېپىپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزدى :

— سىز ئۇ چاغدا ماروژنىنى ئوغرىلاپ ئەكېلەتتىڭىز، ئەمدى ئۆينى قانداق ئوغرىلاپ بېرىسىز؟

ئابدۇل ھەمدى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يەرگە قارىدى ۋە :

— سىڭلىم، يوق گەپلەرنى قىلماڭ. سىز بىلەن تالاشمايمەن. چۈنكى، بۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكى گەپلەر ئەمەس. سىز تاغامغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن سۆزلەۋاتىسىز، بۇ ئــائــىــلــىــدىــكــىــلــەر مېنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، سىزنىمۇ بوزەك قىلىۋاتىدۇ!

سامىيە دەرھال ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى :
— دىپلوم ئالالماي مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەندە سىزنى كىم بوزەك قىلغان ؟
ئابدۇل ھەمدى يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بەردى :
— بىز يەنە دىپلومنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتتۇقۇ ، جېنىم خېنىم ، مەن باشقىدىن دەرس تەييارلاپ سىزگە يۇز دىپلوم ئەكېلىپ بېرەي ، بولامدۇ ؟
سامىيە ئۇندىمەستىن تەتۇر قارىۋالدى . ئابدۇل سامىيەگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ :
— بىراق ، شەرتىم شۇكى ، سىز مەن بىلەن بىللە دەرس تەييارلايسىز ، ماڭا دەرس ئوقۇپ بېرىسىز ! — دېدى ۋە سامىيەنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدى . سامىيە ئاچچىقى كېلىپ ئۆزىنى قاچۇردى :
— ماڭا تەگمەڭ ! نېرى تۇرۇڭ ! سىزنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟
ئابدۇل ھەمدى زۇۋان سۈرمىدى ، بىردەم يەرگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سامىيەگە قاراپ چوڭقۇر خورسىندى :
— سامىيە ...
— نېمە قىلماقچىسىز ؟ مېنى نېمە قىل دەيسىز ؟ تولا چاپلىشىۋالماڭ ! — دېدى سامىيە زەردە بىلەن .
ئابدۇل ھەمدى غەمكىن كۈلۈپ :
— مەن سىزنى كۈلۈڭ ، ھېچبولمىغاندا كۈلۈمسىرەپ قويۇڭ دەيمەن ، — دېدى .
سامىيە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ :
— مانا . مەن كۈلدۈم ، بولغاندۇ ، ئەمدى مېڭىڭ ، — دېدى .
ئابدۇل ھەمدى چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى ، ئەمما ئۇنىڭ قاراشلىرى ئۆزگەرمىدى ، قاراشلىرى يەنىلا قارا پاتقاقتىن ئۇنۇپ چىققان گۈلگە ئوخشىشاتتى .
— مەن ھازىر كېتىمەن ، سىزنى كۆرگىلى ئەتە يەنە

كېلىمەن ، — دېدى ئابدۇل ھەمدى .
سامىيە ئۇنىڭ كېتىشىگە ئەپسۇسلانغاندەك بوش ئاۋاز بىلەن :
— مەيلى ، ئەتە ـ ئۆگۈن كېلىڭ ، ئىشقىلىپ ، سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق ، — دېدى .
ئابدۇل ھەمدى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ :
— ئەتە ـ ئۆگۈن دەيسىزغۇ ، ئۆمۈر بويى مېنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىسىز ، — دېدى ـ دە ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ، سامىيە قىزغىن بېقىشلىرى بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى .
ئابدۇل ھەمدى مېھمانخانا ئۆيگە كىردى ، ئەمما بوسۇغىدا بىردەم توختاپ ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى . ئەمدى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىغۇسى كەلمىدى . ئۆيدىكى جىددىي كەيپىياتقىمۇ قىزىقمىدى .
— تاغا ، كەتسەم بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇل ھەمدى ۋە بوۋايغا قولىنى ئۇزاتتى ، بوۋايمۇ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا قولىنى ئۇنىڭغا بېرىپ :
— داداڭغا سالام ئېيتىپ قوي ! — دېدى .
ئابدۇل ھەمدى بوۋاينىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى ، ئاندىن ئىبراھىمغا قولىنى ئۇزىتىپ تەمكىنلىك بىلەن :
— غەيرەتلىك بولۇڭ ! — دېدى .
ئىبراھىم زورىغا كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى :
— ئاللا ئىگەم غەيرەت بېرەر ، — دېدى .
مۇھىيد ئابدۇل ھەمدىگە يېقىنچىلىق قىلىپ :
— يەنە بىردەم ئولتۇرماسەن ، ئالدىراپلا ماڭدىڭغۇ ! — دېدى .
— يەنە بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم ، كەچلىكتىكىلار خەيرلىك بولسۇن ، — ئابدۇل ھەمدى ئىشىككە قاراپ ماڭدى .
مۇھىيد يېقىنچىلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى . ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭغا :

— مۇھىيد ، ماڭا ئىشەنگىن . مەن ئەمدى ساڭا ئوخشاشلا مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن . بىراق ، سەن بىلەن ئىشلىشىم ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك ، — دېدى .
مۇھىيد ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بېرىۋېتىپ :
— ئەلۋەتتە ! سەن مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە ، — دەپ قويدى .
ئابدۇل ھەمدى مۇھىيد ئاچقان ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ، پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى :
— سەن ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە يەنە قانچە ۋاقىت تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟
— ئاز دېگەندە ئىككى ھەپتە تۇرىدىغان ئوخشايدۇ .
ئابدۇل ھەمدى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقتى ۋە :
— ئىشىكنى قۇلۇپلاشنى ئۇنتۇپ قالما ! — دېدى .
ئابدۇل ھەمدى بۇ ئائىلە كىشىلىرى ئالدىدا بولۇشقا تېگىشلىك سالاپەت بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشتى ، كوچىغا چىقىپلا ئەسلي قىياپەتكە ياندى : كۆزلىرى زېرەكلىك ، ھىيلىگەرلىك بىلەن چاقنىدى ، ئۇنىڭ ئىنچىكە بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرىدە مەسخىرىلىك ھىجىيىش پەيدا بولدى . ئۇ خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە باشقىلاردىن بۇرۇن يېتىپ بېرىشقا ئالدىرىغان ئادەمدەك چوڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى .
ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېتىۋېتىپ سامىيەنى ئېسىگە ئالدى ، ئابدۇل ھەمدىنى دىپلوم ئال دەيدۇ ، تازا بىر ساراڭ ـ دە ! دىپلومنىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بار ؟ ئابدۇل ھەمدى مۇشۇ چاغقىچە زېرەكلىكىگە تايىنىپ كەلدىغۇ ! زېرەكلىكى بىلەن تۇرمۇشتىن ئۆزىگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى ئالدى . توغرا ، زېرەكلىككە تايىنىش كېرەك . ئەگەر بالىلىقىغا يېنىپ مەكتەپتە ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ، دىپلوم ئېلىش كويىدا بولمايدۇ ، مۇھىيدقا ئوخشاش ئادەممۇ بولمايدۇ . چۈنكى ، مۇھىيدتەك ئادەملەر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتمايدۇ ، ھايات ياشاۋاتىدۇ ، خالاس ! ئۇلار ئېرىشىدىغان

«دىپلوم» قەغەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ دىپلوم ئالمايمۇ سامىيەنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. زىرەكلىكى بىلەن سامىيەنى ئەمرىگە ئالىدۇ.

ئابدۇل ھەمدى سامىيەنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭغا ئۇنىڭدىكى مەنمەنچىلىك ۋە كۆرەڭلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئارتۇقچە زىرەكلىكى تۈپەيلىدىن سامىيەنى يوقىتىپ قويغان، بىراق ئۇ يەنە شۇ زىرەكلىكى بىلەن سامىيەنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ، سامىيەنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىشەنمىگەن سامىيەنىڭ ئائىلىسىنى يېڭىدۇ. ئۇ سامىيەنىلا ئەمەس، يەنە بەش مىڭ فوند ستېرلىڭنىمۇ قولغا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ تاپتا تاغىسىنىڭ قولىدا بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ تۇرۇپتۇ، ئابدۇل ھەمدى بۇ پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچەلەمدۇ؟ ئۇ بۇ پۇلنى نېمىشقا ئالمايدۇ؟ ۋەتەن سۆيىمەن دەپمۇ؟ بۇنىڭ ۋەتەن سۆيۈش بىلەن قانداق ئالاقىسى بولسۇن؟ ئىبراھىم قانداقلا بولسۇن قولغا چۈشىدۇ. بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى. تاغىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. بۇ ۋەتەن سۆيۈش ـ سۆيمەسلىك مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بەش مىڭ فوندستېرلىڭ پۇلنى كىم ئېلىش مەسىلىسى. ئۇ ئالمىسا باشقىلار ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇ چوقۇم بۇ پۇلنى ئېلىشى كېرەك، بۇ پۇل بىلەن بىر سودا سارىيى ئاچىدۇ، مىليونېر بولىدۇ. سامىيەگە داچا سالدۇرۇپ بېرىدۇ، كىچىك ماشىنا ئېلىپ بېرىدۇ. يەنە خىزمەتچى، چاكار، زىبۇزىننەتمۇ لازىم ... ئۇ ساقچىلارغا بىر تېلېفون بېرىپ قويسىلا بۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا كېلىدۇ ياكى بولمىسا باش تەپتىشكە بەرسىمۇ بولىدۇ. بىر تېلېفون قىلسىلا، بىرمۇنچە پۇل قولغا كېلىدۇ. بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ بۇ! ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىبراھىم ھەمدى تاغىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىشى بىلەنلا، ئۇ تېلېفون بېرىپ، بەش مىڭ فوند ستېرلىڭنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئەگەر تاغىسى ئەقلىنى ئازراقلا ئىشقا سېلىپ، جاھانغا بېقىپ ئىش قىلسا، ئىككى ھەپتە ساقلاشنىڭمۇ ھاجىتى

قالمايتتى . ئۇ تاغىسى بىلەن بىرىپ ئىبراھىم ھەمدىنى ساقچىغا مەلۇم قىلاتتى ـ دە ، پۇلنى تەڭ بۆلۈشەتتى . ئەمما تاغىسى تازىمۇ ئەخمەق ! بۇ دۆلەتتە قانچىلىك ئەخمەقلەر بار ـ ھە !

ئابدۇل ھەمدى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ، خىيالغا پاتقان ھالدا سۇلايمان پاشا كوچىسىغا قاراپ ماڭدى ، ئاخىر دائىم كىرىدىغان بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ خىزمەتچىگە تېلېفون دەپتىرىنى ئەكەلدۈرگۈزدى . ئۇ تېلېفون دەپتىرىنى ئەستايىدىل ۋاراقلاپ «ساقچى باش نازارەتچىسى — پولكوۋنىك مۇھەممەد ھۇمام»نى تاپقاندا توختىدى . ئاندىن يانچۇقىدىن كىچىك خاتىرىسىنى ئېلىپ پولكوۋنىك مۇھەممەد ھۇمامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالدى . تېلېفون دەپتىرىدىن يەنە باش تەپتىشنىڭ ئىسمىنى تېپىپ ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنىمۇ يېزىۋالدى .

ئابدۇل ھەمدى تېلېفون دەپتىرىنى يېپىپ تۇرۇشىغا ، بىر دوستى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، دولىسىغا شاپىلاقلاپ سورىدى :

— بۇگۈن كەچتە نەگە يوقاپ كەتتىڭ ؟

ئابدۇل ھەمدى ئۆز زېرەكلىكىنىڭ غەلىبىسىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :

— راستىنى ئېيتسام ، بۈگۈن ئاخشام ئەتە ئۈچۈن ئىشلىدىم ، — دېدى .

ئۇ ئۆز زېرەكلىكىگە تەنتەنە قىلدى .

## 9

يەنە بىر كۈن باشلاندى .

بۇ ، ئىبراھىم مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىشكىنى چەككەنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى . بۇ ئىشقا ئاران ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ ، بۇ ئائىلىدىكى ھەربىر ئادەم بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندەك تۇيغۇدا ئىدى . مەيلى ئۇلار تاماق يەۋاتقان ، چاي ئىچىۋاتقان ، ئۇخلاۋاتقان ، ئويغاق ۋاقتىدا بولسۇن ، كاللىسىدىن ئۆزلىرىنى ئېغىرچىلىققا

سىلىپ قويغان ئىش چىقىپ كەتمەيتتى . ئۇلار ھەرمىنۇت ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇشىدىن قېچىپ يۈرگەن بىر قەھرىمان بىز بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ ، دەپ ئويلايتتى . ھۆكۈمەت بۇ ئادەمنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ ئىنئام بېرىمىز ھەمدە ئۇنى يوشۇرۇپ قويغان كىشىگە ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىمىز ، دەپ ئېلان چىقارغانىدى .

ئائىلىدىكى ھەربىر ئادەم ئۆز رولىنى ، تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتىنى ئىچىدىلا بىلەتتى . يېڭى بىر نەرسە يوق ، ئۇلارمۇ يېڭى بىر نەرسىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايتتى . ئۇلار ئۇچۇن ئىچ پۇشىدىغان بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىش يوق ئىدى ، چۈنكى ئۇلار غەم - قايغۇغا پاتقان ، ئارتۇقچە ھەسرەتنى كۆتۈرگۈچىلىكى يوق ئىدى . ئۇلاردا خۇشلۇقمۇ يوق ، بۇ قەھرىمان ئۆيىدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپ ئۇلارغا خۇشلۇق نەدە تۇرۇپتۇ .

ئۇلار خۇددى تېزرەك ھەرىكەت قىلمىۋەتسە ، ساقچىلارنى چۆچۈتۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن ئادەمدەك ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلىشاتتى . پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز دەپ ، كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىغا چۈشكەنىدى .

ناۋال ھەممىدىن بۇرۇن ئويغاندى .

بەلكى ئۆيدىكى ھېچكىم ئۇخلىمىغان بولۇشى مۇمكىن ، ئۇمۇ ئۇخلىمىغاندۇ .

ناۋال كۆزىنى ئاچقاندا ئەتىگەن سائەت بەش بولغانىدى . ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى بىر قۇر ئويلاپ چىقتى : پەتھى مەلىجىدىن ھەربىي كىيىمنى ئەكېلىدۇ . ئۇلار كۆۋرۈك مەيدانىدىكى تاماكا دۇكىنىنىڭ يېنىدا ئۇچرىشىدۇ . ناۋال شۇ چاغدىكى تەپسىلاتلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى : مانا كۆۋرۈك مەيدانى ، تراموۋاي ۋە ئۇنىڭغا ئولتۇرغان ئادەملەر ، بىر ساقچى مېڭىپ يۈرىدۇ ، بىر بالا تاماكا قالدۇقىنى تېرىۋاتىدۇ . كۆكتات قاچىلانغان ئات هارۋىسى ، كادىراك ماركىلىق كىچىك ئاپتوموبىل ئۆتۈپ كەتتى . ماشىنىدىكى يىگىت ناۋالغا قاراپ زوقلانغان ھالدا

ئىسقىرتتى ، بىر تىلەمچى ناۋالغا قاراپ كەلدى . بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ناۋالنى ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ .

بۇ كۆرۈنۈشلەر ناۋالنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكەندە ، ئۇ تۇرۇپلا قوشۇمىسىنى تۈردى ، تۇرۇپ تىنچلاندى . گاھ تىترەپ كەتتى ، گاھ كۈلۈمسىرىدى . بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كۆرۈنۈشكە قاراپ ئەمەس ، ھېسسىياتىغا قاراپ ئۆزگىرەتتى . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ھېسسىياتى بىلەن باغلاشقا تىرىشماقتا ئىدى . كۆكتات قاچىلانغان ئات ھارۋىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا قورقتى ، ئەمما ئارقىدىنلا خۇددى قىزىقارلىق ئويۇن ئوينىغىلى كېتىۋاتقاندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى ، ھەتتا كۈلكىسى كەلدى . ئۇ ساقچىنىڭ ئۆزىگە كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا بولسا ، تەسەۋۋۇرى ھېسسىياتى بىلەن بىردەملىككە بولسىمۇ بىرلەشكەندەك بولدى . ئۇ ئىختىيارسىز نېمە ئۈچۈن پەتھى مەلىجى ئۇچرىشىشقا مۇنداق ئادەم تولا مەيداننى تاللىغاندۇ ؟ چەت ، جىمجىت ، بىخەتەر ئورۇننى تاپسا بولماسمىدى ؟ دەپ ئويلىدى ، ئارقىدىنلا بۇلارغا ئۆزى جاۋاب تاپتى : بۇنداق يەر كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلمايدۇ ، ساقچىلارنىڭ نازارىتىدىن خالىي بولغىلى بولىدۇ . شۇ جاۋابتىن كېيىن ناۋال ئۆزىنى يەر ئاستى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولغاندەك ھېس قىلىپ خۇشال كۈلدى ، شۇئان ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن ھېسسىياتى ئايرىلىپ كەتتى . بۇنىڭدىن ناۋال تەمتىرەپ قالدى . كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر ئوي پەيدا بولدى : ئەگەر ئاكىسى ئەسكەرتكەندەك پەتھى مەلىجى كىيىمنى ئەكېلەيلى دېگەننى باھانە قىلىپ ، ئۇنى ماشىنىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلسا قانداق قىلىدۇ ؟ ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ ماشىنىغا چىقامدۇ ؟ ئۇ ئاغزىنى ئۇچلاپ قويۇپ قەتئىي قارارغا كەلدى : ياق ! ئۇنىڭ بىلەن ماشىنىغا چىقمايمەن ، بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش ! ئارقىدىنلا ئۇنىڭ لەۋلىرى ئېچىلدى ، چىرايىمۇ مۇلايىم تۈس ئالدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە : «بىراق بۇ ئىشقا مېنى ئىبراھىم ئەۋەتتى . ئىبراھىم ئالىيجاناب

يىگىت ، ئۇ ھەرگىز مېنى ئىشەنچسىز يىگىتنىڭ قېشىغا ئەۋەتمەيدۇ ، مېنى ئۆزىمۇ خالىمايدىغان ئىشقا يولۇقتۇرمايدۇ . ئۇ چوقۇم پەتھى مەلىجىگە ئىشىنىدۇ ، شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىشىم كېرەك . ئەگەر ئۇ مېنى ماشىنىغا چىقىڭ دېسە ، چىقاي . ئىبراھىم ئۇچۇن ئۇ تەلەپ قىلسىلا — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگىمۇ بارىمەن» دېدى . ناۋال تا ئورنىدىن تۇرغۇچە ئارىلىقتا مۇشۇلارنى خىيال قىلدى .

ناۋال ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغاننىڭ ئارىلىقىدا ياتقان ھەدىسىنى يالغۇز قويۇپ ئورنىدىن تۇردى . بۇ ئائىلىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا جىددىيچىلىك ئىچىدىكى تۇرمۇش يەنە باشلاندى . بوۋاي ئىشقا ماڭدى ، موماي دوڭغىيىپ ئاستا يەر سۈپۈرۈشكە باشلىدى ، ئۇ تاۋى يوقتەك كۆرۈنەتتى . مۇھىيد مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا ناۋالنىڭ ئالدىغا كەلدى ، كۆزەينەك ئاستىدىن ئورۇن يىغىۋاتقان ناۋالغا غەمكىن قاراپ قويۇپ :

— ئۆزۈڭگە پەخەس بول ، — دەپ پىچىرلىدى ۋە ناۋالنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چىقىپ كەتتى .

سامىيەمۇ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ھارغىن قىياپەتتە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ تەخسە ، چىنە تەييارلىدى ، يۈزىنى يۇمىغاچقا ، تارالمىغان چاچلىرى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى . بىرئازدىن كېيىن ئاشخانىغا مومايمۇ كىردى . ناۋال ئىبراھىمنى يۈز يۇيۇشقا چاقىرىش ئۈچۈن مۇھىيدنىڭ ھۇجرىسىنى چەكتى . ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى . بۇ تەبەسسۇمدا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى .

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ ! — دېدى ناۋال .

ئىبراھىم ناۋالغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدىن تاڭ نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى :

— ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرغانسىز - ھە !

ناۋال ئىبراھىمنى يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ ھۇجرىغا قايتتى . كېيىن ئادەتتىكىدەك ناشتىلىقنى پەتنۇسقا

سىلىپ ئەكىردى . ئىبراھىم ناۋالنىڭ كۆزلىرىگە ئۆز شولىسىنى ئىزدىگەندەك قاراپ تۇرۇپ :

— ناۋال ، سىزنى چارچىتىۋەتتىم ! — دېدى .

— نەدىكىنى ، ھېچقانچە ھارمىدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى ناۋال ۋىلىلدە قىزىرىپ .

— كۇتۇلمىگەن ئەھۋال چىقمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمىسە ، سىزنى پەتھى مەلىجى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتمىگەن بولاتتىم ، — دېدى ئىبراھىم .

— مەن قورقمايمەن ، — دېدى ناۋال ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ .

ئىبراھىمنىڭ ۋۇجۇدىدا غايىبانە بىر جۇرئەت پەيدا بولدى . ئۇ ناۋالغا تىكىلىپ :

— سىز سائەت ئون ئىككىگە چارەك قالغاندا مېڭىڭ . شۇنىڭدا كۆپ ساقلاپ كەتمەيسىز .

ئىبراھىم خۇددى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقاندەك جىددىيلىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن خىجىل بولغان ناۋال :

— ئاپامدىن نېمىدەپ رۇخسەت ئېلىشنى بىلمەيۋاتىمەن ، — دېدى .

— ھە ، راست ، ئاپىڭىزغا نېمە دېسىڭىز بولار ؟ — دېدى ئىبراھىمۇ ئوڭايسىزلانغان تەلەپپۇزدا .

— ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمەستىن ، جىممىدە چىقىپ كېتەي ، — دېدى ناۋال بىردەم ئويلىنىۋېلىپ .

ئىبراھىم ھەيران بولۇپ سورىدى :

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ ؟ ياق . سىز تونۇغۇنكىدەك بىر دوستۇمنىڭكىگە بارىمەن دېسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دېدى .

ناۋال ھەممىنى بىلىدىغاندەك ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن :

— ئۇنداق دېسەم ئۇنىمايدۇ ، كەچكىچە يېنىمدىن نېرى قىلمايدۇ . ياخشىسى ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىسەم بولىدۇ .

ئىبراھىم كۆڭۈل تىندۇرالمىدى :
— ئەگەر ئۇنداق قىلساق ...
— خاتىرجەم بولۇڭ ! مەن بېرىپ ـ كەلگىنىمنى ئاپامغا ئۇقتۇرمايمەن ، — دېدى ناۋال كۈلۈپ .
ناۋال ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ئىشىككە بارغاندا ، ئىبراھىمغا ئۇبدانىراق قارىۋالاي دېگەندەك بۇرۇلۇپ سورىدى :
— يەنە ئىش بارمۇ ؟
ئىبراھىم گويا كىرپىكلىرى بىلەن باغلىۋالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى ۋە جاۋاب بەرمەستىن كۈلۈمسىرىدى . ئىبراھىمنىڭ مۇشۇ جىممىد تىكىلىشىدە زور ئۈمىد بار ئىدى ، ناۋال ئۇنىڭ ئۈمىدىنى قوبۇل قىلىپ ، ئالمىدەك قىزارغان ھالدا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى .
ناۋال ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشكاپتىن ئاياغ ، پايپاق ، سومكا ، چاپان ۋە كۆڭلىكىنى ئالدى ، بۇلارنى كۆتۈرۈپ ئاستا مېھمانخانا ئۆيگە كىردى ـ دە ، قولىدىكى نەرسىلەرنى بىر ئورۇندۇققا قويۇپ ، ئاشخانىغا كىردى .
سامىيە چىنە ـ قاچا يۇيۇۋاتاتتى . ئاپىسى ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىنى رەتلەۋاتاتتى .
ناۋال ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئاچىسىغا بۇياققا چىققىن دەپ ئىشارەت قىلدى . سامىيە ئۇنىڭ ئىشارىتىدىن ھەيران بولدى ۋە قولىنى سۈرتۈۋېتىپ سىڭلىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى .
— مەن ھازىر سىرتقا چىقىپ كىرەي ، — دېدى ناۋال ھەدىسىگە پىچىرلاپ .
سامىيەنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كېلىپ ئۈنلۈك سورىدى :
— نېمە ئۈچۈن ؟ نەگە ؟
— ۋارقىرىما ! مۇھىيد مېنى بىر مۇھىم ئىشقا بۇيرۇغان ، — دېدى ناۋال يەنىلا پىچىرلاپ .

سامىيەمۇ پىچىرلاپ سورىدى :
— قانداق مۇھىم ئىش ئىكەن ئۇ ؟
— بۇنى كېيىن بىلىسەن . مۇھىمى مەن ھازىر سىرتقا چىقىمەن . ئۇن مىنۇتتىن كېيىن چوقۇم كوچىغا چىقىپ بولۇشۇم كېرەك .
— ماڭا ئېيتقۇڭ كەلمەيۋاتىدۇ ـ ھە ، ئۇنداقتا مېنى نېمە قىل دەيسەن ؟
— مېنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى ئاپامغا ئۇقتۇرما !
— نېمىشقا ؟
— چۈنكى ، ئاپام مېنى چىقارغۇزمايدۇ ، ئاپامنى ئوبدان بىلىسەنغۇ !
— ئۇنداقتا ، تەقسىرىم ، كەمىنە قۇللىرى سىلىگە قانداق خىزمەت يەتكۈزەي ؟ — دېدى سامىيە تەنە قىلىپ .
ناۋال پىلانىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى :
— ئاپامغا مېنى يۇيۇنۇش ئۆيىدە پايپاق ، قولياغلىق قاتارلىق بىرمۇنچە نەرسىنى يۇيۇۋاتىدۇ دەپ ، ئاپامنى ئاشخانىدىن چىقارما ، ئۇ ھەرگىز مېنى ئۆزى ئىزدەپ قالمىسۇن ، مەن كېچىكىپ قالغۇدەك بولسام ، ئاپامغا مېنى كىيىملەرنى يۇيۇپ بولۇپ يۇيۇنۇۋاتىدۇ ، دېگىن .
— ياق ، بولمايدۇ ! — دېدى سامىيە زەردە بىلەن ، — مەن قورچاق ئەمەس ، ئويۇنچۇقمۇ ئەمەس . نەگە بارىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ بەر ياكى ماڭا دېمەي كېتىۋەر ، مېنىڭ ھېچ ئىش بىلەن چاتىقىم يوق .
ناۋال ئۇنىڭغا يېلىندى :
— سامىيە ، ئوبدان ئاچا ! مېنىڭ يۈزۈمنى قىلساڭچۇ ، راستىنلا مۇھىم بارغىن ، دېگەنىدى . مەن كېلىپلا ھەممىنى دەپ بېرىمەن ، ھازىرچە كەچۈرگىن ، مۇھىم مېنى ھېچكىمگە ئېيتمايسەن دەپ ، قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم ئىچكۈزگەن .

— مۇھىيدمۇ ياكى ئىبراھىممۇ ؟ — دېدى سامىيە مەسخىرە قىلىپ .

— دادام ، ئاپام ، ئەجدادلار نامى بىلەن قەسەم قىلايكى ، مۇھىيد بۇيرۇغان .

— بولدى بەس ! ساڭا مۇھىيد ياردەم قىلسۇن !

سامىيە شۇنداق دەپلا ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى .

ناۋال بىردەم ئولتۇردى ، ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولدى . كېيىن بىر ئامال تاپتى - دە ، قەتئىيلىك بىلەن ئاچىسىنىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىرىپ ئادەتتىكىدەك تەبىئىي ئاۋازدا :

— ئاپا ، مەن پايپاق ، قولياغلىقلارنى يۇيۇۋېتەي ، — دېدى .

موماي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي :

— ماقۇل ! تېزرەك يۇيۇۋېتىپ ئاچاڭ بىلەن يۇرچاق ئاقلىغىن ، — دېدى .

ناۋال مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويامسەن ، قانداق ؟ دېگەندەك ئاچىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى . سامىيە ئۇنىڭغا جاۋاب ئورنىدا مۇلايىملىق بىلەن قاراپ قويدى . بۇ ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئىچىۋەتمەيدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى .

ناۋال ھۇجرىسىغا كىرىپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى . مېھمانخانا باشقا ئۆيلەردىن ئايرىم بولۇپ ، تاشقىرىقى ئىشىككە يېقىن ئىدى . ئادەتتە ئېتىك تۇراتتى ، ناتونۇش مېھمانلار كەلگەندىلا ئىشىك ، دېرىزىسى ئېچىلاتتى . ناۋال ئايىغىنى قولىدا تۇتۇپ تاشقىرىقى ئىشىككە قاراپ ماڭدى .

ئۇ تاشقىرىقى ئىشىكنى ئاۋاز چىقارماي ئاچتى . شۇ چاغدىلا يادىغا بىر نەرسە كەچتى . ئۇ دەرھال قولىدىكى ئاياغنى يەرگە قويۇپ ، قايتىپ كەلدى .

ناۋال مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ قايتىپ چىقتى . گېزىتتىن ئازراق يىرتىپ تۇكۇرۇكى بىلەن ھۆللەپ ، يۇمىلاقلاپ ئاچقۇچ تىقىدىغان تۆشۈككە تىقىپ ئىشىكنى

ئىتىلىپ قالمايدىغان قىلىپ قويدى . ئاندىن ئايىغىنى ئېلىپ ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ سىرتقا چىقىپ ئىشىكنى ياپتى . ئىشىك ييپىلدىيۇ ئىتىلىپ قالمىدى . ئۇ ئايىغىنى كىيىپ ، يەنە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بىنادىن چۈشتى .

ئۇ كوچىغا چىقىپلا ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ تېز ماڭدى ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ماڭغانلىقىنى ئەمەس ، بەلكى ئاپىسىنى ئويلاپ ماڭدى . بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاپىسىدىن يوشۇرۇنچە سىرتقا چىقىشى ، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم رۇخسەت سورىماي ئۆيدىن چىقىشى بولغاچقا سەل قورقتى ، بۇنىڭغا دادىسى ، ئاپىسىدىن قورقۇش ، ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشى ئارىلىشىپ كەتكەندى . ئۇ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ، سىرتقا چىقىش تامامەن بىر ئادەمنى ، بىر قەھرىماننى قۇتقۇلدۇرۇش ، بىر قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ، بۇنداق ھەرىكەت مېنىڭ ئۆيدىن رۇخسەتسىز چىققانلىقىمنى ئاقلاپ كېتەلەيدۇ ، دەيتتى ، ئەمما بۇنىڭغا ۋىجدانى ئىشەنمەيتتى . قەلبىدە بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا : «ئالدامچى ! سەن ئىبراھىمنى دەپلا ، ئىبراھىم ئۈچۈنلا كېتىپ بارىسەن ، ھەرگىز ئۇنىڭ قەھرىمان بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتمىدىڭ» دېگەندەك قىلدى ـ دە ، ئۇنىڭ پۇت ـ قولى مۇزلاپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم ئۈچۈن ئىدى . ئۇ ئىبراھىم ئۈچۈن يەنە نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلەيدۇ . يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ . يول ئۇزۇن ، ئۇ ئىختىيارسىز ئىبراھىمغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ . بىر كۈچلۈك نەرسە ئۇنى ئالغا ئىتتىرمەكتە ، ناۋاڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا ئامالسىز . ئۇنى تۇرۇپلا يەنە قورقۇنچ باستى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقىلانە ئىش قىلدىم دەپ خاتا ئىش قىلىپ قويۇشىدىن قورقتى ، ئاپىسىدىن ، دادىسىدىن ، شۇنىڭدەك ئۆزىدىن ئەنسىرىدى ، ئۆزىنى ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھلىق ئىش قىلىپ بېشىنى ئېگىپ تۇرغاندەك ، رۇخسەتسىز ئۆيدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ

ئىشەنچىسىنى يەردە قويغانلىقىنى ئىقرار قىلىۋاتقاندەك، يىغلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يىغلىغۇسى كەلدى، بەلكى كۆز يېشى ئۇنى ئاپىسى ئالدىدا گۇناھتىن ساقىت قىلار.

ناۋال ماشىنىغا ئولتۇرغاندا ۋە ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ناۋال كۆۋرۈك مەيدانىدىكى تاماكا دۇكىنىنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى ئىشنى تېزرەك تۈگىتىپ، ئاپىسى ئۆزىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەستىن بۇرۇن قايتىپ كېتىشتىلا قالدى. شۇڭا، ئۆزىنى بىرەرى كۆرۈپ قالار دەپمۇ تەشۋىشلەنمىدى، ئەتراپىغا سەپسېلىپمۇ قارىمىدى، يېنىدىن كىملەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغىمۇ دىققەت قىلمىدى. تراموۋاي ۋە تراموۋايدىكى يولۇچىلارنى كۆرمىدى، مېڭىپ يۈرگەن ساقچىنىمۇ، تاماكا قالدۇقىنى تېرىپ يۈرگەن بالىنىمۇ، ئۆزىگە قول سۇنۇپ كەلگەن تىلەمچىنىمۇ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۇنىڭغا ئىسقىرتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەن يىگىتنىمۇ كۆرمىدى، كۆكتات قاچىلانغان ئات ھارۋىسىنى ئەسلا كۆرمىدى. ئىشقىلىپ، ئۇ كۆۋرۈك مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرىنىمۇ كۆرمىدى، ئۇ مەيداندىن خېلى يىراقلىقتىكى بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كۆزەينەكلىك بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئويلىمىغان ئەھۋال بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا قاراۋاتقان بىر جۈپ كۆزنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئاكىسى مۇھىيد ئىدى.

مۇھىيد كېچىچە ۋە ئەتىگەندىن بېرى پەتھى مەلىجى بىلەن كۆرۈشۈشكە بارىدىغان سىڭلىسىدىن خاتىرجەم بولالمىدى، ئۇ ئۆزىنى پەتھى سىڭلىمنى ماشىنىغا سالمايدۇ، ئالداپ ئەكەتمەيدۇ، دەپ ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، پەقەتلا كۆڭۈل تىندۇرالمىدى، ئۆزىنى قايىل قىلالمىدى. شۇڭا، ئىختىيارسىز مەكتەپتىن چىقىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن خېلى بۇرۇن مەيدانغا كەلدى، دوقمۇشقا كېلىپلا سىڭلىسىنى ئىزدىدى، ئۇنى كۈتتى،

سىڭلىسىنى كۆرگەندە نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ، سىڭلىسى پەتهى مەلىجىنىڭ ماشىنىسىغا چىقسا قانداق قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى . ئەگەر ماشىنا سىڭلىسىنى ئەكەتسە ئۇ قانداق قىلىدۇ ؟ ۋارقىراپ ماشىنىنىڭ كەينىدىن قوغلامدۇ ياكى ساقچىغا مەلۇم قىلامدۇ ؟ ياكى ئۇ ھېچقايسىسىنى قىلالماس ، پەقەت تۇرغان يېرىدە قاتتىق يىغلاپ كېتەر .

ئەمما ، ئۇ قاراپلا تۇرماستىن ، يىغلىماستىن سىڭلىسىنى قۇتقۇلدۇرۇشى لازىم . ھېچبولمىغاندا ، ماشىنىنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلىۋېلىپ ساقچىغا سىڭلىمنى بۇلاپ كەتتى ، دەپ مەلۇم قىلىشى كېرەك . مۇھىيد يانچۇقىدىكى قەلەم بىلەن خاتىرىنى سىلاپ قويدى ، ماشىنىنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالىدىغان نەرسىلەر بار ئىكەن . لېكىن ، ئۇ ماشىنىنىڭ نومۇرىنى نېمە قىلىدۇ ؟ ساقچىلار سىڭلىسىنى تېپىپ بولغۇچە ، ئۇ ئاپاغ ئاستى قىلىنىپ ، مۇھىيدنىڭ نامى ، ئابرۇيى بۇلغىنىپ بولمامدۇ ! ياق ! ئىبراھىم نېمە بولسا مەيلى ، مىڭ قېتىم دارغا ئېسىلسىمۇ ئېسىلسۇن ، ئۆزىنىڭ شورى . ئەمما ، مۇھىيدنىڭ نامى بۇلغانماسلىقى كېرەك . ئۇ سىڭلىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشى ، ئۇنى قوغداپ قېلىشى ، چىلبۆرىنى ئۇنىڭغا چاڭگال سالغۇزماسلىقى كېرەك . پەتهى مەلىجىنىڭ كېيىمنى سىڭلىسىغا بېرىش ـ بەرمەسلىكى ئىككىنچى ئىش . مۇھىمى سىڭلىسىنى چىلبۆرىگە تۇتقۇزماسلىق ، چىلبۆرە ، چىلبۆرە ! مۇھىيد ئۇلارنى ياخشى بىلىدۇ !

شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ سىڭلىسىنى كۆرگەندە مىدىرلىمىدى ، سىڭلىسىنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تاماكا دۇكىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپمۇ ئورنىدىن قوزغالمىدى ، بىرلا يېرى ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزى سىڭلىسىغا قادالدى .

ئەگەر ناۋال مەيداننىڭ ئەتراپىغا سەپسېلىپ قارىغان بولسا ، كوچا دوقمۇشىدىكى يۆلىنىپ تۇرغان ئاكىسىنى كۆرگەن بولاتتى . ئەمما ، ناۋال ئەتراپقا قارىمىدى ، قارىغان بولسىمۇ تازا سەپسالمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كاللىسىدا ھازىر پەتهى مەلىجىنىڭ

چىرايىلا بار ، ئۇنىڭدىن باشقا چىرايىنى قاراپ تۇرۇپمۇ كۆرمەيتتى .
ناۋالنىڭ پۈتۈن سەزگۈ ئەزالىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە مەركەزلەشتى . ئۇ ئالدىرايتتى ، ئاپىسى سىزىپ قالماستا كېتىۋېلىشىنىلا ئويلايتتى . ۋاقىت بولسا ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە ، سائەت ئون ئىككى بولدى ، ئون ئىككىدىن بەش مىنۇت ئاشتى . بەلكى پەتھى مەلىجى كەلمەسلىكى مۇمكىن . ناۋال ئۇنىڭ ، ئەگەر مەن ۋاقىتىدا كېلەلمىسەم ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۆيۈمگە كېلىڭ دېگىنىنى يادىغا ئالدى . ئەمدى قايتىپ كەتسەم بولارمۇ ؟ ئاپامدىن يوشۇرۇنچە يەنە چىقارمەنمۇ ؟
ناۋال ئۆز خىياللىرىغا جاۋاب بەرگۈچە ، بىر ماشىنا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سىگنال بەردى . پەتھى ماشىنا ئىچىدە ئىدى . ئۇ بىر قولى بىلەن ماشىنىنى ھەيدەپ ، يەنە بىر قولى بىلەن ناۋالغا ئارقامدىن مېڭىڭ دەپ ئىشارەت قىلدى ـ دە ، ماشىنىنى نىل دەرياسى كوچىسىغا بۇرىدى .
ناۋال ئالدىغا قاراپ ماڭدى ، ئەمما يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ ، قەدەملىرىمۇ ئالمىشىپ كەتتى . ئۇ ئويلاشقا پېتىنالمىدى ، چۈنكى خىيالىنىڭ ئۆزىنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى ، ماشىنىنىڭ كوچا ئاغزىدا توختىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا يېقىنلاشتى . خۇددى شىر قەپىسىگە يېقىنلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆڭلىنى ئەندىشە ـ ساراسىمە باستى . ناۋال ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەنلا ، پەتھى مەلىجى ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىر بوپىنى ئىككى قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندى ۋە ئالدىراپ ـ تېنەپ :
— ماشىنىنى ئەتە تاپىمەن ، — دېدى .
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا پەتھى ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى . ھەممە ئىش توگىدى ، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى .
قەھرىمانلىق ئەجەبمۇ ئاددىي ئىش ئىكەن ! ئۇ خۇددى سۆيۈشۈشكە ئوخشىشىدىكەن . قىزلار دەسلەپتە سۆيۈشۈشتىن

قورقىدۇ ، كېيىن ئۇنىڭ ئاددىي ، ئەمما لەززەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ .

ناۋال بوپىنى كۆتۈرۈپ ، بېشىنى سالغان پېتى ئارقىسىدىكى ماشىنىلارغا قاراپمۇ قويماي ماڭدى . ئۇ بولمىغۇر خىياللارغا بېرىلگىنىگە ئەپسۇسلانغاندەك مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى .

مۇھىيد سىڭلىسىنىڭ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ نىل دەرياسى كوچىسىدا يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دېدى . ئۇنىڭغا چىلبۆرە سىڭلىسىنى يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك ، ئۆزىنىڭ نام - ئابرۇيىنىمۇ چايناپ بۇردا - بۇردا قىلىۋەتكەندەك ، بەدىنىدىكى ھەربىر پارچە گۆشتە چىش ئىزى باردەك ، ئۇلاردىن قان تەپچىپ تۇرغاندەك ، قەلبىدە قانداقتۇر بىر نەرسە چۇقان سېلىۋاتقاندەك بىلىندى ، مۇھىيد ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاچچىقى بىلەن يۇگۈرسە ئارقىسىدىن چىلبۆرە قوغلاپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ ئاستا ماڭدى .

ئۇ بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا ، بىر بوپىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېتىۋاتقان سىڭلىسىنى كۆردى . ناۋال بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى .

ئۇ سىڭلىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشنى ئويلىدىيۇ ، لېكىن نېيىتىدىن ياندى ۋە بارغۇسى يوق بولسىمۇ ، بىر خىل غەمكىن ھالدا مەكتەپكە قاراپ ماڭدى .

سىڭلىسى ئۇنى يەنە كۆرمىدى .

ناۋالنىڭ ۋەزىپىسى تاماملاندى ، شۇڭا ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئاپتوبۇسقا چىقتى ، ئاپىسى سېزىپ قالغۇچە ئۆيگە بېرىۋېلىشنىلا ئويلىدى . ناۋال باياتىنقى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەشكە باشلىدى . پەتھىنىڭ : «ماشىنىنى ئەتە تاپىمەن !» دېگەن سۆزى يادىغا كېلىپ بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك بولدى - دە ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى . دېمەك ، ئىبراھىم ئەتە بۇ ئائىلىدىن كېتىدۇ . ناۋال ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدۇ ، ئىشىكنى چېكىپ يۈز يۈيۈشقا چاقىرالمايدۇ . ناشتىلىق ئەكىرىپ بېرەلمەيدۇ ، ئۇنى ھىدلىيالمايدۇ ، ناۋالدا

ئەمدى كۆڭلىنى شاد ـ خۇشاللىقتا چۆمدۈرىدىغان تۇيغۇ پەيدا بولمايدۇ، بۇ ئائىلىدىكى ھەممە ئىش خۇددى سائەتنىڭ چىكىلدىشىدەك بىرلا خىل ۋە جانسىز بولىدۇ. مەنىسىز سۆزلەر تەكرارلىنىدۇ، ئاچىسى بىلەن ئاچىسىغا خۇشتار ئۇزۇن تۇرا، سىمىز، دوختۇر، ئىنژېنېر قاتارلىقلارنىڭ ئەلچىلىرى توغرىسىدا پىچىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىر، تەسەۋۋۇرلىرى ئىلگىرىكىدەك بىر ئادەمگە مەركەزلەشمەي، تۇتۇرۇقسىز نەرسىلەردە بولىدۇ. ئۇ يەنە كۈتۈش، تۈگىمەس كۈتۈشلەر ئىچىدە ياشايدۇ: ئىپتار ۋاقتىنى، زوھۇرلۇق ۋاقتىنى، دادىسىنىڭ كېتىشىنى ۋە كېلىشىنى كۈتىدۇ، ھېيت ـ بايراملارنى كۈتىدۇ، ئاچىسىنىڭ ياتلىق بولۇشىنى كۈتىدۇ، ئاندىن بىرەرىنىڭ ئۆزىگە ئەلچى كىرگۈزۈشىنى، ئۆزىنى ئەمرىگە ئېلىشىنى كۈتىدۇ، مانا مۇشۇنداق مەنىسىز تۇرمۇش يەنە باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئىبراھىم ئەمدى بولمايدۇ، ئىبراھىمنى كۆرەلمەيدۇ، مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ. ئىبراھىم ھەرگىز بۇنداق ئادەتتىكىدەك مەنىسىز تۇرمۇشنى كەچۈرمەيدۇ.

ناۋالنىڭ يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى.

ناۋال ئاپتوبۇستىن چۈشتى، ئۆز ھاياتىنى قولىدا كۆتۈرۈپ، دېڭىزغا تاشلىنىۋېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئادەمدەك يوغان بوپىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيىگە قاراپ ئىتتىك ماڭدى.

ئۇ پۇتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقتى، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ بوپىنى ئېھتىيات بىلەن يەرگە قويۇپ، بايا قۇلۇپ تۆشۈكىگە تىقىپ قويغان قەغەزنى ئېلىۋەتتى. ئۇ ئايغىنى سېلىپ بوپىنى ۋە ئايغىنى كۆتۈرگەن ھالدا مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى ـ دە، ئالمان ـ تالمان كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، مېھمانخانا ئۆيدىن چىقتى، يەنە پۇتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، ئاپىسى، ئاچىسىغا قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى.

ئاپىسى بىلەن ئاچىسى ناۋال ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن چاغدىكىگە ئوخشاش ئۆز ئىشى بىلەن بەند ئىدى، سامىيە قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى. ئاپىسى يەنىلا قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىنى رەتلەۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بۇ ئائىلىدىكى ھەممە نەرسە، ھەتتا ۋاقىتمۇ توختاپ قالغاندەك بىلىنىدى. ئەمما، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ قايتىپ كەلگۈچە ئارىلىقتا يېرىم سائەت ئۆتكەن، ھەممە ئىش يېرىم سائەتتە تۈگىگەندى. ئاپىسى قىزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا قارىمايلا سورىدى:

— يۇيۇپ بولدۇڭمۇ؟

— يۇيۇپ بولدۇم، ئاپا! — دېدى تىترەك ئارىلاش ئاۋازدا.

— ياخشى، ئولتۇرۇپ پۇرچاق ئاقلا! — دېدى ئاپىسى.

سامىيە ناۋالغا سىرىڭنى ئاشكارىلىۋېتىمەن، دەپ قورقۇتماقچى بولغاندەك ئاچچىقى بىلەن قارىدى. ناۋال ئاچىسىغا، سىرىمنى ئاشكارىلىمىغىنىڭغا رەھمەت دېگەندەك، مۇلايىملىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئاشخانىغا كىردى، قەغەزگە ئوراقلىق پۇرچاقنى كۆتۈرۈپ سىرتقا مېڭىۋىدى، ئاپىسى توختىتىۋالدى:

— نەگە بارىسەن؟

— رادىئونىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاقلايمەن.

— يائاللا! ئەجەبمۇ ئويۇنچىسەن، رادىئونىڭ يېنىدا ئولتۇرمىساڭ، پۇرچاق ئاقلىيالمامسەن زادى؟ ئوبدان قىزىم سامىيە ئاشخانىغا بىر كىرىۋالسا، قولى پۇتىغا تەگمەي ئىشلەپ كېتىدۇ، — دېدى ئاپىسى ئىشىنى قىلىۋېتىپ.

ناۋال ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. پۇرچاقنى مېھمانخانا ئۆيدىكى كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى ـ دە، مېھمانخانا ئۆيدىكى كىيىملىرى بىلەن ھېلىقى بوپىنى ئاچىقىپ كىيىملىرىنى ھۇجرىسىغا تاشلاپ قويدى. ئىبراھىم بار ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېنىك چەكتى ۋە بوپىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلايتتى.

ئىبراھىم ناۋالنىڭ قولىدىن بوپىنى ئالدى، خۇشلۇقتىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— پەتەي ماشىنىنى ئەتە تاپىمەن دەيدۇ ! — دېدى ناۋال ئىبراھىمغا قارىماي .

ئىبراھىم ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە قاراپ گاڭگىرىغان ھالدا :

— رەھمەت ! — دېدى . ناۋال ئۈنچىقمىدى .

ئىبراھىم ئۇنىڭ قايغۇلۇق ھالىتىنى كۆرۈپ تەشۋىشلىنىپ سورىدى :

— بىرەر ئىش بولدىمۇ ؟

ناۋال خۇددى بارماقلىرىنى ئۇزۇۋەتكۇسى كېلىۋاتقاندەك ، بىر قولىنىڭ بارماقلىرىنى يەنە بىر قولىدا تارتىپ تۇرۇپ سورىدى :

— بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپ نەگە بارىسىز ؟

— راستىنى ئېيتسام ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، — دېدى ئىبراھىم ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى ئاز - تولا پەملەپ .

— بىز سىزنىڭ ئامان - ئېسەن ئىكەنلىكىڭىزنى قانداق بىلىمىز ؟ — ناۋال ئىبراھىمغا تىكىلىپ قاراپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىۋاتقان تەرزدە سورىدى .

— مۇبادا مەن تۇتۇلۇپ قالسام ، گېزىتتىن بىلىسىلەر ! — ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى زاڭلىق قىلغان تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى .

ناۋال ئۇنىڭغا ئەيىبلىگەندەك جىددىي قىياپەتتە قاراپ قويۇپ ، ئىبراھىمدىن خاپا بولغاندەك بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى .

ناۋال مېھمانخانا ئۆيگە كىردى ، بىراق ئۇنىڭ دىققىتى چېچىلدى . ئۇ قەغەز بولاقنى ئېچىپ پەرىشانلىق بىلەن يۇرچاق ئاقلاشقا باشلىدى . تۇيۇقسىزدىن كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتى يىغىغا ئۆرۈلگەنىدى .

# 10

مۇھىيد مەكتەپتىن ياندىغان چاغدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى .

ئۇ ، ئۆيىگە پەرىشان ھالدا جىممىدە كىرىپ كەلدى . سىڭلىسى بىلەن ئىبراھىمغا ھېچ نەرسە دېمىدى . ئۆزىنىڭ ناۋالغا ئەگىشىپ بارغانلىقىنى ، ناۋال پەتھى مەلىجىدىن ھەربىي كىيىمنى ئېلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغاندا ، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى ئېيتمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىق قىلىپ پەتھى مەلىجىنىڭ ئەخلاقىدىن ، ھەتتا بارلىق سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ياشلاردىن گۇمانلانغانلىقىدىن خىجىل بولدى . چۈنكى ، ئۇ ھازىرغىچە ئەنە شۇنداق گۇمانىي قاراشتا ئىدى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىششى پەقەتلا «قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش»تىن باشقا نەرسە ئەمەس ، دەپ قارايتتى . ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭدىن : ئۇلاردىن سېنىڭ نېمە پەرقىڭ بار ، دەپ سورىغۇدەك بولسا ، ئۇ ، ئۇنداق ئوقۇغۇچىلار يۈزى قېلىن كېلىدۇ ، دەپ جاۋاب بېرەتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى خۇددى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزغا قىزىققاندەك بىر ئىش ئىدى . ئۇلارنىڭ توۋلىغان شوئارلىرى ھەرگىز ئۇلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرى بولماستىن ، بەلكى قىزلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئېيتىلىدىغان مۇھەببەت سۆزلىرىگە ئوخشاشلا بىر گەپ ئىدى . ئۇلار ئەزىمەتلەردىن ئەمەس ، تېخى ئۇلاردا ئەزىمەتلەرگە خاس خىسلەتمۇ يوق . توغرا ، ئۇ ئىبراھىمغا ئىشىنەتتى ، ئۆيىگە ئىبراھىم يوشۇرۇنغىلى كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى . ئەمما ، ئۇنى كەم سۆز ، ئېغىر - بېسىق ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى خالىمايدىغان ، مەن قالتىس ۋەتەنپەرۋەر دەپ داغۋازلىق قىلمايدىغان ياشلاردىن دەپ چۈشىنەتتى . ھازىر قارىغاندا ، ئىبراھىمدىن بۆلەك يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ھەقىقىي ئەزىمەتلەردىن ئىكەن ، ئەخلاقلىق ئىكەن ... ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلارنى ، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان

ساۋاقداشلىرىنى خاتا ئەيىبلەپ قويغانلىقىنى، ئەمدى بۇ كۆز قارىشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب، سەمىمىي ياشلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇلار توۋلىغان شوئارلار ھازىر مۇھىيدقا باشقىچە تەسىر قىلدى. بۇ شوئارلار چىن قەلبىدىن توۋلانغانىدى. ئۇلار ئوتلۇق يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان زەمبىرەك ئوقلىرى ئىدى.

مۇھىيد ھۇجرىغا كىرىپلا ئىبراھىم بىلەن سالاملاشتى، ئەمما ئۆز قىلىقىغا خىجىل بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىدى.

ئىبراھىم ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغاندەك:

— كىيىم قولغا كەلدى، ناۋال ئەكەلدى! — دېدى.

مۇھىيد كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى:

— قېنى؟

— ئىشكاپتا!

— كىيىپ باقتىڭىزمۇ؟ — مۇھىيد ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سورىدى.

— خۇددى ماڭا ئۆلچەپ تىككەندەك كەلدى. خۇداغا شۈكۈر، ئەتە مەن لېيتېنانت بولىدىغان بولدۇم.

مۇھىيد ئۈنچىقمىدى، ئىبراھىم دوستىغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ئەتە ماشىنا تەييار بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش پۈتكەن بولدى! — دېدى.

مۇھىيد بۇرۇنقى گۇناھىنى يۇماقچى بولغاندەك قىزغىنلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن:

— ئىبراھىم، گېپىمنى ئاڭلاڭ! راستىمنى ئېيتسام، سىزنى كەتكۈزگۈم يوق، داداممۇ شۇنداق. ئەگەر ئەتىكى ئىشقا ئىشەنچ قىلالمىسىڭىز بولدى قىلىڭ. ئۆزىڭىزدە ئىشەنچ بولغۇچە، بىز بىلەن تۇرۇۋېرىڭ.

ئىبراھىم مۇھىيدنىڭ سەمىمىيلىكىنى دەڭسەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا

كۆزنى ئۇزمەي قاراپ كەتتى .

— مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەھۋال ياخشىلىنىپمۇ قالار ، — مۇھىيد پۈتۈن بەدىنىنىڭ قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى .

— رەھمەت مۇھىيد ! — دېدى ئىبراھىم ، — ياخشىسى ، مەن ئەتىلا كېتەي . مەن بۇ كۈنلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن . سىلەر مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭلار . سىلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنىم ئۆزۈمگە ئايان . مەن سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن .

— بۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ، مۇھىمى ، سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىز كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك . شۇنىڭدا بىزمۇ خاتىرجەم بولىمىز ، — دېدى مۇھىيد بوغۇلغان ئاۋازدا .

— ھاياتىمنىڭ بىخەتەرلىكى ئۆمرۈم بويى كاپالەتكە ئىگە بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، ھېچقاچان مەندىن خاتىرجەم بولالمايدىكەن . پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن ، — دېدى ئىبراھىم ئۆزىنى ۋە تەقدىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ .

— ئۇنداق دېمەڭ ! خۇدايىم ساقلايدۇ ! — دېدى مۇھىيد كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا .

ئىبراھىم جىم بولۇپ قالدى .

مۇھىيد كېيىمىنى يۆتكىدى ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپ ۋە چوڭ - چوڭ سىياسىي ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشتى .

بوۋاي قايتىپ كەلدى . مۇھىيد ئۇنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولۇپ ماڭغاندا ، ئىبراھىم :

— ئەتىكى ئىشنى تاغامغا ئېيتمىغىن ، — دېدى .

— نېمىشقا ؟ — ھەيران بولدى مۇھىيد .

— ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەك بولسۇن ، تاغاممۇ خاتىرجەم ئۇخلىسۇن . چۈنكى ، تۈرمىدىن چىقىشنى كۈتۈش تۈرمىدە ياتقاندىنمۇ ئېغىر . مەن چىقىپ كەتسەم ، سىلەر تۈرمىدىن

چىققاندەك بولىسلەر .

مۇھىيد تازا قايىل بولماي :

— بوپتۇ ، ئېيتماي ، — دېدى .

— ھېچكىمگە ئېيتمىغىن ، ھاما ئاچامغا ، سامىيەگىمۇ ئېيتمىغىن ، ناۋالغا ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلاپ قوياي ، — دېدى ئىبراھىم .

— ماقۇل ، — دېدى مۇھىيد چىقىپ كېتىۋېتىپ .

مۇھىيد چىقىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن بىر پارچە «ئەلئېھرام» گېزىتىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى . ئىبراھىم ئۇنىڭ قولىدىن گېزىتنى ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىزدەشكە باشلىدى . ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانلىقىغا دائىر خەۋەرنى ۋە قولغا ئېلىنىشلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇپ ئىبراھىمنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ئاستا يوقاپ كەتتى .

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە بوۋاي ئۇخلاپ قالغانىدى .

تۇيۇقسىز ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى .

ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز «جىغ» قىلىپ قالدى . ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتكەن قەھرىماندىن قېچىپ يۈرگەن قەھرىمانغا ئۆزگەرگەندىن بۇيان ، مۇشۇنداق چۆچۈيدىغان بولۇپ قالغانىدى . مۇھىيدنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى قاپىقى خۇددى قۇش قانىتىدەك لىپىلداپ كەتتى .

ئۇلار لەپپىدە بىر - بىرىگە قارىدى ، ئاندىن مەسلىھەتلىشىۋالدى ، مۇھىيد ھۇجرىدىن چىقىپ ئىشىكنى ھىم ياپتى . ناۋالمۇ پەيدا بولدى ، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى .

— سورىماي تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچما ، — دەپ تاپىلىدى مۇھىيد ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ .

— بولىدۇ .

ناۋال ئاستا مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى . مۇھىيد خەۋەر كۈتۈپ ئورنىدىن قىمىرلىمىدى . ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئىشىكتىكى كىچىك تۆشۈكنى ، ئاندىن ئىشىكنى ئاچقانلىقىنى ئاڭلىدى .

ناۋال قايتىپ كەلدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئابدۇل ھەمدى بار ئىدى . مۇھىيد ئابدۇل ھەمدىنى كۆرۈپ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ، ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى .

ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە :

— تاغام ئۇخلاپ قالدىمۇ ؟ — دېدى پىچىرلاپ .

— ھەئە !

— ياخشىغۇ ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى ھىجىيىپ .

مۇھىيد ئاچچىقىنى يۇتۇپ گەپ - سۆز قىلمىدى .

— قايسى ئۆيدە سىلەر ؟ — سورىدى ئابدۇل ھەمدى .

مۇھىيد ھۇجرىسىغا ماڭدى ، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ يىرگەنگەن ھالدا :

— كىرگىن ، — دېدى .

ئۆزىنى بېسىۋالغان ئىبراھىم ئابدۇل ھەمدى بىلەن ئوچۇق چىراي كۆرۈشتى .

ئۇچەيلەن ئولتۇرۇشتى . ئابدۇل ھەمدى ئۆزىنىڭ يېڭى لايىھىسى بويىچە سالاپەتلىك ، ئېغىر - بېسىق ، ھازىرقى ئېغىر شارائىتنى تولۇق مۆلچەرلىگەن ئادەمدەك ئولتۇرۇشقا ، بەزى قاراشلىرىنى تولۇق شەرھلىمىگەندەك تەسىرات پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئاز سۆزلەشكە ، سۆزلىگەندىمۇ گەپنى قىسقا قىلىشقا ، ھەتتا كۈلكىسىگىمۇ چەك قويۇشقا تىرىشتى .

لېكىن ، ئابدۇل ھەمدى ھايال ئۆتمەيلا بۇ رولدىن تويدى - دە ، گەپ خالتىسىنى ئېچىۋەتتى ، يېنىدا باشقا ئادەم يوقتەك كۈلىۋەردى . ئۇ ئەنە شۇنداق ئەسلىي قىياپىتىنى يوشۇرالمايدىغان ، سۆزمەن ، گۇمانخور ، شامالغا قاراپ ئۆزگىرىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدىغان ئادەم بولۇپ ، بۇ ھۈنىرىنى كۆز - كۆز قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى .

ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ كۆپرەك سۆزلىۋېتىپ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ قالدىمۇ ، بىردىنلا جىمىپ قالاتتى ، ئەمما تىلىنى قىچىشتۇرۇۋاتقان ھېكايىلىرىنى ، مەسىلىلەرگە قارىتا كۆز

قاراشلىرىنى ۋە چاقچاقلىرىنى دەۋالمىسا قىيىنىلىپ كېتەتتى .

ئىبراھىم ئابدۇل ھەمدىنى كۆپرەك سۆزلىتىش مەقسىتىدە، ئۇ گەپتىن توختىغان ھامان ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلىدى . ئابدۇل ھەمدى شۇئان ئۆزىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى . ئىبراھىم سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلمەكچى بولدى .

— ساقچىلارنىڭ ئىچىدە تونۇيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ — تۇيۇقسىز سورىدى ئىبراھىم .

بۇ سوئال ئابدۇل ھەمدىگە تۇيۇقسىز بىلىندى، ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇردى، ئاندىن يەنە بىر مەيدان شاھمات ئويۇنىنى باشلىماقچى بولغاندەك سەگەكلىك بىلەن سورىدى :

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— مەن دوستلىرىمدىن قولغا ئېلىنغانلىرى بار - يوقلۇقىنى ئۇقۇشماقچىدىم، — دېدى ئىبراھىم پەرۋاسىز قىياپەتتە .

— بىر ساقچى ئەمەلدارىنى تونۇيمەن، ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە قەھۋەخانىدا بىللە بولۇپ قالىمىز، — ئابدۇل ھەمدىنىڭ كۆزلىرىدىن مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇراتتى .

— سىز ئۇنىڭدىن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئالالامسىز؟ — دېدى ئىبراھىم .

— مېنىڭچە، كىمنى ئۇقۇشىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، مەن ئۇنىڭدىن تىڭ تىڭلاپ باقاي، — دېدى ئابدۇل كۆزلىرىنى ھىيلىگەرلىك بىلەن ئوينىتىپ .

ئىبراھىم مۇھىيدىنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا قارىدى .

— ئابدۇل ھەمدى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، — مۇھىيدىنىڭ چىرايىدىن ئابدۇل ھەمدىگە ئىشەنمەسلىك چىقىپ تۇراتتى .

— قانداقلا بولسۇن، ئىبراھىم ئەپەندىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا مەن تەييار، — دېدى ئابدۇل ھەمدى مۇھىيدىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي .

ئىبراھىم چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ، خېلى ۋاقىتقىچە ئۈنچىقمىدى. ئابدۇل ھەمدى كۈلۈپ تۇرۇپ:

-- ئىبراھىم ئەپەندى، ماڭا ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى بىلىشنى ئەمەس، سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزگە ئېرىشىشنىلا خالايمەن، — دېدى.

ئىبراھىم خۇددى چوڭ بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىۋاتقاندەك تۆۋەن ئاۋاز بىلەن:

— ئوقۇشماقچى بولغان ئاغىنىلىرىمنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد مۇرتەزا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى سەمىر ئايۇپ.

مۇھىيد چۆچۈپ توۋلىۋەتتى:

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ بۇنداق ئىشلارنى ئېيتىدىغانغا ئۇ شۇنچە ياخشى، ئىشەنچلىك ئادەممۇ؟

ئىبراھىم مۇھىيدقا قاراپ قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتتى ۋە:

— مەن ھازىر ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياردىمىگە موھتاج، ئابدۇل ھەمدىگە ئىشىنىمەن، — دېدى كىشىنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك تەلەپپۇزدا.

مۇھىيد ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئۇ ئىبراھىمنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، شۇ تاپتىكى مەقسىتىنى چۈشەندى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەتىلا جاۋاب ئېلىپ كېلىمەن، — ئابدۇل ھەمدىگە بىردىنلا جان كىردى.

— بىراق، سىز بۇلارنى ساقچى دوستىڭىزدىن قانداق سورايسىز؟ پەخەس بولۇڭ، ئۇنى ھەرگىز ئەجەب بۇ ئىشنى سوراپ كەتتىغۇ، دەيدىغان ئويغا كەلتۈرۈپ قويماستىن چاندۇرماي سوراڭ. ئالدىرىماڭ، بولمىسا، ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىسىز، ئىككى - ئۈچ ياكى ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە سۈرۈشتۈرۈپ بىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئىبراھىم خاتىرجەملىك بىلەن.

ئابدۇل ھەمدى ئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى بىلەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلانغاندەك ھېجىيىپ تۇرۇپ:

— چاتاق يوق ، بۇ ئىشنى مەن ھۆددە قىلدىم ، بۇ قانچىلىك ئىش دەيسىز ، — دېدى .

ئابدۇل ھەمدى قىزغىنلىق بىلەن ئىبراھىمغا قول بېرىپ خوشلاشتى . ئۆيدىن چىققاندا ئىبراھىمنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشكەنلىكىگە قاتتىق ئىشەندى ۋە پەم - پاراستىگە باركاللا ئوقۇغىلى تاس قالدى .

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ؟ — دېدى مۇھىيد ئىبراھىمغا پىچىرلاپ .

ئىبراھىم ، دوستۇم كۆزلىرىمدىن كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالمىسۇن دەپ ، مۇھىيدقا قارىماستىن جاۋاب بەردى :

— بۇ ئۆينى نازارەت قىلىپ تۇرماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشىم كېرەك ، شۇنداق بولغاندا مەن بۇ ئۆيدىن چىقسام ، ئۇ ئارقامغا چۈشمەيدۇ .

— ئۇ سىزنىڭ دوستلىرىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويامدۇ ؟

— ھېچنېمە بولمايدۇ !

— نېمىشقا ئەمدى ؟ — دېدى مۇھىيد دوستىنىڭ باغرى قاتتىقلىقىنى ئەيىبلىگەندەك .

— مېنىڭ ئۇنداق دوستلىرىم يوق ، — دېدى ئىبراھىم كۈلۈمسىرەپ ، — ئېھتىمال ئۇنداق ئىسمىلىك ئادەملەر تۆرەلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەگەر ئۇ ساقچىغا مەلۇم قىلسا بىزگە پايدىلىق ، چۈنكى ساقچىلار قايمۇقۇپ قالىدۇ .

مۇھىيد ھەيران بولغىنىدىن تۇرۇپلا قالدى ، ئاندىن ئازابلانغان ھالدا :

— مەنمۇ شۇنداق چۈشەنگەنىدىم ، — دېدى .

مۇھىيد شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلاندىكى ، ئۇ قەھرىمانلار يالغان ئېيتىپ ئادەم ئالدايدۇ دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى . ئۇنىڭچە بولغاندا ، قەھرىمانلار ئىلگىرىلەيتتى ، ئۆلۈمدىن قورقمايتتى . ئوچۇق - ئاشكارا بولاتتى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ ساقچىلارنى ئالدىغانلىقىنى بىلگىنىدە ، بۇ ئالداشمۇ قەھرىمانلىق ، دەپ

بۇنچىلىك ئازابلانمىغانىدى . ئەمما ، ئىبراھىم بىر نەۋرە ئاكىسىنى ئالدىغاندا ئۇ ئازابلاندى . نېمە ئۈچۈن ؟ ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتامدۇ ياكى بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئالدانغان ، ئەخمەق قىلىنغان ئادەم ئەمەس ، بەلكى ھەرقانداق ئادەم ، ھەتتا ئىبراھىممۇ تەڭ كېلەلمەيدىغان ئەقىللىق ، قابىل ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىۋاتامدۇ ؟

بۇنىسى ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس . بۇ ھېسسىياتنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى .

ئابدۇل ھەمدى كەتمەستىن سامىيەنى ئىزدىدى ۋە ئۇنى ھوجرىسىدىن تاپتى . سامىيە چاچلىرىنى تاراپ ، كۆڭلىكىنى ئالماشتۇرۇپ بىر ژۇرنالنى ئوقۇپ كارىۋاتتا ئولتۇراتتى . ئابدۇل ھەمدىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەچكە ، ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى . ئۇنى زاڭلىق قىلىشقا ، ئۇنىڭغا تەنە قىلىشقا تەييارلانغان ۋە گىدىيىۋالغانىدى . ئابدۇل ھەمدى ئالىمەن دەپ پالاقلىغانچە ، ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ يۈرەتتى . ئەگەر ئابدۇل ھەمدى شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيلا كەتكەن بولسا ، سامىيەنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولغان بولاتتى . ئەمما ، سامىيەنىڭ ئىشەنچىسى بار ئىدى ، كىچىككىدىن تارتىپ ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان نەرسە ئابدۇل ھەمدىنىڭ مۇھەببىتى ئىدى .

ئابدۇل ھەمدى ئىشىك تۈۋىدە سەممىيلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى .

— مەندىن تېخىچە خاپىمۇ سىز ؟ — سورىدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن .

سامىيە قولىدىكى ژۇرنالنى قويدى ، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيۇقسىز بايقىغان تەرزدە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى ـ دە :

— سىزدىن نېمىشقا خاپا بولاتتىم . ئۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددىم ؟ — دېدى .

ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى . سامىيە نېرىراق سۈرۈلدى .

— سىڭلىم ، — دېدى ئابدۇل ھەمدى ئېغىر - بېسىق تەلەپپۇزدا ، — سىز بىلەن ئوبدان سۆزلەشمەكچىمەن . سىزنىڭ نېمىشقا مەندىن رەنجىپ قالغانلىقىڭىزنىمۇ بىلىمەن . مېنى ھەرگىز مۇشۇ ئىككى كۆنلۈك ئەھۋالغا قاراپلا توي ئىشىنى يېڭىباشتىن تىلغا ئالدى دەپ قالماڭ . توي ئىشى بۇ ئەھۋاللار بىلەن مۇناسىۋەتسىز . بۇنى ئوبدان بىلىۋېلىڭ . سىزنى بەختلىك قىلغۇدەك ۋە ئۆي تۇتۇپ كەتكۈدەك ئىشەنچىم بار ...

سامىيە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— ئەمدى بۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلىسىز ، دادام ماقۇل دېگەندىكىن بولمىدىمۇ !

— ياق ، مەن سىزنى خاتىرجەم قىلىشىم كېرەك ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن . ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق دېدى ، — مېنى ئۇنچىۋالا پەسكەش چاغلىماڭ . ئەگەر مەن پەسكەش بولىدىغان بولسام ، بەش مىڭ فوند ستېرلىڭنى ئاللىقاچان ئېلىپ باي بولۇپ كېتەتتىم . سىزگە بىر يۇرۇش ئۆي ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن بىر بىنانى ئېلىپ بەرگەن ، سىزنى پىيادە ماڭدۇرماي ماشىنا ئالغان ، ئۇممە گۇلسۇم ، تەھىيە كارىيوكا ۋە زىنتە[1] ... لەرنى چاقىرىپ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك توي قىلغان بولاتتىم .

ئۇ سامىيەنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ توختاپ قالدى ، گويا ئۆزىنىڭ ئۆي - خىياللىرىنى مۇشۇ گەپلەر ئارقىلىق سامىيەگە ئېيتماقچى بولغاندەك قىلاتتى .

سامىيە ئابدۇل ھەمدىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن گاڭگىراپ قالغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى .

— ئۇنداق جىق پۇلنى قانداق تاپىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاخىر .

ئابدۇل ھەمدى بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىش دېگەندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ :

---

① مىسىرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە تويدا ئاتاقلىق ناخشىچى ، ئۇسسۇلچىلارنى چاقىرىپ ناخشا ئېيتقۇزىدۇ ، ئۇسسۇل ئوينىتىدۇ . ئۇممە گۇلسۇم ، تەھىيە كارىيوكا ، زىنتەلەر مىسىرنىڭ ئاتاقلىق ناخشىچى ، ئۇسسۇلچىلىرى .

— بۇ قانچىلىك ئىش دەيسىز . تەپتىش ئەمەلدارى ياكى ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بەرسەڭلا ئىش پۈتىدۇ . بىر تېلېفون بىلەنلا بەش مىڭ فوند ستېرلىڭنى ئالىمەن ، — دېدى .

سامىيە بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك چۆچۈپ كەتتى ـ دە ، ئالدىراپ سورىدى :

— ھە ! مۇشۇنداقمۇ ! ساراڭ بولدىڭىزمۇ ؟ بەش مىڭ فوند ستېرلىڭنى دەپ بىزنى بالاغا تىقماقچىمۇ ؟

— ئەگەر مەن سىز ئويلىغاندەك پەسكەش بولغان بولسام شۇنداق قىلاتتىم دېمەكچىمەن . توغرا ، مەن ئىبراھىمنى تونۇمايتتىم ، سىلەرمۇ تونۇمايتتىڭلار . ئەمما ، ئۇ چوقۇم يەنە قولغا ئېلىنىپ كېتىدۇ ، بۇنىسى ئەمەلىيەت . ئەمما ، بۇنداق ئىشنى مەن قىلمايمەن .

— بۇنداق قىلىش گۇناھ ، — دېدى سامىيە جىددىيلىشىپ .

ئابدۇل ھەمدى كىچىكىدىن تارتىپلا سامىيەنى گېپىگە كىرگۈزۈپ كەلگەچكە گەپنى ئەگىتىپ :

— شۇنداق ، بىراق بۇ ئائىلىدىكى ھېچقانداق ئادەمنى بالاغا تىقمايمۇ بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ ، — دېدى .

— قانداق ؟ — دېدى سامىيە ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلمەك بولۇپ .

— بۇ ئاسان ئىش . ئىبراھىم بۇ ئۆيدىن چىققان ھامان كەينىگە چۈشۈپ نەگە باردىغانلىقىنى بىلىۋالساقلا بولىدى .

سامىيەنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى :

— ئابدۇل ھەمدى ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ ماڭا ئوچۇقىنى دەڭا ، زادى نېمە دېمەكچىسىز ؟ ھازىر مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىسىڭىز بولامدۇ ؟

ئابدۇل ھەمدى ئەقىللىقلىقى بىلەن سامىيەنى ئالداپ مەقسىتىنى يوشۇرماقچى بولدى ـ دە ، ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— سىزگە شۇنى ئېيتايكى ، مەن سىز ئويلىغاندەك پەسكەش

ئەمەس . ئەگەر مۇشۇ ئائىلىدە ئالىيجاناب بىر ئادەم بار بولسا ، ئۇ مەن . شۇغىنىسى مەن سەل باشقىچىرەك يولدا ماڭىمەن . دىپلومنىڭ ماڭا ھاجەتسىزلىكىنى ئوبدان بىلگەنلىكىم ئۈچۈن دىپلوم ئالمىغانمەن . دىپلوم بولمىسىمۇ ھەرقانداق ئادەمدىن كۆپ پۇل تاپالايمەن . يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي ، ماڭا ئىبراھىم ئىشەندى ، سىلەرگە قارىغاندىمۇ بەكرەك ئىشەندى . شۇڭا ، بايا ماڭا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىر ۋەزىپىنى تاپشۇردى .

ئابدۇل ھەمدى بايا سامىيەگە قىلغان سۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىدى ، بۇ خۇددى ئۆزىنىڭ دوسكىغا يېزىپ قويغان خەتلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغاندەك بىر ئىش ئىدى . ئۇ سامىيەنى ئۆزىگە تارتماقچى ، قايىل قىلماقچى ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك دۇنيا ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىغا ئىشەندۇرمەكچى بولاتتى ، ئۆزىچە سامىيەنى مال ـ دۇنيا بىلەن راھەت ـ پاراغەتكە قىزىقتۇراتتى . ئەمما ، بۇ قىز ئاكىسى بىلەن دادىسىغا ئوخشاش دۆتلۈك قىلىۋاتاتتى . ئابدۇل ھەمدى بولسا مۇشۇ دۆت قىزنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ شۇنداق چېچەن تۇرۇپ مۇنداق دۆت قىزنى قانداقمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ ؟ نېمىشقا بۇ قىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ ؟ ياق ! ئۇ چوقۇم مۇشۇ قىزنى ئالىدۇ ، سامىيەنى مال ـ دۇنيا بىلەن راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشتۈرىدۇ ، ئەمما بۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سامىيەگە بىلدۈرمەيدۇ . پىلانىنى سامىيەسىز ئۆزىلا ئىشقا ئاشۇرىدۇ . مەقسىتىگە چوقۇم يېتىدۇ ، چۈنكى ئۇ ئەقىل نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان يولنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرماقتا .

— ئىبراھىم سىزنى نېمە قىل دېدى ؟ — دېدى سامىيە .

ئابدۇل ھەمدى ئۆزىدىن بۇ قىزنىڭ نەرىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانسەن ، ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانسەن ، دەپ سوراۋاتقان بىر تەرزدە سامىيەگە قارىدى :

— سىزگە ئېيتمايمەن . بۇ دېگەن سىر . مەن قايتاي . تاغام ئويغىنىپ كېتىپ ۋەز ئېيتمىسۇن ، -- دېدى ئۇ شاققىدە ئورنىدىن

تۇرۇپ .

ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ، كەينىگە بۇرۇلۇپ سامىيەگە قارىدى ۋە روھسىز بىر قىياپەتتە :

— سامىيە ، گېپىمنى ئاڭلاڭ ، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ ، — دېدى .

سامىيە ئۇنىڭغا تىكىلدى ، ئۇ گاڭگىراپ قالغانىدى ، بىر تەرەپتىن ، كاللىسىغا ئورنىشىپ كەتكەن گەپلەر ئۇنى ئابدۇل ھەمدىگە تەگمەسلىككە ئۈندەيتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، كىچىكىدىنلا ئۆزىنى ئابدۇل ھەمدىنىڭ خوتۇنى دەپ ھېس قىلغانلىقى ئۇنى قىينايتتى . ئۇ ئابدۇل ھەمدىنى گەپمۇ قىلماي كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى .

ئابدۇل ھەمدى چىقىپ كەتتى .

سائەتنىڭ رىتىملىق چىكىلدىشى بىلەن بۇ بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى . ئىبراھىم بۇ ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان كۈنلەر ئەنە شۇنداق تولىمۇ ئاستا ، ئەمما ساراسىمە ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى ، ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى ، ئىككى ئادەم قاتتىق ئازاب چېكىۋاتاتتى .

ناۋال ئەتە ئىبراھىمنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇيالمىدى . بۇ ئۆيدە ئىبراھىم بولمىسا ، ئىبراھىمدىن ئايرىلسا قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى . ئىبراھىم ئاخىر كېتىدۇ ، ناۋال ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيدۇ ، ئۇنى كۈتەلمەيدۇ ، ھىدلىيالمايدۇ . ناۋال ئەتىنى ئۇنتۇشقا ، ئىبراھىمنى ئۇنتۇشقا ، ئۆزىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ ، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆيلەرنى ئارىلىدى . ئەمما ، ھەدېسە خىيالى ئەتىگە كېتەتتى ، ئەتە ئۇنىڭغا زۇلمەتلىك بىر كۈن ، جەھەننەمنىڭ ھاڭدەك ئېچىلىپ تۇرغان دەرۋازىسىدەك بىلىنىدى . ئۇ بولدىلا ، يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماي ، ئېغىر ـ بېسىقراق ، تەمكىنرەك بولايچۇ دەيتتى ، ئەمما ئۇنداق قىلالمايتتى . ئۇنىڭ ئىبراھىم بىلەن بىللە كەتكۈسى ياكى

ئۆزى ئەكىلىپ بەرگەن كىيىمنى يىرتىپ ـ يىرتىۋەتكۈسى كېلەتتى . ناۋالغا بۇ كىيىم ئىبراھىمنى ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى بىللە دەپنە قىلىنىۋېتىدىغان كېپەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ۋارقىرىغۇسى ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغۇسى كېلەتتى . ئىبراھىمنىڭ كېتىشىنى ئۇ ھەرگىز خالىمايتتى . ئىبراھىم ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ، خام خىيالى بولماستىن ، بەلكى ھەقىقىي ئادەم ، رەسىدە بولغان بۇ قىزنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تۇنجى قېتىم چەككەن يىگىت ئىدى . ياق ، ناۋال ئۇنى ھەرگىز كەتكۈزمەيدۇ ، بىراق ... ناۋال يىغلاشتىن باشقا ئۆزگە ئامال تاپالمىدى ، كۆز ياشلىرى يۈرىكىگە تامدى ، يۈرىكىدىن تېشىپ چىقىپ ياستۇقىنى ھۆل قىلدى . كېچە ، ئەتراپ تۈن ئۇيقۇسىغا چۆمگەنىدى .

ئىبراھىمنىڭمۇ كۆڭلى غەش ئىدى ، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپالمايۋاتاتتى . ئەمما ، ئويدان ئويلاشقا ، ئىقرار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي ـ خىيالى قېچىش پىلانىدا ئىدى ، ئاران قولىغا كەلگەن ئەتە ئۇچۇن خۇشال بولۇشقا تىرىشاتتى . قېچىش پىلانىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئوڭۇشلۇق بولدى ، شۇڭا ئۇ خۇشال ، ئۈمىدۋار بولسا ، ھاياجانلانسا توغرا بولاتتى ، ئەمما ئۇ بۇنداق قىلماي نېمىشقىدۇر كەيپسىزلىنەتتى ، ئەتىنىڭ كېلىشىنى خالىمايۋاتاتتى . ئۇ بۈگۈن تۈگىمىسە ، ئەتە كەلمىسە ، مەن ئۆيدىن كەتمىسەم ئىكەن ، دەۋاتاتتى .

ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئىبراھىمنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى . مۇھىيدىنىڭ يېرىق ئۈستىلى ، يۇيۇنۇش ئۆيدىكى سۇ جۈمىكى ، ئۆزى بىرلا قېتىم يوشۇرۇنغان بالىخانا ، چىنىلەر ... بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئوبرازىمۇ كۆز ئالدىغا كەلدى . بوۋاينىڭ چىرايى دادىسىنىڭ چىرايى بىلەن ، موماينىڭ چىرايى ئانىسىنىڭ چىرايى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى ، سامىيە ، مۇھىيد ۋە ... ياق ! ئۇ ناۋالنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ ، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەيدۇ . چۈنكى ، ناۋال ئۇنىڭغا

مەنسۇپ ئەمەس ، ئۇنىڭ ناۋالنى ئويلاشقا ھەققى يوق ، ئەمما ناۋال ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمىدى . ئىبراھىمنى تېخىمۇ ئازابقا سالدى . ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تولغىنىپ ، بۇ ئازابنى ئۇنتۇشقا تىرىشتى ، ئۆزىنى مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشكىنىم يوق ، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ، دەپ ئىشەندۈرمەكچى بولدى . ئىبراھىم تۇرمۇشىدا قىزلارغا ئورۇن ئاجراتمىغان ، شۇ سەۋەبتىن ناۋالنىمۇ ئۆز تۇرمۇشىغا كىرگۈزەلمەيدۇ ، ئەمما ناۋال ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ ، ئۆزىنى ناۋالنىڭ ئېرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى ، ھەتتا ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغاندا ناۋالنىڭ ئۇزاتقانلىقى ، كەچتە قايتىپ كەلگەندە ئالدىغا چىققانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى . ھەركۈنى ئەتىگەندە ئىشقا بېرىپ ، كەچتە قايتىپ كېلىدىغان پۇقرالار قانداق بەختلىك ـ ھە ! ئۇلار نېمىدېگەن خاتىرجەم ، تۇرمۇشى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە !

ئىبراھىم ئۆزىنى كونترول قىلماقچى ، ئوي ـ خىيالىنى يىغىشتۇرماقچى ، ئۈمىد دەرياسىغا يۈگەن سالماقچى بولغاندەك مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈۋىدى ، قولىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى .

يېڭى بىر كۈن باشلاندى .

ناۋالنىڭ دادىسى ، ئاكىسى چىقىپ كەتتى . ئۇ ناشتىلىق سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كىردى .

كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ناۋالنىڭ كۆز جىيەكلىرى قارىداپ كەتكەندى ، ئۇ كېچىچە ئەمەس ، ئۆمرىگە كېلىپ ئۇخلاپ باقمىغاندەك تۇراتتى . بەكمۇ خاپا بولۇپ ئۆزىگە ، ئىبراھىمغا ، ئۆزى تارتىۋاتقان ئازابقا ئاچچىقى كېلەتتى .

ئىبراھىم كۆزلىرىدىكى ئۈمىدسىز ئۇچقۇنلار بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ سورىدى :

— سىزگە نېمە بولدى ؟

ناۋال پەتنۇسنى ئۈستەلگە قويۇپ ، ئىبراھىمغا قارىماستىن :

— ھېچنېمە بولمىدى ، — دېدى ـ دە ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى .

ئىككىسىلەن جىم بولدى .
ناۋال بىردەم ئارسالدىلىق ئىچىدە قالدى ، ئاندىن بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، ئىبراھىم ئۇنى توختىتىۋېلىش نىيىتىدە :
— ماڭا بىر ئىشنى قىلىپ بەرىسىڭىزچۇ ؟ — دېدى .
— قېنى دەڭ ! — دېدى ناۋال ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ ، ئاۋازىدىن ئاچچىقلىنىش چىقىپ تۇراتتى .
ئىبراھىم ئۇنىڭغا نېمە ئىش قىلغۇزسام بولار دېگەندەك بىردەم تۇرۇپ قېلىپ ، ئاندىن :
— سىز تۈنۈگۈن ئەكەلگەن كىيىمنىڭ يانچۇقى يىرتىق ئىكەن ، شۇنى ياماپ بېرەمسىز ؟ ھەربىي كىيىم يىرتىق تۇرسا بولمايدىكەن ، — دېدى .
ئىبراھىم زورىغا كۈلمەكچى بولدى ، ئەمما چىرايىدىن يىغلامسىراش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى .
— كىيىم قېنى ؟ — دېدى ناۋال بۇرۇلۇپ .
ئىبراھىم ئىشكاپتىن كىيىمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى . ناۋال كىيىمنى قولىغا ئېلىپ ، گويا كېچىچە ئويلاپ چىققان كېپەنلىككە قارىغاندەك تۇرۇپ قالدى . تۇيۇقسىزدىن كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى ، قولىدىكى كىيىمنى سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى . ئۇ ئىشكاپقا بىلىكىنى تىرەپ ئۇستىگە بېشىنى قويغىنىچە يىغلاپ كەتتى . ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى .
ئىبراھىم چۆچۈپ كەتتى ، چىرايى ئازابتىن بىر قىسمىلا بولۇپ كەتتى .
ئىبراھىم ناۋالنىڭ يېنىغا كەلدى ، گويا ناۋالنى قۇچاقلاپ ، ئۇنىڭ ياشلىرىنى ئۆز كۆكسىگە ئاققۇزماقچى بولغاندەك قولىنى كۆتۈردىيۇ ، يەنە چۈشۈرۈۋالدى ، ئاخىر نېمە قىلىشنى ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى .
— بۇ ... بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ناۋال ؟ — دېدى ئىبراھىم ئارانلا .

— ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز ! نېمىدەپ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىسىز ؟ — دېدى ناۋال يىغلاپ تۇرۇپ .

— ناۋال ، مەن قانداقمۇ كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالايمەن ؟ ھازىر دۇنيادا سىزدىن باشقا سېغىنىدىغان ئادىمىم يوق ، — دېدى ئىبراھىم ھەسرەت چېكىپ .

ناۋال ئىشەنمەيۋاتقاندەك ئىبراھىمغا قارىدى :

— ئەگەر مېنى ئويلىسىڭىز ، نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتماي كەتمەيتتىڭىز ، سىز ھازىرمۇ ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسىز ، قانداقمۇ خاتىرجەم بولىمەن ؟

— سىزدىن ئەنسىرەپ ، سىزنى چېتىلىپ قالمىسۇن دەپلا شۇنداق قىلىۋاتىمەن . چۈنكى ، مەن ھازىر خەۋپ ئىچىدە ، كىمكى مەن بىلەن يېقىنلاشسا ، ماڭا ئوخشاشلا خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ . ئىككى كۈندىن بۇيان سىلەر مېنى دەپ كۆپ رىيازەت چەكتىڭلار ، — دېدى ئىبراھىم بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ .

— خەۋپ دەيسىز ؟ پەرۋايىم پەلەك ، — دېدى ناۋال ئىبراھىمغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن ، — مەن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى بىلسەملا بولدى . نېمە ئىشىڭىز بولسا ياردەملىشىمەن . سىزگە كىيىم ئەكېلىپ بەردىمغۇ ، باشقا نەرسىڭىز بولسىمۇ ئەكېلىپ بېرىمەن .

ئىبراھىم كۆزلىرىنى ناۋالدىن قاچۇردى :

— قەسەم ئىچىمەنكى ، مەن بۇ يەردىن چىقىپ نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن .

— ھېچقىسى يوق ! ئامال قىلساق ئالاقىلىشەلەيمىز . راست گېپىڭىزنى دەڭا ، ماڭا ئىشەنمەيسىز ، كۆڭلىڭىزدە مەن يوق ، شۇنداقمۇ ؟ — ناۋالنىڭ يەنە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈشكە باشلىدى .

ئىبراھىم ئويغا پاتقان ھالدا جىم بولۇپ قالدى . ۋاقىت قىس ، ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى .

ناۋال ئىبراھىمغا قاراپ بىردەم تۇردى ، بىردىن يارىلانغان قۇشتەك پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى . ئۇ ، بۇرۇلۇپ ئىشىككە

ماڭغاندى ، ئىبراھىم يالۋۇرغاندەك چاقىردى :

— ناۋال ...

—ناۋال توختىدى ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىبراھىمغا قارىدى . شۇ تاپتا بۇ قىز ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئىدى .

— كىيىمىمنى ياماپ بەرمەمسىز ؟ — دېدى ئىبراھىم گەپنى باشقا ياققا بۇراپ .

ناۋال يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كىيىمنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە ، ئېگىلىشىپ ئۇنى ئالماقچى بولدى ، ئىبراھىممۇ ئېگىلىشكەندى ، ئىككىيلەننىڭ كىيىمگە ئۇزاتقان قوللىرى تېگىپ كەتتى . خۇددى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ تۇنجى قېتىم ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇھەببەت بەخش ئەتكەندەك ، ئىككىسى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى ۋە قوللىرىنى دەرھال تارتىۋېلىشتى .

ئىبراھىم ھاياجىنىنى باسالمىدى :

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ ، بىردىنبىر ئامال شۇكى ، ھەر دۈشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت ئون بىردە ئابدۇل مىنئىم مەيدانىغا بېرىپ مېنى ساقلاڭ . مەن قاھىرەدە بولساملا ، قېشىڭىزغا كېلىپ سىز بىلەن كۆرۈشىمەن ، بارالمىسام ، ئادەم ئەۋەتىمەن . ئۇ سىزگە قەيەردىلىكىمنى ئېيتىپ بېرىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ، — دېدى .

ناۋالنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلدى ، ئارقىدىنلا لالىدەك قىزاردى . ئۇ ئىبراھىمغا لەپپىدە قارىدىيۇ ، مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىدىن ئۇيىلىپ كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى .

ئىبراھىم ئۆز پىلانىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك :

— ئابدۇل مىنئىم مەيدانى سىلەرنىڭ ئۆيگە يېقىنراق ، ئۇ يەردە كۆپ ساقلىماڭ . چارەك سائەت ساقلىسىڭىزلا بولىدۇ . ئەگەر كېلەلمىسەم ، كېلىشكە ئامال قىلالماپتۇ ، دەپ بىلىڭ .

ناۋال بۇ گەپلىرىڭىز كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى يوقىتىۋاتىدۇ ، دېگەندەك ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا :

— ياق ، خۇدايىم مەدەت بېرىدۇ ، سىز چوقۇم بارىسىز ! —

دېدى .

ناۋال شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمگەن ھالدا كىيىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى تۇنجى مۇھەببىتىدىكى تۇنجى ئۇچرىشىشقا ئىنتىزارلىق بىلەن تەلپۈنمەكتە ئىدى .

## 11

سائەت ئىسترېلكىسى توختىماي ئايلانماقتا .

ناۋالنىڭ يۈرىكى تۇنجى ئۇچرىشىشقا تەلپۈنۈپ دۈپۈلدەپ سوقماقتا ، ئۇ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ ئىبراھىم كىيىپ قاچماقچى بولغان ھەربىيچە كىيىمنى يامىماقتا ئىدى . ئۇ ئەمدى بۇنى ئىبراھىم ياكى ئۆز مۇھەببىتىنىڭ كېپىنى دەپ قارىمايتتى . شېرىن ئارزۇسىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك ، كىيىمنى كۆكسىگە باساتتى . ئۇنى ئېھتىيات بىلەن زېھىن قويۇپ تىكەتتى ، خۇددى ئۆزىنىڭ تويلۇق كىيىمىگە قارىغاندەك يېنىش - يېنىشلاپ تويماي قارايتتى . ئىبراھىم مۇشۇ كىيىمنى كىيىپ كۆرۈشكىلى كېلەرمۇ ؟ بۇ كىيىمنى كىيسە ، ئۇ قانداق بولۇپ قالار ؟ ناۋال بۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئېگىز ، ئورۇقراق بوي - بەستىنى ، يوغان كۆزلىرىنى ، نېپىز لەۋلىرىنى ، دۈشمەننىڭ كۆزىگە سانجىلىدىغان نەيزىدەك قاڭشارلىق بۇرنىنى كۆرگەندەك بولدى ··· بىردىنلا قەلبىدىكى شېرىن تۇيغۇدىن يۈزى ئوت ئالدى ، يەنە تاتلىق خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولدى : ئۇنىڭغا ئىبراھىم ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، لېۋىنى لېۋىگە ياقىدەك ، ئىبراھىمنىڭ نەپەس ئېلىشلىرى قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ناۋال ئىزا تارتىپ يۈزىنى چاپان بىلەن ئېتىۋالدى . ئۇ بەختلىك ، ناھايىتى بەختلىك ئىدى . ھەسرەت دېگەن نەرسە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن ، ئوي - خىيالىدىن يوقالدى . ئۇ ئىبراھىمنى ئۇچرىشىشقا كېلەلمەسلىكى ، قولغا ئېلىنىپ كېتىشى ،

قېچىپ يۈرۈپ ئۆچرىشىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىكى مۇمكىن ، دەپ ئويلايتتى . ئەمما ، ئىبراھىمغا بولغان ئىشەنچىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقىراتتى . ئىبراھىمنى ساقچىلار تۇتالمايدۇ ، ئۇ ئۆچرىشىشقا كەلمەي قالمايدۇ . ناۋال دۈشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنىلا ئۇنى كۆرەلەيدۇ ، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر قارا كۆلەڭگە بار ئىدى . ناۋال ئاشۇ قارا كۆلەڭگىنىڭ ئۆز بەختىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ئۇ پەقەتلا بەختكە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئۇنى يوقىتىپ قويۇشىدىن قورقىنىدەك ئىش ئىدى . تەقدىر ـ قىسمەت ئەزەلدىن شۇنداق بولسا كېرەك ، ئۇ كىشىلەرگە ۋاقىتلىقلا بەخت ئاتا قىلىدىكەن ، كېيىن يەنە قايتۇرۇۋالىدىكەن . ئىنسانلارنىڭ پېشانىسىگە نۇرغۇن رىيازەت چېكىش ، ئاندىن ئۆلۈش پۈتۈلگەن بولسا كېرەك . ئىنسانلار تۆمۈر ئىكەن ، تەقدىر بىزنى بەختسىزلىك ئوچىقىغا تاشلايدىكەن ، ئۇنىڭدىن ئېلىپ سۇغا سېلىپ سۇغىرىدىكەن ، بۇ چاغدا بىز پەرياد كۆتۈرىدىكەنمىز ، ئاندىن بىزنى تاۋلايدىكەن ، يەنە ئوتقا تاشلاپ قىزدۇرىدىكەن ، سۇغا سالىدىكەن . ھايات مانا شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ ، بىز ئۆلگەندە ھەممە ئىش تۈگەيدىكەن . كىشىلىك دۇنيادا ھەرقانداق ئادەم بۇ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن . ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېگىشلىك كۆرىدىغان كۈنى بولىدىكەن ، خۇدانىڭ تارازىسىدا بەخت بىلەن جاپا ناھايىتى توغرا ئۆلچەنگەنىكەن . يالغۇزلا بەخت ياكى يالغۇزلا جاپا يوق ئىكەن . بۇلار خۇددى گۆش بىلەن ئۇستىخاندەك بىر ـ بىرىگە جىپسىلاشقانىكەن .

ناۋال خۇدادىن ئۆزىنى كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، بەخت ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى . ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن «ئاھ خۇدا ، ئىبراھىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن !» دېگەن بىر سادا چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى ، ئۆزىنى ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە ۋەسۋەسە بولمىغان جەننەتتە كۆردى .

ناۋال كىيىمنى ياماپ بولۇپ ئىبراھىمنىڭ يېنىغا ماڭدى .

ئىشىكنى چېكىپ ئۆيگە تارتىنىپقىنا كىردى . ئۇ كىيىمنى بېرىۋېتىپ ئىبراھىمغا تىكىلگەندى ، ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى . ئىبراھىم ئۇنى مېھرىبانلىق ۋە مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلىغانداك بولدى .

ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشمىدى .

ئىبراھىم كىيىمنى قولىغا ئالدى ، رەھمەتمۇ ئېيتالماي گويا پۈتۈن جىسمى كۆزىگە مەركەزلىشىپ قالغانداك ، مېھرىبانلىق ۋە مۇھەببەت ئىلكىدە ناۋالنىڭ كۆزىگە تىكىلدى .

ناۋال خىلىغىچە ئىبراھىمدىن كۆز ئۈزەلمىدى ، كېيىن ئاستا بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى . قەلبىدىكى شېرىن تۇيغۇدىن لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى . ئۇ ئىبراھىمغا لەپپىدە قارىدى - دە ، تارتىنچاقلىق بىلەن پىچىرلاپ :

— سىزدە قەلەم بارمۇ ؟ — دېدى ۋە ئاكىسىنىڭ ئۇستىلى ئالدىغا بېرىپ قەغەز ئىزدىدى .

ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىغىنىچە كۈلۈپ تۇرغان ئىبراھىم ، نېمە قىلىسىز دەپمۇ سورىماستىن ، ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ قەلەم ئىزدەشكە باشلىدى .

ناۋال ئاكىسىنىڭ دەپتىرىدىن بىر ۋاراقنى يىرتىۋېلىپ ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا قويدى . ئىبراھىم قولىغا قەلەم ئالدى . ناۋال ئىبراھىمغا مەدەت بەرمەكچى بولغانداك ئاجايىپ تاتلىق كۈلدى .

— قېنى «ئاللاھ بىردۇر !» دەپ يېزىڭ ، — دېدى ناۋال .

ھەيران بولغان ئىبراھىم قاشلىرىنى يىمىرىپ سورىدى :

— نېمىشقا ؟

— يېزىۋېرىڭ ، مەن ئۈچۈن يازىسىز ، — دېدى ناۋال كۈلۈپ .

ئىبراھىم يازدى . ناۋال ئۇنىڭدىن قەغەز ۋە قەلەمنى ئېلىپ ئاخىرىغا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ يازدى . ئاندىن گەپمۇ قىلماي قەغەزنى ئوتتۇرىدىن يىرتتى ، قەغەزنىڭ بىر پارچىسىدا ئىبراھىم يازغان «ئاللا بىردۇر» دېگەن سۆز ، يەنە بىر پارچىسىدا ئۆزى يازغان «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن سۆز بار ئىدى. ئۇ ئۆزى يازغان قەغەزنى ئىبراھىمغا بېرىپ:

— بۇنى چىڭ ساقلاڭ، يىتتۈرۈپ قويماڭ،— دېدى كۈلۈپ.

ئىبراھىمنىڭ يازغىنىنى ئۆزى ئالدى ـ دە، ئىبراھىمغا قارىماي تۇرۇپ ئۇبدان قاتلىدى.

— دادام ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا، ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئاپام بىلەن مۇشۇنداق دۇئا يېزىشقۇالاتتى،— دېدى.

ئىبراھىم بۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ساددىلىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى ۋە بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپمۇ كەتمىدى، پەقەت مۇھەببەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى غايىبانە چاقناپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ئىككى قولىنى ناۋالنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ھەسرەت بىلەن ئىچىدە ندا قىلدى:

— ناۋال...

ناۋال گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭغا تىك بېقىپمۇ قاريالمىدى، ئىبراھىمنىڭ قوللىرى ئۆز مۈرىسىدە ئىكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى، پەقەت پۈتۈن قېنى يۈزىگە تەپكەندەك، قانلىرى تومۇرلىرىنى يېرىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۆزىدە مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى ھېس قىلدى، مۇھەببەتنى قەلبىگە پاتمايۋاتقاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى.

ناۋال مەستخۇش بولدى، ئەمما ئۇ مۇھەببەتنىڭ قەلبىدىن تېشىپ چىقماسلىقى، قانلىرىنىڭ تومۇرلىرىنى يېرىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما نېمىشقا بۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى ناۋال بىلمەيتتى.

ئىبراھىمنىڭ قولىدىن ناۋال سىلىقلىق بىلەن بوشاندى ـ دە، ھودۇققان ھالدا ئىتتىك ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ بەئەينى ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان، ئەمما ئۇچقۇسى كەلمەيۋاتقان قۇش ئىدى. ئۇ توختاپ ئىبراھىمغا بۇرۇلۇپ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن:

— يەنە نېمە كېرەك سىزگە؟ — دېدى.

ئىبراھىم گويا «سىز نېمىشقا مەندىن يىراقلايسىز؟» دەپ سوراۋاتقاندەك، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈردى، ئاندىن كەيپى ئۇچقان ھالدا ئۆزىگە: «مەن نېمىشقا ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىمەن، نېمىشقا بۇ ئۆيدىن كېتىمەن؟ نېمىشقا بۇ يەردە، ئۇنىڭ يېنىدا قالمايمەن؟ مەن قاچانمۇ ئارام تاپارمەن، قاچانمۇ قېچىپ يۈرمەيدىغان بولارمەن؟ نېمىشقا باشقا ئون مىڭلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش خاتىرجەم، راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولالمايمەن؟ ناۋال شۇ تاپتا مېنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى، مېنىڭمۇ ئۇنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىمنى بىلمەيۋاتىدۇغۇ؟» دېدى.

ئىبراھىم ناۋالنى بالاغا تىقىشتىن ئەنسىرىگەندەك پىچىرلاپ:

— رەھمەت! — دېدى، ئارقىدىنلا قەلبىدىكى ئىسيانكار روھ ئويغانغاندەك ئۇنىڭلۇك سۆزلىدى، — مېنىڭ بۈگۈن كېتىدىغانلىقىمنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ. تاغامغا چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن ئېيتىڭ.

— ماقۇل! — دېدى ناۋال كۆلۈمسىرەپ ۋە كۆزى بىلەن ئىبراھىمنىڭ قولىدىكى قەغەز پارچىسىنى ئىشارەت قىلدى، — دىققەت قىلىڭ، ئۇنى يىتتۈرۈپ قويماڭ!

— ئۇنداق قىلامدىغان! — دېدى ئىبراھىم مۇلايىملىق بىلەن.

ناۋال قايتىپ چىقىپ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇنىڭ پەرۋاز قىلغۇسى كېلەتتى، ئەمما مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كىيىم ئىشكاپىدىن ئالتۇن يالىتىلغان كىچىككىنە قۇتىنى ئالدى. قۇتىدا كىچىككىنە «قۇرئان كەرىم» بار ئىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، ئىبراھىم يازغان ھېلىقى خەتنى ئېلىپ خۇددى يارىنىڭ مۇھەببەت خېتىنى ئوقۇغاندەك قايتا ئوقۇپ، ھەربىر ھەرپىنى كۆزى بىلەن سۆيۈپ چىقتى. ئاندىن قاتلاپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاستىغا سېلىپ قۇتىنى بويىنىغا ئېسىۋالدى.

سائەت ئىسترېلكىسى توختىماي ئايلىناتتى...

بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئادەتتىكىدەك داۋاملىشاتتى. موماي ئاشخانىدا ئىشلەپ يۈرەتتى، سامىيە ئادىتى بويىچە لەلەڭلەپ بىردەم

ئاشخانىغا كىرىپ ئاپىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ باقاتتى ، بىردەم چېچىنى تارىمىغانلىقى يادىغا كېلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەينەك ئالدىغا باراتتى ، چېچىنى تاراپ بولمايلا يەنە ئاشخانىغا كىرىپ ، تارغاقنى چىشلىۋېلىپ قازاندىكى تاماقنى ئىلەشتۇرەتتى ، ئاندىن يەنە ئەينەك ئالدىغا بېرىپ چېچىنى تارايتتى ، ئارقىدىنلا كىيىم ئالماشتۇرغۇسى كېلىپ ئىشكاپنى ئاچاتتى ، ئەمما كىيىدىغانىنى ئالماي كىيىملەرنى رەتلەپ كېتەتتى .

ئىبراھىم ھېلىقى قەغەز پارچىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى . قەغەزدىكى خەتنى ئوقۇغاچ ، خەتنىڭ ئۇستىخىنىغا سەپسالدى . ناۋال «ئا»نى بەك يوغان «ھ» ھەرپىنى بەك كىچىك يازغانىدى ، بۇنى كۆرۈپ ئىبراھىم ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . ئارقىدىنلا كۆڭلى بىر خىل ئۈمىدسىزلىكتىن غەش بولدى . ئۇ ھۆكۈمەت ، ساقچى ۋە ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىپ ، ناۋال ئۈچۈن بولسىمۇ ياشاشقا نىيەت قىلدى، ئاندىن سىرتماقتا قىينىلىۋاتقاندەك ئېغىر تىندى .

ناۋال بەخت تۇيغۇسىغا غەرق بولدى . ئۇ كۆڭلى يايرىغان ھالدا ھۇجرىسىنى تازىلاپ يىغىشتۇردى ، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ ئوچاققا ئوت ياقتى . ئۇنىڭ ئېتىقادى ۋە ئارزۇسى قاچىلانغان قۇتىچاق مەيدىسىدە پۇلاڭلاپ ، بىردەم ئۇنىڭ يۈرىكىگە كىرىشكە تۆشۈك ئىزدەۋاتقاندەك كۆڭلىكىگە سۈركىلەتتى ، بىردەم ئىككى كۆكسى ئوتتۇرىسىغا كىرىۋالاتتى .

مۇھەمىد قايتىپ كەلدى ، ئۇ ھېچقانداق خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەنىدى ، ئەمما ئۇ سائەتنىڭ چىكىلدىشى نېرۋىسىغا تېگىۋاتقاندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى .

ئىبراھىم مۇھەمىدقا مېنىڭ كېتىدىغانلىقىمنى داداڭغا چۈشلۈك ئارامدىن كېيىن ئېيتقىن دېگەندە ، ئۇ ئىمكانقەدەر بۇ ئىشنى بىلىدىغان ئادەملەرنى ئازايتىش ، خەۋەرنىڭ ئابدۇل ھەمدىگە ئاڭلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش رىتىمىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇپ ، ئابدۇل ھەمدىدە گۇمان پەيدا

قىلىپ قويماسلىقنى كۆزدە تۇتقانىدى . ئەگەر بۇنى ئابدۇل ھەمدى بىلىپ قالسا ، بۇ ئائىلىنى يەنە نازارەت قىلىشقا باشلايتتى .

— ئەگەر دادام سىزنى دوستلىرى بىلەن قانداق ئالاقىلەشتى ، دەپ سوراپ قالسا نېمە دەيمەن ؟ — دەپ سورىدى مۇھىيد مۇشكۇل بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك .

ئىبراھىم سەل ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى :

— مەكتەپتە ئىبراھىمنىڭ بىر دوستىغا يولۇقۇپ قالغانىدىم . ئۇ ئىبراھىمنى ماشىنا بىلەن ئەكەتمەكچى بولدى ، دېگىن .

— شۇنداق دېسەم بولغۇدەك .

— سەن تاغامغا دوستلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قوي ، — دېدى ئىبراھىم .

توساتتىن مۇھىيدنىڭ يادىغا بىر ئىش كېچىپ سورىدى :

— ئەگەر دادام سىزنىڭ ھەربىي كىيىم بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرسە نېمە دەيمەن ؟

— ھېلىقى دوستى بەرگەن ، دېمەمسەن .

مۇھىيد جىم بولدى .

بوۋايمۇ قايتىپ كەلدى ، ئۇ گويا چاپىنى ئىچىگە ئىبراھىمنى يوشۇرۇۋالغاندەك ، چاپىنى سىيرىلىپ كېتىپ ئىبراھىمنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى ، چىرايىدىن بىئاراملىق ۋە غەم ـ غۇسسە چىقىپ تۇراتتى . ئۇ بېشىغا كەلگەن پېشكەلچىلىكنى تولا ئويلاپ ھارغان ، تەقدىرگە تەن بەرگەن ، قايتا باش قاتۇرۇشنى خالىمايتتى ، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىمۇ كۆرگۈسى ، ئاڭلىغۇسىمۇ يوق ئىدى .

ئۇ بالىلىرى بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ ، ئىبراھىمغا بېرىپ قويغىن دەپ «ئەلئېھرام گېزىتى»نى مۇھىيدقا بەردى ـ دە ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى .

ئىبراھىم ئويلىغاندەك ئابدۇل ھەمدىمۇ كەلدى . ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ كەلگەن ئابدۇل ئۆزىنى ئولتۇرمىدى .

ئابدۇل ھەمدى ئىبراھىم، مۇھىيدلار بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردى ۋە ئىبراھىمغا ئۆزىنىڭ ھېلىقى ساقچى ئاغىنىسى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى، ئۇ ساقچى قولغا ئېلىنغانلار ئىسىملىكىنى ئەتە بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن ئىلاھىم، بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇڭ. سىز ماڭا ياردەم قىلدىڭىز، — دېدى ئىبراھىم مىننەتدار بولغان ھالدا.

ئەسلي ئابدۇل ھەمدى ئۇ ساقچى بىلەن ئۇچراشمىغان ۋە ساقچىنى تېپىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى، پەقەتلا ئىبراھىمنى ئۆزىگە ئىشەندۇرۇش، ئۆزىنى ئۇنىڭغا سادىق كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ قويدى، ئاندىن ئۇ سامىيەنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىڭلىم، ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئۇ ھىجىيىپ.

سامىيە نازلىنىپ باشقا ياققا قارىۋالدى ۋە:

— يەنە كەپسىزغۇ، — دېدى.

— سىزنى سېغىنىپچۇ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى يەنە ھىجىيىپ.

سامىيە ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ:

— گېپىنى قاراڭ! — دېدى.

ئابدۇل ھەمدى گويا سامىيەدىن «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندەك ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، تاغام ئويغىنىپ قېلىپ مېنىڭ بۇيەردە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

بوۋاي سائەت بەشتە ئويغاندى. ئۇنىڭ ئويغىنىشى پۈتۈن ئائىلىدە ھەرىكەت باشلىنىشىنىڭ سىگنالى ئىدى. ئۆيدىكىلەر ئىپتارنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى.

بوۋاي تاھەرەت ئېلىپ پېشىن ئوقۇدى، ئاندىن غەمگە پاتقان ھالدا دالان ئۆيدىكى دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، ئەمما ھېچ نەرسىنى خىيال قىلمىدى.

مۇھىيد «ئەلئىھرام گېزىتى»نى كۆتۈرۈپ كىردى، بوۋاي

ئۇنىڭ قولىدىن گېزىتنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى . مۇھىيد ئارىسالدى بولۇپ ، قىمىرلىماستىن تۇرىۋەردى . بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ جىددىيلەشكەن ھالدا سورىدى :

— نېمە بولدى ؟ ھە نېمە ئىش ؟ نېمانداق قاراپ تۇرىسەن ؟

مۇھىيد ئېغىر يۈكتىن خالاس بولۇشقا ئالدىرىغان تەرزدە :

— ئىبراھىم بۈگۈن كەتمەكچى ، — دېدى .

بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز چۆچۈپ سورىدى :

— نېمە دەۋاتىسەن ؟

— ئىبراھىم كەتمەكچى ...

— قاچان ؟ سائەت قانچىدە ماڭىدىكەن ؟ — بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى .

— ئىپتارغا زەمبىرەك ئېتىلغان چاغدا .

بوۋاي چوڭ بىر غەم - غۇسسىدىن قۇتۇلغاندەك خۇشاللىققا چۆمدى . ئەمما ، ھازىر بۇ خۇشاللىقنى چاندۇرىدىغان پەيت ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى - دە ، بىئارام بولغان قىياپەتتە سورىدى :

— ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتىمۇ ؟ ئۆيىمىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولماس - ھە ؟

بوۋاي كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ، ئۆزىنى ھېسسىيات ، قائىدە - يوسۇن ۋە ئۆزىگە سىڭگەن ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتلەردە يەرگە قارىمايدىغان قىلىش ئۈچۈن ئوغلى ئالدىدا ئۆزىنى سالماق تۇتتى ۋە مۇھىيدنىڭ جاۋابىغا ئانچە ئېرەن قىلمىدى .

— ھەئە ، ھەممە ئىشنى جاي - جايىدا ئورۇنلاشتۇردى .

— ئۇ نەگە بارىدىكەن ؟

مۇھىيد دادىسىنىڭ ئالدىدا خۇددى باشلىقىغا دوكلات بېرىۋاتقان خىزمەتچىدەك تۇرغان پېتى جاۋاب بەردى :

— راستىنى ئېيتسام ، بىلمەيمەن ، پەقەت ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىسى بارلىقىنى بىلىمەن .

— ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن قانداق ئالاقىلەشتى؟ — سوراق قىلغاندەك سورىدى بوۋاي.

— مەن مەكتەپتە ئۇنىڭ ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ دەپ قويغان، — دېدى مۇھىيد كۆزىنى دادىسىدىن قاچۇرۇپ.

دادىسى ئۇنىڭغا ئالايدى، مۇھىيد ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ دەرھال:

— بىراق، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىبراھىمنىڭ بۇ يەردىلىكىنى بىلمەيدۇ، — دېدى.

بوۋاي ئاچچىق ئارىلاش تەئەججۇپ بىلەن مۇھىيدقا قاراپ بىردەم تۇردى، ئاندىن خۇددى ھازىر ئۇنى تىللايدىغان چاغ ئەمەس دەپ ئويلىغاندەك ياكى ئىبراھىمنىڭ بۇ ئۆيدىن كېتىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ پەيدا بولغان خۇشاللىقى بىلەن ئوغلىنى كەچۈرۈۋەتكەندەك، تىلىنى چاكىلدىتىپ قويۇپ:

— بوپتۇ، شۇنداق بولسۇن! — دېدى ۋە جىم بولدى.

بوۋاينىڭ جىم بولۇشى بىلەن مۇھىيدقا جان كىردى.

— كېيىپ كەتسۇن دەپ، ئىبراھىمغا ئاغىنىلىرىدىن ھەربىي كىيىم ئەكېلىپ بەردىم، — دېدى ئۇ.

بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇنچە ئىشلارنى قىلغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئوغلىغا ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى ـ دە:

— ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئوڭ قىلغاي! — دېدى.

بوۋاي چىن كۆڭلىدىن شۇنداق بولۇشىنى تىلەيتتى، چۈنكى ئىبراھىمنىڭ بەختەرلىكى بوۋاي ۋە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بەختەرلىكى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. ئۇ بىر ساۋابلىق ئىشنى قىلدىم دەپ خاتىرجەم بولدى، شۇنداقلا ئۇنىڭدا مەغرۇرلىنىش ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى: ئەجەبا، مەن بىر مىللىي قەھرىماننى قۇتۇلدۇرۇۋالمىدىمما؟ ئۆيۈمدە پاناھلىق تىلىگەن ئادەمنى ساقلىمىدىمما؟ مەردلىك، ئەزىمەتلىك ئەمەسمۇ بۇ؟ مەن ھاياتىمدا خاتىرە بولغۇدەك ئىش قىلدىم. بۇ ساۋابلىق ئىشىم تارىختا

يېزىلمىسمۇ ، ھاياتىمدىكى چوڭ ئىش بولۇپ قالىدۇ . بۇ ئوغلۇمنى تەربىيىلەيدىغان ياخشى ئىش بولدى . ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ شوئار توۋلاپ نامايىش قىلىش ، تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىش ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشلا ئەمەس ، بەلكى بىر خىل پەزىلەت ، ئەزىمەتلەرگە خاس مەردانىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويدۇم .

مۇھىيد ئۆزى ئامراق چىۋىق ئورۇندۇقتا ئولتۇردى . ئۇ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا بوۋاي ساپما كەشىنى كىيىۋېتىپ :

— ئارقامدىن ماڭ ! — دېدى .

مۇھىيد دادىسى بىلەن دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى . بوۋاي تومپۇچكىدىن بىر باغلام ئاچقۇچنى ئالدى ، ئىشكاپنىڭ بىر تارتمىسىنى ئېچىپ كونا پورتمالنى ئالدى ـ دە ، ئۇنىڭدىن بەش فوند ستېرلىڭ پۇلنى ئېلىپ مۇھىيدقا بەردى :

— بۇنى ئىبراھىمغا بېرىپ قويغىن ، لازىم بولۇپ قالار ، — دېدى .

مۇھىيد دادىسىنىڭ بىردىنلا سېخىيلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى . ئاندىن دادىسىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى ئېسىگە ئېلىپ كۈلدى .

— خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلغاي .

بوۋاي ھاياجانلانغانلىقىنى ئوغلىغا بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن دەرھال بۇرۇلۇپ پورتمالنى تارتمىغا سالغان بولۇپ سورىدى :

— بۇنى ئاپاڭ بىلەمدۇ ؟

— بىلمەيدۇ ، بىرىنچى بولۇپ سىزگە ئېيتىۋاتىمەن .

— بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتامسەن ئەمدى ؟

— بولىدۇ .

چاقىرغاندەك ھۇجرىغا موماي كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ يۈزىنى تەر تامچىلىرى باسقانىدى .

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ۋە جاۋاب كۈتمەستىنلا سۆزلەپ كەتتى ، — بۈگۈن پۇرچاق بىلەن سوغۇق لەڭمەن قىلدىم . غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلماي يەڭلار . ئاشخانا ھەم

ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيلا قالدىم. ئەتە بۇنىڭ يولىنى قىلمىساڭلار بولمايدۇ. ئاڭلىدىڭلارمۇ دادىسى؟
— مۇھىيد، ئۇنىڭغا ئېيتقىنا! — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.
مۇھىيد كۈلۈمسىرەپ ئارىسالدىلىقتا تۇرۇپ قالدى.
— ئۇ ماڭا نېمىنى ئېيتماقچى؟ گەپ قىلساڭلارچۇ؟ مەندىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتامسىلەريا؟
— ئىبراھىم كېتىدىكەن! — دېدى بوۋاي.
— ئەجەب ياخشى! — دېدى موماي، لېكىن دەرھاللا كۆڭلىدىكىنى پوسۇققىدە دەۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ گەپنى ئۆزگەرتتى، — ئۇ نېمىگە ئالدىراپدىكەن؟ تۇرىۋەرسە بولمامدىكەن؟ بىزدىن رەنجىپ قاپتىمۇيا؟
— رەنجىگەن ياكى باشقا ئىش بولغىنى يوق. ئۇ بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلماقچى بولغانىكەن، — دېدى مۇھىيد.
موماي ھاياجىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىرىپ ساپاغا ئولتۇرغىنىچە جىمىدە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، مەيۈسلەندى ۋە غەم باستى. چۈنكى، ئۇنىڭدا تۇرمۇشىدا بىر مەھەل پاتىپاراقچىلىق بولغان، مانا ئەمدى خۇددى تۇي تۇگەپ، نەزىر تارقاپ ئۇنىڭدىن پەقەت قۇرۇق ئەسلىملا قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى.
— راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭغا تەس بولدى، — دېدى موماي ئېچىنغان ھالدا.
مۇھىيد چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئاپىسى ئۇنى چاقىرىۋالدى:
— مۇھىيد، ئىبراھىمنىڭ «قۇرئان كەرىم»ى بارمىدۇ؟
— مېنىڭچە، يوق.
موماي ئورنىدىن تۇرۇپ تومپۇچكىنىڭ تارتمىسىدىن كىچىككىنە «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ مۇھىيدقا بەردى:
— بالام، بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭغا بەرگىن! خۇدايىم

ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزەر ، ئاھ ، خۇدايىم ئۆزۈڭگە ئاسان !

— ئاپا ، كۆڭلىڭىز بەك ياخشى جۇمۇ ! — دېدى مۇھىيد «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىۋېتىپ .

مۇھىيد بۇ سوۋغىنى ئىبراھىمغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى .

ئىبراھىم ھەربىي كىيىمنى كىيىپ ، تېخىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كەتتى . ئۇ ئەينەككە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . بۇ تەبەسسۇمى خۇشاللىنىشتىن كۆرە ، ئۆز تەقدىرىدىن مەيۈسلىنىپ ئۆزىنى مەسخىرە قىلغانغا بەكرەك ئوخشاشاتتى .

مۇھىيد ئۆيگە كىرىشىگە ئىبراھىم ئۇنىڭغا بۇرۇلدى .

— بۇنى لازىم بولۇپ قالار ، دەپ دادام بەردى ، — دېدى مۇھىيد بەش فوند ستېرلىڭنى ئىبراھىمغا سۇنۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا .

ئىبراھىم ئالايمۇ ـ ئالمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدى .

— ئىبراھىم ، بۇ پۇل چوقۇم لازىم بولىدۇ ! ھازىر تارتىنىپ تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ، — دېدى مۇھىيد ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ .

دەرۋەقە ، ئىبراھىمغا پۇل لازىم ئىدى . ئۇ قېچىشنى پىلانلىغاندا ، مۇھىم ئىش سۈپىتىدە پۇل توغرۇلۇق ئويلاشقانىدى . تۈرمىدە بولغان بولسا ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل سورايتتى . ھازىر سىرتتا قېچىپ يۈرگەچكە ئۇنداق قىلالمايتتى .

ئۇ ئارىسالدىلىق ئىچىدە پۇلنى ئالدى ـ دە ، يانچۇقىغا سېلىپ تەسىرلەنگەن ھالدا :

— سىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار ، سىلەرنىڭ شەپقىتىڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن ، — دېدى .

مۇھىيد دەرھال قولىدىكى «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭغا سۇندى :

— بۇنى ئاپام بەردى .

ئىبراھىم «قۇرئان كەرىم»نى ئالدى، سۆيۈپ قويۇپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئاپىسى ئېسىگە كەلدى بولغاي، مېھرى بىلەن:

— خۇدايىم ئاپامنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! — دېدى.

ئۇ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقاندەك بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن ئېغىر خورسىنىپ سورىدى:

— ئىپتار زەمبىرىكى ئېتىشقا يەنە قانچىلىك ۋاقىت بار؟

— بەش مىنۇت قالدى، — مۇھىيد سائىتىگە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى.

ئىبراھىم ئۇستەلنىڭ تارتمىسىدىن تاپانچىسىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان ۋە ھازىر يەنە قولىغا ئۇنى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقىنىغا ئەپسۇسلانغاندەك تەرزدە مەيۈسلۈك بىلەن تاپانچىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاراشلىرىدا تۇرمىگە كىرىشتىن بۇرۇنقىدەك ئامراقلىق، ھەۋەس يوق ئىدى.

ئىبراھىم تاپانچىدىن ئوقلارنى چىقىرىپ، خۇددى چىش دوختۇرى بىمارنىڭ چىشلىرىنى تەكشۈرگەندەك تەكشۈردى. تەپكىسىنى ئىككى قېتىم بېسىپ قويدى، ئاندىن باشقىدىن ئوقلاپ يانچۇقىغا سالدى. مۇھىيد ئۇنىڭغا خۇددى يىلان ئويناتقۇچىنىڭ زەھەرلىك يىلان ئوينىتىشىغا قارىغاندەك قاراپ تۇردى.

ئىبراھىم مۇھىيدقا بۇرۇلۇپ سورىدى:

— ئىپتار زەمبىرىكى ئېتىلىشتىن بۇرۇن تاغام بىلەن كۆرۈشۈپ قويايمۇ؟

مۇھىيد خۇددى ئىبراھىم ھازىرلا پويىزغا ئولتۇرۇپ كەتسە، خوشلىشىشقا تەييار تۇرغان ئادەمدەك تۇراتتى.

— قېنى مەرھەمەت ... — دېدى ئۇ.

ئىبراھىم يىتۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك، ناۋال خەت يېزىپ بەرگەن قەغەزنى سالغان يانچۇقىنى تۇتۇپ قويۇپ مۇھىيد بىلەن ئۆيدىن چىقتى. ئۇلارغا سامىيە يولۇقتى. سامىيە ئىبراھىمغا

دىققەت قىلماي، ھەربىي كىيىمنىلا كۆرۈپ قولىنى كۆكسىگە قويىدى ـ دە، پەس ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن.

ئىبراھىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. سامىيەنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق، مىننەتدارلىق بىلەن:

— ھەممە ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن! — دېدى.

سامىيە ئۇنىڭ بىلەن گاڭگىرىغان ھالدا قول ئېلىشتى. ناۋال سامىيەنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇ ھازىر كېتىدۇ.

سامىيە ئېغىر خورسىنىپ:

— بۇنى ئويلىماپتىمەن. قارىغىنا، بۇ كىيىم ئۇنىڭغا ئەجەب يارىشىپتۇ! — دېدى.

ناۋال گويا سامىيە ئۆزىنى ماختاۋاتقاندەك، ئۆزىگە تالىق ئادەمنى تەرىپلەۋاتقاندەك خۇشال كۈلۈمسىرىدى، كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە ئىبراھىمغا تىكىلدى، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولدى، ئىبراھىمنىڭ پاگونىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ يېنىغا چىقىۋالغۇسى كەلدى.

ئاچا ـ سىڭىل ئىككى يىگىتنىڭ كەينىدىن مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. رادىئودا «قۇرئان كەرىم» قىرائەت قىلىنىۋاتاتتى.

ئىبراھىم بوۋاينىڭ قولىغا سۆيۈشكە تەمشەلگەنىدى، بوۋاي قولىنى تارتىۋېلىپ:

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن بالام، ئۇلتۇرۇڭ! — دېدى.

ئىبراھىم موماينىڭ قولىنى سۆيمەكچى بولۇۋىدى، مومايمۇ قولىنى تارتىۋېلىپ:

— تەۋازۇ قىلماڭ بالام! خۇدايىم سىزنى ئامان ـ ئېسەن قىلغاي! — دېدى.

ئىبراھىم نېمە قىلارىنى بىلمەي تارتىنغان ھالدا ئولتۇردى. نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغاندەك تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ

ئېغىر تىنىۋېلىپ گەپ باشلىدى :

— تاغا ، سىلىگە بولغان مىننەتدارلىقىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن . مەن بۇ ئۆيگە كەلگەندە سىلەرنى ھەيدىۋېتەرمىكىن ، دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم . ئەمما ، بۇ ئۆيدە مەن مۇشۇ چاغقىچە ھېچ يەردە كۆرمىگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقنى ، مەردۇمەردانىلىكنى كۆردۇم…

بوۋاي ئىبراھىمغا قارىمايلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— بالام ، بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ . بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدۇق ، ئەمما سىزنى ياخشى كۈتەلمىدۇق . ھەممىدىن بىخەتەرلىكىڭىز مۇھىم . ئېھتىيات قىلىڭ . ھازىر سىز ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا !

— خۇدايىم ساقلار ! — دېدى ئىبراھىم شۇئان .

— بالام ، ئاللا سىزگە يار بولىدۇ . ئاللا ياخشىلارنى قوغدايدۇ ، يامانلارنى كەچۈرمەيدۇ ، — دېدى موماي .

ئىبراھىم تېخىمۇ تەمترەپ كەتتى ، چۈنكى گەپ قىلمىسا تېخى بولمايتتى ، گەپ قىلاي دېسە نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى . ئۇ بىرەر سادا چىقارمىكىن دەپ ھەممىسىنىڭ چىرايىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى . ناۋالغا كەلگەندە ، گويا ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىگەندەك تىكىلىپ بىردەم تۇردى ، ئەمما ناۋالنىڭ كۆزلىرىدىن مۇھەببەتنى ، ئۆزىنى ئازابقا سالىدىغان مۇھەببەتنى كۆردى ، ناۋالغا كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ دەرھال كۆزلىرىنى سامىيەگە يۆتكىدى . سامىيەمۇ زۇۋان سۈرمىدى . سامىيەنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى مېيىت ئۇزىتىۋاتقاندەك قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . مۇھىيد يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى . بوۋاي جىمجىتلىقنى بۇزماقچى بولۇپ ئېغىز ئاچتىيۇ ، شۇئان ئارتۇقچە گەپ قىلىۋاتقىنىنى سەزدى :

— بالام ، يەنە نېمە ئىشىڭىز بار ؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ ، قولۇمدىن كېلىدىغانلا بولسا ، مەن تەييار .

— رەھمەت تاغا ! ھېلىمۇ سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم ، —

دېدى ئىبراھىم سەمىمىيلىك بىلەن .

— خىجىل بولماڭ ، — دېدى بوۋاي .

ئىپتار زەمبىرىكى ئېتىلدى . رادىئودىن مەزىننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— مەن تاماقنى ئۇساي ، — دېدى موماي ئورنىدىن تۇرۇپ .

ھەممە ئورنىدىن تۇردى . مۇھىيد ئىشكاپ ئۈستىدىن جاينامازنى ئالدى . بوۋاي جاينامازنى سالدى ۋە قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى .

مۇھىيد ، سامىيە ۋە ناۋاللار ئىبراھىمنىڭ ئاشخانىغا مېڭىشىنى كۈتۈپ تۇردى . ئەمما ئىبراھىم :

— سىلەر بېرىپ تاماقلىنىۋېرىڭلار يەۋېرىڭلار . مۇشۇ خوشلاشقىنىم بولۇپ قالسۇن ، سىلەر تاماق يەۋاتقاندا چىقىپ كېتىمەن ، — دېدى .

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىدى ، ئەمما مىدىرلىمىدى .

— سىلەر بېرىڭلار ... بېرىۋېرىڭلار ! ئىشلار بۇرۇنقىدەك تەبىئىي بولسۇن . ئۆيلىمىغان يەردىن بىرەر ئىش چىقىپ قالامدۇ ، كىم بىلىدۇ ، — دېدى ئىبراھىم يەنە .

— سىز تاماق يېمەمسىز ؟ — سورىدى سامىيە ئىچ ئاغرىتىپ .

— ياق ، — دېدى ئىبراھىم كۆزلىرى بىلەن رەھمەت ئېيتىپ .

— لېكىن ، سىز ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىدىڭىز ، — دېدى سامىيە سەمىمىيلىك بىلەن .

— ھېچقىسى يوق ، مەن روزا تۇتمىدىم ئەمەسمۇ .

— بوپتۇ ، مەن سىزگە ئازراق قاقلىق بولكا ئەكېلىپ بېرەي ، — دېدى ناۋال .

— رەھمەت ، ھەربىيلەرگە كوچىدا بولكا يېيىش مەنئى قىلىنغان ، — دېدى ئىبراھىم مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ .

ئاشخانىدىن شورپا كۆتۈرۈپ چىققان موماي ئىبراھىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېلىپ :

— ياق ، ئاچ قورساق كەتسىڭىز بولمايدۇ . بۇ ئىشىڭىز

قاملاشمىدى ، بالام ، — دېدى .
— ھېچقىسى يوق ، ھاما ئاچا ، قورسىقىم ئاچمىدى ، — دېدى ئىبراھىم ئەدەپ بىلەن ، ئاندىن مومايىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆز ھاياتىنى شۇ ئالىيجاناب ، ساپ قولنىڭ ئالقىنىغا قويماقچى بولغاندەك ، ئۇنىڭ قولىنى ئاۋايلاپقىنا تۇتۇپ سۆيۈپ قويدى .
— بالام ، خۇداغا ئامانەت ! ئامان بولۇڭ !
ئىبراھىم مۇھىيد بىلەن قىزغىن قول ئېلىشتى ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە تىكىلدى .
ئىبراھىم سامىيە بىلەن قول ئېلىشقاندا كۈلۈپ قويدى . ئەمما ، سامىيەنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئارانلا :
— ئاللا سىزگە يار بولسۇن ! — دېدى .
ئىبراھىم ناۋال بىلەن قول ئېلىشتى ۋە ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى . ئۇ گويا ئارزۇ - بەختىمنى كۆرمەي دېگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى . ئۇنىڭغا ناۋالنىڭ پىچىرلىشى ئاڭلاندى .
— ئۆزىڭىزگە ئېھتىيات قىلىڭ ! — دېدى ناۋال ۋە تېخىمۇ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى ، — مەن ئۇچۇن .
ئاخىر ئۇلار مېيىت ئۆزىتىپ ماڭغان ئادەملەردەك ناھايىتى ئاستا ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن مېڭىپ تاماقخانىغا چىقىپ كەتتى . ئىبراھىم ئورۇندۇققا ئولتۇردى - دە ، شۇ تاپتا ھاياتىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازاب چېكىۋاتقاندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتى . بوۋاي نامىزىنى ئوقۇپ بولدى . بابا ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقىنى بىلەن ھەممە ئىشنى سېزىپ ئولتۇرغانىدى ، نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئىبراھىم بىلەن قول ئېلىشتى :
— ئاقىۋول بولسۇن ! بۇ ئۆيىنى ئۆز ئۆيىڭىزدەك ، مېنى ئۆز دادىڭىزدەك بىلىڭ ، — دېدى .
ئىبراھىم بوۋاينىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ :
— رەھمەت تاغا ! كۆپ رەھمەت ! سەل تۇرۇپ چىقىپ كېتىمەن ، — دېدى .
بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ھەممە تاماق



ئۈستىلىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى، ئەمما ھېچكىم گەپ قىلمىدى. تاماقمۇ يېمىدى. بىر چاغدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى، ئىشىكنىڭ ئاستا ئېچىلىپ يېپىلغانلىقىنى ئاڭلىدى، ئىبراھىم چىقىپ كەتتى.

ھەممەيلەن يەنىلا جىمجىت ئولتۇردى. تۇيۇقسىز ناۋال ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. سامىيە ئۇنىڭ يەلكىسىنى ئاستا سىلاپ قويدى، ئارقىدىن ئۇمۇ ناۋالغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

ناۋال ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز يېشى سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. سامىيەمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى…

بوۋاي، موماي، مۇھىيد گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. موماي ساپلىق بىلەن شورپىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن يەنە قولىغا ساپلىقنى ئېلىپ:

— پەرۋەردىگارىم! ئەجەبمۇ مېنى بىئارام قىلىدىغان ئىش بولدىغۇ! — دېدى.

## 12

بۇ ئائىلىدىكى ھەممىسى ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ يېتىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئىبراھىم بۇ ئۆيدە تۇرغان تۆت كۈندىن بېرى جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى بوشاشقاندەك بولدى. ھەركىم مۇشەققەتلىك مۇشكۇل ئۆزۈن سەپەردىن ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەندەك، شۇنداقلا كېسەلنىڭ خەتەرلىك باسقۇچى ئۆتۈپ كېتىپ ياخشىلىنىشقا ماڭغاندەك، بىر خىل يېنىكلىك ھېس قىلىشاتتى. بۇ ھېسسىيات باشقا ھەرقانداق ھېسسىياتقا ئوخشىمايتتى.

بوۋاي تورۇسقا قاراپ كۆلۈمسىرەپ ياتاتتى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشلىرى جايىدا، كۆڭلىدە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى — ئائىلىنى خەۋپ ـ خەتەردىن ئامان ساقلاپ قالغان ئائىلە باشلىقىدا بولىدىغان

تۇيغۇ ئىدى . بوۋاي تۆت كۈندىن بۇيانقى ئىشنى ئەسلەپ ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ خەۋپنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى ئېنىق بىلدى . خۇشاللىق ئىچىدە ئۆزىگە ھەيران بولدى ، تو‌ۋا ، ئۇ قانداقسىگە مۇنداق چوڭ خەۋپكە تەۋەككۈل قىلدى ئەمدى . بەلكى ئۇ چاغدا بۇ ئىشتا قانچىلىك خەۋپ بارلىقىنى بىلمىگەندۇ ! دېمىسىمۇ ئۇ ۋاقىتتا بوۋاي كۆپ ئويلانمىغان ، ئەھۋالنى تولۇق مۆلچەرلىمىگەن . ئىبراھىمنى ئۆيىدە پەقەت بىر خىل ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە تۇرغۇزغان . بۇ بەلكى ھېسداشلىق ، مەردلىك ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بولۇشى مۇمكىن . شۇنداق بولغاچقا ، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق خەتەرلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەن . ئۇ پەقەت ئىبراھىم ئۆيگە ئورۇنلاشقان ، رادىئودىن ھۆكۈمەتنىڭ ئىبراھىمنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ ئىنئام بېرىمىز ، ئۇنىڭ قېچىشىغا ياردەم بەرگۈچىلەرنى قاتتىق جازالايمىز ، دېگەن پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ، ئىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدى ، بىراق ئۇ خەتەردىن قۇتۇلۇشقا چارە قىلماي ، باشقا كەلگەندە باتۇر ، دېگەندەك ئىش كۆردى . ئۇنى ، ئائىلىسىنى خۇدايىم قۇتۇلدۇرۇۋالدى . خۇدايىم ...

بوۋاي ئۆزىنىڭ قىلىقىغا قاراپ ياتقانلىقىنى سېزىپ ، ئىچىدە ئاللاتائالاغا شۈكۈر ـ سانا ئېيتتى : «ئەلھەمدۇلىللا ، ئىلتىپاتىڭغا رەھمەت ! ئاھ ، شەپقىتى ئۇلۇغ ئاللا ... »

شۇنداقتىمۇ ، بوۋاي كۆڭلىدىكى پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى باسالمىدى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ تۈرمىدىن قاچقانلىقىنى ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆيىدە پاناھلاندۇردى ، ئىنئام ئېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى ، تۈرمىگە سولىنىش خەۋپىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى . ئابدۇل ھەمدىنىڭ يۈزسىزلىك قىلىپ تەھدىت سېلىشلىرىغىمۇ ھەرخىل چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن تاقابىل تۇردى . شۇنداق ئىكەن ، قانداقمۇ پەخىرلەنمەي تۇرالىسۇن ؟ ئۇ پەخىرلەنمەي كىم پەخىرلەنسۇن ؟ ئۇ ئەزەلدىن ۋەتەنپەرۋەر ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىپ كەلگەن ، قاتنىشىپ

باقمىغان ، توغرا ، ئۇ زۇغلۇلنىڭ نۇتۇقلىرىنى يادلىغان ، ئەمما خىزمەتداشلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشكەندە پايدىلىنىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغان . ئۇ گېزىتلەرگە بېسىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ۋەقەلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى ، ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلاتتى ، ئەمما بۇلارنى پەقەتلا ئاشكارىلىمايتتى ۋە ئىجرا قىلمايتتى . ئۇ ھاپىز ئىبراھىم ۋە شەۋقى[1] لەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ، ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرگەن . بۇ شېئىر ، ماقالىلەردە كۆڭلىدىكى گەپلەر ئېيتىلغانلىقىنى ھېس قىلغان ، لېكىن تېشىغا چىقارمىغان . باشقىلارنىڭ ئىپادىلەپ بېرىشى ، يېزىپ بېرىشى ، باشقىلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىشى ، قۇربان بېرىشلىرى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالغانىدى . بىرەر ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپى ، پاسسىپى بولىدۇ ، ھەرىكەت قىلىدىغىنى ۋە قاراپ تۇرىدىغىنى بولىدۇ . ئۇ ھازىر ۋەتەنپەرۋەرلىكتە نامايىشقا قاتناشقانلاردىن ، يازغۇچىلاردىن ، ھەتتا ئىنقىلابىي قۇربانلاردىن قېلىشمايتتى . مانا پۇرسەت كېلىۋىدى ، ئۇ بۇنى نامايان قىلالىدى . شۇنداق ئىكەن ، بۇنى يوشۇرۇپ نېمە قىلسۇن ، ئۇ قانداقمۇ پەخىرلەنمەي ، مەمنۇن بولماي تۇرالىسۇن ؟

بوۋاينىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا يايراپ كەتتى . ئۇ خوتۇنى تەرەپكە ئۆرۈلدى . خوتۇنى ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ ياتاتتى . ئۇ خوتۇنىنى ئۆزىدەك ياخشى ئېرى بولغانلىقى ئۈچۈن تەبرىكلىمەكچى بولغاندەك ، ئۇنىڭ تولغان بەدىنىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى .

موماي بۈگۈنكى ئىشنى ئويلىمايتتى ، ئىبراھىمنى خىيالىدىن پۈتۈنلەي چىقارغانىدى . چۈنكى ، ئۇ نەچچە كۈنلا تۇرۇپ كەتكەن مېھمان ـ دە . ئىبراھىمنىڭ كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان قىيىنچىلىق ، خەۋپ ـ خەتەر ھەممە ۋەھىمە مانا بۈگۈن يوقالدى ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى . موماي ئەتە نېمە ئىشلارنى قىلىش خۇسۇسىدا باش قاتۇرسىلا بولىدىغۇ !

---

① ھاپىز ئىبراھىم (1872 — 1932) ، شەۋقى (1868 — 1932) — مىسىرنىڭ مەشھۇر يېقىنقى زامان ۋەتەنپەرۋەر شائىرلىرى ، ھاپىز ئىبراھىم «نىل دەرياسىنىڭ شائىرى» ، كېيىن ، شەۋقى «شېئىر پادشاھى» دەپ شەرەپلىك نام ئالغان .

ئۇ ئەتە ئۆينى راۋۇرۇس تازىلاش، دېرىزىلەرنى ئېچىپ، كىرلىكلەرنى ئالماشتۇرۇش، ئىشكباقار ئەلىگە گىلەملەرنى قاقتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

توساتتىن بىر ئىش ئېسىگە كەلدى ـ دە، پەس ئاۋازدا:

— دادىسى، دادىسى، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

بوۋايمۇ ئوخشاشلا پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— ياق، ئۇخلىمىدىم.

— ئەتە سەنىيەنى چاقىرتىپ كېلەيمىكىن دەيمەن، ھېيتقا ئاز قالدى، ئىشلارغا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يېتىشەلمەيدۇ.

— مەيلى، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ.

— بىراق، ئاپىسى ئۇنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەنمىدۇ، ئۇ ئاچ كۆز ئايال، ساقلاپ تۇرالمايدۇ.

— ئۇ بىزدەك ياخشى ئائىلىنى، سەندەك ياخشى موماينى نەدىن تاپالايدۇ؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ.

موماي كۈلۈپ كەتتى، كېيىن خۇشاللىق ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى.

بوۋايمۇ كۆزىنى يۇمدى، ئەمما دەررۇ يەنە كۆزىنى ئاچتى، چۈنكى كۆڭلىگە ئوغلىنىڭ ئىشلىرى كېلىپ ئۇنى بىئارام قىلغانىدى. مۇھىيد ئىبراھىم باشلىغان يولدا مېڭىۋېرەرمۇ؟ باشقىلارغا ئوخشاش سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالارمۇ؟ نامايىشلارغا قاتناشسا يارىلىنىپ قالارمۇ ياكى ئۇنىڭ جەسىتىنى خەقلەر كۆتۈرۈپ كېلەرمۇ؟ ئۇ تۈرمىگىمۇ چۈشۈپ قالارمۇ ـ ھە؟ ئىبراھىمغا ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئېلىنىشىدىن قېچىپ يۈرەرمۇ؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ! ... لېكىن، مۇھىيد ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە مەكتەپتە ئىبراھىمنىڭ ئاغىنىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئۇلار بىلەن قېچىش ئىشىنى سۆزلىشىپتۇ ئەمەسمۇ. بۇ ئوغلىنىڭ تۇنجى قېتىم قىلغان ئىشىنى دادىسىدىن يوشۇرۇشى ئىدى، بوۋاي بۇرۇن ئوغلى نېمە قىلىۋاتىدۇ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ، ھەممىنى بىلىپ

تۇراتتى . ئەمما ، هازىر ئوغلى باشقىلار بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپتۇ . ئۇ يەنە نېمە ئىشلارنى يوشۇرغاندۇ ؟ كېيىن يەنە نېمە ئىشلارنى يوشۇرار ؟ كىم بىلىدۇ ، ئىبراھىم يەنە ئۇنىڭغا قانداق نېمىلەرنى ئۆگىتىپ قويدى ؟ ئۇلار بەلكى ئالاقىلىشىپ تۇرۇشقا كېلىشكەندۇ . ياق ، بولمايدۇ ! ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ ! ئۇ ئوغلىنىڭ كىچىككىنە پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ، ئوغلىنى ھەرگىز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ . بۇ يىل ئوغلى باكالاۋرلىق ئۇنۋانى ئالىدۇ ، ئاندىن مەكتەپتە قېلىپ ئاسسىستېنت بولىدۇ . بۇنىڭدىن چاتاق چىقسا بولمايدۇ . ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلىغا بەرگەن يامان تەسىرىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىدۇ . ئۇ ئىبراھىمنى ئوغلۇمنى ئۆزىگە تارتسۇن ، دەپ تۇرغۇزغان ئەمەس ، ئۇ نېمىشقا دۆتلۈك قىلىپ ئىبراھىمنى مۇھىيدىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرغاندۇ ؟ بۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا بىر بوتۇلكا زەھەرلىك دورا قويۇپ قويغاندەك ئىش ئەمەسمۇ ؟ ئۇلار نېمىلەرنى سۆزلەشكەندۇ ؟ ئەلۋەتتە سىياسىي گەپلەرنى قىلىدۇ ـ دە....

ئىبراھىم چوقۇم مۇھىيدقا قەھرىمانلىق خام خىيالىنى سىڭدۇردى ۋە تەنتەكلەرچە ، بالىلارچە ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگەتتى . بىراق ، مۇھىيد كاللىسى بار بالا — بوۋاي ئوغلىنى ئوبدان بىلىدۇ — ئۇ ئۇڭايلا خەقنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەيدۇ . تېخى ئۆلگۈرمەن . مۇھىيد بىلەن ئوبدان سۆزلىشىش كېرەك . ئەتىلا سۆزلىشەي ، ياق ، زوھۇرلۇقتىن كېيىنلا سۆزلىشەي . ئوغلۇمغا ئوبدانراق كۆز ـ قۇلاق بولاي . ئۇ تۈگەشسە بولمايدۇ .

بوۋاي ئۇخلىماقچى بولۇپ كۆزىنى يۇمدىيۇ ئۇخلىيالمىدى . شۇڭا ، ئۇ زوھۇرلۇق ۋاقتى بولۇشىنى كۈتۈپ ياتتى .

ئىبراھىم كەتكەچكە كارىۋات مۇھىيدقا بەكلا كەڭ بىلىندى . ئۇ ئۇخلىيالماي ، ئۆتكەن تۆت كۈننى قايتا ـ قايتا ئەسلىدى . بۇلارنى ئويلىماي دەپ دەرس تەييارلاپ باقماقچى بولدى ، ئەمما بۇ ئىشلار كىتابتىن چىقمۇاتقاندەك كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى ، ئاخىر كىتابنى ياپتى . ئۇخلىيالمىغان بىلەن ئۇنىڭدا ئەنسىزلىك ، بۇ

بىرنەچچە كۈندىن بىرى ئارامدا قويمىغان ۋەھىمە، غەزەپ ئاللىقاياقلارغىدۇر يوقالغانىدى. ئۇ خەۋپ ـ خەتەرنى ئىسىگە ئالماي ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىۋەتتى. توۋا، قەھرىمانلىق دېگەنمۇ قالتىس بولىدىكەن! ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن جىمى خەۋپ ـ خەتەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدىغان گەپ ئىكەن. بۇ خۇددى ئانىنىڭ تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن تۇغۇتتا تارتقان ئاچچىق تولغاق ئازابىنى ئۇنتۇپ يەنە تۇغۇشنى ئارزۇ قىلغىنىدەك ئىش ئىكەن. بالا تۇغۇش قەھرىمانە ئىش. ئانا قەھرىمان. مۇھىيد ئۆزىنىڭ بۇ پەلسەپىۋى پىكرىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلدى. ئۇنىڭدا قەھرىمانلارغا خاس ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭمۇ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، ئىبراھىمنى ھۆكۈمەت تۇتىمىز دەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىشىدۇ. شۇنداق كۈن كېلەرمۇ؟

ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزىنى ئورىۋالغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى: مانا ئۇ ساۋاقداشلىرىغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاز ـ تولا كۆپتۇرۇپ سۆزلەپ بەرمەكتە. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇراتتى، ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىشتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۇ تونۇيتتى، بەزىلىرىنى تونۇمايتتى، ساۋاقداشلىرى: «مەكتىپىمىزنىڭ قەھرىمانى مۇھىيدقا سالام!» دەپ توۋلاشماقتا.

بۇ خىياللار بىلەن مەست بولغان مۇھىيدنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالقىشىدىن ھاياجانلانغاندەك يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنى كارىۋتى بىلەنلا كۆتۈرۈپ كەتكەندەك بولدى.

بىردىنلا ئۇ ئېسىنى يىغىۋالدى. بۇ خىياللىرىدىن قورقۇپ، ياق، ساۋاقداشلىرىم ھېچنېمىنى بىلمەسلىكى كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇلار بىلسە ھۆكۈمەتمۇ بىلىدۇ، ئۇ قولغا ئېلىنىدۇ، تۈرمىگە سولىنىدۇ. ياق، ئۇ تۈرمىگە چۈشۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ تۈرمىگە چۈشمەيدۇ. ساۋاقداشلىرىغا ئۇ ھېچنېمىنى ئېيتمايدۇ. ئۇنىڭغا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالقىشى كېرەك ئەمەس، بولدى، ئۇنى

كۆتۈرمەيلا قويسۇن . ئىسمىنى ئاتاپ شوئار توۋلىمىسۇن ، چۈنكى ئۇ تۈرمىگە سولىنىشنى خالىمايدۇ .

بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ خىيال قۇشى يىراقلارغا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى ...

ياندىكى ئۆيدە ئاچا ـ سىڭىللار ياتاتتى .

ناۋال كۆزىنى يۇمۇپ خىيال دەرياسىدا ئۈزەتتى . خىيالىدا يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ئوچۇق ھاۋا ، قۇشلارنىڭ شوخ ناۋاسى ، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىغا تولغان مەنزىرە نامايان بولاتتى . ئوفىتسېر كىيىمدىكى ئىبراھىم ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى . ئۇ دۈشەنبە كۈنى بولىدىغان ئىشلارنى ئويلىدى . دۈشەنبە كۈنى ئۇ ئابدۇل مىنىئىم مەيدانىدا ئىبراھىم بىلەن ئۇچرىشىدۇ . شۇئان مەيداننىڭ مەنزىرىسى ناۋالنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى : ئۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپقا قاراپ ئىبراھىمنى ساقلاپ تۇرغان ئۆزىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ قانداق كۆڭلەك كىيسە بولار ؟ زىغىر رەڭنىمۇ ؟ ياق ! ئاقنى كىيسۇن . قولىغا ئاق پەلەي كىيىپ ، ئاق سومكا كۆتۈرۈۋالسۇن . ياق ، قارا سومكا كۆتۈرۈپ قارا توپلەي كىيسە ياخشى . مانا ئاق كۆڭلەك كىيگەن ناۋال مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىبراھىمنى ساقلىماقتا . ۋاي ، ئەنە ئىبراھىم ئابدۇل مىنىئىم كوچىسىدىن كېلىۋاتىدۇ . ئۇ ھېلىقى ئوفىتسېر كىيىمدە ، قارا كۆزەينەك تاقىۋاپتۇ تېخى . ئۇ كېلىپلا ناۋال بىلەن قول ئېلىشتى . ئاندىن ئىككىيلەن مەيداندىن چىقىپ بىر تار كوچىدا مېڭىشتى . ياق ! ئۇ بىر ماشىنىنى ھەيدەپ كەلدى . ماشىنا ناۋالنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ، ئىبراھىم ناۋالغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . ناۋال ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇرايمۇ ـ ئولتۇرمايمۇ دەپ بىردەم ئارىسالدى بولدى . ئەگەر ئۇ چىقىپ ئولتۇرسا ، ئىبراھىم قانداق ئويلاپ قالار ؟ ئۇنى تەنتەك ئىكەن دەرمۇ . ياق ، ئىبراھىم ئۇنداق ئادەم ئەمەس ، ئۇنداق ئويلىمايدۇ . مانا ئۇ ئىبراھىمنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . ماشىنا ماڭدى ، ئۇچقاندەك مېڭىپ ناۋالنى يىراقلارغا

ئېلىپ كەتتى . تۇيۇقسىزدىن ماشىنا توختاپ قالدى . ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەم يوق ، ھەتتا زېمىنمۇ يوق . ماشىنا كۆكتە مۇئەللەق تۇرغاندەك ئىدى . ئىبراھىم ناۋال بىلەن پاراڭلاشتى ، تويىنىڭ گېپىنى چىقاردى . بىر چاغدا دادىسى پەيدا بولۇپ قالدى . دادىسى بۇ تويغا قوشۇلارمۇ ؟ ناۋال دادىسىنى بېشىنى چايقاپ قوشۇلمىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ ، ئىختىيارسىز قوشۇمىسىنى تۈردى ، ئارقىدىنلا يەنە تاتلىق كۈلۈمسىرىدى ، چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىگە ، ئاخىر قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

ناۋال ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلاتتى . كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەر ئۆزگىرىپ تۇراتتى . ئۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىبراھىم خەت يازغان قەغەز سېلىنغان كىچىككىنە قۇتىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان ، خۇددى ئىبراھىمنىمۇ قۇتىغا قاچىلىۋالغاندەك ، يۈرىكىگە چاپلاپ ياتاتتى .

سامىيەنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيال ئېلىكىدىن قۇتۇلدۇردى :

— ناۋال ، ناۋال ! سەن نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن ؟

— سىڭىلچە ، ئىبراھىم ھازىر نەدىدۇ ؟ — دېدى شۇئان ناۋال .

— غەم قىلما . بۇنداق ئادەملەردىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز ! — دېدى سامىيە سىڭلىسىغا تەسەللى بېرىپ .

ئاچا - سىڭىل جىم بولدى .

— مېنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلەمسەن ؟ ئابدۇل ھەمدى ئىبراھىمنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلسە ، چوقۇم ساراڭ بولۇپ قالىدۇ ، ئۇنىڭ شۇ ئەپتىنى بىر كۆرگۈم بار ، — دېدى سامىيە يەنە .

ناۋال ھەدىسىنىڭ شۇنداق دېگىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا :

— ئۇ ساراڭ بولۇپ قالمايدۇ ، ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ ، ھەممىمىز ئۆز تۇرساق ، — دېدى .

سامىيە سىڭلىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك سورىدى :

— سىڭىلچە ، ئۇ ئەتە كەلسە دادام ھەيدىۋېتەرمۇ ؟
— سىڭىلچە ، ھەيدىۋەتمەيدۇ ، نېمىشقا ھەيدىۋېتىدىكەن ؟
سامىيە جىم بولدى ، خىيالى ئابدۇل ھەمدىگە كەتتى . ئىبراھىم بۇ ئۆيدىن كەتكەندىن بېرى ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمايۋاتاتتى . ئۇنىڭغا گويا ئۆيدىن ئىبراھىم ئەمەس ، بەلكى ئابدۇل ھەمدى چىقىپ كەتكەندەك ، ئۇ ئەمدى سامىيەنىڭ تۇرمۇشىدىن يوقاپ كەتكەندەك ، ئۇنى ئىزدىمەيدىغاندەك ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دېمەيدىغاندەك بىلىنەتتى . دادىسى ئۇنى ھەيدىۋەتسە ، سامىيەنىڭ ھاياتى يەنە ئۆلۈك سۇدەك ئۆتىدۇ . كېيىن ئۇنى چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئادەملەرگە سوراپ ئەلچىلەركېلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە سامىيەنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرۇپ ، بالىلىق ۋاقتىنى قىزلىق ھاياتى بىلەن باغلىيالايدىغان ئادەم يوق . ئۇ بەختلىك بولالمايدۇ . نېمىشقا ئەمدى ؟ ئۇنىڭ ئارزۇسى شۇغۇ ؟ ئۇ ئابدۇل ھەمدىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دەيدۇغۇ ؟ بۇنىسى راست ، ئەمما ئۇ ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىن يىراقلاپ كېتىشىنى خالىمايتتى . ئىبراھىم ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ، ئۇ سىڭلىسى بىلەن بىللە يىغلاپ كەتتى . ئىبراھىم ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئابدۇل ھەمدى ئۈچۈن ياش تۆككەنلىكى ئۆزىگىلا ئايان ئىدى .
سامىيە چىگىش خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىپ پىچىرلاپ سورىدى :
— سىڭىلچە ، ئابدۇل ھەمدى قانداق قىلار ؟
ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئابدۇل ھەمدى بىر ئامال قىلىپ سەن بىلەن توي قىلىدۇ دېيىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى ، ئەمما ناۋال باشقىلا جاۋاب بەردى :
— سىڭىلچە ، ئۇ ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ ، ئۇ نېمە قىلالايتتى ؟
سامىيە يەنىلا ئۈمىد بىلەن سورىدى :
— ئېيتقىنا ، بىزنىڭ ئىبراھىمنى كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىمىزنى ، ئۇنى ئالداپ قويغانلىقىمىزنى بىلسە ، ئۇ جىم تۇرارمۇ ؟
ناۋال ھەدىسىگە ئۆرۈلۈپ مېھرىبانلىق بىلەن :

— سامىيە، قارىغىنا، سەن ئابدۇل ھەمدىنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىدىكەنسەن ـ ھە، — دېدى كۈلۈپ.

ساميە ئۆز سىرىنى يوشۇرماقچى بولۇپ تېرىكتى:

— يوق گەپنى قىلماي ئۇيقۇڭنى ئۇخلىغىنا!

ساميە دەررۇ سىڭلىسىغا دۈمبىسىنى قىلىپ، خۇددى ئۆز مۇھەببىتىنى ۋە مۇھەببەتلىك يۈرىكىنى يوشۇرۇپ قويماقچى بولغاندەك يوتقانغا چىڭ چۈمكەلدى.

ناۋال يەنە خىيالغا پاتتى، كۆز ئالدىدا ھەرخىل مەنزىرىلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، كۆزلىرى چاقنىدى، مىيىقىدا يېقىملىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

قوڭغۇراقلىق سائەت جىرىڭلىدى. زوھۇرلۇق ۋاقتى بولغانىدى.

موماي ئويغاندى، ئەمما كۆزىنى ئاچماي:

— دادىسى، دادىسى، ھەي دادىسى، زوھۇرلۇق ۋاقتى بولدى، — دەپ توۋلىدى. بىردەم جىم يېتىپ يەنە توۋلىدى، — دادىسى قوپسىلا! دادىسى، ھەي، تېز قوپسىلا، زوھۇرلۇق ۋاقتى بولدى!

— سەن بىرىپ تاماقنى ئىسسىتقىن، مەن بىردەم يېتىۋالاي، — دېدى بوۋاي ئويغىنىپ.

موماي كۆزىنى ئاچمايلا ئېرىنىپقىنا ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن ئاستا كۆزىنى ئېچىپ كارىۋاتتىن چۈشتى.

— ۋىيەي، نېمە بولغاندىمەن، پۈتۈن بەدىنىم يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

موماي ئېغىر قەدەم تاشلاپ قىزلىرى ياتقان ئۆيگە بىرىپ ئىشىكنى چەكتى. ئۆي ئىچىدىن ناۋالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئويغاندۇق، ئاپا.

موماي باشقا گەپ قىلماي ئاشخانىغا كىردى. ئۇ بەكلا بىئارام بولۇۋاتقاچقىمىكىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئوت ياقتى ۋە ئوچاققا

تاماقنى قويدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە ئويغاندى ۋە يىغلىپ زوھۇرلۇق يېپىشكە باشلىدى . ئۇلار تاماقنى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا يەۋاتقاندەك يەيتتى . ھېچكىم ئىبراھىم توغرۇلۇق گەپ ئاچمىدى .

مۇھىيد مىۋە شەربىتىنى ئىچىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى . بوۋاي گويا ئۇخلاش ۋاقتىنى ئېلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك ئوغلىغا قاراپ سەل ئىككىلەندى ، ئاندىن :

— مۇھىيد ، توختا ، ساڭا گېپىم بار ، — دېدى .

مۇھىيد سوئال نەزىرىدە دادىسىغا قاراپ قويۇپ ئورنىغا ئولتۇردى . قىزلار بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ ئورنىدىن قوزغالدى .

— ئىككىڭلار تەخسىلەرنى سۇغا چىلاپ قويۇڭلار ، ئەتىگەنلىككە يۇماق ئاسان بولىدۇ ، — دېدى موماي ئۇلارنى ھەيدىگەندەك .

ئاچا - سىڭىللار چىقىپ كېتىشتى . موماي ئۇھ تارتىپ قويۇپ قىزلىرىنىڭ كەينىدىن چىقتى . مۇھىيد قېنى گەپ قىلسىلا دېگەندەك دادىسىغا قارىدى .

بوۋاي چىنىدىكى مىۋە شەربىتىنى بىر سۇمۇرۇپ تەمكىن ھالدا :

— ماڭا سەن ئىبراھىمنىڭ دوستى بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىڭنى ئېيتىپ بەرمىدىڭغۇ ؟ — دېدى .

مۇھىيد كۆزەينىكىم چۈشۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك ، ئىختىيارسىز كۆزەينىكىنى بېسىپ قويدى - دە ، بېشىنى سىلىپ ئۇستەلگە قاراپ ئولتۇردى . ئۇ دادىسىنىڭ بۇ ئىشنى سورايدىغانلىقىنى پەملىگەن ، ئەمما ھازىر سورايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرمىگەنىدى .

— مەكتەپتە ئىبراھىمنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ بىرىگە ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭغا ، ئىبراھىمنىڭ بىر قۇر ئوفىتسېر كىيىمى سورىغانلىقىنى ، ماشىنا ئەكېلىپ مىنى ساقلىسۇن دېگەنلىكىنى ئېيتىپ قويدۇم ...— دېدى مۇھىيد پەس ئاۋاز بىلەن .

بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :
— ئۇ ئىبراھىمنىڭ نەدە يوشۇرۇنغانلىقىنى سورىمىدىمۇ ؟
— سورىدى ، مەن بۇنى ئېيتالمايمەن دېدىم ، — دېدى مۇھىيد دەرھال .
— شۇنداق دېسەڭ ئۇ ئىشەندىمۇ ؟
مۇھىيد ئىشنىڭ سەل چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى :
— ھەئە ، ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدى .
— ھەربىي كىيىمنى ئۇنىڭدىن قانداق ئەكەلدىڭ ؟
— ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپ سىرتىدا ئۇچرىشىپ ئەكەلدىم .
مۇھىيد ئېيتىۋاتقان يالغان گەپلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك تۈكۈرۈكىنى يۇتتى .
دادىسى ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ سورىدى :
— سىلەرنى بىرەر ئادەمنىڭ كۆزەتمىگەنلىكىنى قانداق بىلىسىلەر ؟
— ئىش بىر مىنۇتتىلا پۈتتى .
بوۋاي ئوغلىنى دۆتلۈك قىپسەن دەپ ئەيىبلىگەندەك جىم بولدى ، كېيىن زەردە بىلەن :
— بېرىشتىن بۇرۇن ماڭا نېمىشقا ئېيتمىدىڭ ؟ — دېدى .
مۇھىيد سەل ھودۇقتى ، دادىسىغا قارىماي تۇرۇپ :
— سىلىنى ئاۋارە قىلماي دېدىم ، — دېدى .
— مېنى ئاۋارە قىلغۇزماي دەيدىغان باشقا ئىشىڭمۇ بارمۇ ؟ — دېدى بوۋاي تەنە قىلىپ .
— يوق ، دادا ! راست .
— ئىبراھىم بىلەن نېمە مەسلىھەتلەرنى قىلىشتىڭ ، كىم بىلىدۇ ؟
مۇھىيد جاۋاب بەرمىدى .
— نېمىدەپ گەپ قىلمايسەن ؟ — بوۋاي ئاچچىقلاندى .
— ھېچنېمىنى مەسلىھەتلەشمىدۇق ، سىلىدىن يوشۇرىدىغان

ھېچ ئىش يوق ، — دېدى مۇھىيد تەستە .
بوۋاي ئوغلىغا قاراپ بىرئاز تۇردى ، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىياپەتتە :
— مۇھىيد ، قۇلاق سال ! ئىبراھىمنى ئۆيىمىزدە تۇرغۇزغانلىقىم سىياسىيغا ئارىلاشقانلىقىم ئەمەس ، سېنىڭمۇ سىياسىيغا ئارىلىشىشىڭغا رۇخسەت قىلمايمەن . ئۇ بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلدى ، شۇڭا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق . بىز ئۇنىڭغا ئوخشاشمايمىز ، ئۇ قىلغان ئىشلارنى بىز قىلمايمىز ، بىلدىڭمۇ ؟ — دېدى .
— بىلدىم ، دادا !
— مەكتەپ پۈتتۈرۈشۈڭگە ئىككى ئاي قالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ ، بىراق مەكتەپنى پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن مەن ساڭا ئىگە . ئىبراھىمنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماسلىقىڭ ، مەندىن يوشۇرۇن ئىش قىلماسلىقىڭ ۋەدە بەر .
مۇھىيد بۇ سۆھبەتنى تۈگىتىشكە ئالدىرىدى :
— دادا ، ۋەدە بېرەي !
— نېمىگە ۋەدە بېرىسەن ؟
— ھەرقانداق ئىشنى سىلىدىن يوشۇرماسلىققا ، سىياسىيغا ئارىلاشماسلىققا ، ئىبراھىمنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىمەن .
بوۋاي ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسى بىلەن تۇتۇپ تۇرماقچى بولۇپ :
— سەن ئەزىمەت ، گېپىڭگە ئىشىنىمەن ، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇردى ، — بېرىپ ئۇخلىغىن .
بوۋاي ھۇجرىسىغا ماڭدى . مۇھىيدمۇ چىقىپ كەتتى .

## 13

ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي ئىشكىباقارغا «ئەلئىھرام گېزىتى»

نى ئەكەلدۇردى . بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشكتىن چىقماي تۇرۇپ گېزىت سېتىۋېلىشى ئىدى . ئۇ ئىبراھىمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق ياكى ئېتىۋېتىلگەنلىك خەۋىرى بارمىكىن دەپ ، گېزىتكە ئالدىراپ ـ تېنەپ كۆز يۈگۈرتتى ، ئۇنداق خەۋەرنى كۆرمىگەندىن كېيىن گېزىتنى ساپاغا تاشلاپ قويۇپ ئىشقا بېرىش تەييارلىقىنى قىلدى .

دالان ئۆيگە مومايدىن باشقىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ بوۋايغا سەزدۇرمەي گېزىتنى كۆرۈپ چىقتى . ناۋال گېزىتنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى بېسىلغان يەرگە كەلگەندە ، ئىسمىلىكلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى . ئەمما ، ئوقۇپ تۈگەتمەستىنلا ئىختىيارسىز تېنى جۇغۇلداپ كەتتى ، گويا بىر شۇملۇقنى خىيالىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك گېزىتنى تاشلاپ قويدى .

بوۋاي ئىشقا ماڭدى .

مۇھىيد مەكتەپكە كەتتى .

ئۆينىڭ ھەممە دېرىزىلىرى ئېچىلدى ، ئۆي تازىلاش باشلاندى . گىلەمنى تازىلاشقا ئىشكىباقار ئەلى تاغىنى چاقىرىشتى . ئۇلار خۇددى ئۆيدە يات ئادەمنىڭ يوقلۇقىغا ئىسپات بەرگۈزمەكچى بولغاندەك ، ئەلى تاغىنى ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە ئىشقا بۇيرۇشتى .

ناۋال مۇھىيدنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى . ئۇ بۇ ئۆينى ئىبراھىمنىڭ ئۆيى دەپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ئىبراھىم كۆرۈنگەندەك بولدى . مانا بۇ ئىبراھىم تاماق يەيدىغان يەر ، ئاۋۇ ئىبراھىم ئۇخلايدىغان يەر . ئۇنىڭغا ئىبراھىم ناھايىتى يېقىن يەردە تۇرغاندەك بىلىندى . ناۋال خۇددى ئىبراھىم ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى .

ئۇ ئىشكاپنى ئېچىپ ئىبراھىم كىيگەن شىم بىلەن كۆڭلەكنى كۆردى . ئىبراھىم ھەربىيچە كىيىمنى كىيگەندىن كېيىن بۇلارنى سېلىپ قويغانىدى .

ناۋال گويا ئىبراھىمنى قۇچاقلاشقا ئىنتىلگەندەك كۆڭلەكنى

دەرھال قولىغا ئالدى ، يەنە بىر چەتكە قويۇپ شىمنى چىرايلىق قاتلاپ ئىشكاپتىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىپ قويدى ، ئارقىدىنلا ئىبراھىمنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ، دەزماللاپ ئۆز كىيىملىرى بىلەن ساقلاش نىيىتىدە كۆڭلەكنى ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ ئىشكاپىغا سىلىپ قويدى .

سائەت ئون ئىككىلەردە ئۆينى تازىلاپ بولۇشتى . ئىشىكباقار ئەلى تاغا ئايال خىزمەتكار سەنىيەنى چاقىرىپ كىلىشكە ماڭدى .

دىرىزىلەر پارقىراپ ، ھەممە نەرسىلەر رەتلەندى .

سائەت بىرگە يىقىن ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى .

ناۋال بىرىپ ئىشىكنى ئاچتى .

ئابدۇل ھەمدى ئالدىراش كىرىپ كەلدى ۋە ناۋالغا قاراپمۇ قويماي :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دىدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — ناۋال ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ جاۋاب بەردى :

ئابدۇل ھەمدى ناۋالغا قارىماستىن ناھايىتى مۇھىم خەۋەر ئەكەلگەندەك ئىچكىرى ماڭدى . ناۋال ئابدۇل ھەمدى ئىبراھىمنىڭ كەتكىنىنى ئاڭلىسا قانداق بولۇپ كىتەر ، دىگەنلەرنى خىيال قىلغاچ ئاشخانىغا كىردى .

ئابدۇل ھەمدىگە كارىدوردا سامىيە ئۇچرىدى . ئۇ ئۆيئىچىلىك كىيىمدە ئىدى . ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشمايلا سورىدى :

— ئىبراھىم نىمە قىلىۋاتىدۇ ؟

ئۇ شۇنداق دەپلا سامىيەنىڭ يىنىدىن ئۆتۈپ ئىبراھىم ياتقان مۇھىيدىنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدى .

— ئۇ چىقىپ كەتتى ، - دىدى سامىيە .

ئابدۇل ھەمدى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك سامىيەگە قارىدى ۋە گەپنىڭ مەنىسىگە تازا يەتمەستىن سورىدى :

— نىمە دەۋاتىسىز ؟

سامىيە ئۇنىڭغا ئەلەم ۋە ئېچىنىش بىلەن قاراپ، تەسەللى بەرگەندەك ناھايىتى پەس ئاۋازدا:

— ئىبراھىم كەتتى، بۇ ئۆيدىن كەتتى! — دېدى.

ئابدۇل ھەمدىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ گەپنى ئېنىق ئۇقۇپ تېڭىرقاپ قالدى. ئەمما، شۇ ھامان قوۋۇلۇقى ۋە ھەممە ئىشنى يامان تەرەپكە ئويلايدىغان گۇمانخورلۇقى بىلەن ئۆزىنى ئالداپ كېتىشكەنلىكىنى سېزىۋالدى ــ دە، خۇددى يارىلانغان يىرتقۇچتەك ھۆركىرىدى:

— چىقىپ كەتتى؟ نېمىشقا چىقىپ كەتتى؟ شۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ؟

ئۇ شۇنداق دېدى ــ دە، مۇھىيدىنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈردى. ئىشىكنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ ئاچتى ــ دە، ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ مەڭزى تىترەپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— ئۇ نەگە كەتتى؟ ئېيتىڭلارچۇ، ئۇ زادى نەگە كەتتى؟ — دېدى ئابدۇل ھەمدى تىترەك ئاۋازدا.

سامىيە ئۇنىڭ ۋارقىرىشىدىن قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشتى.

— بىلمەيمەن، ئەزىزىم، خۇدا ھەققى بىلمەيمەن.

ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئاۋازى بارغانچە كۈچىيىپ ئاخىر ۋارقىراشقا ئايلاندى:

— ئەلۋەتتە سىز بىلمەيسىز، باشقىلارمۇ بىلمەيدۇ، مەن دۆت. ئەمدى سىلەر مېنى زاڭلىق قىلىڭلار. بولدى بەس. قېنى ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى، مەرھەمەت! باشقا ئامال قىلىڭ! بۇ يەردە سىز ئالىدىغان قىز يوق، پۇلمۇ يوق. خەپ، قاراپ تۇرۇڭلار! قەسەم قىلىمەنكى، ھەممىڭنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن. بۇنى ئۆزۈڭلار تىلەپ تاپتىڭلار، مەندىن كۆرمەڭلار، داداڭلاردىن كۆرۈڭلار. ئۇ مېنى كولدۇرلاتماقچى بوپتۇ. مەن ئۇنداق ئاسان ئالدىنىدىغان، ئوڭاي بوزەك بولىدىغان ئادەم ئەمەس! سىلەرگە ئەمدى تىنچلىق يوق!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشىككە قاراپ ماڭدى .

— ئابدۇل ھەمدى ! ئابدۇل ھەمدى ! — سامىيە ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ قالدى .

ئابدۇل ھەمدى كەينىگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى .

سامىيە دەرھال ھۇجرىسىغا قايتىپ كىردى ـ دە ، ئىشكاپتىن كۆڭلىكىنى ئېلىپ ئەينەككىمۇ قارىماستىن ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ ھەدەپ «ئابدۇل ھەمدى ! ئابدۇل ھەمدى ! ...» دەپ پىچىرلايتتى ، ئۇنىڭ شۇتاپتا كاللىسى ئىشلىمەيتتى ، نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى ، مېڭىسىدە پەقەت ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئالدىدا ئېيتقان ، ئىبراھىمنى ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن ، دېگەن گېپىلا بار ئىدى . ئۇ كۆڭلىكىنى ، پايپىقىنى ، ئايغىنى كىيدى ، چاچلىرىنىمۇ تارىماستىن سومكىسىنى ئېلىپلا ماڭدى . ئۇنىڭغا ئاپىسى ئۇچراپ سورىدى :

— ئابدۇل ھەمدى نېمىگە ۋارقىرايدۇ ؟

سامىيە ئاپىسىغا جاۋاب بەرمەي ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى .

ناۋال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى .

— سامىيە ! سامىيە ! نەگە بارىسەن ؟

سامىيە ئاپىسىغىمۇ جاۋاب بەرمەي ئىشىكتىن ئوقتەك چىقىپ كەتتى .

ناۋال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى ۋە كېتىۋاتقان سامىيەگە ۋارقىرىدى :

— سامىيە ! توختاپ تۇر ، مەنمۇ بىللە باراي .

سامىيە ناۋالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى . كوچىغا چىقىپ ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قاراپ ئابدۇل ھەمدىنى ئىزدىدى . ئابدۇل ھەمدى كۆرۈنمەيتتى ، سامىيە جىنز كوچىسىغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنىدى ، ھەتتا شامالدا توزۇپ يۈزىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە ۋارقىرىغاندەك بىلىنەتتى . سامىيە كۆڭلىدە : «ئابدۇل ھەمدى ، ئابدۇل ھەمدى ، ئابدۇل ھەمدى ...» دەپ كېتىپ باراتتى .

ئۇ ئابدۇل ھەمدىنى تېپىشىم كېرەك ، دەپلا ئويلايتتى ، ئەمما ئۇنى تاپقاندىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . ئابدۇل ھەمدى ئىبراھىمنى ساقچىغا مەلۇم قىلغىلى ماڭدى ، ئۇنى تۇسۇۋېلىشىم كېرەك ، دېگەن بىرلا خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەيتتى . مۇنداق قىلىشى ئىبراھىمنى ، ئائىلىسىنى ئەمەس ، بەلكى ئابدۇل ھەمدىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ، ئۆزىنى ئازابلىمايدىغان قىلىش ، ئۆزىنىڭ تېخى ئاشكارىلىمىغان مۇھەببىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ، ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئۆز قەلبىدىكى ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىدى . سامىيە ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئەسكىلىكلىرى پاش بولۇپ قېلىپ شېرىن ئۈمىدلىرىنىڭ بەربات بولۇشىدىن تەشۋىشلىنەتتى . شۇنداقلا بولىدىكەن ، ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئاشىقلىقى تۈپەيلى پەيدا بولغان كۆرەڭلىكى ، ئائىلىدىكىلىرى ئالدىدىكى ئېپتىخارلىقى ۋە مەغرۇرلۇقمۇ نەلەرگىدۇ يوقاپ كېتەتتى . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار ئىدى ، كاندەك چاپلىشىۋالغانىدى .

سامىيە جىن كوچىسىغا كېلىپ ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپىقا كۆز يۈگۈرتتى . ئابدۇل ھەمدىنىڭ كوچىنىڭ قارشىدىكى بىر تاماكا دۇكىنى ئالدىدا تېلېفون بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى .

ئۇ ساقچىلارغا ئىبراھىمنى مەلۇم قىلىپ تېلېفون بېرىۋاتامدىغاندۇ ؟

ئاخىر سامىيە ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىدى :

— ئابدۇل ھەمدى ! ئابدۇل ھەمدى !

ئابدۇل ھەمدى خېلى يىراقتا بولغاچ ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىدى . سامىيە ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ يولدىن ئۆتۈۋاتقاندا ، تىرامۋاي كېلىپ قالدى ـ دە ، سامىيە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى . تىرامۋاي ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۇزۇندەك ، بىرەر سائەتتە ئاران ئۆتۈپ بولىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى .

تىرامۋاي ئۆتۈپ كەتتى ، ئابدۇل ھەمدى جىن مەيدانىغا

كېتىۋاتاتتى . سامىيە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرگەنىدى ، بىر ماشىنا ئۇنى بېسىۋەتكىلى تاس قالدى . سامىيە قورقۇپ توۋلىۋەتتى ۋە بىر ۋېلىسىپىتكە سوقۇلۇپ كەتكىلى قىل قالدى ، قولىدىكى سومكىسىمۇ چۈشۈپ كەتتى . ئۇ سومكىسىنى ئېلىپ ھاسىرىغان ھالدا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي كوچىدىن ئۆتۈپ ئابدۇل ھەمدىنى قوغلاپ ماڭدى . ئابدۇل ھەمدى مەيدان چېتىدىكى كىرا ماشىنىلىرى بېكىتىگە بېرىپ بىر ماشىنىغا چىقتى .

ماشىنا مېڭىپ سامىيەنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . سامىيەنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى .

— ئابدۇل ھەمدى ! — ۋارقىرىدى ئۇ .

ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىدى بولغاي ، بۇرۇلۇپمۇ قارىمىدى . سامىيە ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ، چىرايى تاتارغان ھالدا غەزەپلىك كۆزلىرىنى شوپۇرغا تىكىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى .

سامىيەمۇ يۈگۈرۈپ كىرا ماشىنىسى بېكىتىگە كېلىپ بىر ماشىنىغا چىقتى ، يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ شوپۇرغا :

— ئاۋۇ كېتىۋاتقان ماشىنىنى قوغلاڭ ! -- دېدى .

ماشىنا قوزغالدى . سامىيە يالۋۇرۇپ كەتتى :

— تېز ! ئۇستام ، خۇدا ھەققى تېزرەك ھەيدەڭ !

شوپۇر ماشىنىنى ناھايىتى تېز ھەيدەپ ، ماشىنىلار يولىنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى .

— خېنىم ، خاتىرجەم بولسىلا . ئۇنىڭغا چوقۇم يېتىشىۋالىمىز ، ھەتتا ئۇنىڭ خوجا ئاكىسىغىمۇ يېتىشىۋالىمىز ، بولمىسا ، مەن «ئۇچار شوپۇر» بولماي كېتەي ، — دېدى شوپۇر .

شوپۇر شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئالدىدىكى ماشىنىنى قوغلاپ ماڭدى .

سامىيە گاڭگىرىغان ھالدا ئولتۇراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىقىدىن ھەيران ئىدى . ئەگەر ئۇ ئويلاپ ئىش قىلغان بولسىدى ، ھەرگىز بۇنداق قىلالمايتتى .

بۇ سامىيەنىڭ تۇنجى قېتىم ئاپىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تالاغا چىقىشى ئىدى ، قەيەرگە بېرىشىنى بىلمىگەچكە ، ئۆيىدىكىلەرگە دېمىگەنىدى .

سامىيە تۇنجى قېتىم ئۆزى يالغۇز كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرغانىدى . ئەمما ، ئۇ ئۆزىنى ماشىنىدا ئەمەس ، يوگورۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى ، ھاسىرايتتى . ماشىنا دېرىزىسىدىن ئابدۇل ھەمدى ئولتۇرغان ماشىنىنى ئىزدەپ سامىيەنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ كەتتى .

— تېز ! خۇدا ھەققى ، ئۇستام ، تېزرەك ھەيدەڭ !

سامىيە خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ئادەم جۆيلۈگەندەك «تېز ! تېز !» دېگەن گەپنى تەكرارلاۋەردى .

ماشىنا ئاخىر ئالدىدىكى ماشىنىغا يېقىنلاشتى .

— سىزگە يېتىشىۋالدۇق ھۇسنەيىن ئۇستام ! — دەپ ۋارقىرىدى شوپۇر .

ئىككى ماشىنا ئالدى ـ كەينى مېڭىپ ئاباباس كۆۋرۈكىدىن ، ئەينى قەسرى كوچىسىدىن ، ئابدىن مەيدانىدىن ، ھۇسەيىن سۇلتان كوچىسىدىن ، خەلق دەرۋازىسى مەيدانىدىن ئۆتتى . ئالدىدىكى ماشىنا ساقچى مەھكىمىسىنىڭ كەينى ئىشىكىگە ماڭغاندا ، كەينىدىكى ماشىنا مەيداندىن ئۆتۈپ بولمىغانىدى . شوپۇر ئالدىدىكى ماشىنىدىن كۆز ئۈزمەي ماشىنىسىنى ئۇ ماشىنىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ توختىتىپ :

— ھۇسنەيىن ئۇستام ، يەنە يېتىشىۋالدىم ، — دېدى كۈلۈپ .

سامىيە ماشىنىدىن چۈشمەيلا ئالدىدىكى ماشىنىغا قارىدى ، ماشىنىدا ئابدۇل ھەمدى كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ سورىدى :

- ئۇ قېنى؟ بايا سىلىنىڭ ماشىنىلىرىغا ئولتۇرغان ئادەم نەگە كەتتى؟

بىرىنچى ماشىنىنىڭ شوپۇرى سامىيەگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قولى بىلەن ساقچى مەھكىمىسىنى كۆرسەتتى .

— بىناغا كىرىپ كەتتى .

سامىيە تىترىگەن قوللىرى بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ ماشىنىدىن چۈشتى ـ دە ، بىناغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇ ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ شوپۇرى قوغلاپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە سامىيەنى بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇپ ئاچچىقى بىلەن :

— خېنىم ، پۇل بەرمەمسىز ؟ — دېدى .

سامىيە ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ :

— مېنى ساقلاڭ ، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ ، — دېدى .

شوپۇر سامىيەنىڭ تارالمىغان چاچلىرى ، ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ، ئۇستىدىكى كۆڭلىكىگە قارىدى ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلىكىنى قويۇۋېتىپ ئالدىنى توسىدى .

— مەن ساقلىيالمايمەن !

— ئۇستام ، بىر ياخشىلىق قىلىسىڭىزچۇ ؟ مەن هازىرلا كېلىمەن ، — دەپ يالۋۇردى سامىيە .

— ئاۋۋال پۇلنى بېرىۋېتىڭ ، ئون سەككىز جىرىس ، — دېدى شوپۇر توڭلۇق بىلەن .

سامىيە يىغلىۋېتەيلا دېدى . ئۇ شوپۇرنىڭ قورقۇنچلۇق ئەلپازىنى كۆرۈپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سومكىسىنى ئېچىپ پورتمالىنى ئاختۇردى ، ئۇشتۇمتۇت كاللىسىغا كەلگەن بىر خىيالدىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . ئۇ سومكىسىنى ئېتىپ شوپۇرغا تەڭلىدى .

— مانى تۇتۇڭ ! سومكامنى ئېلىپ مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ ، مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويىسىز ! — دېدى .

شوپۇر سەل بوشىدى . سامىيەگە هېسداشلىق بىلەن قاراپ سومكىغا قول ئۇزاتتىيۇ ، لېكىن سومكىنى ئالماي :

— بوپتۇ ، ساقلاپ تۇراي ، ئەمما بەك هايال بولماڭ ! — دېدى .

سامىيە ساقچى مەهكىمىسىگە كىردى . بۇ بىر چوڭ هويلا بولۇپ ، بىرمۇنچە كىچىك ماشىنا ۋە ساقچى ماشىنىلىرى تۇراتتى .

سامىيە خۇددى قاراقچىلار ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغانداك ھودۇققان ۋە ئارىسالدى بولغان ھالدا ماڭدى. ھويلىدا يۈرگەن شوپۇر ۋە ئادەملەرنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا ئادەم سىياقى يوق غەلىتە مەخلۇقلاردەك كۆرۈنۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى.

ئۇ سول تەرەپتىكى بىر ئىشىكنى كۆرۈپ شۇ ياققا باردى، پەلەمپەيدىن چىقىپ، خۇددى ئابدۇل ھەمدى ئۇنى ساقلاپ تۇرىدىغاندەك ئەتراپقا قارىدى.

ئابدۇل ھەمدى كۆرۈنمەيتتى...

ئۇنىڭ يېنىدىن كىشىلەر، ساقچىلار ئۆتۈپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ ھودۇققان ئەپتى، ئەنسىز قاراشلىرى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى.

بىر ئىشىك يېنىدا بىر ساقچى بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. سامىيە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تىترىگەن ھالدا مۇراجىئەت قىلدى:

— رەنجىمىسىڭىز...

ساقچى ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، گويا ئۇنى كۆرمىگەندەك ئالدىدىكى ئادەم بىلەن پاراڭلىشىۋەردى.

سامىيە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق باردى:

— غوجام، رەنجىمىسىڭىز...

ساقچى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ سورىدى:

— ھە، نېمە ئىش؟

سامىيە ئۈمىدلىنىپ:

— مالال كەلمىسە ئېيتىپ بەرسىڭىز، سىز ئېگىز بوي، زىغىر رەڭ كىيىم كىيگەن ئادەمنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟

«غوجام» قەددىنى رۇسلاپ ئەمەلدارلارچە قىياپەتتە سورىدى:

— ئۇ ئەپەندىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئابدۇل ھەمدى زاھىر، — دەرھال جاۋاب بەردى سامىيە.

ساقچى ساقىلىنى سىلاپ بۇ ئادەمنى ئەسلەۋاتقاندەك بىردەم

ئۆيغا پاتتى ، ئاندىن :
— ئۇ ئادەم سىزنىڭ نېمىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .
— بىر نەۋرە ئاكام .
ساقچى دىلو ئىنقىلاۋاتقان تەپتىش ئەمەلدارىدەك تەلەپپۇز بىلەن سورىدى :
— سىز نېمىشقا بىر نەۋرە ئاكىڭىزنى بۇ يەردىن ئىزدەيسىز ؟
سامىيە يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى .
— ئۇ مېنى مەشەگە كەلگىن ، دېگەن .
— شۇنداقمۇ ، ئۇنداقتا بوپتۇ .
— سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ غوجام؟ — سامىيە ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا سورىدى .
ساقچى گەپمۇ قىلماي بىردەم جىم ئولتۇرۇپ سورىدى :
— ئۇ قارىمۇتۇق ، چاشقان بۇرۇت ئادەممۇ ؟
— ھەئە ، دەل شۇ . ئۇ نەگە كەتتى ؟ - جىددىيلىشىپ سورىدى سامىيە .
ساقچى ئۇدۇلىدىكى ئىشىكنى كۆرسەتتى :
— ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .
— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ ؟
— بولمايدۇ ، — سوغۇق جاۋاب بەردى ساقچى .
— ناھايىتى مۇھىم ئىش بار ئىدى ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ ، — دېدى سامىيە يالۋۇرۇپ .
ساقچى ساقىلىنى سىلاپ سورىدى :
— تونۇشتۇرۇشىڭىز بارمۇ ؟
— مېنى دېسىڭىزلا بىلىدۇ .
— پاشاغا خەۋەر قىلسام بولارمۇ ؟ — دېدى ساقچى ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك .
— نېمە پاشا ؟ سىز ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىڭ .
— ئۇ پاشانىڭ ئالدىدا ، پاشا دېگەن چوڭ ئەمەلدار !
سامىيە سەل تىرىكىپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا :

— بوپتۇ ، پاشايىڭىزغا دەڭ ! — دېدى .
ساقچى سامىيەگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ ، ئورنىدىن ئاستا تۇردى .
— بولىدۇ ، ساقلاپ تۇرۇڭ !
ساقچى ئۇدۇلدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . سامىيە ئۇ ئىشىككە ئېسىلغان «سىياسىي باشقارما» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاينى كۆردى .
بىرئازدىن كېيىن ساقچى قايتىپ چىقىپ تەكەللۇپ بىلەن :
— قېنى ، مەرھەمەت قىلىڭ ! — دېدى .
سامىيەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . ئۇ ئىككىلىنىش ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە مېڭىپ ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆيگە كىردى . ئۆي ئىچى تىنچ ۋە سالقىن ئىدى . ئىككى ئۈستەل قويۇلغان ، بىرىدە بىر ساقچى ئەمەلدارى ، يەنە بىرىدە يۇقراچە كىيىنگەن بىر ئادەم ئولتۇراتتى .
سامىيە تېڭىرقاپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى .
يۇقراچە كىيىنگەن ئادەم ئەدەپ بىلەن سورىدى :
— ئولتۇرۇڭ خېنىم! نېمە ئىشىڭىز بار ؟
سامىيە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوقۇغۇچىدەك يىغلامسىرىغان ھالدا :
— ئابدۇل ھەمدى قېنى ؟ مەن ئابدۇل ھەمدىنى ئىزدەيتتىم ! — دېدى .
ئۇ ئادەم ئالدىدىكى قەغەزگە قاراپ قويۇپ سورىدى :
— سىز ئابدۇل ھەمدى زاھىر ئەپەندىنى دەۋاتامسىز ؟
— توغرا ، شۇ ! — سامىيە خۇشال بولۇپ كەتتى .
— ئۇ باشلىقنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى !
— ساۋاب تاپارسىز ، مېنىمۇ كىرگۈزۈۋەتسىڭىزچۇ ! مەن ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا كۆرۈشمىسەم بولمايتتى ! — يالۋۇردى سامىيە .
ئۇ ئادەم سامىيەگە سىنچى نەزەردە قاراپ سورىدى :

— سىز ...

تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن سامىيە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— مەن ئۇنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى ، ئالىدىغان قىزى !

ئۇ ئادەم سامىيەنىڭ تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ئەپتىگە ، ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم سىنچى نەزىرى بىلەن قارىدى ، ئاندىن ئۇستەلدىكى تەقىيىسىنى سەل يانتۇ قىلىپ بېشىغا كىيدى ـ دە ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بولىدۇ ، سىز ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپ تۇرۇڭ ، — دېدى .

سامىيە ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇ ئادەمگە يېلىنىش بىلەن تىكىلگەنىدى .

ئۇ ئادەم ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي چىقتى ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپلا :

— خېنىم ، قېنى مەرھەمەت ! — دېدى .

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ سامىيەنى كىرگۈزۈۋەتتى .

ئاچچىقىدا ئابدۇل ھەمدىگە ھەممە ئىش بەربات بولغاندەك تۇيۇلدى . چۈنكى ، ئۇ ئىبراھىم ئالىقىنىمدا دەپ ، چوڭ ئۈمىدتە يۈرەتتى . ھازىر بۇ ئۈمىد كۆپۈككە ئايلاندى . ئۇ تەمە قىلىپ يۈرگەن ئىنئام يوق بولدى ، سامىيەمۇ قولدىن كەتتى ، ئەمدى سامىيەنى ئالالمايدۇ . ئۇلار ئالداپ قويدى . ئىبراھىمنى ئاز دېگەندە ئىككى ھەپتە تۇرىدۇ ، دەپ ئۇنى ئىشەندۇرۇۋەتتى . مەسخىرە قىلىندىم ، كولدۇرلىتىلدىم ، دەپ ئويلىدى ئۇ . بۇ خىياللاردىن ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ پىكىر قىلالمىدى ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى . قاتتىق ئەسەبىيلەشتى . بۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ بولسىمۇ ئازراق مەنپەئەت ئالغىلى بولىدۇغۇ دەپ ئويلاپ ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كوچىغا چىقتى ـ دە ، سىياسىي باشقارمىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ھۇمام بەگكە[1] تېلېفون بېرىپ ، ئۆزىدە ئىبراھىمنى تۇتىدىغان ئاخبارات

① پاشا ، بەگ دېگەنلەر تۈركچە سۆز بولۇپ ، يۇقىرى ئەمەل دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ .

بارلىقىنى ئېيتتى. ھۆمام بەگ، تېز كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكىن، دېدى.

ئابدۇل ھەمدى كىرا ماشىنىسىغا چىقتى، يول بويى ئۆزىنىڭ يوققا چىققان پىلانىنىلا ئويلاپ، ھۆمام بەگكە نېمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلانمىدى، ئاچچىق ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇيقا چاچلىرى دىك تۇرۇپ، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئالدىغان ئادەملەرنىڭ — تاغىسىنىڭ، ھاما ئاچىسىنىڭ، مۇھىيد ۋە ناۋالىنىڭ، ھەتتا سامىيەنىڭ چىرايىنى، مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرغان ئىبراھىمنى كۆرگەندەك بولدى-دە، غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

ئۇ ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە ئاچچىقىنى سەل بېسىۋالدى-دە، ئۆزىدىن، بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىم؟ دەپ سورىدى. ئەمما، تېخىچە يانمىغان ئاچچىقى ئۇنى ئالدىغا ماڭغۇزۇۋەردى. ئۇ كاتىپ ئىشخانىسىغا كىردى. كاتىپ ئۇنى باشلىقىنى بىردەم ساقلاڭ، دېگەندىلا نېمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلاندى، شۇئان دەيدىغان ھېچانداق گېپى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئىبراھىمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ساقچىلارنى باشلاپ بارالمايتتى.

بەلكى مۇھىيد ياكى تاغىسى ئىبراھىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلەر، ئەمما تاغىسى بىلەن بىر نەۋرە ئىنىسىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىشقا كۆڭلى قانداق ئۇنايدۇ؟ ئۇنىڭ ئىچى بىر نېمە تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ياق، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ! ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغان نەرسە ئۇنى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ تۇراتتى. ئەگەر شۇ نەرسە بولمىغان بولسىدى، ئۇ ئاللىقاچان مىليونېر بولغان ياكى بولمىسا تۈرمىگە سولانغان بولاتتى. ئۇنىڭ شۇ نەرسىگە — ئۆز ۋىجدانىغا ئۆچلۈكى كېلەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى.

ئابدۇل ھەمدى بەزىدە ئۇنى بىلمەسكە سالاتتى، ئەمما ئۇ نەرسە ھالقىلىق پەيتتە، ئەڭ جىددىي پەيتتە پەيدا بولاتتى، بۇنداق چاغدا ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەي قالاتتى.

ئابدۇل ھەمدى ساقچىلارغا ئىبراھىمنىڭ سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشىنى سورىغان ئىككى ئاغىنىسىنى پاش قىلسا، ساقچىلار ئۇلار ئارقىلىق ئىبراھىمنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن.

بىراق ... ساقچىلار ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىبراھىمدىن ئاڭلىدىم دېسە، ساقچىلارنىڭ سەن ئۇنى نەدە كۆردۈڭ دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما، ئۇ ئىبراھىمنى تاغامنىڭ ئۆيىدە ئۇچراتقانمەن دېيەلمەيدۇ، ئۇنداق دېسە، تاغىسىنىڭ ئائىلىسى ۋەيران بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋىجدانى — ئىچىنى پىچاق تىلغاندەك ئېچىشتۇرۇۋاتقان نەرسە تاغىسىنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە يول قويمايتتى.

ئابدۇل ھەمدى ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى ۋە ھۇمام بەگ بىلەن كۆرۈشمەيلا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى. ئەپسۇسكى قاچالمايتتى، قاچسىلا ساقچىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قوياتتى.

ئۇ كېيىن بىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمە بولماس دەپ، يالغان ئېيتماقچى بولدى.

كاتىپ ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ئابدۇل ھەمدى كەڭتاشا، ئەمما قاراڭغۇراق ئىشخانىغا كىردى. تۆردىكى يوغان ئىش ئۈستىلى ئالدىدا ھۇمام بەگ ئولتۇراتتى.

ئۇ سىپايە قىياپەتتە ئولتۇراتتى، ئەمما بۇ ساختا قىياپەتتى قىسماق كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ياۋۇزلۇقنى ياپالمىغانىدى.

ھۇمام بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى قەدىناس دوستى بىلەن كۆرۈشىدىغاندەك قىزغىن ھالدا قولىنى سوزۇپ كەلدى.

ئابدۇل ھەمدى قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئابدۇل ھەمدى قاتتىق ئالاقزادە بولغاچقا، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك سوقۇپ كەتتى.

ھۇمام بەگ ئۇنى خۇرۇم ساپاغا تەكلىپ قىلدى-دە، ئىبراھىم ھەمدى توغرىسىدا گەپ ئاچماي، قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇپ

پاراڭلىشىۋاتقاندەك تەبىئىي ھالدا پاراڭلاشتى . ئۇ ئابدۇل ھەمدنى جىددىيلەشتۈرمەسلىك ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتاتتى . دېگەندەك ، ئابدۇل ھەمدى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ چېچىلغان خىيالىنى يىغىشقا باشلىدى .

ھۇمام بەگ ئىبراھىم ھەمدى توغرىسىدا گەپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا كاتىپ كىرىپ ھۇمام بەگنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . ھۇمام بەگ كۈلۈپ كېتىپ :

— كىرسۇن ! — دېدى .

ئىشخانىغا سامىيە كىردى ۋە ئابدۇل ھەمدىگە تىكىلگىنىچە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى .

ئابدۇل ھەمدى گويا ئۆز ۋىجدانىنى كۆرگەندەك سامىيەگە ھەيران بولۇپ قالدى .

— سىز نېمىدەپ كەلدىڭىز ؟

سامىيە ھاياجىنىنى بېسىۋالماقچى بولغاندەك پىچىرلىدى .

— ئارقىڭىزدىن قوغلاپ كەلدىم . كىم سىزدەك بولغۇسى خانىمىنى تاشلاپ كېتىدۇ ...

سامىيە ئۇنى ئېرتىمەكچى بولغاندەك «بولغۇسى خانىمى» دېگەن سۆزنى ئۇنلۇكرەك ئېيتتى .

ھۇمام بەگنىڭ ھىيلىگەرلىك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلىدى . كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەدەپلىك قىياپەتتە :

— خېنىم ، ئولتۇرۇڭ ! — دېدى .

سامىيە ئابدۇل ھەمدىنىڭ يېنىدىكى ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى . ھۇمام بەگ ئۆزۈن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ سورىدى :

— مۇبارەك بولسۇن ! سىلەر ماقۇللاشقىلى قانچە ۋاقىت بولدى ؟

سامىيە ھۇمام بەگكە ئەمەس ، ئابدۇل ھەمدىگە قاراپ جاۋاب بەردى :

— ئەمدى بىر ھەپتە بولدى .

سامىيەنىڭ كۆزلىرى مانا مەن كەلدىم، ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭ، مېنى ئېلىش ئارزۇيۇڭنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۇچۇن، مېنىڭ، ئائىلىمىزنىڭ سىرىنى ساقلا دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك ئابدۇل ھەمدىگە مىختەك قادالدى.

ئابدۇل ھەمدى دەرھال بېشىنى تۆۋەن سالدى. چىرايى تاتىرىپ، ئىختىيارسىز قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇنىڭ سامىيەگە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ نېمىشقا ئارقامدىن كېلىدۇ؟ نېمىدەپ ئۆزى يالغۇز ساقچى مەھكىمىسىگە كىرىدۇ؟ نېمىشقا بۇنداق ساڭگىل - سۇڭگۇل ھالەتتە كوچىغا چىقىدۇ؟ ئۇ قانداقلارچە بۇنداق يۈرەكلىك بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇ ساراڭدەكلا ئىش قىپتۇغۇ! ئابدۇل ھەمدى بىر نەۋرە سىڭلىسى، ئالدىغان قىزىنىڭ ساقچى مەھكىمىسىگە يالغۇز كىرگەنلىكىدىن ئىزا تارتىپ يۈزى يەر بولدى.

ئارقىدىنلا ئۆزىگە ئاچچىقى كەلدى. سامىيەنى مۇشۇنداق قىلدۇرغان، كوچىدا، ساقچى مەھكىمىسىدە سازايى قىلدۇرغان مەنغۇ؟ بۇ يەرگە كىرگۈزگۈچە ساقچىلارنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي قالدى، چىرايى ئۆزگىرىپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى.

ھۇمام بەگ بۇ ئىككى ياشنىڭ سىرىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئىككىسىگە تىكىپ ئولتۇراتتى.

ئۇ سىپايىلىك بىلەن سورىدى:

— بىز بايا سۆزلىشىپ نەگە كەلگەندۇق؟

ئابدۇل ھەمدى ئاچچىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغاندەك، شۇنداقلا ھۇمام بەگنىڭ ساختا سىپايىلىكىدىن تويغاندەك ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان سامىيەگە قارىماستىن چىرقىراق ئاۋازدا:

— ئەپەندى، مەن سىزگە ئابدۇرېھىم شۇكرى پاشانى ئۆلتۈرگەن ئىبراھىم ھەمدىنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەندىم...

سامىيەنىڭ سۆزى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئابدۇل ھەمدى !

ھۇمام بەگ سامىيەگە لەپپىدە قارىدى . ئابدۇل ھەمدى سامىيەگە جىم ئولتۇر ، گېپىمنى بۆلمە دېگەندەك قىلىپ :

— مەن بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنى ئاباسىيە كوچىسىدا كۆردۈم ، — دېدى .

ئۇ گېپىنى دەپ بولغاندەك جىم بولدى ، سامىيەگە ئۆزىنىڭ سىرنى ئاشكارىلىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپتى .

سامىيەمۇ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەندەك يېنىك تىنىۋالدى .

ھۇمام بەگ سامىيەنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن بۇ ئىپادىنى كۆرۈپ مۇغەمبەرلەرچە ھېجىيىپ قويۇپ سورىدى :

— كىمنىچۇ ؟

ئابدۇل ھەمدى ھەيران بولۇپ قاشلىرىنى يىمىردى . چۈنكى ، ئۇ بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئويلىمىغاچقا ، تەييارلىقى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ دۇدۇقلاپ كەتتى :

— كىمنى ... كىمنى ... مەن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتۇم...

ئابدۇل ھەمدى گەپنى قىلىپلا دەم ئېلىۋالماقچى بولغاندەك توختاپ قالدى .

— بەللى ، كىمنىچۇ ؟ — ئالدىراتتى ھۇمام بەگ .

ئابدۇل ھەمدىگە تىترەك ئولاشتى .

— كىمنى مەن ئۇنىڭ بىر ماشىنىغا چىققانلىقىنى كۆردۈم ـ دە ، سىزگە تېلېفون بەردىم .

— ماشىنىنىڭ نومۇرىنى كۆرۈۋالدىڭىزمۇ ؟

— ياق ، خۇدا ھەققى ، مەن يىراقتا بولغاچقا ، ماشىنىنىڭ نومۇرىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ماشىنىنىڭ نومۇر تاختىسى داتلىشىپ نومۇرىمۇ ئۆچۈپ كېتىپتىكەن . ئۇ چىقىشىغىلا ماشىنا قوزغالدى .

— بىرەر نومۇرىنىمۇ كۆرەلمىدىڭىزما ؟ — سورىدى ھۇمام بەگ ئىشەنمەي .

— ھە ! سەككىز بىلەن بىرنى كۆردۇم ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ :

ھۇمام بەگ ، بوپتۇ ، يالغان ئېيتىۋەر ، مەن ساڭا ئىشەنگەن بولاي ، دېگەندەك مۇغەمبەرلەرچە ھىجايدى ۋە :

— ئۇ ماشىنا قانداق رەڭلىك ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى .

— قارا !

— بۇ مەھبۇبىڭىز سىز بىلەن بىللىمىدى !

ئابدۇل ھەمدى سامىيەنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماي دېگەن يەرگە كەلدى بولغاي ، ھاياجانلىنىپ :

— ياق ، ياق ! ئۇ يوق ئىدى ، — دېدى .

سامىيەمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ ھۇمام بەگكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سەبىيلىك چىقىپ تۇراتتى . ھۇمام بەگ ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ ئابدۇل ھەمدىدىن سورىدى :

— سىز ئاببياسىيە رايونىدا ئولتۇرامسىز ؟

— ياق ، مەن شۇبۇرادا تۇرىمەن .

ھۇمام بەگ ئۇنىڭغا يالغان گەپنى جىقراق ئېيتقۇزماقچى بولۇپ سورىدى :

— ئۇنداقتا ، مەھبۇبىڭىز ئاببياسىيە رايونىدا ئولتۇرىدىكەن ـ دە ؟

— ياق ، مەن شۇ چاغدا بىر ئاغىنەمگە سوغۇرتا رەسمىيىتى ئۆتەپ بېرىش ئۈچۈن ئاببياسىيە رايونىغا بارغانىدىم .

ھۇمام بەگ كۈلۈپ سوراۋەردى :

— ئۇ ئاغىنىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ؟

— ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد نەۋفەل ، - دېدى ئابدۇل ھەمدى سەل تۇرۇۋېلىپ .

ئۇ ساقچىلارنىڭ ئاببياسىيە رايونىغا بېرىپ ئاغىنىسىنى ئىزدىشىدىن - ئەلۋەتتە تاپالمايتتى — ئەنسىرىگەندەك قوشۇپ قويدى :

— ئەسلىي ئۇ يېڭى قاھىرە رايونىدا ئولتۇرىدۇ ، مەن

ئابباسىيەدە ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ ترامۋايغا ئولتۇرغانىدىم.
ئابدۇل ھەمدى جىم بولدى.
ھۇمام بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستەلدىكى بىر كونۇپكىنى بېسىۋېتىپ:
— بۇ ناھايىتى قىممەتلىك ئاخبارات ئىكەن، بىزگە راستىنلا پايدىسى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.
ئابدۇل ھەمدى جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا كاتىپ كىردى. ھۇمام بەگ ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. كاتىپ چىقىپ كەتتى. ھۇمام بەگ ئورنىغا ئولتۇردى.
— مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىمەن، — دېدى ئابدۇل ھەمدى.
ھۇمام بەگ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:
— قانداقلا بولسۇن، سىزگە رەھمەت ئېيتىمىز. سىز يەنە باشقا ئىشلارنى بىلىپ قالسىڭىز، كېلىپ ماڭا ئېيتىڭ. ھازىر ئۈنتۈپ قالغان ئىشلار كېيىن ئېسىڭىزگە چۈشۈپ قالسا، ئۇدۇللا مېنى تاپسىڭىز بولىدۇ. بىز سىلەردەك ۋەتەنپەرۋەر ئادەملەرگە كۆپرەك تايىنىمىز.
ئابدۇل ھەمدى ھۇمام بەگ مېنى قەستەن مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى، سامىيەمۇ ئورنىدىن تۇردى.
— كەتسەم بولامدۇ؟ — سورىدى ئابدۇل ھەمدى.
— رەھمەت، كۆپ رەھمەت! خەير، بىراق ئادرېسىڭىزنى كاتىپقا قالدۇرۇپ كېتىڭ. بايا سىز دېگەنلەرنى ئارخىپ قىلىپ قالدۇرۇشىمىزمۇ مۇمكىن. مەنغۇ ئاڭلىغانلىرىمنى ئەستە تۇتۇۋالدىم، كاللامدىكى بۇنداق ئارخىپلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، — دېدى ھۇمام بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ قولى بىلەن بېشىنى ئىشارەت قىلدى، ئاندىن ئابدۇل ھەمدى ۋە سامىيە بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ۋە ئۇلارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى.
كاتىپمۇ ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇلار سىرتقا چىقتى . سامىيە ئابدۇل ھەمدىگە خۇشال نەزەردە قارىدى . ئەمما ، سامىيەنىڭ قاراشلىرى ئابدۇل ھەمدىنىڭ غەزەپلىك قاراشلىرى بىلەن ئۇچراشتى . ئۇ سامىيەنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ غەزەپ بىلەن :

— مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەن نېمىدەپ ئارقامدىن كەلدىڭىز ؟ ساراڭ بولدىڭىزمۇ نېمە ؟ ئازراق تەربىيە كۆرگەن سىياق يوق سىزدە ! مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەن كوچىغا چىقتىڭىزمۇ ؟ قاچاندىن باشلاپ بويىغا يەتكەن قىزلار ساقچى مەھكىمىسىگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى ؟ — دېدى .

سامىيە خۇددى ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن مەمنۇن بولۇۋاتقاندەك كۈلۈپ :

— سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزدىن قورقۇپ ، — دېدى .

— يوق گەپ ! سىز مېنىڭ ئاچچىقىمدىن قورقامسىز ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ! بىكارغا ئاچچىقلىنىپ نېمە قىلىمەن ؟ سىز ئائىلىڭىزدىن ، ئىبراھىمىڭىزدىن تەشۋىشلىنىسىز ، ھەرگىز ئاچچىقىمدىن قورقۇپ قالمايسىز ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى زەردە بىلەن .

— ئۇنداق ئەمەس ! ئەزبىرايى خۇدا ، سىزدىن ئەنسىرىدىم !

— نېمىشقا ئەمدى خېنىم ؟ — ئابدۇل ھاياجانلاندى .

سامىيە ئۇيىلىپقىنا جاۋاب بەردى :

— سىزنى قايتا كەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم . سىز توغرا ئېيتمىدىڭىز ئابدۇل ھەمدى ! ھەممە ئادەم سىزنى زاڭلىق قىلغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنداق قىلمايمەن .

ئۇ سامىيەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ خەلق دەرۋازىسى مەيدانى تەرەپكە ماڭدى .

— بولدى ، بۇياققا مېڭىڭ ! مەن تۈگەشتىم ! سىز بىلەن توي قىلغۇم ۋە بوسۇغاڭلارغا دەسسىگۇم يوق ، — دېدى ئابدۇل ھەمدى .

سامىيە ئۇنىڭدىن قالماي دەپ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭدى .

— بۇنداق دېمەڭ ئابدۇل ھەمدى ! — دېدى ئۇ .

سامىيەنى ئېلىپ كەلگەن كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى سامىيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— خېنىم ، مەن بۇ يەردە ! — دېدى .

— بۇياق مېنى ئېلىپ كەلگەن كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى ، مەن ئۇيەدىن چىققاندا پۇل ئېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، — دېدى سامىيە توختاپ .

ئابدۇل ھەمدى يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ ھېسابىنى قىلىۋاتقاندەك سەل تۇرۇۋالدى ، ئاندىن ماشىنا تەرەپكە مېڭىپ سامىيەگە :

— ماشىنىغا چىقىڭ ! — دېدى .

— بىز ئاپتوبۇسقا ياكى ترامۋايغا ئولتۇرۇپ كەتسەكمۇ بولىدۇغۇ ؟

— چىقىڭ دېگەندىكىن چىقمامسىز ، — دېدى ئابدۇل ھەمدى سامىيەنى ئىتتىرىپ .

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى . سامىيە گويا ئۆزىنى توي مەرىكىسىدىن كېيىن ئابدۇل ھەمدى بىلەن ھۇجرىسىغا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ بىر خىل رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن ئابدۇل ھەمدىگە باقتى . ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئۆزىگە ئاچچىقى كېلىۋاتاتتى . ئۇ بايا ھۇمام بەگكە دېگەن گەپلىرىمدە چېنىپ قالغان يەرلىرى بارمۇ ـ يوق ؟ دەپ قىلغان ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئەسلەپ چىقتى . تازىمۇ دۆت ، ئەخمەق ، دېۋەڭ ئىكەنمەن دەپ بىئارام بولدى .

سامىيە ئۇيالغان ھالدا قولىنى ئابدۇل ھەمدىنىڭ قولىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ :

— ئابدۇل ھەمدى ، ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ ! ئىش ئۆتۈپ كەتتى . خۇدايىم بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىمىزنى ئاسان قىلار ، — دېدى .

ئابدۇل ھەمدى قولىنى سامىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى .

— ئىشىڭىزنى قىلىڭ ! ھازىر سىز بىلەن يۇرىدىغان ، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشىدىغان ۋاقتىم يوق !

سامىيە بويسۇنۇپ جىم بولدى . ئەمما ، مۇھەببەت ئوتىدا يانغان

شەھلا كۆزلىرىنى ئابدۇل ھەمدىدىن ئۈزمىدى . ئۇنىڭ ئەمدى ئۆز مۇھەببىتىنى يوشۇرغۇسى كەلمەيتتى ، ئابدۇل ھەمدى مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ساقچىغا يالغان گەپ قىلدى ، دەپ ئويلاپ مۇھەببىتىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى .

ماشىنا ئۇلارنى ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى . ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى . ئابدۇل ھەمدى ماشىنىنىڭ يول ھېسابلاش كۆرسەتكۈچىگە قاراپ ، سامىيەگە سېنىڭ كاساپىتىڭدىن چىقىمدار بولۇۋاتىمەن ، دېگەن مەنىدە لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ كىرا ھەققىنى بەردى .

شوپۇر «رەھمەت» دېدى ـ دە ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتتى .

سامىيە گويا سەن ئۈچۈن جېنىم پىدا دېگەندەك ، ئۇنىڭغا قاراپ سورىدى :

— مەن بىلەن ئۆيگە كىرمەمسىز ؟

— ياق !

— نەگە بارغانلىقىمىزنى ھېچكىمگە دېمەيمەن .

— ياخشى ، — دېدى ئابدۇل ھەمدى سامىيەگە قاراپمۇ قويماي .

— ئەمدى قاچان كېلىسىز ؟ — سورىدى سامىيە يېلىنىش بىلەن .

— بىلمەيمەن !

— چوقۇم كېلىڭ ، باشقىلارمۇ خاتىرجەم بولسۇن !

— قاراپ باقاي ، خوش ، بەختلىك بولۇڭ !

ئابدۇل ھەمدى بۇرۇلۇپلا جىز كوچىسىغا ماڭدى . ئۇ ئارقىسىدىن بىرىنىڭ ماراپ تۇرغانلىقىنى ، ئەمدى ئۆزىنىڭ ساقچىلارنىڭ نازارەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمىدى .

## 14

دۈشەنبە .

ناۋال ئەينەك ئالدىدا قانداق ياسىنىشنى بىلەلمەي تۇراتتى .

ئۇ ئۆرۈمە چېچىنى ئالدىغا تاشلىدى ، تۇرۇپ يەنە ئارقىغا تاشلىدى ، ئاندىن بانتلاپ باقتى ، يەنە چۇشۇرۇۋەتتى . قاشلىق ئەتتىمۇ ، يەنە سۇرتۇۋەتتى . قولىغا ئاق پەلەي كىيدى ، ئارقىدىنلا بىر پاي پەلەينى سىلىۋېتىپ سومكىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە ، ئەينەكتىن سەل يىراقلىشىپ ئۆزىگە سەپسالدى . ئارقىدىن يېقىنراق كېلىپ باشقىدىن پەرداز قىلدى . ئۇ ئاددىي ، ئەمما چىرايلىق ياساندى . ئۇنىڭ قاپقارا شەھلا كۆزلىرى چاقناپ ، تېرىسى سۇزۇك ئالمىدەك يالتىرايتتى . ۋۇجۇدىدىن ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى .

ئۇ خېلىغىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى ، رادىئودىن سائەت ئون يېرىم بولغانلىقىنى ئاڭلىغان هامان ئىبراهىم بىلەن ئۇچرىشىشقا كېچىكىپ قاپتىمەن ، دەپ ئالدىراپ ئەينەككە ئاخىرقى رەت قارىدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ تۇرقىدىن رازى بولمىغاندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى ، ئاندىن سومكىسىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭغاچ :

— ئاپا ، مەن كەتتىم ! — دېدى .

ئاپىسى ياندىكى ئۆيدە ئىدى . ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي :

— بالدۇرراق قايتىپ كەل ! سائەت ئون ئىككىدىن بۇرۇن قايتىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ . تەفىدە خانىمغا سالام ئېيتىپ قوي ، ۋاقتى بولسا كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتسۇن ! — دېدى .

ناۋال ئاپىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ، كوچىغا چىقتى ـ دە ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇردى .

ئۇ ئۆزىنى ، ياسىنىشىنى ئۇنتۇدى ، پۈتۈن ئەس ـ خىيالى ئىبراهىمدا ئىدى . ناۋال ئۇنى ئوفىتسېر كىيىمدە ئۇچرىتارمۇ ياكى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىكى كىيىمدە كۆرەرمۇ ؟ ئۇ ماشىنىدا كېلەرمۇ ياكى پىيادە ؟ ئۇ بەزى چاغدىكىدەك كۆلۈمسىرەپ كېلەرمۇ ياكى ئادەتتىكىدەك جىددىي قىياپەتتە كېلەرمۇ ؟

ئىبراهىمنى خىلمۇخىل هالەتتە خىيال ئېكرانىدىن ئۆتكۈزگەن ناۋال گاھ خۇشاللىنىپ ، گاھ مەيۈسلىنەتتى ، مىيىقىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى ، پېشانىسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قورۇلاتتى ، هېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن چېھرى بەزىدە ئېچىلىپ ، بەزىدە

تۇتۇلاتتى .

ناۋال ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . دېمىسىمۇ ئۇ ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتى ...

ناۋال ساراسىمە ئىچىدە ئابدۇل مىنئىم مەيدانىغا قاراپ ماڭدى ، كوچىدىكى كىشىلەر ، تاملار ، يوللار ... ئىشقىلىپ ، بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىبراھىم بىلەن ئۇچرىشىشقا ماڭغانلىقىنى بىلىدىغاندەك ئىزا تارتىپ ، قىزىرىپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ماڭدى ، ئەتراپىغا قارىيالمىدى .

ناۋال بىر دەرەخ تۈۋىدە توختىدى . ئۇ يىگىتى كېلىپ چۈمبىلىنى ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان كېلىندەك ئۇياتچانلىق بىلەن پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇردى .

بىر ماشىنىنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ناۋالنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەستىن قەددىنى سەل رۇسلاپ ، تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەنلىكىنى ئىبراھىمغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يانغا قارىۋالدى ، ئىزا تارتقىنىنى ۋە ئالاقزادىلىكىنى ياپماقچى بولغاندەك زورىغا كۈلۈمسىرىدى .

ناۋال ماشىنىنىڭ توختىشىنى ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى ، ئىبراھىمنىڭ «ياخشىمۇسىز» دېيىشىنى كۈتتى ...

ماشىنا توختىماي ئۆتۈپ كەتتى . ناۋال بېشىنى كۆتۈرۈپ تەلمۈرۈش ئىچىدە يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى ، غەمگە پاتقان ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ يەنە كۈتتى ...

ناۋال بىر يەردە تۇرىۋېرىشتىن زېرىككەن شاش ئاتتەك پۈتلىرىنى مىدىرلىتىشقا باشلىدى ، خەقلەر مېنى ئەجەب سائىتىگە قاراپ كەتتى دېمىسۇن دېگەندەك ، بىلىكىدىكى سائەتكە يوشۇرۇنچە قاراپ قويدى .

سائەت ئون بىردىن ئون مىنۇت ئۆتكەنىدى .

ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغاندۇ ؟ !

ناۋال ئېھتىيات بىلەن ئەتراپىغا قارىدى . بىر تەرەپتە ئاق

يەكتەك كىيگەن ئادەم تۇراتتى ، بىر يەردە بىر ئانا بالىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى ، ئىبراھىم بولسا كۆرۈنمەيتتى .

ناۋال ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ۋە نىېرىراقتىكى يەنە بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى .

ئۇ نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ ؟ بەلكى ساقچىلارنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن يول بىلەن كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن !

ناۋال ساقچىنى خىيال قىلىشى بىلەنلا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى . ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئىبراھىمنىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ، ساقچىلارنىڭ ئۇنى تۇتماقچى بولۇۋاتقىنىنى تامامەن ئۇنتۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىلا ئويلىغانىدى .

ساقچىلار ئۇنى تۇتۇۋالغانمىدۇ ؟ ياق ، مۇمكىن ئەمەس ! ئىبراھىمنى ھېچكىم تۇتالمايدۇ !

ناۋال يەنە بىر ماشىنىنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، دەرھال ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچىگە قارىدى ۋە لاسسىدە بولدى . ماشىنىدا ئىبراھىم يوق ئىدى .

ناۋال يەنە سائىتىگە قارىدى . سائەت ئون بىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەنىدى .

ناۋالنىڭ تاقىتى تاق بولدى . ئۇ جىددىيچىلىكىنى يوقاتماقچى بولغاندەك ئۇششاق قەدەم تاشلاپ مەيداننى ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى ، مەيدانغا تۇتىشىدىغان ھەربىر كوچىغا خۇددى ئىبراھىم بۇ كوچىغا يوشۇرۇنۇۋالدىمىكىن ياكى ئاۋۇ كوچىدىن چىقىپ قالارمىكىن دېگەندەك تەلمۈرەتتى ، ئاندىن خۇددى ئىبراھىم ئارقىسىدا پەيدا بولۇپ ئۇنى چۆچۈتۈۋېتىدىغاندەك بىردەم ـ بىردەم ئارقىسىغا قارايتتى .

ناۋال مەيداننى بىر ئايلىنىپ يەنە بايىقى دەرەخ تۈۋىگە كەلدى ۋە بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى . سومكىسىنى مەيدىسىدە تۇتۇپ تۇرغان قولى پەسكە چۈشۈپ سومكىسى ساڭگىلاپ قالدى . كۆزلىرىدىكى نۇر ئۆچۈپ ، چىرايىدىكى تەبەسسۇم غايىب بولدى . پۈتۈن بەدىنى ھالسىزلىنىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالىدىغاندەك لاسسىدە بولۇپ

قالدى .

ئۇ سائىتىگە يەنە بىر قېتىم قارىدى .

سائەت ئون ئىككىگە چارەك قالغانىدى .

ئۇ كەلمەيدىغان بولدى .

ناۋالنىڭ قەلبىدە «ئۇ كەلمەيدىغان بولدى !» دېگەن بىر سادا ياڭرىغاندەك بولدى ۋە كەينى ـ كەينىدىن تەكرارلىنىۋەردى . بۇ سادا قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى، ئۇمىدىنى بەربات قىلىپ، ھاياتىنى زۇلمەت ئىچىدە قالدۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك ئىدى . ناۋالنىڭ يىغلىغۇسى كەلدى، يۈرىكى ئېزىلىپ، كۆزلىرى ئېچىشتى . ئۇ يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ بېشىنى كۆتۈردى .

ناۋال ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە كىشىلەردىن ياردەم تىلەۋاتقاندەك ئەتراپىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ، قارىمۇتۇق بىرىنىڭ ئۆزىگە يامان غەرەزدە مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى .

ئۇ ئادەم بىر ماشىنىغا يۆلىنىپ تۇراتتى . ئېھتىمال ئۇ شوپۇردۇ، ئۇنىڭغا خېلىدىن بېرى قاراپ تۇرغاندۇ، ئۇنى بىر ئەر بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن، ئۇ ئەر بۇ خېنىمنى تاشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ، كەلمەپتۇ دەپ قىياس قىلىۋاتقاندۇ...

ناۋالنىڭ ئۇمىدسىزلىكى ئاچچىققا، ئاندىن غەزەپكە ئۆزگەردى . مەن كوچىدا كىشىلەرنىڭ شاخوسىغا قالدىم، دەپ ئويلاپ، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندەك بولۇپ كەتتى .

ئىبراھىم نېمىدەپ مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرىدۇ؟ نېمىشقا كىشىلەرنىڭ شاخوسىغا قويىدۇ؟ ناۋال كەتمەكچى بولدى .

ناۋال ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ تېز يۈگۈرۈپ كەتتى . ئەمما، شۇئان قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئۇمىد بىلەن ئارقىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە يامان نىيەتتە مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان ھېلىقى قارىمۇتۇق ئادەم كۆرۈندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىغا قاراپ تېز ـ تېز ماڭدى ـ دە، كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاپتوبۇسقا چىقتى .

ناۋال ئەمدى ھەرگىز كەلمەيمەن! بۈگۈنكىدەك ئۇياتقا

قالدىغان ئىشنى قىلمايمەن دەپ ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ، مۇھەببىتىنى ، ئىبراھىمغا بولغان ھېسسىياتىنى تىزگىنلەشكە تىرىشتى . لېكىن ، شۇئان كۆز ئالدىدا ئىبراھىمنىڭ جىددىي ، ئەمما ئەنسىز چىرايى پەيدا بولدى . ئۇ ئەنسىزلىكنى يوشۇرغاندەك ناۋالدىن كۆزىنى ئەپقاچاتتى . ناۋال ئىبراھىمنى ئەسلىدى . ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى ، قايىل بولاتتى . ئىبراھىمنى جەڭ مەيدانىغا كەتكەن ئوغلىنى سېغىنغان ئانىدەك سېغىندى . بەلكى ئۇ ساقچىلاردىن قېچىپ يۈرۈپ كېلەلمىگەندۇ ، ئىبراھىمنىڭ چوقۇم مېنى كۆرگۈسى كەلدى . ئېھتىمال ... ئۇ ئىبراھىمنى بەلكى قېچىپ يۈرگەندۇ ياكى مىسىردىن چىقىپ يىراقلارغا كەتكەندۇ ، ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەسمەن ، دەپ ئويلىدى . ياق ! ئىبراھىم ئۇنى تاشلىمايدۇ ! ئىبراھىم مىسىردىن كەتمەيدۇ . ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا .

ناۋال شۇ خىياللار بىلەن ئىختىيارسىز يېنىدىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىبراھىم يازغان باغاقچە سېلىنغان قۇتىچاقنى سىقىمدىدى . ئەمما ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان ھېلىقى قارىمۇتۇق يادىغا كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتى .

ناۋال بىردەم ئۆزىنى بېسىۋالاتتى ، بىردەم خىيال قۇشلىرىنى ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا قويۇۋېتەتتى . ئۇ شۇ ھالەتتە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ، كەچ بولدى . سەيشەنبە ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇ گاڭگىراپ قالدى ، ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشقاندىمۇ ، ھېسسىياتى ئۆرلىگەن چاغدىمۇ ئۇنى يىغا تۇتاتتى .

تۇرلۇك خىيال قاينىمىدا ئۇزۇپ يۈرگەن ناۋال ئائىلىدىكىلەردىن يىراقلىشىپ كەتتى . كۆڭلىدىكىنى سامىيە بىلەن سۆزلىشەلمەيتتى ، ئاپىسى بىلەن مەسلىھەتلىشەلمەيتتى . ئىپتاردىن كېيىن ھەممەيلەن بىلەن ئولتۇرالمايتتى ، مۇھىيدىنى كۆرۈشتىن قورقاتتى ، ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگەندە ئازابلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى . بىرىنچىدىن ، ناۋال ئۆزىنىڭ ئىبراھىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاكىسىدىن يوشۇرغاچقا ، ئۇنىڭدىن ئىبراھىمنىڭ

ئەھۋالىنى سورىيالمايتتى. ئىككىنچىدىن، مۇھىيد ناۋالنىڭ دەردىنى بىلمىگەچكە، ناۋالغا تەسەللى بېرىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ناۋالنىڭ ئابدۇل ھەمدى بىلەنمۇ كۆرۈشكۈسى كەلمەيتتى، ئەكسىچە ئابدۇل ھەمدى كۈندە دېگۈدەك كېلەتتى. ناۋال ئۆزى بىلەنلا بولغاچقا، ئابدۇل ھەمدىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزمىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدىن كەم سۆز بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بوۋايغا توي ئىشى توغرۇلۇق قايتا ئېغىز ئاچمىغانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. ئابدۇل ھەمدى ئىبراھىمنىڭ گېپىنى قىلمايتتى ياكى ناھايىتى ئاز قىلاتتى. ناۋال يەنە ئۇنىڭ ھەدىسى سامىيە بىلەن گويا مەخپىي ئىشلىرى باردەك تولا پىچىرلىشىدىغان بولغانلىقىنى بايقىمىدى. ئۇ كۆپ ئىشلارغا دىققەت قىلمىدى.

ناۋال كەلگەن مېھمانلار بىلەنمۇ ئولتۇرمايدىغان بولدى. خۇددى دادىسى ئۆيىمىزدە يات ئادەم يوق، دەپ دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئەتەي چىللاۋاتقاندەك ئۆيدە مېھمان كۆپىيىپ قالغانىدى. ناۋال ھە دېسە خىزمەتچى قىز سەنىيەگە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ دەردىنى ئۇنىڭدىن ئالاتتى.

ناۋال ئىبراھىمنىڭ خەۋىرىنى كۆرەرمەنمىكىن ياكى ئاڭلارمەنمىكىن دەپ «ئەلئېھرام گېزىتى»نى كۆپ كۆرەتتى ۋە رادىئو خەۋىرىنى كۆپ ئاڭلايتتى.

چارشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ناۋال ئىشكاپىدىن كىيىمنى ئالغانلىقى، ئەينەك ئالدىدا تارىنىپ ياسانغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ بىرى ئۆزىنى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا بارغىن دەۋاتقاندەك، ئىختىيارسىز ھالدا شۇنداق قىلدى. ئەمما، تۈنجى قېتىمقىدەك كۆڭۈل قويۇپ جابدۇنمىدى. ئۇ ئەينەك ئالدىدا خۇددى تونۇمايدىغان بىرىگە قاراۋاتقاندەك، ھەرىكىتى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ھالەتتە تۇرۇپ ياساندى.

سائەت ئون بىرىم بولغاندا، ئۇ ئاپىسىغا:

— ئاپا، مەن لۇفانىڭكىگە بارىمەن، — دېدى.

— بولمايدۇ، تالاغا چىقما! — دېدى ئاپىسى قەتئىي ھالدا.

ناۋال ئىشىنىڭ سەل چاتاقلىقىنى سەزدى . چۈنكى ، ئۇ ئاپىسىنىڭ توسۇشىنى ئويلىمىغانىدى . ئۇ ئاپىسىنى ئېرتىش ئۈچۈن تاتلىق كۈلۈپ :

— ئاپا ، قارىغىنا ، كېيىنىپمۇ بولدۇم ، — دېدى .

— چىقمىغىن دەۋاتىمەنغۇ ، — ئاپىسى سەل يۇمشىدى .

— ئوبدان ئاپا ، خۇدايىم سىزنى ئامان قىلغاي . ئۆزۈن ھايال بولمايمەن ، ئون بەش مىنۇتتىلا قايتىپ كېلىمەن ! مەن ئۇنىڭدىن يېڭى پاسوندىكى كۆڭلەك كېيىشنى ئۆگىنىۋالاي دېگەنىدىم ، — دېدى ناۋال ئاپىسىغا ئەركىلەپ .

ئاپىسى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ :

— سەنزە ، تالاغا تولا چىقىدىغان بولۇۋالدىڭ ، داداڭ خاپا بولىدىغان بولدى ! — دېدى .

— مەن ئىككى كۈندىن بۇيان سىرتقا چىقمىدىمغۇ ، دېگىنە ، مەن نەگە باردىم ؟

— گېپىمنى ئاڭلا ، — دېدى موماي ئاجىز كەلگەنلىكىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن يانغا قاراپ ، — ئەگەر يېرىم سائەتتە كەلمىسەڭ ، بوينۇڭنى ئۈزۈۋالىمەن !

— ماقۇل ! — دېدى ئۆز غەلىبىسىدىن خۇشاللانغان ناۋال .

ناۋال چىقىپ كەتتى .

كوچىغا چىقىشى بىلەنلا ناۋالدىكى خۇشاللىق يوقالدى . خۇددى بىرى بوينىدىن باغلاپ ئەكېتىۋاتقاندەك ماڭدى . ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئۆزىنى كىشىلەردىن قاچۇرۇپمۇ كەتمىدى ، ئەكسىچە ئۇنى ئۇچرىشىشقا كېتىپ بارىدۇ ، دەپ ئويلىغان ئادەملەرنى ئىچىدە زاڭلىق قىلىپ ماڭدى . ياق ، ئۇ ئىبراھىم بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدى ! ئۇمۇ كەلمەيدۇ . ھەي خەقلەر ، سىلەر تولا كاللا قاتۇرماي ئىشىڭلارنى قىلىڭلار ! ناۋال ئىبراھىمنى كۆرمەيدۇ .

ناۋال يەنە ئابدۇل مىنىئىم مەيدانىغا كېلىپ ھېلىقى دەرەخ تۈۋىدە توختىدى . شۇ تاپتا ئۇ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر بولغان ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كەلگەن ئادەمدەك ئۈمىدسىزلىككە

چۆمگەندى .

سائەت ئون بىردىن ئىككى مىنۇت ئۆتتى .

ناۋال سائەت ئون بىردىن بەش مىنۇت ئۆتكۈچە ساقلاپ باقماقچى بولدى . كېيىن ۋاقىتنى ئون بىردىن ئون مىنۇت ئۆتكۈچە ئۇزارتتى .

ئۇ سائىتىگە قارىدى ، شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا بىر ماشىنا ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

ناۋال چۆچۈپ ماشىنىنىڭ ئىچىگە قارىدى . ماشىنىدا ئىبراھىم ئەمەس ، دوستى پەتھى مەلىجى ئولتۇراتتى . پەتھى ناۋالغا كۈلۈپ سالام قىلدى . ناۋال سالامغا جاۋاب بەرمەيلا دەرھال سورىدى :

— ئىبراھىم قەيەردە ؟

ئارقىدىنلا ئالدىراڭغۇلۇقىدىن پۇشايمان قىلدى بولغاي ، ئىزا تارتىپ بوشقىنا :

— ياخشىمۇسىز ، پەتھى ئەپەندى ؟ — دېدى .

— ئاللا سىزگە يار بولسۇن ! — دېدى پەتھى كۈلۈمسىرەپ ، — ئىبراھىم كېلەلمىدى ، ئەھۋالدا ...

ناۋال جىددىيلىشىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى :

— ئۇ قانداق ؟

— خۇداغا شۈكۈر ، ئۇ ناھايىتى ياخشى ، سىزگە سالام ئېيتىپ ...

— ئۇ قەيەردە ؟ نەگە يوشۇرۇندى ؟ — ناۋال يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى .

— ئۇ بىخەتەر يەردە . سىزگە كېلەر قېتىم ئامال قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى ، — دېدى پەتھى ناۋالنىڭ ھالىغا خەيرخاھلىق قىلىپ ، — كېلەر قېتىم بۇ يەردە ساقلىماڭ ، بىزنىڭ ئۆيىمىز يېنىدىكى فەنى مەيدانىنى بىلەمسىز ؟ بۇدا شۇ يەردە ساقلاڭ ، ئانوس دوختۇرخانىسى تەرەپتە تۇرۇڭ .

— بولىدۇ ! — دېدى ناۋال ئىتائەتمەنلىك بىلەن .

— ئابدۇل ھەمدىگە ئېيتىپ قويۇڭ ، ئۇ پەخەس بولۇپ

يۇرسۇن . ساقچىلار ئۇنى نازارەت قىلمۇاتقان ئوخشايدۇ . ئۇنىڭغا قەھۋەخانىدا كۆپ سۆزلىمەڭ دەپ قويۇڭ ، — دېدى پەتھى .

— ئابدۇل ھەمدى ؟ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن . بىز ئۇنى ساقچىلار كۆزىتىپ يۈرىدۇ ، دەپ ئاخبارات ئالدۇق ، ئۇ نەگە بارسا ئارقىدا ئادەم بار ئىكەن .

ھەيران بولغان ناۋالنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى . ئۇ گەپ قىلغۇچە پەتھى يەنە :

— كەچۈرۈڭ ، كەتمىسەم بولمايدۇ ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ ! — دېدى .

ناۋال ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە پەتھى خەيرمۇ دېمەستىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ كېتىپ قالدى .

ناۋال تۇرغان يېرىدە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى ، ئاخىر ئاستا ئېسىگە كەلگەندە ، كۆڭلى خۇشاللىققا تولدى . ئىبراھىم سالامەت ئىكەن ، ئۆزىنى ئەسلەۋېتىپتۇ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن ... ناۋالدىكى بىئاراملىق ۋە ئازاب بىردىنلا غايىب بولدى . ئۇنىڭ تۇرمۇشى باشقىدىن جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ۋە ئېتىخارلىققا تولدى ، ئۇ خۇددى ئىبراھىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىبراھىمنىڭ ساق - سالامەت كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى تەبرىكلىگەندەك ، بويىندىكى قۇتىچاقنى چىڭ سىقىمدىدى .

ئۇنىڭ ئېسىگە ئابدۇل ھەمدى ھەققىدىكى گەپلەر كەلدى . ساقچىلار نېمىشقا ئابدۇل ھەمدىنى كۆزىتىپ يۈرىدىغاندۇ ؟ نېمىشقا ساقچىلار ئاكامنىڭ ئىزىغا چۈشمەي ئابدۇل ھەمدىنىڭكىگە چۈشكەندۇ ؟

ناۋال ئىبراھىم تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندايمەن ، ئابدۇل ھەمدىگە ساقچى ئىزىڭغا چۈشۈپتۇ ، پەخەس بول ، دەپ قويىمەن دېگەن ئوي بىلەن ئالدىراپ ئۆيىگە قايتتى .

ئۇنىڭغا قانداق ئېيتىش كېرەك ؟ ئەگەر ئابدۇل ھەمدى ئىزىمغا ساقچى چۈشكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ ، دەپ سورىسا ئۇ نېمە دەيدۇ ؟ ئۇ ھەرگىز مەن ھەر دۈشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنى ئىبراھىم

بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمەن دېيەلمەيدۇ. ئىبراھىم شۇ گەپنى پەتھى مەلىجىدىن ئېيتىپ بېرىپتۇ، دەپمۇ ئېيتالمايدۇ.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپمۇ بۇ گەپنى قانداق دېسەم بولار دەپ باش قاتۇردى ۋە بىر نېمىسىنى يىتتۇرۇپ قويغاندەك بولدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئابدۇل ھەمدى كەلدى. ئۇ ئاۋۇالقىدەكلا تاغىسى چۈشلۈك ئويقۇدىكى چاغدا كەلگەنىدى.

ئابدۇل ھەمدى ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ناۋال بالكونغا چىقىپ پەتھى ئېيتقان ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ساقچىنى كۆرۈش ئۈچۈن پەسكە قارىدى. پەستە بىر نەچچە ئادەم — ئۇدۇل بىنادىكى ئىشكىباقار ئوسمان تاغا، كىر يۇيۇش دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ھەنەفى ئۇستام، چار بازارچى مەھمۇد ··· تۇراتتى. يەنە بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن خېلى يىراقتىكى بىر ستولبىغا يۆلىنىپ بىر پارچە گېزىتنى ئوقۇپ تۇراتتى. ئۇ پۇقراچە كىيىنگەنىدى، ناۋال بۇ كوچىدا كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى، تۇرۇش ھالىتىلا ئەمەس، پات ـ پات ئۇلارنىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويۇشىمۇ غەلىتە ئىدى. ناۋال بالكوندىن قايتىپ كىردى. ئابدۇل ھەمدى سامىيە بىلەن دالان ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ناۋال ئابدۇل ھەمدىگە ھېچنېمە دېمەي ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ناۋال ئابدۇل ھەمدى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بالكونغا چىقىپ قاراپ تۇردى. ئابدۇل ھەمدى ئۆيدىن چىقىپ مېڭىشىغا گېزىت كۆرۈپ تۇرغان ئادەم گېزىتنى قاتلاپ، مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئابدۇل ھەمدىگە ئەگىشىپ ماڭدى. ئابدۇل ھەمدى كوچىنىڭ بېشىغا بېرىپ ئوڭغا بۇرۇلغانىدى، ھېلىقى ئادەممۇ ئوڭغا بۇرۇلدى.

ناۋال بالكوندىن قايتىپ كىردى. ئۇ خۇددى ساقچىلارنىڭ ئابدۇل ھەمدىنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، ئەمما ئۈندىمىدى. ئۇ ھەممە ئىشنى سامىيەگە ئېيتىپ، بۇ چوڭ مەخپىيەتلىكتىن ئۇنى خەۋەردار قىلىشنى ئويلىدىيۇ، سامىيەنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئابدۇل ھەمدىگە ئېيتىپ

قويۇشىدىن قورقتى . سامىيەنىڭغۇ ئاغزى چىڭ ، بىراق ئۇ ئابدۇل ھەمدىنى ياخشى كۆرىدۇ ـ دە ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ قالالمايدۇ . شۇڭا ، ناۋال بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۆزى ساقلاشقا ، ئۇنىڭ ئازابىنى ئۆزى تارتىشقا مەجبۇر بولدى .

ئەتىسى ئابدۇل ھەمدى كەلگەندە ، ناۋال يەنە بالكوندىن قاراپ ھېلىقى ئادەمنى كۆردى . ئۇ ئادەم يەنە شۇ كىيىمدە ، شۇ قىياپەتتە ستولىبغا يۆلىنىپ گېزىت كۆرۈپ تۇراتتى .

ناۋال بالكوندىن كىرىپ ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئۆز سىرىنى چاندۇرمايدىغان گەپلەرنى ئويلاپ تۇرۇپ ئاستا :

— قاراڭ ، ئابدۇل ھەمدى ، مەن بىر غەلىتە ئىشنى بايقاپ قالدىم ، — دېدى .

ئابدۇل ھەمدى بېشىنى كۆتۈردى ، يېقىندىن بۇيان بەكلا ئويچان بولۇپ قالغانىدى .

— ياخشى ئىش ئەمەسقۇ دەيمەن ، — دېدى بوشقىنا (ئۇ يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق بوش سۆزلەيدىغان بوپقالغانىدى ) .

— مەن ، ھەر قېتىم سىز بىزنىڭكىگە كەلسىڭىز ئارقىڭىزدىن بىر ئادەم ئەگىشىپ كېلىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم . ئۇ سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ . سىز چىققاندىن كېيىن ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ . سىز بۇ ئادەمنى تونۇمسىز ؟

— بىر ئادەم ؟ نېمە ئادەم ؟ — ئابدۇل ھەمدىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، ئالاقزادە بولۇپ كەتتى .

— سىز ئۇنى تونۇشىڭىز كېرەك . ئۇ ساقچىدەك قىلىدۇ ، لېكىن پۇقراچە كىيىنىۋاپتۇ ، — دېدى ناۋال يەنە ئويچان ھالەتتە .

— ساقچى ؟ بىزنىڭ ساقچى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىمىز بار ؟ بىز ئۇلارنى تونۇمايمىز ! — دېدى سامىيە .

— ئۇ ئادەم قەيەردە ؟ ھازىرمۇ تۇرامدۇ ؟ — سورىدى ئابدۇل ھەمدى تىترىگەن ئاۋازدا .

— شۇنداق ، ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ .

ئابدۇل ھەمدى بالكونغا چىقىپ قارىدى ، ناۋال ئۇنىڭغا

ستولبىغا يۆلىنىپ تۇرغان ئادەمنى كۆرسىتىپ قويدى .

ئابدۇل ھەمدى دەرھال ئۆيگە كىرىۋېلىپ ناۋالدىن سورىدى :

— سىز ئۇ ئادەمنى كۆرگىلى نەچچە كۈن بولدى ؟

— تۆت كۈن بولدى !

ئابدۇل ھەمدى ئارتۇق گەپ قىلماي قوللىرىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . سامىيە كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ قىلسىكەن دېگەندەك ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى .

— سىزنىڭچە ، ئۇ ساقچىمىدۇ ؟ — سورىدى ناۋال خەيرخاھلىق بىلەن .

— بىلمەيمەن ، — ئەلەم بىلەن جاۋاب بەردى ئابدۇل ھەمدى ۋە تېز ـ تېز چامداپ ئىشىككە ماڭدى .

— ئابدۇل ھەمدى نەگە بارىسىز ؟ — دەپ توۋلىدى سامىيە .

— مەن ئۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىزىمغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ باقاي ، — دېدى ئابدۇل ھەمدى .

ئۇ چىقىپ كېتىپ ئىشىكنى «گۈپ» قىلىپ ياپتى .

سامىيە خۇددى ئىشىك ئۇنىڭ بىر يېرىنى قىسىۋالغاندەك چىرقىرىۋەتتى .

ئابدۇل ھەمدى ناۋال كۆرسىتىپ قويغان ئادەمگە قاراپ قويۇپ جىم كوچىسىغا قاراپ ماڭدى ، ئاندىن ئارقىسىغا قاراپ ھېلىقى ئادەمنىڭ يىراقتىن ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ ترامۋاي بېكىتىگە كېلىپ توختاپ ئارقىغا قارىۋىدى . ئۇ ئادەممۇ بېكەتكە كېلىپ چەتتىرەك تۇردى . ئابدۇل ھەمدى ئون بەشىنچى يول ترامۋايغا چىقتى ۋە ئۇ ئادەمنىڭمۇ شۇ ترامۋايغا چىققانلىقىنى كۆردى . ئۇ ئۇتبە مەيدانىدا ترامۋايدىن چۈشكەندى ، ھېلىقى ئادەممۇ چۈشۈپ قالدى ، شۇبۇراغا بارىدىغان سەككىزىنچى يول ترامۋايغا چىقتى ، ئۇ ئادەممۇ چىقتى . ئابدۇل ھەمدى شەيكۇلانى كوچىسىدا چۈشكەندە ، ئۇ ئادەممۇ چۈشتى ، ئۆيىگە قاراپ ماڭغاندا ،

ئۇ ئادەممۇ ماڭدى ، ئۆيگە كىرىپ دېرىزىدىن قارىدى ، ئۇ ئادەم ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا تامغا يۆلىنىپ گېزىتنى ئېچىۋاتاتتى .

ئابدۇل ھەمدى ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ بېشىنى چاڭگاللىدى ، يۈرىكى ئازابتىن پۇچۇلاندى .

ئۇ ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىپ ھۇمام بەگ بىلەن كۆرۈشكەن كۈندىن تارتىپ مۇشۇنداق بىر ئازاب ئۇنى ئارامىدا قويماي كېلىۋاتاتتى . بۇ مەغلۇپ بولغانلىقنىڭ ، ئەقىللىقلىقى مەسخىرە قىلىنغانلىقنىڭ ئازابى ئىدى . راست ئەمەسمۇ ؟ ئىبراھىم ئالداپ قويۇپ تۇيدۇرمايلا كەتتى . ئاندىن ئابدۇل ھەمدى ئالمان ـ تالمان ھۇمام بەگ بىلەن كۆرۈشتى ، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى دېيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يالغان گەپ توقۇشقا مەجبۇر بولدى .

ئابدۇل ھەمدى بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشقا ، ئەلەمنى يۇتۇۋېتىشقا تىرىشتى . ئۇ ھاياتىدا كۆپ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن ، ئەمما بۇنىڭ ئەلەمىنى يۇتۇۋەتكەن ئەمەسمىدى ؟ ئۇ ، مەغلۇپ بولغىنىم يوق ، مەن ۋىجدانلىق ئادەم ، ۋىجدانىم ھەممىدىن غالىب كەلدى ، دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ سامىيەگە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ، ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى . چۈنكى ، سامىيە ئۇنى مەغلۇپ بولمىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن ، ئۇنى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدىغان قىلغان . سامىيە ھازىر ئەركىلىك قىلمايدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشمايدۇ ، ئۇنى ئەسكى دېمەيدۇ . ئۇ ساقچى مەھكىمىسىگە بارغاندىن تارتىپ ئۇنى قالتىس بىر ئادەم كۆرمەكتە . ئابدۇل ھەمدى ئۆزىنىڭ سامىيەنى دەپ ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى دەپلا ھۇمام بەگكە يالغان ئېيتقانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئۇ سامىيەنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ساقلاپ قالدى . شۇنىڭدىن تارتىپ سامىيە ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق بولۇپ كەتتى . ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەك كۆيۈندى ، كۆڭۈل بۆلدى . سامىيە ئۇنىڭ توي قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتمەكتە ،

ئۇياتچانلىق بىلەن سۆزلەپ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئابدۇل ھەمدىنىڭ بېلى بوشاپ كېتىۋاتاتتى . ئۆزىدە مەقسەتكە يەتمىگۇچە توختىمايدىغان كۈچ ۋە ئەقىلنىڭ يوقلۇقىنى سېزەتتى ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى . شۇڭا ، ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى تەن ئېلىپ ، ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىغا پۇشايمان قىلاتتى . قىلىقسىزلىقلىرى ، ئوقۇشنى تۈگەتمىگەنلىكى ، دىپلوم ئالالمىغانلىقى ئۇچۇن ئەپسۇسلىناتتى . بۇ نەرسە ئۇنىڭ سامىيەگە بولغان مۇھەببىتىنى نازۇكلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ سامىيەنىڭ ئۆزىدەك بىر يارىماس ئادەمگە باغلىنىپ قالغانلىقىغا ئېچىناتتى . ئۇ ھازىر مۇھەببەت مەسىلىسىدە يوق يەردىن ئىش تېرىمايتتى ، قوپاللىق ، قۇۋلۇق قىلمايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ يارىماسلىقىنى ھېس قىلغانسېرى سامىيەگە شۇنچە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، سامىيەنىڭ قېشىغا ئىنتائەتچان ، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ باراتتى . سامىيەنىڭ قەلبىنى پۇتۇنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشقا تىرىشمايتتى . ئۇ ھەتتا تاغىسى بىلەنمۇ توي ھەققىدە سۆزلەشمىدى . بولمىسا ، ئىبراھىم ئۇ ئائىلىدىن چىقىپ كەتكەندىن بۇيان ، تاغىسى گويا ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ بەرمىگەندەك توي ئىشىنى ئاغزىغىمۇ ئالمىغانىدى .

ئابدۇل ھەمدى مەغلۇبىيىتىم مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشار ، بۇنىڭدىن باشقا ئىش يۈز بەرمەس دەپ ئويلاپ ، ۋاقىتنىڭ قەلبىدىكى ئازابىنى يوقىتىشىنى ، سامىيە بىلەن ئىككىسىنىڭ تەقدىرىنى بېكىتىشىنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولغانىدى .

ئابدۇل ھەمدى ساقچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈشىنى ، ھۇمام بەگنىڭ ئۆزى ئېيتقان يالغان گەپلەرنى سېزىپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى ، ئۇ مۇناپىق خۇددى كونا قەدىناسلاردەك مۇلايىم ، سەمىمىي ئولتۇرغانىدىغۇ ! ھۇ ، ھىيلىگەر تۈلكە ، ئەبلەخ ، جاللات !

ئابدۇل ھەمدى ئۆزىنىڭ ۋەھشىي دۈشمەنگە — ھۇمام بەگ ، ساقچىلار ، ژاندارمىلار ...غا دۈچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى .

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى . بۇ بويتاقلار تۇرىدىغان بىر يۇرۇش چاققانغىنا ئۆي بولۇپ ، ئۆي جاھازلىرى ئاددىي ، تۇتۇق رەڭدە سىرلانغانىدى . ئۇ ھۇمامدىن ، ساقچىلاردىن قانداق قۇتۇلۇش خىيالىغا چۈشتى ، ئالدىدا تۇرغان ئورۇندۇقنى بىرلا تېپىپ ئۆرۈۋەتتى . ئاندىن گويا خۇددى تۇرمىدە تۇرغاندەك ، تۇرمىنىڭ تاملىرى ئۇنى سىقىپ كېتىۋاتقاندەك بېشىنى تامغا تىرەپ تامنى مۇشتلاپ كەتتى .

مالاي كىردى . ئابدۇل ھەمدى يالغۇز تۇرۇۋاتقاندىن تارتىپ بۇ مالاي ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى . ئۇ مەشەلىك يىگىت بولۇپ ، ناھايىتى جېنى بار ئىدى . ئۇنى كۆرسىڭىزلا يەر سۈپۈرۈش ، تاماق ئېتىش ، كىر يۇيۇش ، پايپاق ياماش ، ئەپيۇن تەييارلاش ، بۇزۇق خوتۇنلارنى تېپىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدىكەن ، دەپ ئويلاپ قالاتتىڭىز . ئۇ مۇنەججىمدەك مۆمىن كۆرۈنگىنى بىلەن يۇزسىز ئىدى ، نومۇس دېگەننى بىلمەيتتى . بەكلا ھىيلىگەر ئىدى ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئەخلاق دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بىر خىل ساداقەت ۋە ئەقىدە بار ئىدى . سىز بۇنداق مالايلارنى ئوقۇغۇچىلار ۋە يالغۇز تۇرىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە كۆپ ئۇچرىتاتتىڭىز .

مالاي خوجايىنىنىڭ تامنى مۇشتلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، كۆيۈمچان ئاياللاردەك مۇلايىملىق بىلەن سورىدى :

— ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى ، نېمە بولدىڭىز ؟ خۇدايىم سىزنى ئامان - ئېسەن قىلغاي ! نېمە ئىش بولدى ئەپەندى ؟

— ماڭە نېرى ! كۆزۈمدىن يوقال ! — ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى .

— بىراق ، ئەپەندى ، نېمە ئىش بۇ ؟ زادى نېمە ئىش بولدى ؟ — مالاي پەس ئاۋازدا سورىدى .

ئابدۇل ھەمدى خۇددى ئۇنى كۆزىدىن يوقاتماقچى بولغاندەك يېقىن كېلىپ ۋارقىرىدى :

— ساڭا دېدىمغۇ ، كۆزۈمدىن يوقال ! يوقال دەيمەن !

مالاي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىممىدە تۇردى ، ئاندىن يەنە

بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى ، ئىپتار قىلمامسىز ؟ ئىپتار ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى . سىز چىقىپ كېتىدىغاندا پۇل قويمىغاچقا ، تاماقمۇ ئېتەلمىدىم ، — دېدى .

ئابدۇل ھەمدى مالاينىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى . ئۇ شۇ تاپتا ئالدىغا كەلگەننى ، مەيلى ئۇ تام ، خىزمەتكار ، ئۆزى ۋە باشقا نەرسە بولسۇن ... ئۇرىدىغان ئەلپازدا ئىدى .

— مېنىڭ بۈگۈن زەھەر يېگۈم يوق . ئاچلىقتىن ئۆلمەيمەن ، بىلدىڭمۇ ؟ سەن كۆزۈمدىن يوقال ! كەت دېگەنىدىكىن كەت ، بولمىسا بوغۇزلىۋېتىمەن ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى ۋارقىراپ .

مالاي شاپىلاق يېگەچكە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ چىقىپ كەتتى .

ئابدۇل ھەمدى سىرتقا چىقماسلىق نىيىتىگە كەلدى . ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى .

ئىپتارغا زەمبىرەك ئېتىلدى . ئۇ مالىيىغا بىر نان بىلەن بىر پارچە ئىرىمچىك ئەكەلدۈردى . ئۇنىڭ ئاغزىغا ھېچ نەرسە تېمىتىمىدى ، شۇنداق بولسىمۇ بۇلارنى يەپ قورساقنى ئاز - تولا تويغۇزدى .

ئۇ ئولتۇرالماي ئاخىر مەيلى نېمە بولسام بولاي ، قانداق ئىش چىقسىمۇ تالاغا بىر چىقاي ، دېگەن يەرگە كەلدى .

ئابدۇل ھەمدى يۈيۈنۈش ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇبىنى ئاچتى ، مۇزدەك سۇدا قەلبىدە يالقۇنجاۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولغاندەك باش - كۆزىنى يۇدى ، كىيىنىپ كوچىغا چىقىپ شۇبۇرا كوچىسىغا قاراپ ماڭدى . بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئارقىغا قاراپ ھېلىقى ئادەمنىڭمۇ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى .

ئۇ شۇبۇرا كوچىسىدا خېلى ئۇزۇنغىچە مېڭىپ كېتىۋاتقان تىراممىۋايغا سەكرەپ چىقىۋالدى ، ئاندىن ئارقىسىغا قارىۋىدى ، ھېلىقى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى يول ياقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . ئابدۇل ھەمدى ساقچىنى ئالداپ ، ھۇمام بەگدىن قۇتۇلغاندەك بولدى . لېكىن ، ئۇ ساقچى نېمىشقا

كۆلۈمسىرەيدۇ؟ ئابدۇل ھەمدى پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ: «ئۇ ساقچى تازىمۇ دۆت ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

ئۇ قەھۋەخانىغا كىرىپ ئادەتتىكى جايىغا ئولتۇردى. ئەتراپىغا قارىمىدى. بىر تونۇشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قارتا ئوينىدى. ئەمما، كاللىسىدىن ساقچىلار نېرى بولمىدى. ئۇ توساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

ھېلىقى ساقچى قەھۋەخانىغا يېقىنلا يەردە ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى.

دېمەك، ساقچىلار بارىدىغان ھەممە يېرىمنى بىلىپ بوپتۇ ـ دە، ئەمدى ماڭىدىغانغا يول قالماپتۇ.

ئابدۇل ھەمدى دوستىغا ئويىنمايمەن، دەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چۈشكۈن ھالدا ئۆيىگە ماڭدى.

## 15

ئابدۇل ھەمدى بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى.

خىلمۇخىل قورقۇنچلۇق خىياللار ئۇنى بىئارام قىلىپ كېچىچە ئۇخلاتمىدى. ئۇ ئۆزىنى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغاندەك سېزەتتى. تۇرۇپلا كانىيى بوغۇلۇۋاتقاندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتەتتى، تۇرۇپلا قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلاي دەپ كۆزىنى يۇمۇپ باقاتتى، كۆزىنى يۇمسىمۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلالمايتتى. كاللىسىدا پەيدا بولغان خىياللار ئۇنىڭغا يىڭنىدەك سانجىلاتتى. ئۇ ئاچچىق، نەپرەت، قورقۇش ئىچىدە ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى.

ئابدۇل ھەمدى ھۇمام بەگنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنى نازارەت قىلماسلىقنى ئۆتۈنمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ بۇنداق قىلالمايتتى. ئىبراھىمنى، تاغىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ساقچىلارغا ئېيتماسلىققا دەۋەت قىلىپ تۇرغان نەرسە ئۇنىڭ ۋىجدانىلا ئەمەس، نەپرەت، يەنى

هۆمام بەگكە بولغان نەپرەت ئىدى . ئۇ هۆمام بەگكە شۇنچىلىك ئۆچ بولىدىكى ، گويا هاياتىدىكى پۈتۈن دەرد ـ ئەلىمى هۆمام بەگكە ، ساقچىلارغا بولغان نەپرەتكە ئايلانغاندەك ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭ هۆمامنى ئۆلتۈرۈۋېتكۈسى كېلەتتى . شۇنداق قىلسا ئۇنىڭ مەغلۇپ بولغان ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئادەم قالمايدۇ . لېكىن ، ئۇ ھەقىقەتەن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم . ئۇنىڭدا هۆمامنى ئۆلتۈرۈۋېتكۈدەك جۈرئەت يوق .

ئۇ قاهىرەدىن قېچىپ هۆمام بەگ تاپالمايدىغان يىراق بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالماقچىمۇ بولدى . بىراق ، ئۇ نېمىشقا قاچىدۇ ؟ ساقچىلار نېمە ئۈچۈن ئۇنى نازارەت قىلىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئەڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ ئوغىسىنىقايناتقىنى مەن ساقچىلار نازارەت قىلىدىغان ئادەممۇ ؟ ساقچىلار ئىزىمغا چۈشۈشكە تېگىشلىك ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانمۇ ؟ دېگەن مەسىلە ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ قەھرىمانمۇ ، ۋەتەنپەرۋەرمۇ ئەمەس . ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارغا قارىغاندا ساقچىلارغا يېقىن ئادەم دېگەن تۈزۈك ئىدى . ئۇ ئۆزىدە قەھرىمانلارغا خاس تۇيغۇ يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلىناتتى . ئۇنىڭدا ساقچىلار نازارەت قىلسا مەيلى دېگۈدەك بىرەر ئىش ياكى ئېتىقادتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .

ئەتىگەندە ئۇ كۆزلىرى قىزارغان ، بېشى گاراڭ هالدا ئورنىدىن تۇردى . دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن پەسكە قارىدى . ئۆزىنى نازارەت قىلىپ تۇرغان تۇنۇگۇنكى ئادەم يوق ئىدى . نېمە ئىش ؟ ئۇ نەگە كەتكەندۇ ؟ نازارەت قىلىشنى توختاتتىمۇ يا ؟ ئۇنىڭ گۇناهسىزلىقى ئىسپاتلىنىپ نازارەت قىلمايدىغان بولۇشقانمىدۇ ؟ ئۇ خۇشال بولۇپ كەتمىدى ، خاتىرجەممۇ بولالمىدى ، ئۇ يەنىلا دەككە ـ دۈككىدە ئىدى .

ئابدۇل هەمدى يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ كىيىمىنى كىيدى ، كۆڭلى بىسەرەمجان بولغاچقا ، سالاملاشقانىنىڭ ئورنىدا مالىيىنى تىللاپ قويىدىغان ئادىتىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى .

ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ شىركەتكە ئىشقا ماڭدى . ئىختىيارسىز

ئارقىغا قاراپ ئەگىشىپ ماڭغان ئادەمنى كۆرمىدى، يەنە بىرئاز مېڭىپ ئارقىسىغا قاراپ بىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، لېكىن ئۇ تونۇگۇنكى ئادەم ئەمەس، باشقا ئادەم ئىدى. ئابدۇل ھەمدى ئۈچىنچى قېتىم ئارقىسىغا قاراپ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇزۇن كۆڭلەك، چاپان، بېشىغا ساقچىلارنىڭ قىزىل تەقىيىسىنى كىيگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ئابدۇل ھەمدى ترامۋاي بېكىتىدە توختىدى. ئۇ ئادەممۇ بېكەتكە كېلىپ چەتتىرەك تۇردى. دېمەك، بىرەيلەننىڭ ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئىزىغا چۈشكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى.

ئابدۇل ھەمدى قاتتىق ئالاقزادە بولدى. تومۇرىدىكى قانلار بىرلا قىزىغاندىن كېيىن قېتىپ قالغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈم مۇشۇنداق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئابدۇل ھەمدى ترامۋايغا چىقتى، ترامۋاي ماڭغان ھامان سەكرەپ چۈشۈۋالدى. ھېلىقى ئادەممۇ سەكرەپ چۈشتى.

ئابدۇل ھەمدىدە ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە يۈرگەن ئىنقىلابىي ياشلاردەك تەجرىبە يوق ئىدى. ساقچىلارنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنغان ئادەمنى ئۆزىدە گۇناھ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى دەپ، گۇناھى بار دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەم ساقچىنىڭ ئىزىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ھېچ ئىش يوقتەك يۈرسە، گۇناھسىز دەپ قارايدىغانلىقىنى ئۇ ئۇقمايتتى. داۋلى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنداق ئادەم ئۆزىنى گۇناھ ئۆتكۈزدۈم دەپ قارىمىغاچقا، مېنى نازارەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىمايتتى. شۇڭا، ئۇ گۇناھسىز ھېسابلىناتتى.

ئابدۇل ھەمدى بۇ داۋلىنى بىلمىگەچكە، ئىزىغا چۈشكەن ئادەمنى ئىزىغا چۈشكەن ئادەمنى ئىزىدىن قۇتۇلۇۋېلىش بىلەنلا ئاۋارە بولدى، يەنى ئۇ بىر ترامۋايدىن چۈشۈپ يەنە بىر ترامۋايغا چىقتى؛ بىر كىرا ماشىنىسىغا چىقىپ ئازراق مېڭىپ چۈشۈۋالدى؛ بىر بىناغا كىرىپ چۆرگىلەپ چىقتى؛ ئۇ جىنازا تەرەپكە مېڭىۋېتىپ بۇرۇلۇپلا يېڭى قاھىرە رايونىغا ماڭدى. ئۇنىڭغا ئارقىدىكى ئادەمنى ئېزىقتۇرۇۋەتسە، باشقا ئادەم

ئىزىغا چۈشكەندەك، كوچىدىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇمام بەگنىڭ ساقچىلىرىدەك بىلىندى.

ئۇ كوچىدا ئىلىشىپ قالغان ئادەمدەك تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ يۈردى. ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغاندەك ئالاقزادە بولۇپ ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇردى، كەچ بولغاندا ھېرىپ ھالى قالمىدى. يۈز ـ كۆزىنى توپا ـ چاڭ باستى، چاچلىرى پاخپايدى، كىيىملىرى يىرتىلىپ پۈرلەشتى. گالستۇكى ساڭگىلاپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى تەردىن كىرلەشتى. ئۇنىڭ پۇتىنى مىدىرلاتقۇدەك، كۆزىنى ئاچقۇدەك مادارى قالمىدى. ئۇ ھاسىراپ كەتتى، دېمى سىقىلدى، ئۆيىگە قايتسىلا ھۇمام بەگ ساقلاپ ئولتۇرىدىغاندەك كۆرۈندى. ئۇ ئۆيىگە قايتمىدى، بىر پارچە بولكىدىن باشقا ھېچ نەرسە يېمىدى، بولكىنىمۇ ئىزىمغا چۈشكەن ساقچىغا قارايمەن، دەپ يالماپ يۇتتى.

ئابدۇل ھەمدىنىڭ سامىيەنىڭ قېشىدا ئازراق ئارام ئالغۇسى، بېشىنى سامىيەنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ تازا بىر يىغلىۋالغۇسى كەلدى. چۈنكى، ئۇنى چۈشىنىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بىردىنبىر ئادەم شۇ ئىدى. ھازىر سامىيەدىن باشقا پۈتۈن ئادەم ئۇنى خاتا چۈشىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن يىرگىنىۋاتىدۇ. ئۇ سامىيەنىڭ چۈشىنىشى ۋە مۇھەببىتىدىن تەسەللى تاپاتتى، ئىشەنچكە، ئەزىمەتلەرگە خاس جاسارەتكە ئىگە بولاتتى. سامىيە ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ساپ، تىنچ، ئۇنىڭ قۇۋۋۇلۇق ـ شۇملۇقلىرى بىلەن بۇلغانمىغان بىردىنبىر مۇقەددەس ماكان ئىدى.

ئابدۇل ھەمدى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ تراموۋايغا چىقتى، جىلا مەيدانىدا چۈشۈپ قېلىپ پىيادە ماڭدى. ئۇ ئارقامدىن ئادەم كېلىۋاتامدىكىن دەپ پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قويۇپتتى. ئۇ جىن كوچىسىدا خېلى ئۇزۇن ماڭدى، ئاندىن كېتىۋاتقان بىر ئاپتوبۇسقا ئېسىلىپ چىقىۋالدى. تاغىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قارىدى. ئىزىغا چۈشكەن ئادەم يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندە، بىناغا كىردى.

سامىيە ئۇنىڭ ئالاقزادە قىياپىتىنى كۆرۈپ كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىقىغا شىۋىرلىدى .

— سىزگە نېمە بولدى ؟

— ھېچ نەرسە ... — دېدى ئابدۇل ھەمدى كۈلۈپ .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — سورىدى سامىيە ئىشەنمەي .

— ھېچ ئىش بولغىنى يوق ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى سامىيەگە يېلىنىش نەزىرىدە قاراپ .

— ئارقىڭىزغا نېمە ئۈچۈن ئادەم چۈشكەنلىكىنى بىلەلىدىڭىزمۇ ؟ — يەنە پىچىرلاپ سورىدى سامىيە .

— ئۇ ئادەم ئارقامدا يۈرسە نېمە بوپتۇ ؟ يۈرسە يۈرىۋەرسۇن ، نېمە قىلالايتتى ؟ — دېدى ئابدۇل ھەمدى كۆزلىرىنى سامىيەدىن قاچۇرۇپ .

سامىيە ئۇنى كۆڭلىدىكى گەپنى دېمىدى دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئازابلىنىۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى . ئابدۇل ھەمدى سامىيەگە ، مېنى تولا بىئارام قىلمىغىن ، يەلكەڭگە بېشىمنى قويۇپ راسا بىر يىغلىۋالاي ، دەپ يالۋۇرغان تەرزدە قارىدى . ئارقىدىن يىغلىماي دېگەندەك ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىدى . ئىپتاردىن كېيىن ھەممەيلەن دالان ئۆيگە يىغىلىدىغان بولغاچقا ، ئابدۇل ھەمدىمۇ شۇ يەرگە كىردى .

— بالام ، ساڭا نېمە بولدى ؟ نېمانداق ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ ؟ — موماي ھەيران بولۇپ سورىدى .

ئابدۇل ھەمدى ھاممائاچىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ زورىغا كۈلۈمسىرەپ :

— بۈگۈن ئۆيگىمۇ قايتماي بىركۈن ئىشلىدىم ، — دېدى .

— ئىپتار قىلدىڭمۇ ؟ — سورىدى موماي .

ئابدۇل ھەمدى تاغىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ جاۋاب بەردى :

— قىلدىم ، مەن كوچىدا ئىپتار قىلدىم .

مۇھىيد ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭغاچ :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئابدۇل ! — دېدى ۋە بۇرۇلۇپ باشقىلارغا دېگەندەك قوشۇپ قويدى ، — مەن بېرىپ دەرس تەييارلايمەن .

ناۋال ئابدۇلنىڭ ئالاقزادە چىرايىدىن ئەھۋالنى بىلمەكچى بولۇپ تەقەززالىق بىلەن قارىدىيۇ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپلا قالدى .

ئابدۇل بايا مۇھىيد ئولتۇرغان يوغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ راھەتلەندى . ئۇنىڭ ئازاب ئوتىدا كۆيۈپ پۇچۇلانغان قەلبى ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ تىنچلىنىشقا باشلىدى . بۇ ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ئائىلە ئۇنى ئۆز خاتالىقىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالىدىغاندەك ، ئۆزىنى خاتىرجەم ، بىخەتەر ھېس قىلدى .

ئابدۇل ھەمدىنىڭ ھۇمام بەگنى خىيالىغا كەلتۈرمەي بەھۇزۇر ئۇخلىۋالغۇسى كەلدى ـ دە ، ئورۇندۇققا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى . شۇ ئەسنادا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى ، ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى .

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىغىنىنى ئاڭلاپ ھېچكىم مىدىرلىمىدى . بوۋاي گېزىتتىن باش كۆتۈرمىدى ، موماي قولىدىكى كىيىمنى قانداق ئۆرۈپ تىكسەم بولىدىكىن دەپ باش قاتۇردى . سامىيە ئابدۇل ھەمدىگە قاراپ ئۇھ تارتقىنىچە ئولتۇرىۋەردى ، ناۋال ئىبراھىم توغرىسىدا شېرىن خىيالغا چۆمۈپ ژۇرنال ۋاراقلاشنى توختاتمىدى .

خىزمەتكار قىز سەنىيەنىڭ ئىشىككە ماڭغانلىقى ، ئىشىك ئېچىلغانلىقى ، بىر ئادەمنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئەمما نېمە دېگەنلىكى ئېنىق ئاڭلانمىدى . سەنىيە قايتىپ كىرىپ ئۇدۇل مۇھىيدنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى . موماي كۆزىنى ئالدىدىكى كىيىمدىن ئالماي سەنىيەنى توختىتىۋالدى :

— سەنىيە ، كىم كەپتۇ ؟

— بىرنەچچە ئادەم مۇھىيد غوجامنى ئىزدەپ كەپتۇ .

— بىرنەچچە ئادەم ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى بوۋاي

قولىدىكى گېزىتنى يىغىشتۇرۇپ .

— مەن تونۇمايدىكەنمەن بېگىم ! تەتۈر ئۇستىخان ئۈچ ئادەم ئىكەن ، ئۇلارنىڭ تۇرقىنىمۇ دەپ بېرەلمەيمەن .

ئابدۇل ھەمدى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تىك ئولتۇردى . موماي قولىدىكى كىيىمنى قويۇپ بېشىنى كۆتۈردى . ھەممەيلەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى ، ئاندىن ھەممىنىڭ نەزىرى تەڭلا بوۋايغا ئاغدى . بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈردى . بۇ چاغدا كەلگەن كىمدۇ ؟ مۇھىيدىنىڭ ئاغىنىلىرى ئادەتتە ئۆيگە كەلمەيدۇ . سەنىيە ئۇلارنى تەتۈر ئۇستىخان ئادەملەردەيدۇ ، مۇھىيدىنىڭ ئۇنداق دوستلىرى يوقتىغۇ ؟

سەنىيە مۇھىيدىنى چاقىرماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى ، بوۋاي توختىتىۋېلىپ :

— سەن ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋەر ! — دېدى ۋە ناۋالغا قارىدى ، — ناۋال ، سەن چىقىپ قاراپ باق ، ئېنىق سورىغىن !

ناۋال دالان ئۆيدىن چىقىپلا ئۇزۇن كۆڭلەك ، قارا چاپان ، بېشىغا قىزىل تەقىيە كىيگەن ناھايىتى يوغان بىر ئادەمنىڭ تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تەپ تارتماستىن ئۆينىڭ ئىچىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى .

ناۋال چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى ـ دە ، ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى ، ئاندىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تىترىگەن ھالدا ئالدىغا ماڭدى ، يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى .

— سىز كىمنى ئىزدەيسىز ؟ — سورىدى ناۋال تىترىشىنى زورىغا بېسىپ .

ئۇ ئادەم جاۋاب بەرمىدى ، ناۋالنىڭ باشتىن ـ ئايىغىغا سەپسېلىپ قولى بىلەن يەنە بىر ئادەمنى كۆرسەتتى . بۇ ئادەم كاستۇم كىيگەن ، يانچۇقىدىكى نەرسىنى تۇتۇپ تۇرغاندەك قولىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغانىدى .

ناۋال سوئال نەزىرى بىلەن ئۇ ئادەمگە قارىدى .

— مۇھىيد زاھىر ئەپەندى ئۆيدە بارمۇ ؟ -- دەپ سورىدى ئۇ

ئادەم ئاۋازىنى سىپايە چىقىرىشقا تىرىشىپ ھەجايىغان ھالدا .
— ئۇنىڭغا كىم ئىزدەپ كەپتۇ دەيمەن ؟ — سورىدى ناۋال تىترىكىنى بېسىپ تۇرۇپ .
— ساقچى ! — دېدى ئۇ ئادەم قولىنى يانچۇقىدىن چىقارماي ناۋالغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ .
ناۋال «ۋاي» دەۋەتتىيۇ ، شۇئان ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى ، ئاندىن :
— ساقچى ... ساقچى ... نېمە ئىش ؟ — دېدى ئارانلا .
— ھېچ ئىش يوق ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپلا قويسىڭىز بولىدۇ ! — دېدى ئۇ ئادەم يەنىلا ھەجىيىپ .
ناۋال گويا كۆڭلىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەن ئادەمدەك كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆيگە يۈگۈردى ، دالان ئۆيگە كىرىپ خۇددى ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزگەندەك توۋلىدى :
— ساقچى !
بوۋاي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ۋە چۆچۈپ كەتمىسۇن دەپ كۆزەينىكىنى تۇتۇۋالدى .
— نېمە دەيسەن ؟ ساقچى !
موماي ھازا ئاچقاندەك مەيدىسىگە ئۇرۇپ نالە قىلدى :
— ۋاي خۇدايىم ! ساقچى ! ۋاي توۋا ! كارامەت ! دادىسى ، ئاخىر چاتاق چىقتى ! مەن شۇ چاغدىلا سىلىگە ئېيتقان ...
— بولدى تەھىيە ! تولا كوتۇلدىما ، ھەممىمىزنى تۈگەشتۈرەي دەمسەنيا ! ھېچقانچە ئىش بولمايدۇ . نېمىدىن قورقاتتۇق ! — بوۋاي پەس ئاۋازدا خوتۇننى ئەيىبلىدى .
بوۋاي خۇددى باتۇرلۇقى ۋە تەمكىنلىكى بىلەن باشقىلارغا ئىلھام بەرمەكچى بولغاندەك ، قەددىنى رۇسلاپ يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى ۋە بېشىدىكى ئاق دوپپىسىنى ئوڭشاپ قويدى .
ئابدۇل ھەمدى ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپلا قالدى .
— بۇلار مېنى ئىزدەپ كەلدى ، مەن بىلىمەن ، ئۇلار مېنى ئىزدەپ كەلدى !

— ياق ، ئۇلار مۇھىيدنى ئىزدەپ كەپتۇ ! — ناۋال ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى .

سامىيە ھەممىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ بېشىنى تۆۋەن قىلدى ـ دە ، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى .

— مېنىڭ كۆڭلۈم ... بۇرۇنلا ... تۇيغان . بىزنىڭ ... بۇنداق ئىشقا ... يولۇقىدىغانلىقىمىزنى ... بىلەتتىم ... — دېدى ئۇ .

— بولدى ، يىغلىما ! ھېچكىمنىڭ خاپىلىق كۆتۈرگۈچىلىكى يوق . ھەممىڭلار ھېچ ئىش بىلمىگەن بولۇۋېلىڭلار ! — دېدى بوۋاي پەس ، ئەمما جىددىي ئاھاڭدا ، ئاندىن ساپما كەشنى كىيىپ ناۋالغا قارىدى ، — بېرىپ ئاكاڭغا دە ، قېشىمغا كەلسۇن !

بوۋاي كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن دالان ئۆيدىن چىقتى ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئادەم ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرغاندەك ، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندەك بولۇپ بىردىن توختىدى . توۋا ، بۇ ئادەم ھېچ تەپتارتماستىن خەقنىڭ ئۆيىگە قاراۋاتىدۇغۇ ؟ نېمە ھەققى بار ئۇنىڭ ؟

بوۋاي ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئالدىغا ماڭدى . ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭغا دەككە بولسۇن دېگەندەك سالامۇ بەرمەي ئۆتۈپ ، كارىدوردىكى پۇزۇر كاستۇم كىيگەن ئادەمنىڭ قېشىغا باردى . ئىشىكنىڭ يېنىدا يەنە سەھرالىقتەك ئۈچ ئادەم تۇراتتى . كاستۇملۇق ئادەم قولىنى يانچۇقىغا سالغان پېتى ھىجىيىپ :

— سىز مۇھىيد زاھىرنىڭ دادىسى بولامسىز ؟ — دېدى .

— ھەئە ، خوش ، بىرەر ئىشىڭلار بارمىدى ؟ — دېدى بوۋاي ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشىپ .

— مۇھىيد نەدە ؟ — دېدى ئۇ ئادەم خۇددى قەدىناس دوستىنى سوراۋاتقاندەك .

— ئۇ دەرس تەييارلاۋاتىدۇ ، ھازىر كېلىدۇ .

مۇھىيد تاتارغان ، ئالاقزادە بولغان ھالدا كېلىپ ، ياردەم سورىغاندەك دادىسىغا يېقىن تۇردى ، ئەمما گەپ قىلمىدى .

— مۇھىيد ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دېدى پۇزۇر كىيىنگەن

ئادەم گەپنىمۇ چىرايلىق قىلماقچى بولغاندەك .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دەپ جاۋاب بەردى مۇھىيد گاڭگىرىغان ھالدا .
ئۇ ئادەم بوۋايغا قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا :
— بىز ئۆيۈڭلەرنى ئاختۇرساق بولامدۇ ؟ — دېدى .
بوۋاي زىمىمىسىدىن ئېغىر بىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قاردى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئۆيدىن گۇمانلىق بىرەر ئادەمنى تاپالمايدىغانلىقى بوۋاينىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى . .
— مەرھەمەت ! — دېدى ئۇ ، كېيىن ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىنى سېزىپ سورىدى ، — نېمىشقا ؟
— رەسمىيەت ـ دە بۇ ، ھۆكۈمەت ئىشى ئەمەسمۇ ! — دېدى ھېلىقى ئادەم ھىجىيىپ .
بوۋاي ئائىلىسىنى قوغدىماقچى بولغاندەك دېدى :
— سىز ...
ئۇ ئادەم تەكەببۇرلۇق بىلەن بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :
— مەن كاپىتان مەھمۇد دەباغ بولىمەن ، سىياسىي باشقارمىدا ئىشلەيمەن .
مۇھىيد ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى . بوۋاي بېشىنى ساڭگىلاتتى . مەھمۇد دەباغ دېگەن ئىسىم سەل چاغلىقلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق ئىسىم ئىدى . ھەر قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلەردە ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقىلار ئۇنى ھۇمام بەگ بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ ، دۈشمەن سۈپىتىدە «يوقىتايلى» دەپ شوئار توۋلايتتى .
— سىلەر ئاختۇرۇشنى مېھمانخانىدىن باشلىساڭلار ، مەن ئاياللارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسام بولارمۇ ؟ — دېدى بوۋاي بېشىنى كۆتۈرمەستىنلا .
— بولىدۇ ! — دېدى مەھمۇد دەباغ ياسالما سىپايە ئاھاڭ بىلەن .
بوۋاي مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . ساقچى ئەمەلدارى

پەرۋاسىزلىق بىلەن مېھمانخانا ئۆيگە قارىدى ، ئەمما كىرمىدى . مۇھىيد ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ قىزىقىش نەزىرىدە زەن سېلىپ قارىدى . مەھمۇد دەباغ دېگەن شۇ ئىكەن ـ ھە . نامايىشلاردا ساۋاقداشلىرى كاللىسىنى ئالىمىز ، دېگەن ئادەم مۇشۇ ئىكەن . بۇ ئادەم ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن پاكار ۋە سېمىزرەك ئىدى . تۇۋا ، ئۇ كۈلىدىكەنغۇ . مۇھىيد ئۇنى كۈلىدۇ ، ئادەتتىكىدەك گەپ قىلىدۇ دېمەي ، دائىملا تىللايدۇ ۋە ئۇرىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى .

مۇھىيدنىڭ كۆڭلىدە مەھمۇد دەباغ بىلەن بىر تۇتۇشۇش ئويى پەيدا بولدى . ئۇ ، مەھمۇد بۇ ئۆيدىن ھېچ نەرسە ، ھېچقانداق ئادەم تاپالمايدۇ ، ئىبراھىم ھەمدىنى ئەسلا تاپالمايدۇ ، ئۆزۈمنىڭ قورقماس يۈرەك باتۇر ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋاقداشلىرىمغا ماختىنىپ سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ئەبلەخ بىلەن بىر ئېلىشىپ باقاي ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

مۇھىيد «مەن نېمىشقا ئۇلاردىن ئاختۇرۇش قەغىزى بار ـ يوقلۇقىنى سورىمايمەن . ساقچىلار تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقىسىز ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاختۇرالمايدۇ ، مەھمۇد دەباغدا مۇشۇنداق بۇيرۇق بارمىدۇ ؟ ئەگەر بولمىسا ، ئۇنىڭ ئاختۇرۇشىنى توسۇيمەن . ئۇنىڭدىن بۇيرۇقنى چىقار ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بۇيرۇقنى كۆرسەت دەيمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى .

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەھمۇد دەباغنىڭ يالغان ھېجىيىپ تەپ تارتماستىن ئۆزىگە مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى .

مۇھىيد كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويدىيۇ ، گەپ قىلمىدى ، خۇددى ئۇ ئېغىز ئاچسىلا ، كاپىتان دەباغنىڭ ئوغىسى قايناپ كاچات سالىدىغان ، ئوق چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئېغىز ئاچالمىدى . ئەمما ، ئۇ قورقماي سۆزلىسە بولاتتى ، ئۇ گەپ قىلىشقا تەمشەلگەندە ، دادىسى قايتىپ كىرىپ ساقچى ئەمەلدارىغا :

— قىنى ، مەرھەمەت ! — دېدى .
ئۇچەيلەن ئۆيگە ماڭدى ، مۇھىيدمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە گەپ قىلىدىغانغا پۇرسەت كۈتتى .
كاپىتان دەباغ بوۋاينىڭ ھۆجرىسىغا كىردى .
— بۇ سىزنىڭ ھۆجرىڭىزمۇ ؟ — سورىدى ئۇ .
بوۋاي قانلىرى يۈزىگە تەپكەندەك ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى . بىر يات ئادەم ئۇنىڭ ھۆجرىسىغا ، خوتۇنى بىلەن ياتىدىغان ئۆيىگە كىرسە ـ ھە ! ئەمما ئۇ ئامالسىز ئىدى .
— شۇنداق .
دەباغ ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قارىدى ، ئاندىن گەپ قىلماي قايتىپ چىقتى .
ئۇلار ئاشخانا ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا دەباغ ئارقىسىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرىگە قول شىلتىۋىدى ، ئۇ ئادەم ئاشخانىغا ئاختۇرۇشقا كىرىپ كەتتى . دەباغ ئۇدۇل دالان ئۆيگە كەلدى . ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپلا موماي بىلەن ئىككى قىزغا ھاياسىزلارچە تىكىلدى ، ئاندىن ئابدۇل ھەمدىگە قاراپ قويۇپ : «كەچۈرۈڭ !» دېدى . موماي تەتۈر قارىۋالدى ، سامىيە ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ يەرگە باقتى ، كۆز يېشىنى ئاران تۇختىتىۋالدى . ناۋال بۇ نېمىلەرنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەننى قىلىپ ، بالكوننىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ ئاسمانغا قارىۋالدى . ئابدۇل ھەمدى ئورنىدىن تۇردى ، قولىنى كۆتۈرۈپ تىترىگەن ھالدا ئۇنىسىز سالاملاشتى . شۇ تاپتا قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان ئابدۇل ھەمدى تامدەك تاتىرىپ مۇردىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى .
— ياخشىمۇسىز ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى ! — دېدى كاپىتان دەباغ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ .
بوۋاي خۇددى ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئىسمىنى قانداق بىلىدىغاندۇ ، دېگەندەك شاققىدە بۇرۇلۇپ ساقچى ئەمەلدارىغا قارىدى .
ساقچى ئەمەلدارى بوۋايغا قاراپمۇ قويمىدى ۋە ئۇنىڭ ھەيران قالغانلىقىدىن خۇش بولغاندەك كۈلۈپ قويدى ، ئاندىن يېنىدىكى

ئادەمگە بۇرۇلۇپ بوشقىنا :

— ئۇنىڭغا قاراپ باق ! — دېدى .

ئۇ ئادەم ئۆيگە كىردى ـ دە ، ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سوزدى .

— نېمە قىلىسەن ؟ سىلەر نېمە قىلماقچى ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇل ھەمدى چۆچۈپ كەتكىنىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ .

— ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى ، ئۇ تەكشۈرۈپ قويسۇن ، بۇ كىچىك ئىشقۇ ! — دېدى كاپىتان دەباغ ئىشىك تۈۋىد تۇرغان پېتى .

بۇ ئادەم ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى . ئۆيدىكىلەر بۇ ئىشقا تەئەججۇپ ئارىلاش چۆچۈش بىلەن قاراپ تۇردى . بۇ ئادەم ئابدۇل ھەمدىدە قورال يوقلۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن ساقچى ئەمەلدارىنىڭ كەينىگە بېرىپ تۇردى ، ئابدۇل ھەمدى لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

ئۇلار قىزلارنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى .

ساقچى ئەمەلدارى ئىشىك تۈۋىدە توختاپ سورىدى :

— بۇ كىمنىڭ ھۇجرىسى ؟

— قىزلارنىڭكى ! — دېدى بوۋاي بىئىلاج .

ئۇلار ئالدىغا ماڭدى ، مۇھىيد كەينىدىن ماڭدى . ئۇ قانۇن تەرتىپىنى سۆرۈشتە قىلاي دەپ ئۆزىگە مەدەت بېرەتتى . بۇ ئاختۇرۇشنى توختىتىۋالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىسىمۇ ، كاپىتان دەباغقا ئۆزىنىڭ قانۇندىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلەتتى ، شۇنداقلا ئاختۇرۇشنىڭ بۇنداق ئاددىي بولۇۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولاتتى . كىتابلاردىكى ساقچىلارنىڭ ئۆي ئاختۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەردىن ئاختۇرغاندا ئىشكاپ ، ساندۇقلارنى ئاچىدۇ ، ھەممە يەرنى كۆرىدۇ ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان مۇھىيد ئاختۇرۇشنىڭ دەباغنىڭ يىراقتىن قاراپ قويۇشى بىلەنلا تۈگەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى .

— بۇ مۇھىيدنىڭ ھۇجرىسىغۇ دەيمەن ؟ — دېدى كاپىتان دەباغ مۇھىيدنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ .

— شۇنداق ، — دېدى بوۋاي .

— ياخشى ، بىز بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى ، — دېدى دەباغ .

دەباغ ھۇجرىغا كىرگۈچە ئارىلىقتا ، ئاشخانا ۋە يۇيۇنۇش ئۆيلىرىنى تەكشۈرگىلى قالغان ئادەم قايتىپ كېلىپ ، دەباغقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن ، دېگەندەك ئىشارەت قىلدى .

دەباغ ھۇجرىغا كىردى . ئىككى ئادەم ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى ، ئۇ مۇھىيدىننىڭ ئۈستىلىنى تەكشۈردى .

دەباغ بۇ ئۆيدىن بىر نەرسە تېپىلىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيتتى ، ئىبراھىم ھەمدىنى ئىزدەپمۇ كەلمىگەنىدى . چۈنكى ، ئىككى كۈنلۈك كۆزىتىشتىن بۇ ئۆيدە يات ئادەم يوقلۇقى ئىسپاتلانغانىدى ، ئۇ پەقەت ئابدۇل ھەمدىنىڭ ھۇمام بەگكە ئىبراھىم ھەمدى توغرىسىدا يالغان خەۋەر بېرىشكە نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى . بۇ خەۋەر ھۇمام بەگنى قاتتىق گۇمانغا سېلىپ قويىدى ، ھەتتا ئۇ ياردەمچىسى مەھمۇد دەباغنىڭ بۇ خەۋەرگە ئىشەنمەسلىك ھەققىدىكى گەپلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدى . دەباغ باشلىقىنىڭ گۇمانىنى توغرا دېمىسىمۇ ، يەنىلا ئابدۇل ھەمدىنى نازارەت قىلدى . ئابدۇل ھەمدى نازارەتتىن قېچىشقا ئۇرۇنغاندا ، ئاندىن ئۇنىڭغا قارىتا گۇمان تۇغۇلدى ـ دە ، ئابدۇل ھەمدى يوق چاغدا ئۇنىڭ شۇبرادىكى ئۆيىنى ئاختۇرۇشتى ، ئاندىن بۇ ئۆيگە كەلدى . ئۇ بىرەر نەرسىنىڭ تېپىلىشىغا ئىشەنمىسىمۇ ، بىرەر قېتىم ئاختۇرغانىنىڭ زىيىنى يوق ، دەپ ئويلىدى .

ئۇ ئۈستەلنىڭ تارتمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ ئىچىدىكى كىتاب ، خاتىرىلەرنى ئاختۇردى ، ۋاراقلاپ كۆردى . بەلكى ئوقۇغۇچىلار دائىم تارتمىلاردا ساقلايدىغان تەشۋىق ۋەرەقى ياكى بىرەر خاتىرە ، مۇھىيدىننىڭ سىياسىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىرەر نەرسە چىقىپ قالار ...

مۇھىيد ئارىسالدىلىق ئىچىدە ساقچى ئەمەلدارىنىڭ يېنىغا كەلدى ، غەيرىتىگە ئېلىپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى :

— سىز دە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاختۇرۇش خېتى بارمۇ ؟

تارتمىلارنى ئاختۇرۇپ بولۇپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى كۆرۈۋاتقان دەباغ:

— ئەپەندى، تولا ۋەزخانلىق قىلماڭ! — دېدى.

— بىراق قانۇندا بەلگىلىنىشىچە ... — مۇھىيد ئەمدى گېپىنى تېپىپ قىلغىلى تۇرۇۋىدى، دەباغ مەسخىرە ئارىلاش ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ئوھوي! قانۇن بارمۇ تېخى؟

— ھەئە، قانۇن بار! — مۇھىيدقا جان كىردى.

— ئۇ پەقەت سىلەردە، مەكتىپىڭلاردىكى دەرسلىكلەر، خاتىرىلەردىلا بار. دۆلەتتە قانۇن دېگەن نەرسە يوق. ھەر ھالدا خاتىرجەم بولۇڭ، ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ! — دېدى دەباغ قەغەزلەرنى ئاختۇرۇۋېتىپ.

مۇھىيد ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى سېزىپ زەردىگۈش بولدى.

دەباغ كىتاب ئارىسىدىكى قەغەزلەرنىمۇ چۇۋۇدى.

تۇيۇقسىزدىن ئۇ بىر ۋاراق قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، مۇھىيدقا يەۋەتكۇدەك قاراپ، ۋارقىراپ سورىدى:

— سىز جەمىل ئىززەت بىلەن كىم ئارقىلىق تونۇشقان؟

ساقچى ئەمەلدارىنىڭ بۇنداق قوپال ۋارقىرىشى مۇھىيدقا بەكمۇ تۇيۇقسىز بىلىندى.

— جەمىل ئىززەت دېگەن كىم؟ مەن تونۇمايمەن، — دېدى مۇھىيد ئالاقزادە بولۇپ.

دەباغ مۇھىيدقا خۇددى كۆز نەشتىرى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى تېشىپ ئىچىدىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندەك بىر پەس مىختەك تىكىلدى. ئاندىن بۇرۇلۇپ قولىدىكىنى بوش ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

*قەدىرلىك لېيتېنات جەمىل ئىززەت:*

*ياخشىمۇسىز! مەن سىزگە بۇ خەت بىلەن ئۆزۈمنىڭ*

دەباغ ئۇستەلدىن مۇھىيدىنىڭ دەپتىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى خەتنى قەغەزدىكى خەت بىلەن سېلىشتۇردى، ئاندىن بىر قولىدا دەپتەر، بىر قولىدا قەغەز، مۇھىيدقا بۇرۇلدى ـ دە، دەپتەرنى مۇھىيدىنىڭ كۆزىگە تىققۇدەك قىلىپ:

— بۇنى سىز يازغانمۇ؟ — دېدى.

— مەن يازغان، — دېدى مۇھىيد كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويۇپ.

— بۇنى كىم يازدى؟ — دەباغ قەغەزنى مۇھىيدقا تەڭلەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن ... بىلمەيمەن. مەن يازمىغان! — دېدى مۇھىيد تىترەپ.

— سىزنىڭ يازمىغانلىقىڭىزنى بىلىۋاتىمەن، كىم يازدى دەپ سوراۋاتىمەن؟ — دېدى دەباغ مۇھىيدىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ.

— بىلمەيمەن ... ئۇنداق خەتنى كۆرمىگەنمەن!

مۇھىيدىنىڭ غىپپىدە تىكىلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزىدىن يوقالغۇسى كەلدى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى بوۋاي ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆزلىرىدىن بولسا ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— تېخى ئېنىق ئەمەس، لېكىن چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىمىز! — دېدى دەباغ بوۋايغا ئالىيىپ، ئاندىن مەنستىمىگەن نەزىرىدە مۇھىيدقا قارىدى.

— قىزىق ئىش! بۇ گەپكە كىم ئىشىنىدۇ.

ئۇ قەغەزنى كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، بۇرۇلۇپ ئىككى ئادەمگە بۇيرۇق قىلدى:

— باش سېرژانت، ئۆينى ئوبدان ئاختۇرۇڭلار!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىيلەن ھەممە نەرسىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئىشكاپلارنى ئاچتى، ساندۇقلارنى

تۆكتى ، تارتمىلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتتى . يەردىكى گىلەمنى قايرىۋەتتى ، كارىۋاتنىمۇ يۆتكىۋەتتى ، ھەتتا كاۋاك جايلىرى بارمىكىن دەپ تاملارنى چېكىپ باقتى . بىرى بەكە بىلەن كارىۋاتقا سىپىلىنغان ماتراسنى يىرتىپ ئىچىگە قولىنى تىقىپ ئاختۇردى . ئورۇندۇق قېپىنى يىرتىپ قاراپ باقتى ، پولدا سەكرەپ تاختاينىڭ ئاستىدىكى بوشلۇقنىمۇ بىلىپ باقماقچى بولۇشتى .

بۇ ئىشلار رەھىمسىزلىك بىلەن تەپ تارتماستىن ناھايىتى تېز قىلىندى .

بوۋاي بۇ تاسادىپىي ئىشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

مۇھىد بولسا خۇددى قاتتىق قارا بېسىۋاتقاندەك ، ئويغىنىپ كەتمەكچى بولغاندەك تىترىگەن ھالدا چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەيتتى .

دەباغ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ ھەممە ئىشنى باشقۇرۇپ تۇراتتى .

تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلاپ باشقىلار يېتىپ كەلدى . موماي ئۇلارنىڭ ماتراسنى پىچاقتا يىرتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى -دە ، ۋارقىراپ كەتتى :

— بۇنى قەستەن بۇزغىنىڭلار نېمىسى ؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ، مېنىڭ نەرسىلىرىم ! ھۇ ھايۋانلار ، كۆزۈمدىن يوقىلىش !

پىچاق تۇتقان ئادەم مومايىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن دەلدەڭشىپ كەتتى - دە ، ئاچچىقى كېلىپ مومايىنى يەلكىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى ، بوۋاي يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مومايىنى ئالدىغا تارتىپ تىترەك ئاۋازدا ۋارقىرىدى :

— ھوي ئىمانسىز ، تارت قولۇڭنى !

ئۇ ئەبلەخ بوۋايغا ئالىيىپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى . موماي ئېرىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى ۋە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈزىگە كاچاتلاپ كىچىك بالىدەك يەرنى تېپىپ تولاپ كەتتى :

— ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىشتىڭ !

ناۋال ئاپىسنى قۇچاقلاپ ئاچچىق كەتمەكچى بولۇپ :

— بولدى ئاپا ! ئۇنداق قىلما ، ئوبدان ئاپا ! ھەممىنى ئوڭشىۋالىمىز ، قويغىنا ، بىزنى خۇدايىم ئۆزى ساقلايدۇ ! — دېدى .

سامىيە بېشىنى تامغا تىرىۋالغان بىلىكىگە قويۇپ قورقىنىدىن ئىختىيارسىز ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى .

مومايمۇ تۇۋلاشنى توختىتىپ يىغلىۋەتتى .

ناۋالمۇ چىداپ تۇرالماي ئاپىسىنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىدى ۋە ئاپىسىنى بەزلىدى :

— بولدى ئاپا ! ئۇنداق قىلما ، ئوبدان ئاپا !

ئۇ ئەمەلىيەتتە ئاپىسىنى ئەمەس ، ئۆزىنى بەزلەۋاتاتتى . چىرايى تاتارغان ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ئابدۇل ھەمدى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇراتتى .

كاپىتان دەباغ بولۇۋاتقان يىغا - زارنى ئاڭلىمىغاندەك ، ئاققان ياشلار ئۇنىڭ تاش يۈرىكىنى ھۆلمۇ قىلالمىغاندەك ئاختۇرۇشنى ئۇنتىمىز ، ئەمما قىلىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي قاتتىق باشقۇرۇۋاتاتتى . ئۇ مۇشۇنداق نالە - پىغان ئىچىدىلا ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئادا قىلالايدىغاندەك كۆرۈنەتتى ، بىرەرىگە ۋارقىرىمىدى ، جىم تۇرۇشلار دېمىدى . ئۇنىڭ مىيىقىدىن ياۋۇزلارچە كۈلۈمسىرەش يېتىمدى . ئەگەر مۇشۇنداق يىغا - زار ، نالە - پىغان بولمىسا ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە كەمدەك بىلىنەمدىكىنتاڭ !

ئۇ ئىشكى ئوچۇق ئىشكاپقا قولىنى تىقىپ بىر چەتتە ئايرىم ئېسىقلىق تۇرغان شىمنى ئالدى . ئۇ بىر قاراپلا بۇ شىمنىڭ مۇھىيدقا ئۆزۈن كېلىدىغانلىقىنى پەملىدى . ئۇ شىمنى مۇھىيدنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ سورىدى :

— بۇ شىم سىزنىڭمۇ ؟

— ھە ... ياق ... ھە ... بىراق ...— مۇھىيد تەمتىرەپ گېپىنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمىدى .

— سىزنىڭمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى

دەباغ .

— ئەمەس .

— ئۇنداقتا ، كىمنىڭ ؟

— مەن بىلمەيمەن ... مەن راستتىنلا بىلمەيمەن ، — مۇھىيد ۋارقىراپ كەتتى .

— بۇ كۆل رەڭ شىم ئىسىڭىزدە باردۇ ، سىزنىڭ بىر دوستىڭىز ، ناھايىتى مۇھىم دوستىڭىز بۇ شىمنى كىيگەن ! — دەباغ يىرتقۇچلارچە ھىجىيىپ ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى .

— ياق ، ئېسىمدە يوق ! ... مېنىڭ ھېچقانداق دوستۇم يوق ! — دېدى مۇھىيد ساراسىمىگە چۈشۈپ .

— ھە ! سىزنىڭ دوستىڭىز يوق ـ ھە ! ھىم ، بارىكاللا ! — دېدى دەباغ يەنە ئۇنىڭغا زاڭلىق قىلىپ .

ئۇ شىمنى چىرايلىق قاتلاپ قولتۇقىغا قىستى ۋە ئادەملىرىگە ئىشارەت قىلدى . ئۇلار دەباغنىڭ كەينىدىن مېڭىپ قىزلارنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى . دەباغ يەنە ئادەملىرىگە ئىشارەت قىلىۋىدى ، ئۇلار بۇ يەرنىمۇ بايىقىدەك ئاختۇرۇپ ، ھەممە نەرسىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى . بىر ئەبلەخ سامىيەنىڭ ئىشكاپىدىن بىر لىپتىكنى ئېلىپ ئىزا تارتماستىن ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ كەتتى . ئابدۇل ھەمدى غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېتىلىپ بارغىنىچە ھېلىقى ئەبلەخنىڭ قولىدىن لىپتىكنى ئېلىپ ئىشكاپقا تاشلىدى ـ دە ، ئالىيىپ :

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال ! — دېدى .

— ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى ، نېمانچە ئاچچىقلايسىز ، تېرىكمىسىڭىزچۇ ! — دېدى دەباغ .

ناۋال ئۆز كىيىملىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىكى بار ئىشكاپقا قاراپ جىددىيلىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قولى كۆڭلەككە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى . كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ : «ئاھ خۇدايىم ! ئاھ

پەرۋەردىگارىم ، نىجاتكارىم ... » دەپ خۇداغا سېغىنىدى .
ئۇلارنىڭ قولى كۆڭلەككە تەگمىدى ، دەباغ ئۇ ئۆيدىن قىزىققۇدەك نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن باشقا ئۆيگە چىقتى ... ھەممە ئۆي قايتا ئاختۇرۇلدى ، ئۇنىڭغا كۆز يېشى ، يىغا ـ زار ، تاتارغان چىرايلار ھەمراھ بولدى ...
ئاختۇرۇش تۈگەي دېگەندە ، دەباغ مۇھىيدىنىڭ قۇلىقىغا يېقىنچىلىق قىلغاندەك پىچىرلىدى :
— كىيىمىڭىزنى كىيىپ بىز بىلەن مېڭىڭ !
— نەگە بارىمەن ! — ئالاقزادىلىك ئىچىدە تىترىگەن ئاۋازدا سورىدى مۇھىيد .
— سىزدىن ئىككى ئېغىز گەپ سورىۋالساقلا بولىدۇ ، خاتىرجەم بولۇڭ ! بۇ دېگەن ھۆكۈمەت ئىشى . سىز قانۇن ئۆگەنگەن ئادەم ، ئەلۋەتتە بۇنى بىلىسىز ! — دېدى دەباغ ياۋۇزلارچە ھىجىيىپ .
مۇھىيد يەرگە قارىدى ، نېمە بولسا بولامدۇ ، ھەرقانچە بولسا بۇنىڭدىن قورقۇنچلۇق ئىش بولماس ، دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، ئەمما ئۆزىنى دەباغنىڭ ئىختىيارىدىكى مۇردىغا ئايلىنىپ قالغاندەك سەزدى .
ئۇ دادىسىغا قاراپ قويۇپ ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ ئاندا ـ مۇندىلا كىيىنىشكە باشلىدى . شۇ تاپتا كاللىسى پەقەتلا ئىشلىمەيتتى ، نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى .
مۇھىيد كىيىملىرىنى كىيىپ بولدى ، ئەمما نېمىلەرنى كىيگەنلىكىنى بىلمەيتتى . ھۇجرىسىدىن چىققاندا ، دادىسى تەشۋىشلىنىپ سورىدى :
— چاپىنىڭنى كىيىپ نېمە قىلىسەن ؟
مۇھىيد جاۋاب بەرمەي دەباغقا لەپپىدە قارىدى . بوۋاي ساقچى ئەمەلدارىغا قاراپ ، جېنىنى تىكىپ قويغان ئەلپازدا :
— سىلەر نېمىگە مۇھىيدنى ئېلىپ كېتىسىلەر ؟ — دېدى .

— دوكلات يېزىش ئۈچۈن ئۈنىڭدىن ئازراق گەپ سورايمىز ، — دېدى دەباغ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي .

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ، سەل تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەنمۇ بىللە باراي ! — دېدى بوۋاي ھۆجرىسىغا مېڭىشقا تەمشىلىپ .

-- ھاجىتى يوق ، بۇ ئىش سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ! — دېدى دەباغ كەسكىنلىك بىلەن .

— نېمىشقا مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ ؟ — دېدى بوۋاي تېرىكىپ ، — ساقچىلار ئوغلۇمنى تۇتۇپ كېتىۋاتسا ، سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەيسىزغۇ !

— بولدى ، ئۆزىڭىزگە ئىش تاپماڭ ! — دەباغنىڭ تەلەپپۇزى قەتئىيلەشتى .

بىر ئەبلەخ مۇھىيدنى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىشىككە سۆرىدى . مومـاي بـۇ ھـالـنـى كـۆرۈپ ئـېـتـىـلـىـپ بارغىنىچە ئوغلىنى قۇچاقلىۋالدى .

— ۋاي ئوغلۇم ! ئوغلۇمنى تۇتماقچىمۇ سىلەر ، بۇ بولمايدۇ ! ئـادەم بارمۇ ! قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ، بالامنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! ئوغلۇمنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ !

— ئـاپـا ، قورقـمـىغـىـن ! — دېدى مۇھىيد ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ ، — مەن قايتىپ كېلىمەن !

— يۇرۇڭ ، بىز بىلەن ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى ! — دېدى دەباغ مومىنىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلماي ئابدۇل ھەمدىگە قاراپ .

— نېمىشقا ؟ بۇ مېنىڭ ئۆيۈم بولمىسا ! — ئابدۇل ھەمدى ئارسالدى بولۇشتىن قارشىلىششقا ئۆتتى .

— بىلىمەن ، بايا سىزنىڭكىگە باردىم ! — دېدى دەباغ .

— مېنىڭكىگە ؟ قەيەرگە ؟ — ھەيران بولدى ئابدۇل ھەمدى .

— شـۇبراغا ! سىزنىڭ ئۆيىڭىزگىمۇ ھازىرقىدەك زىيارەت قىلدۇق . شۇغىنىسى سىز بولماي قالدىڭىز ، كېلەر قېتىمدا سىز بىلەن ۋاقىتنى دېيىشىپ قويۇپ باراي .

دەباغ شۇنداق دەپ ئادەملىرىگە ئىشارەت قىلىۋىدى ، شۇئان

يەنە بىر ئەبلەخ ئابدۇل ھەمدىنى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىشىككە تارتتى.
ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ زەردە بىلەن دېدى:
— قويۇۋەت! ماڭا قول تەگكۈزگۈچى بولما! ئۆزۈم ماڭىمەن!
— ئابدۇل ھەمدى! — سامىيە ۋارقىرىۋەتتى.
ئابدۇل ھەمدى گەپ قىلماي ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئەلەم بىلەن تەتۈر قارىۋالدى.
دەباغ ئالدىدا چىقىپ كېتىۋېتىپ ھېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك پەس ئاۋازدا:
-- كەچۈرۈڭلار، خەير! — دېدى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇھىيد، ساقچى، ئابدۇل ھەمدى، ئارقىسىدىن يەنە بىر ئادەم ... چىقىپ كەتتى.
بوۋاي ئىتتىك بېرىپ ئەڭ كەينىدىكى ئادەمگە يىغلىغۇدەك بولۇپ يېلىندى:
-- بالام، رەھىم قىلغىن. نەگە بارىدىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بەرگىنە؟
ئۇ ئادەم بوۋايغا سەل ئىچى ئاغرىغاندەك قاراپ، باشلىقىم ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك پىچىرلاپ:
— ساقچى مەھكىمىسىگە، — دېدى.
ئۇلار چىقىپ كەتتى.
موماي خۇددى بىرى يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بىرلا چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى، غال - غال تىترىدى. بوۋاي چاپىنىنى كىيگىلى ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. سامىيە يىغلىغان پېتى ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى سىلاپ كەتتى. ئەمما، تىلى چاپلىشىپ قالغاندەك ئاغزىغا گەپ كەلمىدى. ناۋال كۆز يېشى بىلەن ئاپىسىنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك، قار - يامغۇردەك يىغلىدى ۋە توختىماي:
— ئاپا، ئوبدان ئاپا، بۇنداق قىلمىغىن ... — دېدى.

بىردىنلا ئىبراھىمنى يادىغا ئالغان ناۋال جىم بولدى. توغرا، ئىبراھىم! ئاكامنى ئىبراھىملا قۇتقۇزالايدۇ، پەقەت بۇنى ئىبراھىم قىلالايدۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ. ئۇ قەھرىمان، ھەممە ئىشنى بىلىدۇ، ئۇ ساقچىلارنى، ھېلىقى جۇۋاينىمەك كەتكۈر ساقچى ئەمەلدارىنى يېڭەلەيدۇ، دەپ قارايتتى.

ئىبراھىم نەدە؟ ئۇنى قانداق تاپىدىغان ئىش.

ئۇ قەيەردىدۇ؟

ناۋال خۇددى ئۆز يۈرىكىگە باقسا، ئىبراھىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلەيدىغاندەك بېشىنى ئەگدى.

## 16

مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدى «تۆمۈر قۇتا»دەك ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇراتتى. ئىككى ساقچىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى.

مەھمۇد كاپىتان دەباغ شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

مۇھىيد تىترەيتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى، تىزلىرى، كۆزلىرى، لەۋلىرى ... تىترەۋاتاتتى. ئەمما، بۇ ئەسلىدىلا ئۆزىدە بار ئىشتەك ھېچنېمىنى سەزمەي ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ نېرۋىلىرىمۇ تىترىمەكتە ئىدى. ئۇ پىكرىنى يىغىپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى.

ساقچىلار چوقۇم ئۇنىڭدىن ئىبراھىم توغرىسىدا سورايدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا ئىبراھىمنى ئۆيىدە يوشۇرغان دېگەن گۇناھنى ئارتىشى مۇمكىن. دەباغنىڭ قولىدا ئىبراھىمنىڭ ئۇلارنىڭكىدە تۇرغانلىق ئىسپاتى، يەنى ئىبراھىم تاشلاپ كەتكەن شىم بىلەن ئۇ يازغان باغاقچە بار. ئىبراھىم كېلىپ ئەتىسى ئۆزىدىن قەلەم، قەغەز سورىغانلىقى، ئاندىن ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يازغانلىقى مۇھىيدنىڭ ئېسىگە ئەمدى كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ نېمە يازغانلىقىنى

مۇھىيد كۆرمىگەن ، ئىبراھىممۇ ھېچ نەرسە دېمىگەن ، لېيتېنات جەمىل ئىززەت دېگەن ئىسمىنىمۇ ئاغزىدىن چىقارمىغانىدى . جەمىل ئىززەت كىمدۇ ؟ ئىبراھىم نېمە ئۈچۈن ئۇ قەغەزنى تاشلاپ قويغاندۇ ؟ ئۇ قەغەز دەباغنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغۇچە ، بىز نېمىدەپ كۆرمىگەندىمىز ؟

ساقچىغا ئۇ نېمە دەيدۇ ؟ ئىقرار قىلسۇنمۇ ؟ ھالبۇكى ئىبراھىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيدۇ ، ئىقرار قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلار ئىبراھىمنى تۇتالمايدۇ !

ئۇ پەقەت ساقچىلارغا ئىبراھىمنىڭ دوستى پەتھى مەلىجىنى ، يەنى ئىبراھىمنىڭ ئوفىتسېر كىيىمى ۋە ماشىنا تېپىپ بەرگەن ئادەمنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ . پەتھى مەلىجى ئارقىلىق ساقچىلار ئىبراھىمنى تاپىدۇ ۋە تۇتۇۋالايدۇ .

بىراق ، ئۇ نېمىشقا ئىقرار قىلىدۇ ؟ نېمىدەپ ساقچىلارغا خىزمەت قىلىدۇ ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا ، كېيىن ئۇ قانداقمۇ ساۋاقداشلىرى ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ ؟ بۇنىڭغا ۋىجدانى قانداق چىدايدۇ ؟ ئۇ كاللىسىدا ئىقرار قىلىش خىيالى پەيدا بولغىنىدىن يىرگەنگەندەك ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتى .

بىراق ، ئۇلار ئەمدى ئۇنى تۇرمىگە سولاپ قويىدۇ ! ئۇ ئىمتىھانغا قاتنىشالمايدۇ ، ئاسسىستېنت بولالمايدۇ . ئۇنىڭ ئىستىقبالى شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ ··· ئەگەر ئىقرار قىلسا ئىستىقبالىنى تاپقىلى بولارمۇ ؟ كىم بىلىدۇ ، بەلكى ئىقرارى ئۇنىڭ سولاقتا يېتىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالار .

مۇھىيد ئالاقزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى ، بىر قارارغا كېلەلمەي بەكمۇ تەمتىرىدى . ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرۈپ ئۆزىنى ئاللاغا تاپشۇرغىنى تۈزۈكمىدۇ !

ئۇ ئاللانى سېغىنىپ ، ئۆزىنى ئاللاغا تاپشۇرۇش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن خۇددى بارلىق ئېغىر يۈكنى ئۆزىدىن كۈچلۈك بىر يەلكىگە ئارتىپ قويغاندەك بىردىنلا يېنىكلەپ قالدى . ئەمما ، ئوبدانراق ئويلىۋىدى ، بۇ خىل يېنىكلىك ئاستا ـ ئاستا يوقالدى .

ئاھ خۇدا ، نېمىدەپ مېنى بۇ كۈنگە قويغانسەن؟ مېنىڭ مەردلىك قىلغان ، قېچىپ يۈرگەن ئادەمگە ياردەم قىلغانلا يېرىم بار . بۇمۇ گۇناھمۇ ئەمدى؟ مەن ئەزەلدىن سىياسىي بىلەن شۇغۇللانغان ساۋاقداشلىرىمدەك ئاقىۋەتكە قالماي دەپ ، سىياسىيدىن قېچىپ يۈرگەنىدىم ، نېمىدەپ ئىبراھىمنى ئالدىمغا كەلتۈرسەن ، مېنى تۈرمىدە ياتقۇزۇپ ، ئىستىقبالىمنى نابۇت قىلىدىغانسەن؟ ئىبراھىمنى ئۆيۈمدە تۇرغۇزمىغان بولسام ، سەن مېنى بۇ كۈنلەرگە سالمىغان بولاتتىڭمۇيا؟ ئاھ خۇدا ، سەن ۋەتەنپەرۋەرلەرنى جازالامسەن؟ دەباغ سېنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەرنى جازالاشقا ئەۋەتكەن ئەلچىڭمۇ يا؟ ئەي پەرۋەردىگارىم ، سەن نېمە ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ كىشىلەرنى بوزەك قىلىشىغا يول قويىسەن؟ نېمىشقا مېنى سوراققا تارتىشتىن ئىلگىرى قۇتۇلدۇرۇۋالمايسەن؟

مۇھىيد كاللىسىغا كەچكەن بۇ خىياللىرىدىن قورقۇپ تىترەپ كەتتى ، دەرھال ئاللادىن مەغپىرەت تىلەپ ، ئاللاغا سېغىندى .

ئۇ ئابدۇل ھەمدى ئېيتىپ قويارمۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن تەشۋىشلىنىپ ئابدۇل ھەمدىگە قارىدى ، ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى سېزىپ سەل خاتىرجەم بولدى . ئۇنىڭدا تۇنجى قېتىم ئابدۇل ھەمدىگە يېقىنچىلىق ، ئامراقلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى . ئۇ ھېچقاچان ئابدۇل ھەمدىنى ھازىرقىدەك بىر نەزەرە ئاكام دەپ قارىمىغانىدى . ئۇنىڭغا ئابدۇل ھەمدى ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ قالىدىغاندەك بىلىندى . ئابدۇل ھەمدى ئىقرار قىلمايدۇ! ئۇ ئەقىللىق ، باتۇر ، ساقچىلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىدۇ…

مۇھىيد ئاستا چاقىردى :

— ئابدۇل ھەمدى !

ئابدۇل ھەمدى بېشىنى سىلاپ ، ئۆزىنى چاينىۋېتىدىغاندەك بارمىقىنى چىشلەپ ئولتۇراتتى . مۇھىيدنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ لەپپىدە قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك :

— قورقمىغىن ، — دېدى .

— ھەي ، رۇخسەت يوق ! — دېدى بىر ساقچى بۇيرۇق

تەلەپپۇزىدا .

— نېمىگە رۇخسەت يوق ؟ — ئابدۇل ھەمدى جاۋابلاشتى .

— سۆزلەشكە رۇخسەت يوق !

— ياق ، سۆزلىسە بولىۋېرىدۇغۇ ! — ئابدۇل ھەمدى تاكاللاشتى .

— گەپنى ئاز قىلساڭ بولارمىكىن ! — دېدى ساقچى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ .

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلىسەڭ بولارمىكىن ! — ئابدۇل ھەمدىمۇ بوش كەلمىدى .

— بوپتۇ ئەپەندى ، سىزنىڭ توغرا بولسۇن ! بىراق ، ياخشىسى گەپ قىلمىسىڭىز . بىزدە گەپ قىلىشقا بولمايدۇ ، دېگەن بۇيرۇق بار ، — دېدى ئۇ ساقچى تالىشىشنى توگەتمەكچى بولۇپ .

ئابدۇل ھەمدى ئېلىشىدىغان ئەلپازدا ھېلىقى ساقچىغا ھومىيىپ ئولتۇردى ، ساقچى جېدەل چىقمىسۇن دەپ ، باشقا ياققا قارىۋالدى .

ئابدۇل ھەمدىدىكى ھارغىنلىق ۋە قورقۇنچ ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا جەڭگە چاقىرماقتا ئىدى . ئۇ ، بۇ ئىشلارغا ئۆزىنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ ھۇمام بەگ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى سەۋەب بولغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇ سېزىمنى يوق قىلىش ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ شۇ ئارقىلىق ئۆز خاتالىقىنى يۇماقچى بولاتتى .

ئابدۇل ھەمدى سىرتقا قارىدى . ماشىنا نازىل كوچىسىدىن ئۆتۈپ بېكەت مەيدانىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . بۇ ساقچى مەھكىمىسىگە بارىدىغان يول ئەمەس ئىدى .

— نەگە كېتىۋاتىدىغاندىمىز ؟ — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن سورىغاندەك .

— ھېلى بىلىسىز ! — دېدى بىر ساقچى .

— ئۇلار بىزنى ساقچى مەھكىمىسىگە ئاپىرىمىز دېگەنىدىغۇ ، — دېدى مۇھىيد .

— بۇ ساقچى مەھكىمىسىگە بارىدىغان يول ئەمەس ... — دېدى ئابدۇل ھەمدى يولغا قاراۋېتىپ .

ماشىنا قاھىرە بېكەت مەيدانىغا قاراپ تېز ماڭدى ، مەيدانغا بارمايلا سول تەرەپتىكى كوچىغا بۇرۇلۇپ كۆل رەڭ بىنانىڭ تۆمۈر رېشاتكىسى ئالدىدا توختىدى .

بىناغا قاراپلا ئابدۇل ھەمدىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى .

— بۇ نېمىلەر بىزنى چەت ئەللىكلەرنىڭ تۈرمىسىگە ئەكەلدىغۇ ، — دېدى ئۇ . مۇھىيدىنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى ۋە دەررۇ سىرتقا قارىدى :

— تۈرمە ؟ سوراقمۇ قىلماي تۈرمىگە سولايدىغان گەپمۇ ؟

ئابدۇل ھەمدى جاۋاب بەرمىدى .

ئىككى ساقچى ماشىنىدىن چۈشۈپ ، ئۇلارغا چۈشۈڭلار ، دەپ ئىشارەت قىلدى .

كاپىتان دەباغ ئالدىدا مېڭىپ رېشاتكىدىن ئۆتتى ، قەلەي بىلەن قاپلانغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە تامدىكى كۇنۇپكىنى باستى . دەرۋازىدىكى كىچىك كۆزنەك ئېچىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئاغزى ئەتراپىنى تۈكلۈك قۇرتلاردەك ساقال - بۇرۇت قاپلاپ كەتكەن بەتبەشىرە ، بۇتتەك سۇرلۇك بىر چىراي كۆرۈندى .

ئۇ كاپىتان دەباغنى كۆرۈپلا كۆزنەكنى ياپتى - دە ، تۆمۈر ئىلغۇچنى تارتتى ، غىچىرلىغان ئاۋاز بىلەن دەرۋازىدىكى كىچىك ئىشىك ئېچىلدى . ئىشىك ئىچىدىكى قاراۋۇل ھەيكەلدەك قېتىپ ، قولىنى كۆتۈرۈپ سالام بەردى .

ئىشىكتىن كاپىتان دەباغ ، ئارقىسىدىن ئۇنىڭ قىممەتلىك ئولجىسى بىلەن ئىككى ياردەمچىسى كىردى . ئىشىك ئېتىلىپ تۆمۈر ئىلغۇچ يەنە بىر قېتىم تارتىلغاندا جىرىلدىغان ئاۋاز چىقتى . بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدى ئىختىيارسىز ئارقىسىغا قارىدى ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى پانىي ئالەمدىن خوشلىشىۋاتقاندەك قورقۇنچ ئەكس ئېتەتتى .

دەباغ دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆيگە كىردى . ئۆيدە بىر

ئىش ئۇستىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ساقچى ئولتۇراتتى. ياندا بىر نەچچە ئورۇندۇق، بىر ساپا، بىر ئىشكاپ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرنەچچە كىشەن، كويزا ۋە مىلتىق تۇراتتى. ساقچى ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ سالام بەردى. دەباغ جاۋابەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدىگە قولى بىلەن ئولتۇرۇڭلار، دەپ ئىشارەت قىلدى.

— ئىككىسى بىر - بىرىدىن يىراقراق تۇرۇشسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى دەباغ ئادەملىرىگە.

دەباغ بۇ ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇلدىكى ئىشىكىگە «تۇرمە باشلىقى» دېگەن تاختاي ئېسىلغان ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆي بايىقى ئۆيدىن تىنچ، پاكىز، رەتلىك بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى يوغان ئىش ئۇستىلى ئالدىدا ياش بىر ساقچى ئەمەلدارى ئولتۇراتتى. ئۇ دەباغنى كۆرۈپلا ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ چەتكە ئۆتتى.

دەباغ ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدى:

— تۇرمە باشلىقى بارمۇ؟

— يوق، ئۆيىگە كەتكىلى بەش مىنۇتتەك بولدى. چاقىرىپ كېلەيمۇ؟ — دېدى ياش ساقچى ئەمەلدارى تۇرمە باشلىقىنى ئاقلىغاندەك.

— هاجىتى يوق، — دېدى دەباغ قولىدىكى شىمنى ئۇستەلگە قويۇۋېتىپ ئىستېھزا بىلەن، — ئۇ ئۇخلاۋەرسۇن، بىز ئۇخلىمىساقلا بولدى!

دەباغ تېلېفوننى ئېلىپ نومۇرنى بۇرىدى ۋە ناھايىتى ھۆرمەت، ئەدەپ بىلەن:

— شۇنداق جانابلىرى! ئۆزلىرىنى بۇ يەردە كۆرۈشكە موھتاج بولۇۋاتىمىز. دەرۋەقە توغرا كۆرۈپتىكەنلا، سىلىنىڭ پەرەزلىرى ھېچقاچان خاتا چىققان ئەمەس.

— ياق! — دېدى ئۇ قارشى تەرەپنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، كېيىن قوشۇپ قويدى، — بىراق ناھايىتى مۇھىم پاكىتنى قولغا چۈشۈردۇق ... ئۇنى چوقۇم تاپىمىز!

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ ئورۇندۇققا يۆلەندى ۋە يانچۇقىدىن مۇھىيدىننىڭ قەغەزلىرى ئارىسىدىن تاپقان باغاقچىنى ئېلىپ ئوقۇدى ھەمدە كاللىسىدىن يېڭى بىر مەنبە تاپماقچى بولغاندەك پېشانىسىنى ئۇۋۇلىدى ، ئاندىن ئالدىدا تېخىچە تىك تۇرغان يىگىتكە مۇراجىئەت قىلدى :

— بىزگە قەھۋە ئەكېلىپ بېرىڭ ، قارىغاندا ، بۈگۈن كېچە تۈنەيدىغان ئوخشايمىز .

ياش ساقچى ئەمەلدارى ساقچى چاقىرىپ قەھۋەگە بۇيرۇدى .

قەھۋە كەلمەي تۇرۇپ دەرۋازىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . تۈرمىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغانىدى . ئۆيگە ھۇمام بەگ تېز - تېز قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى . ياش ساقچى ئەمەلدارى دەرھال سالام بەردى . دەباغمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇننى بوشاتتى .

ھۇمام بەگ سالامغا جاۋاب قايتۇرماستىنلا سورىدى :

— بەللى ، بەللى ! نېمىنى تاپتىڭلار ؟

دەباغ جاۋاب بەرگۈچە ئارىلىقتا ھۇمام بەگ ياش ساقچى ئەمەلدارىغا مەنىلىك قاراپ قويۇۋىدى ، ئۇ يىگىت «خوش» دەپ چىقىپ كەتتى .

ھۇمام ئولتۇردى . دەباغ ئۇنىڭغا ئابدۇل ھەمدى ۋە مۇھىيدىننىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش جەريانىدىكى تەپسىلاتنى سۆزلەپ بېرىپ ، تاپقان باغاقچە بىلەن شىمنى كۆرسەتتى .

— ئۇلار ئىقرار قىلمىدىمۇ ؟

— ياق ، — دەپ سەت كۈلدى دەباغ ، — بىراق ، ئۇلار ئىقرار قىلىدۇ . قارىغاندا ، ئۇلار ياخشى ئادەملەر ئىكەن !

ھۇمام دەباغنىڭ كۈلكىسىگە ياۋۇزلارچە كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ سورىدى :

— بوپتۇ ! سىز مۇھىيدىنى ئېلىڭ . ئابدۇل ھەمدىنى ماڭا بېرىڭ ! ئۇ مېنىڭ دوستۇم ئەمەسمۇ !

ھۇمام كېرىلىپ ئەسنىدى ، ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلدى .

دەباغ ئۆدۆلدىكى ئۆيگە كىردى. ئۇ ئابدۇل ھەمدى بىلەن مۇھىيدنى چاقىرتۋىدى، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككى ساقچىمۇ بىللە كەلدى.

— سىز ئاۋۇ ئۆيگە كىرىڭ، ھۇمام بەگ ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ ئابدۇل ھەمدىگە، — ئۇ سىزدىن ئىككى ئېغىزلا گەپ سورىماقچىكەن. سىلەر كونا دوستقۇ، — ئاندىن ئۇ مۇھىيدقا بۇرۇلدى، — مۇھىيد، ئارقامدىن مېڭىڭ!

دەباغ تۇرمە ئىچىگە قاراپ ماڭدى، مۇھىيد ئېغىر نەپەس ئېلىپ ئارقىدىن ئەگەشتى، يۈرىكى گۇپۇلدەپ سوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى.

ئۇلار تۆمۈر رېشاتكا ئالدىدا توختىدى، رېشاتكىلار تورۇسقىچە تاقاشقان، تۇرمىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى. رېشاتكىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. مۇھىيد ئىككى تەرەپتە قاتار كەتكەن نۇرغۇن تۆمۈر ئىشىكلەر بار ھويلىغا كىرىپ قالدى. تۆمۈر ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلاقلىق، بىرىلا ئوچۇق ئىدى، دەباغ شۇ ئۆيگە كىردى، ئارقىسىدىن مۇھىيد ۋە بىر ساقچى كىردى. بۇ بەكلا كىچىك ئۆي بولۇپ، تېگى سېمونت، تاملىرىنىڭ ئاستى قىسمى قارا رەڭدە بويالغان، ئۈستى ئاقارتىلغانىدى. تورۇسقا يېقىن بىرلا دېرىزىگە تۆمۈر تاياقچىلار بېكىتىلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆيدە كىچىك بىر ئۈستەل، ئۈچ ئورۇندۇق بار ئىدى. مۇھىيد بۇنىڭ تۇرمە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئىبراھىم تۇرمىدىن قاچقاندىن كېيىن، سىياسىي باشقارما چەت ئەللىكلەر تۇرمىسىنى مۇشۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىدىغان يەر قىلىۋالغانىدى. بارلىق گۇمانلىق ياشلار تۇتۇلۇپ بۇيەرگە ئېلىپ كېلىنەتتى، سوراق قىلىناتتى ۋە بىر - بىرىگە يۈزلەشتۈرۈلەتتى. سوراق تۇرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا بولاتتى، بىرنەچچە ئادەمنى تەڭلا سوراق قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بىر كامېرنى سوراقخانا ئورنىدا ئىشلىتەتتى.

دەباغ ئۈستەلگە ئولتۇرۇپ، مۇھىدقا ئولتۇرۇڭ، دېگەندەك

ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى . بىللە كىرگەن ساقچى يەنە بىر ئورۇندۇقتا ، ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى .

دەباغ بىرنەچچە ۋاراق ئاق قەغەزنى ساقچىنىڭ ئالدىغا قويدى ، ئاندىن مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ :

— مۇھىيد ، بىز گەپنى ئوچۇقلا قىلايلى ، قانداق ؟ خاتىرجەم بولۇڭ ، سىز ماڭا ياردەم قىلسىڭىز ، مەنمۇ سىزگە ياردەم قىلىمەن ! — دېدى .

— مەن گېپىمنى باش تەپتىشكە قىلىمەن ! — مۇھىيد شۇئان جاۋاب بەردى ، چۈنكى بۇنى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغانىدى .

— باش تەپتىشكە دەپ نېمە قىلىسىز ؟ — دېدى دەباغ سوغۇق كۈلۈپ ، — بۇنى ئارىمىزدىكى شەخسىي سۆھبەت دەپ بىلىڭ ، خاتىرىمۇ يازمايمىز ، — ئاندىن ساقچىغا قارىدى ، — كاپىتان ، خاتىرىلىمەڭ .

— سۆزلەڭ ! سىز جەمىل ئىززەت بىلەن قانداق تونۇشقان ؟ — دېدى دەباغ مۇھىيدقا تىكىلىپ .

— جەمىل ئىززەت دېگەن كىم ؟ تونۇمايمەن ! مەن بۇ ئىسىمنى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن ! — دېدى مۇھىيد راستىنى ئېيتىپ .

— بىز يەنىلا ئاغىنىلەرچە سۆزلىشەيلى ، قانداق ؟ — دېدى دەباغ مۇھىيدقا بىگىزدەك تىكىلىپ ، — بۇ ئىسىم سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىن تاپقان قەغەزگە يېزىقلىق ئىكەن !

— مەن تونۇمايمەن ! — دېدى مۇھىيد قەتئىي ھالدا .

— تونۇشقۇڭىز كېلىۋاتامدۇ ئەپەندى ؟ — دېدى دەباغ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ، — ئىبراھىم جەمىل ئىززەت دېگەن ساقچى ئەمەلدارىنىڭ قولىدىن قېچىپ كەتكەن !

مۇھىيدنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، ئۇ ھەتتا مەنىسىنى ئۆزىمۇ بىلمەستىن بىر گەپنى تەكرارلاۋەردى :

— مەن تونۇمايمەن ··· تونۇمايمەن ···

— بوپتۇ ، — دەباغ يەنە سورىدى ، — ئىبراھىم ھەمدىنى تونۇمسىز ؟

— تونۇمايمەن ··· كۆرۈپمۇ باقمىغانمەن ! — مۇھىيد ۋارقىراپ كەتتى .

— بۇنداق ۋارقىراپ ـ جارقىراشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ — دېدى دەباغ سەت ھىجىيىپ .

ئۇ ئىبراھىم يازغان باغاقچىنى پۈلاڭلىتىپ تۇرۇپ سورىدى :

— بۇ نېمە گەپ ؟

— مەن كۆرمەپتىمەن ···— مۇھىيدنىڭ پېشانىسىنى غۇژژىدە تەر باستى ، — بۇنى مەن بىلمەيمەن !

— ئۇنداق بولسا بۇ قانداقلارچە ئۈستىلىڭىزدىن تېپىلىپ قالدى ؟

— ئۇ مېنىڭ ئۈستىلىمدە يوق ئىدى ··· ئۆزىڭىز قويۇپ قويغان ئوخشايسىز ، — دېدى مۇھىيد ئاران تەسلىكتە .

دەباغ ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىدى :

— سىزمۇ ئۇلار قىلغاننى قىلماقچىمۇ ؟ ھازىر ئوقۇغۇچىلار يېنىدىن بىر نەرسىنى تېپىۋالساقلا ، سىلەر ئاپارغان ، دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولىۋالدى ، بۇ گەپ ئاقمايدۇ ، مۇھىيد ئەپەندى ! يەنە قانداق يېڭى ھۈنەرلىرىڭىز بار ، قېنى كۆرۈپ باقايلى . مەن سىزنى تېخى ياخشى ئوقۇغۇچى ، ئۇلارغا ئوخشاشمايدۇ ، دەپ ئويلاپتىمەن .

مۇھىيد جاۋاب بەرمىدى ، ئەمما تېخىمۇ تىترەپ كەتتى .

— مانا بۇ شىمنى ئۆيىڭىزدىن ئەكەلدىم ، شۇنداققۇ ؟ — دەباغ ئەمدى ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ ، تەمكىن ئاھاڭدا سۆزلىدى ، — بۇ شىم كىمنىڭ ، بىلەمسىز ؟ ئىبراھىمنىڭ . ئىبراھىم قاچقان چاغدا كۆل رەڭ شىم كىيىپ قاچقان ، دەل مۇشۇ شىمنى !

مۇھىيد جاۋاب بەرمىدى ، ئۇ توختىماي تىترەيتتى .

دەباغ تاماكا تۇتاشتۇردى ، ئۇزاق شوراپ مۇھىيدنىڭ يۈزىگە تاماكىسىنى پۈۋلىدى ـ دە ، تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتتى :

— مۇھىيد ، گېپىمنى ئاڭلا ! سېنى ھېچ نەرسە قىلمايمىز . ئىبراھىمنىڭ قەيەردىلىكىنى ياكى نەگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ

بەرسەڭلا بولدى ، مەن ئۆز نامىم بىلەن كاپالەتلىك قىلىمەنكى ، بۈگۈن ئاخشام چوقۇم ئۆز ئۆيۈڭدە بەخىرامان ئۇخلايسەن !
— مەن بىلمەيمەن ··· ھېچنېمىنى بىلمەيمەن ! — مۇھىيد قىزىرىپ كەتتى .
دەباغ سەۋرسىزلىنىپ ئۇھ تارتتى :
— مۇھىيد مېنى تەڭلىكتە قويۇۋاتىسەن ! ھەر ھالدا ئېيتقىنىڭ ياخشى . بۇنداق قىلىشىڭ ھاجىتى نېمە ؟ مۇشۇ چاغقىچە سېنىڭ دېلويىڭنى ئىشلەپ باقمىغانىدۇق ، ئىگىلىشىمىزچە ، سەن ئەزەلدىن سىياسىيغا ئارىلاشمىغانىكەنسەن . ئۇلارنىڭ دېيىشىگە ئۇسسۇل ئوينىما ، زىيان تارتىپ قالىسەن . داداڭغا ، ئاپاڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ، گېپىمنى ئاڭلا !
شۇئان مۇھىيدنىڭ خىيالىغا دادىسى بىلەن ئاپىسى كەلدى ـ دە ، خۇددى مۇزدەك شەبنەم تامچىلىرى بويىنىغا تامغاندەك ئەندىكىپ كەتتى ، ئىختىيارسىز ئۆزىدىن : «دادام مېنى ئىقرار قىل دەرمۇ ؟ دادام يېنىمدا بولغان بولسا مېنى ئىقرار قىل دەرمىدى ؟» دەپ سورىدى . ئاندىن دادىسىنىڭ يىراقتىن كەلگەن بۇيرۇقىنى ئالغاندەك ، گاڭگىرىغان ھالدا :
— مەن بىلمەيمەن ··· بىلمەيمەن ··· مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن ! — دېدى .
تاشقىرىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئىشىكتە ھۇمام بەگنىڭ بېشى كۆرۈندى . ئۇ دەباغقا ئىشارەت قىلىۋىدى ، دەباغ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى . ئىككىيلەن بىردەم پىچىرلاشقاندىن كېيىن ھۇمام بەگ كەتتى . دەباغ ئورنىغا ئولتۇرۇپ مۇغەمبەرلىك بىلەن ھىجايدى ۋە :
— بولدى ، ئەپەندى ! ئابدۇل ھەمدى ھەممىنى ئىقرار قىپتۇ ! — دېدى .
مۇھىيد بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى . ئۇ تۇيۇقسىز خەۋەردىن ئالاقزادە بولۇپ دۇدۇقلاپ كەتتى :
— ئىق ··· ئىقرار ··· قىپتۇ ؟ ئۇ ··· ئىقرار ··· قىپتۇ ؟···

ئۇ نېمىنى دەپتۇ ؟

دەبباغ بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرنىڭ مۇھىيدقا بەرگەن تەسىرىنى كۆرەلىگەن ھالدا كۆزەتتى :

— ئۇ ھەممە نېمىنى دەپتۇ ، ئۆيىگە كېتىپتۇ !

مۇھىيدنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى . ئابدۇل ھەمدى راستتىنلا ئىقرار قىلغانمىدۇ ياكى بۇ مۇناپىق مېنى ئالداۋاتامدۇ ؟ ئەگەر ئۇ ئىقرار قىلغان بولسا ، نېمە ئۈچۈن مېنىمۇ ئىقرار قىلىشقا قىستايدۇ ؟ نېمىدەپ ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئىقرارى كۆپايە قىلمايدۇ ؟

— ئېيتقىن ! — دېدى دەباغ ئۇنى ئىلھاملاندۇرغاندەك ، — سەنمۇ بىللىلا كەتمەمسەن ! نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ؟ يەنە نېمىگە ساقلايسەن ؟

— مەندە ئىقرار قىلغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ! — دېدى مۇھىيد پەس ئاۋازدا .

ئۇنىڭ كاللىسىدا قاتتىق كۆرەش بولدى . بىر خىيالى ئۇنى ئىقرار قىلىشقا قىستىسا ، تېخىمۇ كۈچلۈك يەنە بىر كۈچ ئۇنى گەپ قىلماسلىققا ئۈندەيتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئىبراھىمنى ئويلىمىدى ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ كەتمىدى ، ئۇنى ئىقرار قىلىشتىن توسۇپ تۇرغان نەرسە بۇلا ئەمەس ئىدى . ئۇ ئىقرار قىلىشنى گۇناھ دەپ قاراپ ، شۇ گۇناھنى ئۆتكۈزۈشتىن قورقۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئەخلاق پرىنسىپى ۋە ساپ ۋىجدانى ئۇنى بۇنداق گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن توسۇپ تۇراتتى . بۇ خۇددى ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن ئوقۇشقا بېرىلگەنلىكتىن ئەمەس ، بەلكى دادىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىن مەكتەپتىن قېچىش نومۇسسىزلىق دېگەن ئىدىيىنى سىڭدۇرگەچكە ، قاچمىغىنىغا ئوخشاش ئىش ئىدى .

— سېنىڭ ئىپادەڭ نەۋرە ئاكاڭدىن ياخشىراق بولسۇن ! ئېيتقىنا ، ئىبراھىم نەگە كەتتى ! — دەباغ ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىدى .

تۇيۇقسىزدىن سىرتتا غوۋغا كۆتۈرۈلدى . مۇھىيد ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئۇ : «ۋايجان ! ... ئىتىنىڭ

باللىرى ... ئۇرما دەيمەن ! ... قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! ... ۋۇي ئۆلگۈرلەر ، ئىتنىڭ باللىرى ... ۋاي... » دەپ ۋارقىراۋاتاتتى .

مۇھىيد ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . ئۇلار ئابدۇل ھەمدىنى ئۇرۇۋېتىپتۇ ... ئىقرار قىلماپتۇ ...

مۇھىيد بېشىنى كۆتۈرۈپ دەباغقا قاراپ كۈلدى ، بۇ ھال دەباغنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى .

— لېيتېنانت ، ئىشكنى چىڭ يېپىپ قوي ! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ساقچىغا .

لېيتېنانت ئىشىك يېنىغا بارمىغاندى ، دەباغ پىكرىنى ئۆزگەرتكەندەك ئۇنى توختىتىۋالدى :

— توختا !

ئۇ لېيتېنانتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا :

— سەن سۆزلىشىپ باققىن ! — دەپ پىچىرلىدى .

دەباغ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن لېيتېنانت ئىشكنى ياپتى ، ئاندىن مۇھىيدنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سەن كۆزەينەك تاقىمساڭ كۆرەلمەمسەن ؟ — دېدى ئۇ ياۋۇزلارچە ھىجىيىپ .

مۇھىيد ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى .

— ئەكەلگىنە ، مەن كۆرۈپ باقاي .

لېيتېنانت شۇنداق دېگىنىچە مۇھىيدنىڭ كۆزەينىكىگە قول ئۇزاتقانىدى ، مۇھىيد چۆچۈپ كەينىگە داجىدى .

— كۆرۈپ باقمىسام بولمايدۇ ! — دېدى لېيتېنانت ۋە ئەپچىللىك بىلەن مۇھىيدنىڭ كۆزەينىكىنى ئېلىۋالدى .

— مەن باشلىقلارنىڭ قىلىقىنى ياقتۇرمايمەن ، لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىلمەيسىلەر ، ئاناڭلارنى كۆزۈڭلارغا كۆرسىتىپ قويمىغۇچە ئېيتمايسىلەر . ئېيتە قېنى ! زادى ئېيتامسەن ـ ئېيتامسەن ؟ !

مۇھىيد لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا لېيتېنانتقا يېلىنغاندەك قاراپ ، ئويلىمىغان ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ

تۇراتتى .

— گەپ قىلمامسەن؟ — ۋارقىرىدى لېيتېنانت .

ئۇ مۇھىيدىننىڭ چېكىسىگە شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى . شاپىلاق ئاۋازى گويا يارىلانغان ئانىنىڭ نالىسىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى .

مۇھىيد بۇ دۇنيالىقتا يوقلا بولۇپ كەتتى ، ئاندىن يوپۇرماقتەك تىترىگەن قولى بىلەن شاپىلاق تەگكەن يەرنى تۇتۇپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئاغرىقنى سەزمىدى ، ئەمما پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ، بۇ ئوت يۈرىكىگە يىغىلىۋاتقاندەك ، ئىچىدە بىر يېرىدىن قان تامچىلاۋاتقاندەك بولدى . بۇ نەرسە — ئوت ۋە قان ئۇنىڭ غۇرۇرى ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتى ، يۈز - ئابرۇيى ئىدى . ئۇنىڭ دېمى قىسىلغاندەك ، تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك بولدى ، كېيىن كۆزىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

— ھىم ، يىغلا ! قانچىلىك باتۇرلۇقىڭنى كۆرۈپ باقاي ! ھە ، مانا ! — لېيتېنانت تۆمۈردەك قولى بىلەن مۇھىيدىننىڭ يەنە بىر چېكىسىگە سىلىۋىدى ، شاپىلاق سىيرىلىپ مۇھىيدىننىڭ ئاستىنقى كالپۇكىغا تېگىپ يېرىۋەتتى .

ئۈچىنچى شاپىلاق مۇھىيدىنى تىك موللاق چۈشۈردى .

مۇھىيد يىغلىۋەتتى ، ئەمما ئۈنسىز يىغلىدى .

لېيتېنانت ئۇنى بىر تېپىپ ۋارقىرىدى :

— لاتىكەنسەنغۇ ، لاتا؟ يىگىتكە ئوخشاش تۇرمامسەن ئورنۇڭدىن . سەنلەردەك ئەركەكلەردىن ئۆرگىلەي !

لېيتېنانت مۇھىيدىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزدى .

مۇھىيد يەنە تاياق يېمەي دەپ يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇۋېلىپ يىغلىدى .

— گەپ قىل ! جېنىڭ بارمۇ سېنىڭ؟ ئۆيۈڭدە تاماق يېمەمتىڭيا؟

ئۇ مۇھىيدىننىڭ بېقىنىغا بىر مۇشت سالغانىدى ، مۇھىيد

«ۋايجان ! ... » دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە پۈكلىنىپ قالدى ، چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتى .

كاپىتان دەباغ ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ كەلدى ـ دە :

— لېيتېنانت ، بۇ نېمە ئىش ؟ كىم سېنى ئۇر دېدى ؟ قانداق نېمە سەن ؟ ھۇ ھايۋان ! خۇدايىم جاجاڭلارنى بېرىدۇ ! — دەپ لېيتېنانتقا يالغاندىن ۋارقىراپ كەتتى .

دەباغ مۇھىيدنى قولتۇقىدىن يۆلەپ بەندىڭگە ئولتۇرغۇزدى ، ئاندىن لېيتېنانتقا :

— ماڭ ! بېرىپ دورىلىق پاختا بىلەن مېركۇروخروم ئەكەلگىن . جاجاڭنى بېرەر ئىلاھىم ! سېنى چوقۇم تۈرمىگە تاشلايمەن ! — دېدى .

ساقچى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

— كەچۈرگىن مۇھىيد ! بىللە ئىشلەيمىز دەپ ، ھايۋاننى ئەكەلگەنىكەنمىز . ئۇ سېنى باشقىلاردەك تونۇپ قاپتۇ . ئۆزۈڭدىن كەتتى . ئەگەر سەن بالدۇرلا ئېيتقان بولساڭ ، بۇ ئىشلارمۇ بولمايتتى !

— مەن بىلمەيمەن ... زادى بىلمەيمەن ...— مۇھىيد يىغلاپ تۇرۇپ تەكرارلىدى ، — بىلمەيمەن ! — ئاخىرىدا ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىۋەتتى ، — مەن بىلمەيمەن ! ... راستتىنلا بىلمەيمەن ... مەن بىلمەيمەن !

لېيتېنانت مېركۇروخرومغا قاچىلانغان دورىلىق پاختىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ، دەباغ دورىلىق پاختىنى مۇھىيدنىڭ قان ئېقىۋاتقان كالپۇكىغا سۈركەپ تۇرۇپ :

— بىلمەيمەن دېگەن گەپنى قىلما . ئىشنى چىرايلىقچە تۈگىتەيلى . ھېچنېمىنى بىلمەيمەن دەپلا تۇرۇۋالساڭمۇ بولماس ـ ھە ؟ — دېدى .

مۇھىيد يۈزىنى دەباغنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى :

— مەن بىل...مەي...مەن...

— مىجەزىڭ يوقتەك قىلىدۇ، بىرىپ دەم ئالغىن، — دېدى دەباغ ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ.

مۇھىيد مىدىرلىمىدى. دەباغ ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىسىمۇ قوپالمىدى. ئۇ ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، تىنماي يىغلايتتى. بارلىق كۆچى كۆز يېشى بىلەن ئېقىپ تۈگىگەندى.

— لېيتېنانت، كەل، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تۇت! — دېدى دەباغ.

لېيتېنانت مۇھىيدنى يۆلىدى، دەباغ بىلەن ئىككىسى ئۇنى تۇرغۇزۇپ خۇددى ئۆلۈكنى سۆرىگەندەك ئېلىپ ماڭدى.

ئىشىك تۆۋەدە بىر تۇرمە ساقچىسى تۇراتتى.

— سەككىزىنچى كامېرنى ئاچقىن! — دېدى دەباغ ئۇنىڭغا.

ئىككىيلەن مۇھىيدنى كارىدوردا سۆرەپ ماڭدى. كارىدورنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئىشىكلەر قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مۇھىيد ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. پۇتلىرىدا جان دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ھەتتا ئاشقازىنىمۇ تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ، كاللىسى ناھايىتى سەگەك ئىدى. ئۇ قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى:

— چىدىغىن! غەيرەتلىك بول!

— ئىنىم، سەن كىم؟ ئىسمىڭ نېمە؟ — يەنە بىر ئىشىكتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئۇنى قويىۋېتىش! ئەبلەخلەر، لۈكچەكلەر، توخۇ يۈرەكلەر! — ئۈچىنچى كامېردىن ۋارقىراشتى.

تۆتىنچى كامېردىن ئىڭراش ئاڭلاندى، ئىڭراۋاتقان ئادەم ئابدۇل ھەمدىدەك قىلاتتى.

بەشىنچى كامېردا بىرى مەردانىلەرچە شېئىر ئوقۇدى:

يىغلىسىپ بارچە قەلەمنى سۇندۇرارسىلەر، لېكىن
قانداقمۇ ئۆچۈرىسىلەر تاشتىكى شۇ كۈيلەرنى،
قوللىرىمىزنىمۇ قايرىپ سۇندۇرارسىلەر، لېكىن

ئېتەلەيسىلەر قانداق غەزەپلىك شۇ كۆزلەرنى .

بۇ ئاۋازلار مۇھىيدقا دوستلىرى قارشى ئېلىنىۋاتقاندەك ، ئۇ جەننەتكە كىرگەندەك ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ شەنىگە شېئىر ـ قوشاق ئوقۇپ تەبرىكلەۋاتقاندەك بىلىندى . بۇ ئاۋازلار ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە غەيرەت بېغىشلىدى ، مۇلايىم بىر خىيالىي كۆلەڭگە جاراھەتلەنگەن كالپۇكىدىكى قاننى سۈرتۈپ ، تاياق يېگەن يەرلىرىنى سىلاپ ، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ قويغاندەك بىلىندى . ئۇ ئۆزىنى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئەيلەۋاتقاندەك ، ئالقىش ياڭرىتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى .

ئۇ يۇلقۇنۇپ ئۆزىنى قولتۇقلىۋالغان قوللاردىن چىقتى ـ دە ، قەددىنى رۇسلاپ ، يەرنى چىڭ دەسسەپ تىك تۇردى ، ئاندىن ئۆزى ماڭدى .

ئۇلار يېپىقلىق بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى . تۈرمە ساقچىسى ئىشىكنى ئاچتى .

تۇيۇقسىز قۇلاقنى يارغۇدەك سادا كۆتۈرۈلۈپ ، تۈرمە تاملىرى تىترەپ كەتكەندەك بولدى .

بۇ سادا خۇددى تۈرمىنىڭ تۆمۈر ئىشىكلىرىگە كۈچلۈك بازغان بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى . تۈرمىدىكى ياشلار ئۆزلىرى تونۇمىغان يېڭى سەپدىشىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، تەخسە ، قوشۇق ۋە قاچىلىرىنى تۈرمىنىڭ ئىشىكلىرىگە توختىماي ئۇراتتى .

دەباغ مۇھىيدنى كامېرغا ئىتتىرىپ كىرگۈزدى . ئۇ تىترىگەن ھالدا بۇ قورقۇنچلۇق غوۋغا ئارىسىدىن تېزرەك كېتىشنى خالايتتى .

تۈرمە ساقچىسى ئىشىككە قۇلۇپ سالدى .

مۇھىيد قوللىرىنى سوزۇپ ، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئالدىدىكى كارىۋاتقا پۇتلىشىپ كەتتى ـ دە ، كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى . ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي ، يۈزىنى سىلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە : «كۆزەينىكىم قېنى !» دېدى .

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە تىمىسقىلاپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىشىكنى ئۇرۇپ:

— كۆزەينىكىم قېنى! كۆزەينىكىمنى بېرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى باشقا كامېرلاردىن چىقىۋاتقان سادا ئىچىدە يوقاپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئاۋازلار ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى.

مۇھىيد يەنە ئىشىكنى ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— كۆزەينىكىمنى بەر! كۆزەينىكىمنى قايتۇرۇپ بەر!

ئۇنىڭغا جاۋاب بولمىدى.

ئەتراپ قورقۇنچلۇق جىمجىتلىققا چۆمدى. مۇھىيد تىمىسقىلاپ كېلىپ، قاتتىق كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

ئۇنىڭ ھەممە يېرى — كالپۇكى خۇددى پىچاق بىلەن تىلىنىۋاتقاندەك، يۈزى كۆيگەندەك، بىقىنى بولسا بىر نەرسە بىلەن بېسىۋاتقاندەك ئاغرىپ، بەدىنىنى مىدىرلىتالمىدى.

ئاخىر ئۇ ئۇخلاپ بىر پەس دەم ئالاي، دېگەن خىيالدا كۆزىنى يۇمدى.

مۇھىيد كۆزىنى يۇمۇشىغا ئىشىكتىكى قۇلۇپ شىرىقلىۋىدى، بېشىنى كۆتۈردى. ئەمما ئىشىك ئېچىلمىدى، ئۇ خېلى قاراپ تۇردى، ئىشىك پەقەت ئېچىلمىدى.

ئۇ يېتىپ كۆزىنى يۇمدى، ھېرىپ كەتكەچكىمۇ ئۇيقۇسى ئوبدانلا كەلگەنىدى.

تۇيۇقسىزدىن قۇلۇپ يەنە شىرىقلىدى. ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ خېلى ئۇزۇن تۇردى، لېكىن ئىشىك ئېچىلمىدى.

مۇھىيد دەرمانسىزلانغان ھالدا بېشىنى كارىۋاتقا قويدى، ئۇنى بىردىن قورقۇنچ بېسىپ بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى.

تۇيۇقسىزدىن كامېرنىڭ چىرىغى ياندى. مۇھىيدنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن قۇشنىڭ قانىتىدەك لىپىلداپ كەتتى. ئۇ

ئەتراپقا قاراپ كامېردا ئۆزى ياتقان كارىۋات ، بىرى بوش ، بىرىدە سۇ بار چېلەك بارلىقىنى كۆردى .

ئىشىك يەنىلا قۇلۇپلاقلىق ئىدى . چىراغ ئۆچتى . ئۇلار مۇھىيدنى ئۇخلاتماي قىيناپ نېرۋىلىرىنى كېرەكتىن چىقارماقچى بولۇۋاتاتتى .

مۇھىيد يىغلاۋاتقان بولسىمۇ كۆزىدىن ياش چىقمىدى ، چۈنكى ئۇنىڭدا يىغلىغۇدەك مادارمۇ قالمىغانىدى .

ئەتراپ يەنىلا قاراڭغۇلۇققا چۆمدى . قاچانلاردىدۇر بىر چاغدا كامېر ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ ، چىراغ ياندى . مۇھىيد كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ ، ئالدىدا ياۋۇزلارچە ھىجىيىپ تۇرغان كاپىتان دەباغنى كۆردى .

— مۇھىيد ، تېخى ئۇخلىمىدىڭمۇ ؟ مەن كەتمەكچىدىم ، سېنى يوقلىۋېتەي دەپ كىردىم ، بىر نەرسە لازىممۇ ؟ — دېدى دەباغ ساختا يېقىنچىلىق بىلەن .

مۇھىيد دەرمانسىز ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ ياتاتتى .

— مېنىڭ كۆزەينىكىمنى بەرسەڭلار ! — دېدى ئۇ .

— شۇلىمۇ ؟ — سورىدى دەباغ ۋە سىرتقا قاراپ تۋۋلىدى ، — ھەي ، بىرىڭلار بېرىپ مۇھىيدنىڭ سوراقخانىدا قالغان كۆزەينىكىنى ئەكېلىپ بېرىڭلار ! — ئاندىن مۇھىيدقا قارىدى ، — ئىشىكنى ئېچىپ قوياي ، بولامدۇ ؟

— رەھمەت !

— چىراغنىمۇ ياندۇرۇپ قويايمۇ ؟ بەلكى قاراڭغۇدىن قورقىدىغانسەن ؟

— رەھمەت ، ھاجىتى يوق !

دەباغ كارىۋاتنىڭ چېتىدە ئولتۇردى :

— بىلەمسەن ، سېنى بۇ يەردە يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ . سېنى بۇگۈن ئاخشاملا ئۆيۈڭگە كەتكۈزۈۋېتەيمىكىن دەيمەن .

مۇھىيد ئۈنچىقمىدى .

— مەن پەقەت ئىبراھىمنىڭ ھېلىقى باغاقچىنى يازغان، شىمنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن يەنە نەگە كەتكەنلىكىنى بىلسەملا بولدى. سەن ماڭا شۇنىلا ئېيتىپ بەرگىن. سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بارلىقى، ئۇنى قەيەردە ئۇچراتقانلىقىڭ بىلەن چاتىقىم يوق. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭلا ئىش تۈگەيدۇ.

— ھېرىپ كەتتىم، خۇدا ھەققى، كۆزۈمگە كىرىۋالمىساڭلارچۇ، — دېدى مۇھىيد زەئىپ ئاۋازدا.

— مېنىڭمۇ سېنى ئاۋارە قىلغۇم يوق. بىرلا ئېغىز گەپ قىل.

— مەن بىلمەيمەن ... ھېچنېمىنى بىلمەيمەن!

— بەس! بىلمەيمەن دەۋەرمە! — ۋارقىراپ كەتتى دەباغ، — بۇ گېپىڭنى ئەمدى ئاڭلىغۇم يوق، بىلدىڭمۇ؟

ئۇ بىردەم جىم بولدى ۋە ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ دېدى:

— مۇھىيد، بىز دوست بولايلى! ساڭا بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي، سېنى كىم پاش قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ نەۋرە ئاكاڭ ئابدۇل ھەمدى.

مۇھىيد ھەيران بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى، لېكىن دەباغنىڭ راست گەپ قىلمايدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ يېتىۋالدى.

— ئىشەنمەمسەن؟ بوپتۇ، مانىڭغا قارا، بۇ ئابدۇل ھەمدىنىڭ دەپتىرىمۇ - ئەمەس؟ ئۇنىڭغا نېمىلەر يېزىلغان قاراپ باق! بۇنىڭغا سىياسىي باشقارمىنىڭ باشلىقى ھۇمام بەگنىڭ تېلېفون نومۇرى، باش تەپتىشنىڭ تېلېفون نومۇرى يېزىلغان. ئابدۇل ھەمدىنىڭ پوچىركىسىنى تونۇيدىغانسەن؟ قارىغىنا، شۇنىڭ خېتىمۇ - ئەمەسمۇ؟

دەباغ ئابدۇل ھەمدىنىڭ يانچۇقىدىن ئايرىمايدىغان، ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆزى ئېلىۋالغان كىچىك خاتىرىنى مۇھىيدقا كۆرسەتتى. مۇھىيد ئابدۇل يازغان ھۇمام بىلەن باش تەپتىشنىڭ تېلېفون نومۇرىنى كۆردى - دە، ئىختىيارسىز داڭقېتىپ قالدى،

رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ دەباغقا قارىدىيۇ ، ھېچ نەرسە دېيەلمىدى .
— ئەپەندى ، — دېدى دەباغ ، — ئۇ ھۇمام بەگكە تېلېفون بەرگەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئىنئام پۇلنى ئېلىش مەقسىتىدە ئىبراھىمنى پاش قىلغان . بەش مىڭ فوند ستېرلىڭ دېگىنە . سەن بۇ پۇلنى ئېلىشقا باشقىلارغا قارىغاندا ھەقلىق ئەمەسمۇ ؟ نەۋرە ئاكاڭ سېنى بالاغا تىقتى . ھەممە گۇناھ ماڭا ئارتىلىپ قالمىسۇن دېسەڭ ، گەپنى دەۋېتىپلا ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇرغىن !
مۇھىيدىنىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن پۇچۇلاندى . ساقچىغا راستتىنلا ئابدۇل ھەمدى ئېيتىپ قويغانمىدۇ ؟ ئۇ نېمىلەرنى ئېيتقاندۇ ؟ ئابدۇل ھەمدى پاش قىلغان بولسا ، نېمىدەپ يەنە ئۇنى تۇتىدۇ ، ئۇنى ئوخشاشلا ئۇرىدۇ ؟
لېكىن ، كىچىك خاتىرە ئابدۇل ھەمدىنىڭ ، ئۇنىڭدىكى خەتلەرمۇ ئابدۇل ھەمدىنىڭ ، ئۇنىڭدا ھۇمام بەگنىڭ تېلېفون نومۇرى !
مۇھىيدىنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى . ئۇ ئارامخۇدا ئويلىنىشقا موھتاج ئىدى ، ئۇيقۇسىمۇ كېلىۋاتاتتى .
— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن ... بىر ياخشىلىق قىلىڭ ، مەن ھېرىپ كەتتىم ... ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى ...— دېدى مۇھىيد تېخىمۇ زەئىپ ئاۋازدا ، ئارقىدىنلا تام تەرەپكە قارىۋالدى .
دەباغ كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە ، مۇھىيدىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ يەرگە چۈشۈردى :
— ھۇ كالۋا ئېشەك ! دۆت لەقۋا ! بىلىپ قوي ، سەندەك ئېشەكلەرنى سۆزلىتەلەيمىز جۇمۇ .
ئۇ مۇھىيدنى قويۇۋېتىپ ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ساقچىلارنى چاقىردى :
— كىرىڭلار ، كارىۋاتنى سىرتقا ئاچىقىۋېتىڭلار ! كامېردا ھېچنېمىنى قويماڭلار ، بىرنەچچە چېلەك سۇ چېچىۋېتىڭلار !
ئىككى ساقچى كىرىپ كارىۋاتنى ۋە ئىككى چېلەكنى ئاچىقىپ

كەتتى . ئىككى ساقچى بىرنەچچە چېلەك سۇ ئەكىرىپ سېمونت يەرگە سېپىپ كامېرنى كۆل قىلىۋەتتى .

— قېنى ئەمدى ئېيتمىغىنىڭنى كۆرەي ، ئىشكنى قۇلۇپلاڭلار ! — دېدى دەباغ ئىشكتە تۇرۇپ .

كامېر ئىشكى قۇلۇپلاندى . كامېرنى يەنە قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئالدى .

مۇھىيد سۇغا چىلانغان ھالدا تامغا يۆلىنىپ تۇردى . ئۇنىڭغا سۇ ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى ، ئەمما ھارغىنلىق ، ئۇيقۇ ئۇنى بىئارام قىلدى .

ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلدى ، يەرگە يىقىلدى ۋە چىلىق - چىلىق سۇ ئىچىدە ھوشىدىن كەتتى .

## 17

ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا چەت ئەللىكلەر تۈرمىسىدە ھەرىكەت باشلاندى .

سىياسىي باشقارمىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ، ئىبراھىم ھەمدى ۋەقەسىگە چېتىشلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزئارا پىكىرلىشىشىگە ، يۈز كۆرۈشۈشىگە رۇخسەت يوق ئىدى . ئۇلار تاكى ساراڭ بولۇپ قالغانغا ياكى قىيناشقا چىدىماي ئىبراھىم ھەمدى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەنگە قەدەر ئايرىم - ئايرىم كامېرغا سولىناتتى . ھەركۈنى ئەتىگەندە ئۇلارغا ھاجەتخانىغا چىقىش ، شامالداش ئۈچۈن ئون مىنۇت ۋاقىت بېرىلەتتى ، لېكىن ئۇلار نۆۋەت بويىچە بىردىن - بىردىن چىقىرىلاتتى .

تۆمۈر ئىشىكلەر ئېچىلىپ ، مەھبۇسلار ھاجەتخانىغا مېڭىشقا باشلىدى . بىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككىنچىسى ماڭدۇرۇلدى .

مەھبۇسلار تۈرمە ساقچىلىرىدىن تۈنۈگۈنكى ئىشنى بىلىشكە تىرىشتى . بۇ يەردە خەۋەر تۈرمە سىرتىدىكىدىن تېز تارقىلاتتى .

خەۋەرلەر چىڭ ئېتىكلىك ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقىدىن، كىچىك تۆشۈكلەردىن ھەرقايسى كامېرلارغا يېتەتتى. بۇ خەۋەرلەر ئىچىدە تۈرمە باشلىقىنىڭ خوتۇنى ھەققىدىكى گەپلەر، بىرەرسىنىڭ ئىقرار قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بولاتتى…

بۈگۈن ئەتىگەن تۈرمە ئىچىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئاجايىپ بىر خەۋەر تارقالدى: ساقچىلار بىرىيگىتنى تۇتۇپ كەپتۇ، ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، ئۇنى كاپىتان دەباغ ئۆزى ئەكەپتۇ ۋە قىيناپ سوراق قىپتۇ. ئۇ يىگىت ئۆلۈپ قاپتۇ، جەسىتى 8 ـ نومۇرلۇق كامېردا ئىكەن.

16 ـ كامېردىكى مەھبۇس شامالداش تۆۋىتى كەلمەستىنلا ۋارقىرىدى:

— ھەي 9 ـ! ھەي 9 ـ! ئاڭلاۋاتامسەن؟

— ھە، نېمە ئىش؟ — 9 ـ كامېردىكى ئادەم جاۋاب بەردى، — ئۇلار 8 ـ كامېردىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. سەن بىقىنىڭدىكى كامېردىن بىرەر شەپە ئاڭلىدىمىدىڭمۇ؟

ھايال ئۆتمەي 9 ـ كامېردىكى مەھبۇس جاۋاب بەردى:

— ياق! ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم. ئۇ كامېردىكى ئادەم ئۆلگەندەكلا قىلىدۇ، شەپە يوق!

— ئاشۇ ئەبلەخلەرنىڭ قىلغان ئىشى بۇ. ئەمدى بۇ ئىش بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كېلىدۇ. بۇ يەردىن قىيىنىلىپ ئۆلمىگۈچە چىقىپ كەتمەك تەس ئوخشايدۇ. ئۇلار تۈنۈگۈن ئاخشام تۇتۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم. مەن 11 ـ كامېردىن سوراپ باقاي…

گۈندىپايلار باشلىقى ھويلىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، پەتھا، گەپ قىلىشماڭلار!

9 ـ كامېردىكى مەھبۇس ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سۆزلەۋەردى:

— ھەي، 11 ـ! ھەي، 11 ـ! ئۇلار 8 ـ كامېرغا ئەكېلىپ سولىغان كىم ئىكەن؟

11 ـ نومۇرلۇق كامېردىن جاراڭلىق بىر ئاۋاز ياڭرىدى:

— ياق ، بىلمىدىم . ھەممە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ ، دېيىشىۋاتىدۇ .
— تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇلارنىڭ كامېرغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم .
تۆيۈقسىز 12 - كامېردىن تىترىگەن سادا چىقتى :
— ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمۇ؟ مۇھىيدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمۇ؟
ئارقىدىنلا ئۇ كامېرنىڭ تۆمۈر ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلدى .
— ئىشىكنى ئېچىش مۇناپىقلار ! ئىشىكنى ئېچىش ! مەن سەنلەرنىڭ قېنىڭنى ئىچىمەن ! ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !
16 - كامېردىكى ئادەمنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :
— ھەي ئىنىم ، مۇھىيد دېگەن كىم؟ ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى نېمە؟
— مۇھىيد مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم ، — جاۋاب بەردى ھېلىقى تىترىگەن ئاۋاز ، — ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ، دەباغ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ...
ئارقىدىن ھۆكرەپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى .
— جانغا جان ئالىمىز ! — ۋارقىرىدى 11 - كامېردىكى مەھبۇس .
— جانغا جان ئالىمىز ! — باشقا كامېردىكىلەرمۇ تەڭلا ۋارقىرىدى .
— مىسىر ئۈچۈن ئۆلىمىز ! ياشىسۇن مىسىر ! — ۋارقىرىدى باشقا كامېردىن بىرى .
— مىسىر ئۈچۈن ئۆلىمىز ! ياشىسۇن مىسىر !— باشقا كامېردىكىلەرمۇ ئەگىشىپ ۋارقىرىدى .
— ھۆمامنى جەھەننەمگە يوللايلى ! دەباغنىڭ ئىت كاللىسىنى يانجىۋېتەيلى ! — 3 - كامېردىكى مەھبۇس توۋلىدى .
بۇنىڭغا باشقا مەھبۇسلارمۇ قوشۇلدى :

— ھۆمانى جەھەننەمگە يوللايلى ! دەباغنىڭ ئىت كاللىسىنى يانجىۋېتەيلى !

— ھەقىقىي جىنايەتچىنى يوقىتايلى ! — 4 - كامېردىكى مەھبۇس توۋلىدى .

باشقا مەھبۇسلارمۇ قوشۇلدى :

— ھەقىقىي جىنايەتچىنى يوقىتايلى !

بىر ئىشىك ئۇرۇلدى . بۇ ئالدىن كېلىشكەن بەلگە بولۇپ ، شۇئان باشقا مەھبۇسلارمۇ كامېردىكى چېلەكنى ئىشىككە بىر خىل رىتىمدا خۇددى ئىشىكنى چېقىۋېتىدىغاندەك قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى . بۇ ئاۋاز پۈتۈن تۈرمىنى لەرزىگە سالدى .

نۆۋەتچى ساقچى ئەمەلدارى تۈرمىگە يۈگۈرۈپ كىردى . ئۇ كەينىدىن تۇزەپ تۇرۇپ گۇندىپايلار باشلىقىغا ۋارقىرىدى :

— ھوي ، نېمە ئىش بولدى ؟ بۇ نېمە گەپ ؟

گۇندىپايلار باشلىقى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىدى :

— ئۇلار 8 - كامېردا بىرى ئۆلۈپ قاپتۇ ، دېيىشىۋاتىدۇ .

— ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاڭلار ! ئەمدى ئۇلارنى ھاجەتخانىغا چىقارماڭلار ، ئۇلارغا قاچان تاماق بېرىش ئىشىدا مېنىڭ ئۇقتۇرۇشۇمغا قاراڭلار ! — دېدى ساقچى ئەمەلدارى .

ئۇ ئىچكىرىگە كېتىۋېتىپ ، كەينىدىكى گۇندىپايلار باشلىقىغا :

— يۈر مەن بىلەن ، — دېدى . ئۇلار 8 - كامېرغا قاراپ ماڭدى .

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان كامېرلاردىكى مەھبۇسلار ، ساقچى ئەمەلدارىنىڭ 8 - كامېرغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىراشتىن توختىدى . قەلبىدىكى غەزەپنى بېسىپ ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى .

ساقچى ئەمەلدارى كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا قارا يەردە ، دەباغ ياساپ بەرگەن «سازلىق»تا ياتقان مۇھىيدىنى كۆردى . ئالاقزادە بولغان ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ باقتى . ئۇ ئۆلمىگەن بولۇپ ، يۈرىكى سوقۇۋاتاتتى . ساقچى

ئەمەلدارى ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى ، قولى مۇزدەك سوغۇق ، تومۇرىنىڭ سوقۇشىمۇ ئىنتايىن ئاجىز ئىدى .

ساقچى ئەمەلدارى ئىشكنى قۇلۇپلاپ تاشقىرىقى هويلىدىكى ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى .

— ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ! ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ! …

تۇرمە كامېرلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇش يەنە باشلاندى .

بىر تۇرمە ساقچىسى هەمراهىغا قاراپ قويدى ـ دە ، گەپمۇ قىلماي يەرگە تۈكۈردى .

ساقچى ئەمەلدارى ئىشخانىغا كىرىپلا قىزىل تەقيىسىنى كىيدى ـ دە ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ بىر نومۇرنى بۇرىدى .

— هۇمام بەگ بارمۇ ؟ — ئالاقىزادىلىك بىلەن سورىدى ئۇ ، — ئۇنى چاقىرىپ قويسىڭىز … مەن چەت ئەللىكلەر تۇرمىسى .

— جانابلىرى ، — مۇراجىئەت قىلدى ئۇ هۇمام بەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، — 8 ـ كامېردىكى تۈنۈگۈن ئەكەلگەن جىنايەتچى بەك خەتەرلىك ئەهۋالدا ، ئۆلمىدىغاندەك تۇرىدۇ … تېخى ئۆلمەپتۇ . خوپ … شۇنداق جانابلىرى ! — ئۇ هۇمام بەگنىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلاپ جاۋاب بەردى ، — شۇنداق … بولىدۇ ، جانابلىرى !

ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدى ـ دە ، تۇرمىگە كىرىپ 8 ـ كامېرنى ئاچتى ۋە يېنىدىكى گۇندىپايلار باشلىقىغا بۇيرۇق قىلدى :

— تېزدىن بىر كارىۋات ئەكىلىڭلار ! ئىككى ئادەم سۇلارنى سۈرتۈۋەتسۇن !

هايال ئۆتمەي ئۇلار كارىۋاتنى ئەكىلىپ جايىغا قويدى ـ دە ، مۇهىيدىنى ياتقۇزدى . ئىككى ساقچى سۇنى سۈرتۈشكە باشلىدى . تۈنۈگۈن سۇ سەپكەنلەرمۇ دەل مۇشۇ ئىككىسى ئىدى . ساقچى ئەمەلدارى مۇهىيدىنىڭ يۈرىكىنى يەنە تىڭشىدى ، يۈرىكى

سوقۇۋاتاتتى ، تېخى ئۆلمىگەنىدى . ئۇ مۇھىيدىننىڭ قولىنى تۇتتى . بۇ قول بىر پارچە مۇزنىڭ ئۆزى ئىدى ، تومۇرىنىڭ سوقۇشىمۇ بەك ئاجىز ئىدى . ئۇ ئامىياك سۈيىگە چىلانغان پاختىنى مۇھىيدىننىڭ بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىۋىدى ، مۇھىيد مىدىرلىمىدى ، پاختىنى يەنە مۇھىيدىننىڭ بۇرنىغا تىقىۋېتىدىغاندەك يېقىن ئەكەلدى . مۇھىيد بېشىنى سەل - پەل قىمىرلاتتىيۇ ، جىم بولدى . ساقچى ئەمەلدارى پاختىنى ئۈچىنچى قېتىم پۇرىتىشقا جۈرئەت قىلالماي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى .

بىر ساقچى 9 - كامېرنىڭ ئىشىكىگە يېقىنراق تۇراتتى . ئۇ ۋارقىراۋاتقانلارغا توۋلىدى :

— ئۇ ئۆلمەپتۇ ، تىنىقى بار ئىكەن !

ۋارقىراشلار ، ئىشىكنى ئۇرۇشلار خۇددى جاپا چەككەن سەپدىشىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك چىپپىدە توختىدى .

چارەك سائەتتىن كېيىن تۈرمىنىڭ تاشقىرىقى دەرۋازىسى ئېچىلدى ، كاپىتان دەباغ ئىتتىك مېڭىپ نۆۋەتچى ساقچى ئەمەلدارى ئولتۇرغان تۈرمە باشلىقى ئىشخانىسىغا كەلدى . نۆۋەتچى بىلەن سوغۇقلا سالاملاشتى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ئۇ قانداق ؟

— يۈرىكى سوقۇپ تۇرىدۇ ، ھوشىدىن كېتىپتۇ ! — دېدى نۆۋەتچى ئەمەلدار قېتىپ تۇرۇپ .

دەباغ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ، ئاندىن ساقچى ئەمەلدارنىڭ ئالاقزادىلىكتىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلدى :

— قورقماڭ ، ئۇ ئۆلمەيدۇ !

— تۈرمە باشلىقى تېخى كەلمىدىمۇ ؟ — سورىدى ئۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ .

— ئۇ ھازىرلا كېلىدۇ ، جانابلىرى !

— ئۇ ئالدىرىمايدۇ . ھەممە ئىشنى بىز قىلساق بولىدۇ ! — دېدى دەباغ كىنايە قىلىپ .

دەرۋازا ئېچىلىپ ھۇمام بەگ كىرىپ كەلدى . ئۇ دەباغ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ساقچى ئەمەلدارى بىلەن مۇنداقلا سالاملاشتى . ساقچى ئەمەلدارى تۇرمە باشلىقى ياردەمچىسىنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى .

— ئەگەر ئۇ ئىقرار قىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە چاتاق بولىدۇ ! — دېدى دەباغ .

— بۇ ئادەملەرنى چۈشەنمەيلا قالدىم ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئېيتمايدىغاندۇ ؟ — دېدى ھۇمام بەگ ساختا مۇلايىملىق بىلەن .

دوختۇر كەلدى . ئۇنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۇس ئالغان ، گۆشلۈك يۈزىدىن سۆرۈنلۈكى چىقىپ تۇراتتى . ئەگەر بىرەرى سىزگە ئۇنى دوختۇر دەپ تونۇشتۇرمىسا ، ئۇنى چوقۇم جاللات ئوخشايدۇ ، دەپ قېلىشىڭىز تۇرغان گەپ .

ھۇمام بەگ بىلەن كاپىتان دەباغ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى . دوختۇرنى كامېرغا باشلاپ بېرىش ئۈچۈن دەباغ ساقچى ئەمەلدارىنى چاقىرىپ كىردى .

— كەچۈرۈڭ دوختۇر ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق . ئەمما ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ، قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ھۇمام بەگ ئۇلارنىڭ كەينىدىن .

دوختۇر تۇرمىگە كىردى . كامېر يوچۇقلىرىدىن كۆپلىگەن كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى ، ئەمما ئۇ كۆزلەرنى دوختۇر كۆرمەيتتى . دوختۇر 8 ـ كامېرغا كىرىپ مۇھىيدقا يىراقتىن قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايى ، تۈگۈلۈپ قالغان ئاجىز بەدىنى ، يېرىلغان كالپۇكىنى ، ئىششىپ كەتكەن يۈزىنى ، يەردىكى سۇنى كۆردى ، زەئىپ ئاڭلىنىۋاتقان تىنىقىنى ئاڭلىدى . ئاندىن ئۇ كامېردىن قاچقاندەك چىقتى ـ دە ، تۇرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى . ھۇمام بەگ بىلەن دەباغ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى . دوختۇر بىر ۋاراق قەغەزگە دىئاگنوزنى يازغاچ دېدى :

— ئۇ جىددىي خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي كېسەللىكىگە

گىرىپتار بوپتۇ . مېنىڭچە ، سىلەرگە مەسئۇلىيەت ئارتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياخشىسى ئۇنى دوختۇرخانىغا يۆتكەش كېرەك .

— دوختۇر ، دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمامدۇ ؟ — سورىدى دەباغ .

— خاتىرجەم بولۇڭ . مەن ئۇنىڭغا سوقۇر ئۈچەي دەپ دىئاگنوز قويدۇم ، ئۇ يەرگە ئاپارغاندىن كېيىن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن ، — دېدى دوختۇر سارغايغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ .

— بولىدۇ ، دوختۇر ! — دېدى ھۇمام كولۇپ ، — راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇلار بۇنداق ياخشىلىققا مۇناسىپ ئەمەس .

ھايال ئۆتمەيلا بىر قۇتقۇلدۇرۇش ماشىنىسى تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ساقچى ئەمەلدارى يەنە 8 ـ كامېرغا كىردى . ئىككى ساقچى ئۇنىڭ بىلەن كىرىپ مۇھىيدىنى كۆتۈرۈپ تاشقىرىقى ھويلىغا ئاچىقىپ جىرغىغا سالدى ، ئاندىن كۆتۈرۈپ ماشىنىغا ئالدى .

ماشىنا قوزغالدى ، مەلىكە نازىل كوچىسىغا ئاز قالغاندا ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋاينىڭ يېنىدىن ئۆتتى . بوۋاي خېلىلا ئېغىر سومكىنى كۆتۈرۈپ ئاستا مېڭىپ تۈرمىگە كېتىۋاتاتتى ، ئۇ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىدا ئۆلەي دەپ قالغان ئوغلىنىڭ ياتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن .

## 18

ئوغلى بىلەن جىيەنىنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن بوۋاي چاپىنىنى كىيدى ـ دە ، يەردە ھوشسىز دېگۈدەك ياتقان خوتۇنىنى ئىككى قىزىغا تاپشۇرۇپ سىرتقا چىقتى ۋە ساقچى مەھكىمىسىگە قاراپ كەتتى . چۈنكى ، ئوغلىنى تۇتۇپ كەتكەن ساقچى شۇ يەرگە بارىمىز ، دېگەنىدى .

ساقچى مەھكىمىسى بىناسى خەلق دەرۋازىسى مەيدانىدا گويا

ئەرۋاھتەك قارىسىپ تۇراتتى . ئىككى ئۆيدىنلا ئالۋاستىنىڭ كۆزىدەك سۇس چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى .
بوۋاي ئەندىشە ئىچىدە كىرىپ شۇ چىراغ يورۇقىنى ، يەنى ئالۋاستىنىڭ كۆزىنى ئىزدىدى . ئۇ بىر ساقچى ئەمەلدارىغا يولۇقۇپ ئوغلىنىڭ ساقچى مەھكىمىسىدە ئەمەسلىكىنى بىلدى ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى ئۇقالمىدى . ئۇلارنىڭ ئوغلىنى نەگە ئەكەتكەنلىكى نامەلۇم ئىدى .
بوۋاي ساقچى ئەمەلدارىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئۇزۇن كارىدورىدا بىر ساقچىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ـ دە ، ئۆيىگە قايتماي ئوغلىنى ساقلىماقچى بولدى . ئۇلار بەلكى ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قالار ، ئەمما بۇ ئۈمىدى يوققا چىقتى .
بوۋاي تۈنجى قېتىم قاھىرەنى قورقۇنچلۇق ، سىرلىق شەھەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى . قاھىرە ئۇ بىلىدىغان كوچىلاردىن ، ئىشىك نومۇرى ، ئىسمى بار بىنالاردىنلا تەركىب تاپقان ئەمەس ئىكەن ، ئۇ بەكلا يوغان ، ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن . بۇ شەھەردە ئۇ بىلمەيدىغان لەخمە ، ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان مەخپىي ئورۇنلار بار ئىكەن ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەر ئاستىدا بولسا ، بەزىلىرى ئېگىز تام بىلەن قورشالغانىكەن . بوۋاي ، مەن بىلىدىغان كوچىلارنىڭ ئاستىدا لەخمە بار ، ئۇلار ئوغلۇمنى شۇ يەرگە ئەكىرىپ كەتتى ، دەپ قىياس قىلدى . بەلكى مۇشۇ ساقچى مەھكىمىسىنىڭ ئاستىدىمۇ نەم ، قاراڭغۇ گەمە باردۇ ... بەلكى ئوغلى ساقچى مەھكىمىسىنىڭ بىناسىغا يانداش سېلىنغان ئېگىز تامنىڭ ئارقىسىدىدۇ ... ئەنە ، تامنىڭ ئۈستىدە سىم تور ، قورallıق ئەسكەرلەر پوستتا تۇرىدىغان قاراۋۇلخانا بار ئىكەن .
بۇ خىلمۇخىل تەشۋىشلىك خىياللاردىن بوۋاي ۋەھىمىگە چۈشتى ، تاقىتى تاق بولدى ، ھەتتا يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى . ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە پاتۇرالماي گويا كاپىتان دەباغنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندەك ئىختىيارسىز قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى .

دەباغىنىلا بوغۇپ دەردى چىقمايدىغاندەك يەنە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنى ، باش ۋەزىر ، ھەتتا پادىشاھنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كەلدى ... قولىدىن كەلسە ، ئۇ قىلچە رەھىم قىلماستىن ئۇلارنى بوغاتتى . ئۇلارنىڭ كانىيىنى بار كۈچى بىلەن بوغۇپ تۇرۇپ : «ئوغلۇم قېنى ؟ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار ! مۇھىيد قەيەردە ؟ » دەپ ۋارقىرىغان بولاتتى .

بوۋاي بۇ خىياللاردىن ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ بەكلا ئاددىي ، زەئىپ ، تۆۋەن ئورۇندىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى . بۇ نەرسىنى ئۇ ئىلگىرى ھېس قىلمىغانىدى ، ئۆزىنى غورۇرى بار ، ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ، دەپ بىلەتتى . شۇڭا ، ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ مىجەزى ئۆزىگە ياقاتتى ، ئائىلىسىدە ، بۇرادەرلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ شۇ ئۆزگىچە مىجەزى مەۋجۇت ئىدى . خىزمەتداشلىرى ئىچىدىمۇ ئۇ ناھايىتى غورۇرلۇق ئىدى . مانا ئەمدى ئۇ شۇ غورۇرىنى ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالمايۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن غورۇرى بولمىغاندەك ، ئۆيىدە ياكى خىزمەتتە بولسۇن ، ئۇنىڭغا ھېچقاچان ئۆزگىچە ، ھەقىقىي ، مۇقىم ، ئۇنى خاتىرجەم قىلغۇدەك مىجەز ـ خاراكتېر بولمىغاندەك تۇيۇلاتتى . بۇ دۆلەتتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزگىچە مىجەزى ، ھوقۇقى ياكى مەجبۇرىيىتى يوق ، مىسىردىكى ئادەملەر چىغرىقتا باغلاپ قويۇلغان ھايۋان ، ئۇلار بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە چۆرگىلەيدۇ ، خالىغانچە قامچا يەيدۇ . بۇ دۆلەتتە ساقچىلار خەقلەرنىڭ باللىرىنى خالىغانچە تۇتۇپ گەمىلەرگە ياكى ئېگىز تاملارنىڭ ئىچىگە مەخپىي سولاپ قويۇشىدۇ . خەقلەرنىڭ بولسا باللىرىنىڭ نەگە ئەكېتىلگەنلىكىنى بىلىش ھوقۇقى يوق .

بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىپ ، غەم يۈكلىرى ئاستىدا تۈگۈلۈپلا قالدى . يېنىدا ئولتۇرغان ساقچى ئۇنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى بولغاي :

— ئەپەندى ، بۇنداق ئولتۇرغىنىڭىز بىكار ، ياخشىسى ئۆيىڭىزگە كېتىڭ ! بۇ ئەپتىڭىزدىن يامان ئىش قىلىدىغاندەك

كۆرۈنمەيسىز ، — دېدى .

— ئۇلارنىڭ ئوغلۇمنى نەگە ئەكەتكەنلىكىنى ئۇقماقچىمەن ، — دېدى بوۋاي قەتئىي تۇردە ، — ئۇنىڭ دېرىكىنى بىلمىگۈچە كەتمەيمەن . تاڭ ئاتقۇچە بولسىمۇ ئولتۇرىمەن .

— بىلىسىڭىز قانداق قىلالايسىز ؟ — دېدى ساقچى ئۇھ تارتىپ ، — ھېچ نەرسە قىلالمايسىز ! ياخشىسى كېتىڭ .

ساقچى بوۋايغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئۇ نېمە ئىش قىلغان ؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن ، ئۇلار ئوغلۇمنى بىر سائەتنىڭ ئالدىدا تۇتۇپ كەتكەن !

— ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ ، ئاتا ـ ئانىلار بىكاردىن ـ بىكار غەم يەيدۇ ، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ ... ئوغلىڭىزنى سىياسىي ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىلالامسىز ؟ كىم بىلىدۇ ، ئوغلىڭىزنى زەھەرلىك چېكىملىك ساتقانلىقى ياكى ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۇتقاندۇ ؟

— ياق ! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ! ئۇنى دەباغ تۇتۇپ كەتكەن ...

— ئۇ ئۆزى باردىمۇ ؟ — ساقچى چوڭ بىر ئەربابنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندەك ھەيران بولۇپ سورىدى ، ئاندىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ بوۋاينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ، — ئوغلىڭىزنى چەت ئەللىكلەر تۈرمىسىگە بېرىپ ئىزدەڭ ! ئۇ بېكەتنىڭ يېنىدا . كاپىتان ئىشنى شۇ يەردە قىلىدۇ . گۇمانلىق دەپ تۇتقان ئادەملىرىنى ئۇدۇل شۇ تۈرمىگە ئاپىرىدۇ .

— تۈرمە ! — بوۋاينىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ ئىختىيارسىز تۇۋلىۋەتتى ، — سوراقمۇ قىلماي تۈرمىگە سولامدۇ ؟

— بوشراق سۆزلەڭ ! سوراقنىمۇ شۇ يەردە قىلىدۇ !

بوۋاي قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى :

—بۇ گېپىڭىز راستمۇ ؟

— ئەپەندى ، نېمىشقا راست بولمايدىكەن ؟ بىزدەك بۇ ئىشنى

قىلىدىغانلار نېمىنى بىلمەيدۇ دەيسىز ! — دېدى ساقچى ئۆزىچە ماختىنىپ .

بوۋاي ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى . كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ چەت ئەللىكلەر تۇرمىسىگە كەلدى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ تامنىڭ يېنىغا كېلىشىگە ، ئۇدۇل تەرەپتىن بىر قاراۋۇل مىلتىقىنى تەڭلەپ ۋارقىرىدى :

— توختا !

بوۋاي تام تۈۋىدىن كېتىپ يىراقتىن قاراشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ تۇرمىگە قاراپ ، ئۇنىڭ ھەرقانداق يېرىگە ئوغلىنى قاماپ قويۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە ئەتراپتىكى ھەممە تاشقا چىقىپ تۇرمىگە قاراپ باقتى .

بوۋاي تۇرمە دەرۋازىسىنى ئۇرۇش نىيىتىدىن يېنىپ ، يەنە كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى .

بوۋاي ئۆزىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىدىن بەكمۇ مەيۈسلەندى ، ئوغلىنى تاپالمىغانلىقىدىن ئازابلاندى . ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭدا ئوغلىغا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر خىل تۇيغۇ پەيدا قىلدى . ئوغلىنىڭ ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈشىگە ئۆزى سەۋەبچى . چۈنكى ، ئىبراھىم ھەمدىنى ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ ئوغلىنى بالاغا تىقتى ... ساقچى نېمىشقا ئۇنى تۇتماستىن ئوغلىنى تۇتقاندۇ ؟ ئۇ نېمىشقا ساقچىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ، ئىبراھىم ھەمدىنى مەن تۇرغۇزدۇم ، دەپ ئىقرار قىلمايدۇ ؟ بۇ ساقچىلار ئەجەبمۇ دۆت ـ ھە ! ئۇلار ياشلارنى مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، دەپ بىلسە كېرەك . ئۇلار ئۆزىدەك قېرىنىڭمۇ ئوغلى بىلەن بىللە شۇنداق ئىشلار قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتۇ . دادا بولغاندىكىن ، ئۇ ئوغلى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشى لازىم ! ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى كېرەك ! ئۇ ئەمدى قېرىدى ، ئوغلىنىڭ كېلەچىكى بار . كېلەچەكنى يوق قىلىشقا بولمايدۇ . بىراق ، ساقچىلار ئۇنىڭ جان پىدالىقىغا رۇخسەت قىلامدۇ ؟ ئەگەر ئۇ بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ، مۇھىيدىنى قويۇپ بېرەرمۇ ؟...

بوۋاي خېلى ئۇزۇن ئويلىدى .

ئۇ ئۆيىگە كىردى . ساقچىلار ئاختۇرۇش قىلغاندا بۇزۇلغان جابدۇقلار ھەممە يەردە چېچىلىپ تۇراتتى . ئۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ھۇجرىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ قالدى ۋە قەددىنى رۇسلاپ ، ئۆزىنى تېتىكرەك تۇتۇشقا تىرىشىپ ئاستا ئۆيگە كىردى .

موماي كارىۋاتتا تورۇسقا تىكىلىپ ياتاتتى ، كۆز ياشلىرى مەڭزىدە توختاپ قالغانىدى . خۇددى يېرىلىپ كەتمىسۇن دېگەندەك بېشىنى ياغلىق بىلەن چىڭ چىگىۋالغانىدى . سامىيە كارىۋاتنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ ئاپىسىنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى ، ناۋال كارىۋاتنىڭ يەنە بىر چېتىدە تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ قول ، بىلەكلىرىنى بېسىۋاتاتتى . ئۇلار غەمكىن بولۇپ ، گەپ قىلىشمايتتى . ئۆيدە بىر خىل خۇش بۇي ھىد بولسىمۇ ، ئىسپىرتنىڭ پۇرىقى ئۇنى بېسىپ كەتكەنلىكتىن ، ئۆي ھاۋاسى دوختۇرخانا ياتاقلىرىنىڭكىدەك ئىدى .

ئىككى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا تەقەززالىق ئىچىدە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

موماي ئېرىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك ئېغىر گەۋدىسىنى قىمىرلىتىۋىدى ، كارىۋات غىچىرلاپ كەتتى . موماي ئېرىنىڭ ئۇندىمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ توۋلاپ كەتتى :

— ئۇ قەيەردە ئىكەن ؟ نېمىشقا بىللە ئەكەلمىدىڭ ؟ ئۇنى نېمىلەر قىلىۋېتىپتۇ ؟

— خوتۇن ، خاتىرجەم بولساڭچۇ ! ھەممە ئىش جايىدا … — دېدى بوۋاي زورىغا كۈلۈمسىرەپ .

— ئۇنى كۆردىڭمۇ ؟ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىڭمۇ ؟ — موماي يەنە سورىدى .

— كۆردۇم . ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرۇپ خاتىرجەم بولدۇم ! — دېدى بوۋاي ۋە يالغان ئېيتقانلىقىنى كۆزۈمدىن بىلىۋالمىسۇن دەپ ، دەرھال يەرگە قارىۋالدى .

— نېمىشقا ئۇنى بىللە ئەكەلمىدىڭ ؟ دادىسى ، مېنى ئالدىيالمايدىلا ! مېنى ئالداۋاتقانلىرىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ !

— تەھىيە ، سېنى نېمىشقا ئالدايتتىم ؟ گېپىمگە ئىشىنىپ خاتىرجەم بولغىنا ! — دېدى بوۋاي ئۆزىنى تەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ، — ئۇ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ قالدى ...

— دادىسى ، ئۇنى يالغۇز شۇ يەردە قويۇپ كېلىشكە كۆڭۈللىرى قانداق چىدىدى ؟ ۋاي ئوغلۇم ، ئوبدان ئوغلۇم ، ھازىر ئۇنى قانداق قىيناپ كېتىۋاتقاندۇ ؟ — موماي يىغلاپ كەتتى .

ئىككى قىز ئاپىسىنىڭ غولىنى سىلىدى .

— بولدى ، ئاپا ! ئەمدى يىغلىمىغىن ! — دېدى ناۋال .

— يېتىۋالغىن ئاپا ! — دېدى سامىيە ئاپىسىنى يانتۇزماقچى بولۇپ ، — ئۆزۈڭنى قىينىما . دادام ، مۇھىيد ھېچ نەرسە بولماپتۇ ، دېدىغۇ !

— تەھىيە ، ئۇنداق قىلمىغىن ! — دېدى بوۋاي ، — كىچىك بالىدەك ئىش قىلما ! سەن ئەقىللىق ، چىداملىق ، بەرداشلىق ئىدىڭغۇ . مەن ھازىر سېنىڭ ياردىمىڭگە بەكمۇ موھتاج . يىغلىمىغىن ، بىز مەسلىھەتلىشىۋالايلى . مۇھىيد ياخشى ئىكەن ، گېپىمگە ئىشەن . تەپتىش ئەمەلدارى ئەتە بارىمەن دەپ تېلېفون بېرىپتىكەن ، مۇھىيد ساقلاپ قالدى ... خاتىرجەم بولغىن . ئەھۋالنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

موماي يىغلاۋەردى ...

— مەن مۇھىيدنىڭ ئۆيىدە بىردەم يېتىۋالاي ، ئەتە ئەتىگەندە يەنە بارىمەن .

بوۋاي شۇنداق دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ، ئىشىكتىن چىقىپلا چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىدى .

— قىزىم ، داداڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار ، مەن ياخشى . ناۋال ، داداڭغا يەكتەكنى ئاچىقىپ بەر ! سامىيە ، داداڭ روزا تۇتىدىغان بولسا ، تامىقىنى ئاچىقىپ بەرگىن !

ئىككى قىز ئارىسالدىلىق بىلەن ئاپىسىغا قارىدى ، ئاپىسىنىڭ بوۋايدىن خاتىرجەم بولمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدىغانلىقىغا كۆزى

يېتىپ ئورنىدىن تۇردى . ناۋال دادىسىنىڭ يەكتەكنى ئېلىپ ھەدىسى بىلەن بىللە مۇھىيدىنىڭ ھۇجرىسىغا ماڭدى .
دادىسى ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتكەن ئۆيدە مۇھىيدىنى ئىزدىمەكچى بولغاندەك ، ئەتراپىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇراتتى . كۆز چانىقى ياشقا لىق تولغانىدى .
— دادا ، نېمە بولدى ؟ — ئىختىيارسىز ئالدىراپ سورىدى ناۋال ، — سىلىمۇ ئاپامغا ئوخشاش بولۇۋاتامدىلا ؟
— بوشىراق سۆزلە ! — دېدى دادىسى يالۋۇرغاندەك ، — ئاپاڭنى ئاڭلىماي قالمىسۇن دەۋاتامسەنيا ؟
— سالىسىلا دادا ! — دېدى سامىيە دادىسىنىڭ چاپىنىنى تارتىپ ، — بىردەم دەم ئېلىۋالسىلا !
— سىلەرگە بىر گەپنى ئېيتاي ، — دېدى بوۋاي سامىيەنىڭ قولىنى يەلكىسىدىن بوشىتىپ جىددىي ھالەتتە بوشقىنا ، — ئاپاڭلار بىلمىسۇن . مۇھىيد تۇرمىدە ئىكەن ...
قىزلار چۆچۈپ تەڭلا توۋلىۋەتتى .
— ئابدۇل ھەمدىچۇ ؟ — سورىدى سامىيە دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ .
— مۇھىيد بىلەن بىللە ئىكەن ، — جاۋاب بەردى بوۋاي بېشىنى سىلىپ .
— ساقچىلار نېمىنى بىلىۋاپتۇ ؟ — سورىدى ناۋال .
— ئۇقمىدىم . مۇھىيدنى كۆرەلمىدىم . ئۇلارنى تۇرمىگە — چەت ئەللىكلەر تۇرمىسىگە ئەكەتكەنلىكىنى بىلەلىدىم .
ئۇچەيلەن ھەسرەت ئىچىدە سۇكۇتكە پاتتى . ھەربىرى خىيالىدا تۇرمىنى ، ئۇنىڭدىكى مۇھىيدنى كۆرگەندەك بولدى .
خېلىدىن كېيىن سامىيە ئېغىز ئاچتى :
— دوستۇم خەدىچەنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ساقچى ئەمەلدارى ئىدى . شۇنىڭغا دەپ باقساق ، ياردىمى تېگەرمىكىنتاڭ .
ھېچكىم جاۋاب قىلمىدى . بوۋاي نېمە قىلارنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغاندەك ئۈنسىز ئولتۇراتتى . خىيالغا پاتقان ناۋال

ئىبراھىمنى ئويلاۋاتاتتى ، كۆڭلىدە ئۇنى چوقۇم تاپىمەن ، ئاكامنى شۇ قۇتۇلدۇرالايدۇ ، قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى شۇ بىلىدۇ ، ئۇ ھەممە ئىشنى بىلىدۇ ، دەۋاتاتتى .

— سىلەر مۇھىيدىننىڭ كېچىلىك كىيىمى ، ئالماشتۇرىدىغانغا كۆڭلەك ، شىم ، لۆڭگە ، سوپۇن قاتارلىقلارنى سومكىغا سېلىپ بېرىڭلار ، ئەتە ئەتىگەندە مۇھىيدقا ئاپىرىپ بېرىمەن .

قىزلار كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا چۈشتى .

پۈتۈن ئائىلىنى قايغۇ ، ئەنسىز جىمجىتلىق قاپلىدى .

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە بوۋاي مۇھىيدىننىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى . بىر باققالنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۈچ يېرىم كىلو بانان ئالدى ـ دە ، مەلىكە نازىل كوچىسىغا بارىدىغان ترامۋايغا چىقتى . بېكەت مەيدانىغا بىر بېكەت قالغاندا تراموايدىن چۈشتى . ئۇ تۈرمە تېمىنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا ، بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ماشىنىدا قاتتىق ئازاب چەككەن ، قىينىلىپ گەپتىن قالغان ئوغلىنىڭ ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى .

بوۋاي دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ، سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ ئاندىن ئورۇق قولى بىلەن تامدىكى كۇنۇپكىنى باستى .

دەرۋازىدىكى كىچىك كۆزنەك ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن قىزىل ئاغزى ئەتراپىدىكى بۇرۇت ـ ساقاللىرى تۈكلۈك قۇرتلار ئولىشىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان قوپال ، بۇتتەك بىر چىراي كۆرۈندى .

— ھەي ، سەن كىم؟ — دەپ قوپاللا سورىدى ئۇ .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! مەن مۇھىيد مۇستاپانىڭ دادىسى بولىمەن ، ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك ئەكەلگەندىم ، — دېدى بوۋاي قول باغلاپ تۇرۇپ .

ساقچى كۆزنەككە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ بوۋاينىڭ قولىدىكى سومكىغا قارىدى ، باناننى كۆرۈپ تىلىنى تامشىدى ، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىشكنى ئېچىشىغا كۇپايە قىلىدىغاندەك :

— جىندەك تۇرۇپ تۇر ! — دېدى ـ دە ، كۆزنەكنى ياپتى .

بوۋاي خېلى ئۇزۇن تۇردى . ئاخىر سومكىنى يەرگە قويۇپ ئۈستىدە ئولتۇردى . ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ساقلىدى . بىر چاغدا كىچىك ئىشىك ئېچىلدى . ھېلىقى ساقچى :

— كىرگىن ! — دېدى .

بوۋاي ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ سومكا بىلەن بانانىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىگە كىردى . خۇددى ئىشىكتىن كىرىپلا ئوغلىنى كۆرىدىغاندەك چىرايى ئېچىلىپ كەتتى .

ساقچى ئۇنى تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى . بوۋاي كىرىپلا ئەتراپىغا قاراپ مۇھىيدنى ئىزدىدى . ئەمما ، ئۇ مۇھىيدنى ئەمەس ، ئۈچ ساقچىنى كۆردى . ئۇلارنىڭ بىرى كاپىتان دەباغ ئىدى .

بوۋاي بالامنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ ، دېگەندەك يالۋۇرۇش بىلەن دەباغقا قارىدى . دەباغ يالغان ھىجىيىپ قولىنى ئۇزاتقان ھالدا بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى :

— مەرھابا ، مەرھابا ! ئەسسالامۇئەلەيكۇم زاھىر ئەپەندى !

دەباغنىڭ قولى ئاۋۋال سومكا بىلەن بانانغا تەگدى ، ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ :

— بۇلارنى مۇھىيدقا ئەكەلدىڭىزمۇ ؟ بولىدۇ ! بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا ! — دېدى .

ئۇ زاھىر ئەپەندىنى ئىشخانىنىڭ بىر چېتىدىكى ساپاغا ئولتۇرغۇزدى . ئۆزى ياندىكى چىغ ئورۇندۇققا ئولتۇردى . قالغان ئىككى ساقچى ئۆز ئىشى بىلەن بولدى .

— ئەپەندى ، خاتىرجەم بولسىلا ، مۇھىيد ياخشى !

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولامدۇ ؟ — سورىدى بوۋاي ئالدىراپ سۇرۇلۇپ .

— ئالدىرىمىسىلا ! راستىنى ئېيتسام ، مۇھىيد مېنىڭ ئاچچىقىمنى سەل كەلتۈرۈپ قويدى . قارىغاندا ، باشقا بالىلار ھېچنېمىنى ئېيتما دەپ ، ئۇنى ئۆگىتىپ قويغان ئوخشايدۇ ، مەن

ئۇنى گەپنى ئوچۇق ئېيتىپلا ئۆيىگە قايتىپ دەرسىنى ئوقۇسۇن، دېگەنىدىم.

بوۋاي لاسسىدە بولۇپ كەينىگە ئۆزىنى تاشلاپ سورىدى:

— جانابلىرى ئۇنىڭغا نېمىنى ئېيتقۇزىدىلا؟

— ئىبراھىم ھەمدى توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىنى ئېيتقۇزماقچىمەن. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئىبراھىم ھەمدىنىڭ نەرسىلىرىنى تېپىۋالدۇق. شۇڭا، ئىبراھىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلسەكلا بولاتتى. بولمىسا، قېنى سىلى ئېيتىپ باقسىلا، يېقىندىن بۇيان مۇھىيدىنىڭ غەلىتە ئىشلىرىنى سەزدىلىمۇ؟ ئۇ بەك كەچ قايتامدۇ؟ دائىم ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بارامتى؟ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار...

— جانابلىرى، بۇنداق ئىشلار زادىلا بولمايتتى! — دېدى بوۋاي ئۇھ تارتىپ، — مۇھىيد بۇنداق ئىشلارنى قىلمايتتى. ئۇ مۇشۇنچىلىك بولغۇچە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىغان، ئىبراھىم ھەمدى ياكى باشقا ئادەملەرنى تونۇمايدۇ.

— مەنمۇ ھەيران بولدۇم، — دېدى دەباغ ئەپسۇسلانغاندەك، — راستىنى ئېيتسام، مەن مۇھىيدىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان، بۇ يەردە ئۇنىڭ دېلوسىمۇ يوق ئىدى. كىم بىلىدۇ؟ ئۇ بەلكى بىزدىن يوشۇرۇپ يۈرگەندۇ!

— يوقسۇ، جانابلىرى! ئۇنىڭ ئەزەلدىن سىياسىي بىلەن كارى يوق ئىدى، مەن ئۇنى شۇنداق ئۆگەتكەن.

— گېپىمنى ئاڭلىسىلا! مەن سىلىگە ئۇنى كۆرسىتەي، ئۇنىڭغا بىلگىنىڭنى ئېيتىپ بەرگىن، دەپ نەسىھەت قىلىپ قويسىلا، بىلىشلىرى كېرەككى، ئۇنىڭغا ئارتىلغىنى كىچىك جىنايەت ئەمەس! شۇ جىنايىتى ئۈچۈنلا ئاز دېگەندە ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتىدۇ، ئەگەر ئېيتىپلا بەرسە، بەش مىڭ فوند سىتېرلىڭ ئىنئام ئالىدۇ.

— مەن ئۇنى ھازىرلا كۆرەمدىمەن؟ — ئالدىراپ سورىدى بوۋاي.

دەباغ مۇھىيدىنىڭ بەدىنىدە جاراھەت ئىزلىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ:

— ياق، ھازىر بولمايدۇ. ھەربىي ئەمەلدارنىڭ تەستىقىنى ئالىدىغان ئىش. مەن بىر ئامال قىلىپ باقاي، سىلى ئۆگۈنلۈككە ساقچى مەھكىمىسىگە كېلىپ مېنى ئىزدىسىلە! — دېدى.

— ئۇنى بىرلا كۆرۈۋالسام خاتىرجەم بولاتتىم!

— خاتىرجەم بولۇۋەرسىلە! مەن كېپىل، غەم قىلمىسىلا! ئۆگۈنلۈككە مېنى ئىزدىسىلە! — دېدى دەباغ ھېجىيىپ.

— بۇ نەرسىلەرنى قويۇپ كەتسەم بولامدۇ؟ — دېدى بوۋاي ھەسرەت بىلەن.

دەباغ باشتا بوۋايغا ئوغلىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى، ئويلىنىپ كۆرۈپ بۇ نىيىتىدىن ياندى:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ! مەن ئاپىرىپ بېرىمەن!

— رەھمەت! — دەرمانسىز ھالدا جاۋاب بەردى بوۋاي.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ تىترىگەن قولىدا دەباغ بىلەن قول ئېلىشىپ يېنىپ چىقتى. ئۇ بەكمۇ ئاستا ماڭاتتى. ھەر قەدىمىدە يىقىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ ترامۋايغا ئولتۇرۇپ خىزمىتىگە كەتتى.

ئۇ مىنىستىرلىقتا كېلىپ خىزمەتچىلەرنىڭ دەپتىرىگە ئىمزا قويدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سائەتكە قاراپ ئون يېرىم بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يېرىم سائەت كېچىككەنىدى.

بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم خىزمەتكە كېچىكىپ كېلىشى ئىدى. بوۋاي تۇرمۇش رىتىمىنىڭ پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

## 19

ناۋال ئىبراھىمنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئۇمىد باغلايتتى، ئەمما

ئىبراھىمنىڭ ئاكىسىنى تۈرمىدىن قانداق قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بەلكى ئۇ مۇھىيدىنىڭ تۈرمىدىن قېچىشىغا ياردەملىشەر، ئېھتىمال مۇھىيدىقا ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت تېپىپ بېرەر، ناۋال ھېچنېمىنى بىلمىسىمۇ، ئىبراھىمنىڭ مۇھىيدىنى قۇتۇلدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى.

ناۋال ئىبراھىمغا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇنىڭدىن رەنجىگەنلىكى، ئەيىبنى ئۇنىڭدا قويغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى قەھرىمان، رەھبەر، ئاكام، ياخشى كۆرگەن، كۆڭلۈم تەلپۈنىدىغان ئادىمىم، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئارتماقچى بولاتتى.

ئۇ بەلگىلەنگەن كۈننى كۈتمەستىنلا ئىبراھىمنى ئىزدەشنى ياكى ئىبراھىمنىڭ ئاغىنىسى پەتھى مەلىجنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ قولىغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى سۆيگۈنىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنمەكچىمۇ بولدى. ئەمما، يەنە ئىبراھىمنىڭ پىلانىنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورقتى. كىم بىلىدۇ، ساقچىلار شۇ تاپتا پەتھى مەلجىنى كۆزىتىۋاتقان، بەلكى ئۆزىنىمۇ نازارەت قىلىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ناۋال نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇ شۇ ياشلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يېنىغا قانداق بېرىشنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئىبراھىمدىن بىلىۋالغان ئىدىيە، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئويلاپ ئەتىلىككىچە تۇرۇپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى دۈشەنبە ئىدى.

ناۋال ئەينەك ئالدىدا كۆپ ھايالشىمىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭدا ئۆچرىشىشقا بارىدىغاندەك ھېسسىيات يوق، پۈتۈن ئوي - خىيالى ئاكىسى بىلەن نەۋرە ئاكىسىنىڭ دىشۋارچىلىقتا قالغانلىقىدىلا ئىدى. شۇڭا، ئىبراھىم ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەت شۇلارنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان ئادەم ئىدى.

ئۇ ئاپىسىدىن ئاسانلا رۇخسەت ئالدى. ئوغلىنىڭ تەشۋىشى ۋە

غىمىدىن يەتكۈچە ئىچ ئاغرىقى تارتقان ئانا قىزلىرى يۆلىمىسە كارىۋاتتىن چۈشەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئىككى قىزىغا قالغانىدى. ئۇ گۈنىسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىغا قاراپ، مەنلا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئۆينىڭ ئېغىر يۈكى بىچارە قىزلىرىمغا ئارتىلدى دەپ، يەنە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى.

ناۋال يۈرەكلىك ھالدا ئاپتوبۇس بېكىتى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئارقىسىغا چۈشكەندەك، مېنىڭمۇ ئارقامغا چۈشكەن ساقچى بارمۇ ـ يوق؟ دەپ ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ ماڭدى.

ناۋال يول بويى ئىبراھىم ئاكام ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلار، دېگەننى ئويلىدى. بەلكىم ئۇ مۇھىيدنى تۇتۇپ كەتكەن ساقچى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كېلەر...ياق! ئۇ ئەمدى يەنە ئادەم ئۆلتۈرسە بولمايدۇ. ناۋال ئىبراھىمدىن ئەندىشە قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئاكىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلا ئىش بولسا، ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى، بارلىق ساقچى ئەمەلدارىنىڭ، ساقچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بىراق ئۇلارنى ئىبراھىم ئۆلتۈرمىسۇن، دەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئامان ـ ئېسەن تۇرۇشىنى تىلەيتتى. ئۇنىڭغا ئاكىمۇ، ئىبراھىممۇ لازىم ـ دە.

ئۇ ئىبراھىمنى كۆرۈشۈشكە چوقۇم كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ، كاللىسىدىكى كەلمەيدۇ، دەيدىغان گۇمانلارنى يوق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. ياق! بۈگۈن ئىبراھىم چوقۇم كېلىدۇ، مۇھىيد تۈرمىدە ياتقاندا ئۇ بولمىسا بولامدۇ. ئىبراھىم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ، ئاكىسى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ فەنى مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراشلىرىدىن ئۇيىلىپمۇ كەتمىدى، ئىبراھىم بىلەن كۆرۈشۈش، ئاكىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنىلا ئويلىغاچقا،

باشقا ئىشلار بىلەن چاتىقى بولمىدى ، ھەي خالايىق ، شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى ، ناۋال شۇ تاپتا ئۇچرىششقا ئەمەس ، ئاكىسىنى قۇتقۇلدۇرۇشقا كېتىۋاتىدۇ .

ناۋال فەنى مەيدانىدىكى ئانوس دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا توختاپ ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك ، باتۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى . نەچچە مىنۇت ئۆتتى ... ئۇ ئەسەبىيلىششكە باشلىدى . كۆزلىرىدىكى باياتىنقى باتۇرلۇق ، قەيسەرلىك ئوتلىرىمۇ ئۆچتى .

يەنە بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى ... يېرىم سائەت ئۆتتى . ناۋالنىڭ گۇمانى راستقا ئايلاندى ، ئۇمىدى كۆپۈكتەك يوق بولدى ، شۇڭا ئىختىيارسىز ئاچچىقى كەلدى .

يەنە بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى ... قىرىق بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى . ئەمدى ئۇ كەلمەيدىغان بولدى . ئۇ مەسئۇلىيەتتىن قاچتى . ناۋالنىڭ ئاكىسى قولغا ئېلىنسا ، تۈرمىدە ياتسا ياكى دارغا ئېسىلسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ چاتىقى يوق ! ناۋال ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ ، جىمى ئادەم ئۆي بىلەن بىللە كۆيۈپ تۈگىسە ، ئۇنىڭ بۇرۇتى تەۋرىمەيدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى قېچىش ، جېنىنى ئەپقېچىش ...

ناۋال خاپا بولدى . ئۇ مۇشۇنداق شەخسىيەتچىنى قانداقمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ ؟ ئۇنىڭ نەرىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ ـ ھە ؟

بەلكى ناۋال خاتا ھالدا ئۇنى قەھرىمان دەپ ئويلاپ ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ . ئۇ قانداقمۇ قەھرىمان بولسۇن ؟ مانا ئۇ قېچىشنى بىلىپ ، ناۋالنىڭ ئاكىسى ۋە بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ تۈرمىگە سولانغانلىقى بىلەن كارى بولمىدى . ناۋال قەھرىمانىنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنىلا كۆزلەيدۇ ، باشقىلارنىڭ قۇربان بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرىدۇ ، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدى .

ناۋال نېمىشقا ساقچىغا بېرىپ ئاكىسىنى قۇتقۇلدۇرمايدۇ ؟ ئۇ نېمىشقا ساقچىلارغا ھەممە گەپنى ئوچۇق قىلىپ ، پەتھى مەلىجىنىڭ

تۇرار جايىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ؟ شۇندىلا ساقچىلار پەتھى ئارقىلىق ئىبراھىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالىدۇ. تۇرمىدە ئەسلىي ئاكىسى بىلەن نەۋرە ئاكىسى ئەمەس، ئىبراھىم ياتسا بولاتتى. چۈنكى، ئۇ دېگەن قەھرىمان، تۇرمە شۇنداق قەھرىمانلار ئۈچۈن ياسالغان. ئاكىسى بىلەن نەۋرە ئاكىسى قەھرىمان ئەمەس - دە!

ناۋالنىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى ... ياق! ئۇ ئىبراھىمنى ھەرگىز خاتالىشىپ ياخشى كۆرگەن ئەمەس! ئۇ ئۆيىدە بىر مەھەل تۇرغان يىگىتنى ياخشى كۆرگەن. ناۋال رېئال ئەھۋاللارنى كۆرگەن، ئەستە قالدۇرغان، كۆڭلىگە پۈككەن! ناۋالنىڭ ئاچچىقى يانغاندەك بولدى. ناۋال ئىبراھىمنىڭ يوغان كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، نېپىز لەۋلىرى، قەيسەرلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ئېڭىكى، سەل تارتىنچاقلىقى، سىپايە گەپ - سۆزلىرى، تەقى - تۇرقىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان ئالىيجانابلىقى، مەردلەرگە خاس جاسارىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ناۋال خۇددى ئۆزىنى بىر چەتتە ئىبراھىم، يەنە بىر چەتتە ئاكىسى تارتىۋالغاندەك گاڭگىراپ قالدى. سۆيگۈنى ۋە قېرىندىشىدىن قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمىدى. ناۋال ھەر ئىككىسىگە چىدىمايتتى. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن، تۇرمىدىكى ئاكىسىنى ئەسلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قېچىپ يۈرگەن سۆيگۈنىنى سېغىناتتى.

ناۋال ئۈمىدسىزلەندى. ئۈمىد دەرۋازىسى، ئىبراھىم كىرىپ ئۇنى ئاكىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان دەرۋازا ئېتىلمەكتە ئىدى.

ئۈمىدسىزلىك ناۋالنى گاڭگىرىتىپلا قويىدى. ئۇ پېشانىمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئويلاپ، ھەسرەت ئوتىدا پۇچۇلىنىپ ئۆيىگە قايتتى. يول بويى «ئاھ خۇدا! ئاھ زەينەپ[①] ... ئاھ ھۈسەيىن![②]» دەپ نالە قىلدى.

ناۋال ئۆيىگە كېلىپ ھەممە بىلەن تەڭ ھەسرەتكە — مۇڭغا

---

① زەينەپ — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ قىزى.
② ھۈسەيىن — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى.

پاتتى .
بوۋاي ئارىغا ئادەم قويۇپ ئوغلىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن جىق ھەرىكەت قىلىپ كۆردى . ئۇ باشلىقلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇدى ، ئۇلار ئېنىق بىرنېمە دېمىدى ؛ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا ئىشلەيدىغان بىر دوستىغا گەپ قىلىپتۇدى ، ئۇ دوستىمۇ تىلىنى چاينىدى ؛ ئاز ـ تولا تۇغقانچىلىقى بار پارلامېنت ئەزاسى — يىراق بىر تۇغقىنىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇدى ، ئۇمۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ھە ، دەپ قويدى . خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ ھەر خىل ئامال تېپىپ يول كۆرسەتتى .
بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان مۇھەممەد ئەنتىل ئىسىملىك خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى :
— راستىنى ئېيتقاندا ، سېنىڭ پۇلۇڭ ئاز . ئەگەر سەندە ئەللىك فوند ستېرلىڭ بولغان بولسا ، ھېچكىمگە يالۋۇرۇپ يۈرمەيتتىڭ . پۇلنى ئابدۇللا بەگنىڭ قولىغا تۇتقۇزساڭلا ھەممە ئىش ھەل بولاتتى . ئۇ پارلامېنت ئەزاسى ، گېپى بەك ئۆتىدۇ ، ئۇ گەپ قىلىدىغان بولسا ھەرقانداق ئىشىك ، ھەتتا تۈرمىنىڭ ئىشىكىمۇ ئېچىلىپ كېتىدۇ .
بوۋاي جىمى مال ـ مۈلكىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ ، ھەممىنى خەجلەپ بولسىمۇ ئوغلىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇۋىدى ، يەنە بىرنەچچە خىزمەتدىشى ئابدۇللا بەگ پۇلنى ئېلىۋېلىپلا ئىش ھەل قىلىپ بەرمەيدۇ ، دەپ ئۇنىڭ رايىنى ياندۇردى .
كەچقۇرۇن بوۋاينىڭ بېشىغا غەم چۈشتى ، خوتۇنىغا قانداق يالغان توقۇيدىغان ئىش ئەمدى ؟ ئەھۋالنى يوشۇرۇپ قىلىش ئۇچۇن :
— سوراق كېچىكتۈرۈلۈپتۇ . شۇڭا ، ئۇ بۈگۈن كېچىمۇ كېلەلمىگۈدەك ، — دېدى بوۋاي خوتۇنىغا .
— دادىسى ، سىلى ماڭا راست گەپنى ئېيتمايۋاتىدىلا ، — دېدى موماي ئۆھ تارتىپ ، — مېنى ئالدىمىسىلا ، نېمە ئىش بولغىنىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىلە . ئۇلار ئوغلۇمنى زادى نېمە قىلماقچىكەن ؟

ئۇنى تۈرمىگە سولاپ قويۇپتۇمۇ ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىمۇ ؟

— نەدە ئۇنداق ئاسانلا تۈرمىگە سولايدىغان ئىش بولسۇن ، خېلى ئۇزۇن تەكشۈرۈپ باقىدۇ تېخى !

— سىلى ئاسان ئەمەس دەيدىلا ، ئۇلار نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ ـ ھە ، ۋاي مۇناپىقلار ! — موماي بېشىنى چايقاپ ئولتۇرۇپ قايناپ كەتتى ، — ئاھ خۇدا ! ئۇلار بىزنى كۆرۈشتۈرمىدى ، ئۇلارمۇ قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ جۇدالىقنىڭ دەردىنى تارتىپ باقار ئىلاھىم ! ئاللا ئىگەم ، ئۇلار ياخشى ئادەملەرنىڭ باللىرىنى ئازابلىماقتا ، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەرگىن ، ئۇلارمۇ تارتقۇلۇقىنى تارتىپ باقسۇن !

موماي پەرىشانلىقىنى سېزىپ قالمىسۇن دەپ ، بوۋاي مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى .

ئېپتاردىن كېيىن ئۆيگە ھەقەمسايىلەر يىغىلدى .

ئۇلار خەۋەرنى ئاڭلاپ كىرىشكەن بولۇپ ، ھېچكىم مۇھىيدىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا چېتىشلىقى بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى ، بەزىلەر ھەتتا ئۇنى سىياسىي ئىش بىلەن قولغا ئېلىنغان بولماسلىقى مۇمكىن ، تارتىنچاق ، توخۇ يۈرەك بۇ يىگىتنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ياكى ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ ئوغرىلىق قىلغاندۇ؟ ياكى زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان ، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ، ئوقۇشنىمۇ بىر باشقا چىقارمىغان بىر نەرسە ... دېگەن قاراشتا بولدى . شۇڭا ، قولۇم ـ قوشنىلار بۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان ، ئىچ ئاغرىتقان بولسىمۇ ، زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا بولغان قىزىقىشىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى .

موماي ئايال قوشنىلىرىنى ياتقان ھالەتتە كۈتۈۋالدى . ئىككى قىزى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاكىسىنىڭ قانداق قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

نېمىشقا تۇتۇپ كەتتى ئۇنى دەپ سورىۋىدى ، قىزلارنىڭ بىرى :
— بىزمۇ بىلمەيمىز . تا ھازىرغىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .
-- بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە ئۇ ئەبلەخلەر قالايمىقان ئادەم تۇتىدىغان بولۇپ كەتتى . ئۇچرىغانلا ئادەمنى قولغا ئېلىۋاتىدۇغۇتاڭ ! — دېدى يەنە بىر قىزى قوشۇمچە قىلىپ .
ئاياللار تىلىنى چاكىلدىتىپ ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈشتى .
— ۋاي خۇدايىم ، ئۆزۈڭ بار ، مۇشكۈلىمىزنى ئاسان قىلغايسەن ! — دېدى موماي ئۇھ تارتىپ .
بوۋاي مېھمانخانا ئۆيدە قوشنىلىرىنى كۈتۈۋاتاتتى . ئۇمۇ بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئىشنىڭ جەريانىنى تەكرار سۆزلىدى . ھەر قېتىم سۆزلىگەندە بەزى يېڭى تەپسىلاتلار قوشۇلۇپ ، ئېيتىلىپ بولغانلىرىدىن بەزىلىرى چۈشۈپ قالدى ...
ئۇنىڭ ئاكىسى ، يەنى ئابدۇل ھەمدىنىڭ دادىسىمۇ كەلدى . ئۇ ئادەم ئىنىسىغا قارىغاندا ھاماقەت ، ياۋاش ئادەم بولۇپ ، تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق ئىدى . بولۇشىغىلا كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى . خوتۇنىغا بەكرەك يۆلىنىپ ، شۇنىڭ گېپى بىلەن ئىش قىلاتتى . ئۇ ئوغلىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ، ئىنىسىدىنمۇ بەتتەر ئالاقزادە بولۇپ كەتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمىگەچكە ، ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈشنىمۇ بىلمىدى . ھازىر خوتۇنىغا بىر نېمە دېيىش ئۈچۈنلا ئۆيدىن چىققان ، قەھۋەخانىدا بىردەم ئولتۇرۇۋېتىپ ، ئاندىن ئىنىسىنىڭكىگە كەلگەنىدى . ئۇ ئىنىسىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى خوتۇنىغا خۇددى ئۆزى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ كەلگەندەك ئېيتىپ بەرمەكچىدى .
ئۇ ئىنىسى قوشنىلىرىغا تەكرار ئېيتقان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ :
— بىزغۇ ئابدۇل ھەمدى ياخشى ئادەم بولمىدى ، دەپ بۇرۇنلا ئېيتقان . كىم بىلىدۇ ، ئۇ نېمىلەرنى قىلىپ يۈردى . لېكىن ، مۇھىد ئادەمگەرچىلىكى بار ، ئەدەپلىك بالا ئىدى ، ئۇنىڭ نېمە

گۇناھى باردۇ ئەمدى؟ — دېدى ئاكىسى.

— گۇناھى يوق. ئابدۇل ھەمدىنىڭمۇ گۇناھى يوق. ھەممىسى پېشانىمىزنىڭ تەتۈرلۈكىدىن، — دېدى مۇھىيدىنىڭ دادىسى.

ئۇنىڭ دوستى ئابدۇل پەتتاھ:

— بۇ قانداق گەپ؟ خۇدايىم بىزنى مۇشۇنداق كۈن كۆرسۇن دەپتىكەنمۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى بوزەك قىلغانلىق! بۇ ھۆكۈمەت جاللات! — دېدى.

— راستىنى ئېيتساق، دۆلىتىمىز بۇنداق كېتمۇەرسە بولمايدۇ، بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا دۆلەت قانداق ھالغا چۈشۈپ قالار؟ شۇ ئەبلەخلەرنىڭ جاجىسىنى زادى بەرگىلى بولماسمۇ؟! — دېدى خەجىل ئەبۇلئىۇز ئەپەندى.

— مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ھەممىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ، — دېدى ئابدۇل پەتتاھ.

— راستىنى ئېيتساق، ياشلار شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي ھەرىكەتلەرنى قىلىدىكەن. ئەگەر مەن ياش، پۇت - قولۇمدا كۈچ بولىدىغان بولسا، شۇ ياشلارغا ئوخشاش ئىش قىلغان بولاتتىم، ئۇلاردىن ئاشۇرۇپراق قىلاتتىم، تېخى، — دېدى ئابباس مۇرتەزا.

بوۋاي قوشنىلىرى ۋە ئاغىنىلىرىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ، ھەيران بولدى. چۈنكى، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم بولۇۋاتاتتى، شۇنداقلا بۇنى ئاغىنىلىرىنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزۈندىن بۇيان بار، لېكىن ئاغزىدىن چىقارمىغان گەپلەر ئىدى.

بوۋايدا ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە ئازادە سۆزلىشىپ ئىچىدىكىنى تۆكۈش، ئۇلار بىلەن تەڭ ھۆكۈمەتنى، پادشاھنى ۋە ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنى تىللاش ئىستىكى پەيدا بولدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى ئىمكان بار تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى، چۈنكى ئوغلىنىڭ تەشۋىشى ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايتتى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىن گەپ قىلمىغان تۇرۇق، مەيلى ئاغىنىلەر بىلەن بولغان پاراڭدا، مەيلى

كۆڭلۈمدە ئۇنداق قىلماي ، خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ ، ھۆكۈمەت ئوغلۇمغا رەھىم قىلسا ئەجەب ئەمەس ، دەپ ئويلىدى .

قوشنىلىرى چىقىپ كەتتى . ئاكىسىمۇ كەتمەكچى بولدى . ئۇ ئىنىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— سىنىڭچە ، بۇ ئىش قانداق بولۇپ كېتەر ؟— دېدى قۇلىقىغا پىچىرلاپ .

— ئاكا ، راست گەپنى ئېيتسام ، مەنمۇ بىلمىدىم . ھەممە ئىشنى خۇداغا قويدۇم ، — دېدى زاھىر .

ئائىلىدىكىلەر بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى .

زاھىر ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتتى . ئۇ باشلىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر كۈنلۈك رۇخسەت ئالماقچى ، ئاندىن كاپىتان دەباغنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئوغلى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئۆتۈنمەكچى بولدى . بۇنىڭغا دەباغ ماقۇل دېگەندى .

موماي بىلەن ئىككى قىز ئۆيدە قالدى . ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى نادامەتلىك نالىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى .

سائەت ئون بىردە ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى . سامىيە ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئىختىيارسىز يۈرىكىنى تۇتقان ھالدا كەينىگە داجىدى .

— نېمە ئىشىڭىز بار ؟ — ئالاقزادە بولغان ھەم ئاچچىقلانغان ھالدا سورىدى ئۇ .

سامىيە ئىشىك چەككەن ئادەمگە گويا ئۇ كىرىپلا ئۆزىنى بوغۇپ قويىدىغاندەك ۋەھىمە بىلەن قارىدى .

كەلگەن ئادەم ساقچى ئىدى .

— مەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ يېنىدىن كەلدىم ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ .

سامىيە يەنىلا كۆزىنى پارقىراتقىنىچە سورىدى :

— ئابدۇل ھەمدى ؟ قايسى ئابدۇل ھەمدى ؟

— بۇ مۇستاپا زاھىر ئەپەندىنىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ ؟
سامىيە ئېسىگە كەلگەندەك بولدى :
— ھەئە شۇ !
— مەن چەت ئەللىكلەر تۇرمىسىدىن كەلدىم . ئابدۇل ھەمدى ئەپەندى سىلەرگە بىر پارچە خەت بەرگەنىدى ، — دېدى ساقچى پەس ئاۋاز بىلەن ، ئاندىن يانچۇقىدىن قاتلانغان بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ سامىيەگە بەردى .
سامىيە تىترىگەن قولى بىلەن قەغەزنى ئېلىپ ، گەپ قىلماستىن ساقچىغا لەپپىدە قاراپ قويدى ، ئاندىن قەغەزنى ئاچتى . خەت راستتىنلا ئابدۇل ھەمدىنىڭ خېتى ئىدى ، سامىيە ھەرقانداق خەتنىڭ ئارىسىدىن ئۇ يازغان خەتنى تونۇۋالالايتتى .

*قەدىرلىك تاغا :*
*سىلىنىڭ مۇبارەك قوللىرىغا سۆيۈپ شۇنى خەۋەرلەندۈرمەكچىمەنكى ، بىز ناھايىتى ياخشى . ھەر قايسىلىرى خاۋاتىرلەنگۈدەك ھېچقانداق ئىش بولمىدى . ئانچە خارلىمىدى . مۇھەممىدنى بۈگۈن ئەتىگەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى ، بىلىشىمچە ، ئۇ سالامەت ، كامىر نەمرەك بولغاچقا ، مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ ، قانداقلا بولسۇن ، دوختۇرخانا تۇرمىدىن ياخشىراق . ئەنسىرەشمىسىلە . تاغا ، بىزگە ئىشىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز . بىز پەقەت سەۋر ۋە چىدامغا موھتاج ، چىداپ تۇرۇۋىلار ، بىزمۇ چىدايلى ، ئاتا ـ ئانامغا يەتكۈزۈپ قويسىلا . ئۇلارمۇ خاتىرجەم بولسۇن . خەت ئاپارغۇچى ئارقىلىق ئەھۋاللارنى بىزگە يەتكۈزۈشسىلە ، بىزمۇ خاتىرجەم بولايلى . ھەممىڭلارغا سالام .*

ئاخىرىغا ئىمزا قويۇلمىغانىدى .
— مۇھەمىد نېمىشقا دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى ؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى ؟ — سامىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرھال سورىدى .
ساقچى ، مەن تېخى سىرتتا تۇرۇۋاتىمەن ، دېگەندەك ئەتراپقا

قاراپ قويدى .

— ھېچنېمە بولمىدى ، سەل مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى ساقچى .

— مىجەزى يوق ؟ — ۋارقىراپ دېگۈدەك سورىدى سامىيە ، — نېمىشقا مىجەزى يوق بولۇپ قالىدۇ ؟

ساقچى يەنە ئەتراپىغا قاراپ قويدى . سامىيە ئۇنىڭدىكى ئەنسىزلىكنى سېزىپ ئىشكنى يوغان ئاچتى :

— قېنى كىرىڭ !

ساقچى ئۆيگە كىرىپلا ئىشكنى ھەم ياپتى .

— ھەرقانداق گەپ بولسا دەۋېرىڭ ، بىز خاتىرجەم بولايلى ، — دېدى سامىيە .

ساقچى ئولتۇرۇڭ دەمدىكىن دەپ ئورۇندۇققا قاراپ قويدى .

— خېنىم ، خاتىرجەم بولۇڭ ! دوختۇرخانىغا بېرىش ئۇچۇنمۇ مۇناسىۋەت تاپمىساق بولمايدۇ ...

— ئولتۇرۇڭ ! — دېدى سامىيە ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ .

سامىيە ساقچىنى يالغۇز قويۇپ ئىچكىرىگە كىردى . سىڭلىسىنى ئاپىسىغا بىلدۈرمەي چاقىردى - دە ، كارىدورغا چىقىپ ئابدۇل ھەمدىنىڭ خېتىنى كۆرسەتتى ، ئاندىن ساقچىنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى . ئىككىسى ساقچىنىڭ يېنىغا كىردى .

— ئۇلارنىڭ مۆھىيدىنى قايسى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنى بىلەمسىز ؟ — سورىدى ناۋال . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى .

— مەنمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن . بىلىشىمچە ، ئادەتتە ئەينى قەسىر دوختۇرخانىسىغا ئاپىراتتى .

— قىزلار ، ئۇ يەردە كىم بار ؟ — ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

قىزلار بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى ، ئاندىن ناۋال ئاپىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى :

— مۆھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ يېنىدىن بىر ئادەم بىزنى

خاتىرجەم بولسۇن دەپ، خەۋەر ئەكەپتۇ.

موماي شاققىدە ئۆرە بولدى ۋە كارىۋاتتىن ياشلاردەك ئەپلىكلا چۈشتى.

— ئۇلارنىڭ يېنىدىن كەپتۇمۇ؟ مەن بىر كۆرۈشەي!

ناۋال ھودۇقۇپ كەتتى:

— بىراق، ئاپا، سەن چاچلىرىڭنى تۈزەپ...

— ياغلىقىم، ياغلىقىمنى بەرگىن، — دېدى موماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ناۋال ئاپىسىغا ياغلىقىنى بەردى - دە، ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ساقچىنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا:

— خۇدا ھەققى، ئاپامغا ئارتۇق گەپ قىلماي، ھازىر ئۇلارنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ دەپلا قويۇڭ. تۈرمە، دوختۇرخانا دېگەن گەپلەرنى ھەرگىز دەپ سالماڭ. ئۇ ئاغرىق، شۇڭا بىز ئەھۋالنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇۋاتىمىز، — دەپ پىچىرلىدى.

ناۋالنىڭ ئاپىسى ئىلدام مېڭىپ كىرىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ گويا بارلىق ئازابىنى ۋە سېمىزلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ ساقچىنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى، ئاندىن سورىدى:

— بالام، سىز ئۇلارنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىزمۇ؟

— ھەئە! ئۇلار ناھايىتى ياخشى، خاتىرجەم، تېنىمۇ ساغلام، — دېدى ساقچى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئۇلار قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ بالام. سىز گەپنىڭ ئېنىقىنى دەڭا، كۆڭلۈم ئارام تاپسۇن.

— موما، ھېچ ئىش بولغىنى يوق.

— ھېچ ئىش بولغىنى يوق؟ — دېدى موماي ئەنسىزلىك بىلەن، — قانداق گەپ بۇ؟ نېمە گەپ بولسا دەڭ، يوشۇرماڭ! ئۇلارنى قاچان قويۇپ بېرىسىلەر؟

ساقچى تەمتىرەپ كەتتى. ياردەم سورىغاندەك ئىككى قىزغا قاراپ قويۇپ:

— يەنە بىر ـ ئىككى كۈندە تەكشۈرۈپ بولىمىز ، — دېدى .

— پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەسەم قىلىمەنكى ، بالام ، ئۇ ئىككىسىگە ئۇۋال بولدى ! گېپىمگە ئىشىنىڭ ، ئۇلارغا ھەقىقەتەن ئۇۋال بولدى ! ياخشىلارغا ئۇۋال قىلغان ئادەمنى ئاللاتائالا كەچۈرمەيدۇ . بالام ، سىلەر خۇدادىن ئېھتىيات قىلىڭلار ، — دېدى موماي ئۇنى چوڭ بىر ئەمەلدار كۆرۈپ .

موماي ساپاغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى .

ساقچى ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى ، تامىقىنى چاكىلدىتىپ ، بۇ ئاق كۆڭۈل ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازاغا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ تەسەللى بەردى :

— خاتىرجەم بولسىلا موما ! ھەممە ئىش ئورنىغا چۈشىدۇ . ئۇلارغا نېمە ئەۋەتمەكچى بولسىلىرى ، مەن ياردەم قىلىمەن .

— ئۇلارنىڭ نېمىسىنى تەكشۈرىدىكەن ؟ — دېدى موماي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ، — ئۇلار نېمە ئىش قىپتۇ ؟

— قانداقلا بولسۇن ، خاتىرجەم بولسىلا ، موما ··· — دېدى ساقچى ئىككى قىزغا قاراپ قويۇپ .

— ئۇلار نەلەردە ياتىدىغاندۇ ؟

— ئۇلار كارىۋاتتا ياتىدۇ .

— ئۇلارنىڭ تامىقى قانداقراق ؟ — دېدى موماي .

— ئىپتاردا گۆش ، گۈرۈچ ئاش ، ھەرخىل قورۇما بېرىدۇ ··· راستىنى ئېيتقاندا ، باشلىقلىرىمىزمۇ ئۆيلىرىدىن ئەكەلگەن تاماقلارنى يېمەي تۈرمىنىڭ تامىقىنى يەيدۇ .

موماي مەيدىسىگە شاپىلاقلاپ ۋارقىراپ كەتتى :

— تۈرمە ، ئۇلارنى تۈرمىگە سولىدىمۇ ؟

ساقچى چۆچۈپ كەتتى ۋە دەررۇ گېپىنى ئۆزگەرتىپ چۈشەندۈردى :

— ياق ، موما ! ئۇلارنى تېخىچە تەكشۈرۈۋاتىدۇ .

ساقچى تەڭلىكتىن قۇتۇلاي دېگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ

سورىدى :
— ئۇلارغا بىرەر نەرسە ئەۋەتەمسىلەر ؟
— ھە ، بالام ! ئۇلارغا روزا يېمەكلىكلىرىدىن ئەۋەتىپ بېرەي دېۋىدىم . مۇھىيد كىچىكىدىنلا ياڭاق بىلەن بادامغا ئامراق ئىدى . ئۇنىڭغا كىيىم ئەۋەتەيلى ، جېنىم بالام توڭلىغانمىدۇ ، يەنە مېۋە - چېۋە ، كىتابلىرىنى ئەۋەتسەك ئوبدان بولاتتى ، ئۇ دەرس تەييارلايدۇ - دە ! ئىمتىھانغىمۇ ئاز قالدى ، — دېدى موماي .
— بۇ نەرسىلەرنى تەستىقلاتماستىن ئەكىرگىلى بولمايدۇ ، — ساقچى مومايغا گەپ ئۇقتۇرالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ ئىككى قىزغا قاراپ دېدى ، — بولسا كىچىكرەك نەرسە بەرسەڭلار ، بولامدۇ ؟
— قانداق نەرسە بولار ؟ — سورىدى سامىيە .
— مەسىلەن ، پۇل ! ئۇلار ئۇ يەردىمۇ پۇل خەجلەيدۇ ! — دېدى ساقچى بۇلارنىڭ ساددىلىقىدىن ھەيران بولۇپ .
— ئاپا ، يۈر ، ئاۋۇ ئۆيگە كىرەيلى ، ساڭا گېپىم بار ! — دېدى ناۋال ۋە ئاپىسىنى يۆلىدى .
موماي باشقىدىن ئازابلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، قىزى بىلەن ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپلا ھالىدىن كېتىپ يېتىۋالدى ، ئۇ ساقچىنىڭ گېپىنى چۈشەنگەنىدى .
— ئاۋۇ تارتمىنى ئاچ ، ئۇنىڭدىكى ياغلىقتا ئورالغان پۇلنى ئېلىپ بۇ ياخشى نىيەتلىك بالىغا بەرگىن ، مۇھىيدقا ئاپىرىپ بەرسۇن ، ئۇنىڭغا راستتىنلا پۇل لازىم بولۇپ قالغاندۇ .
ناۋال تارتمىنى ئېچىپ ياغلىقتىكى پۇلنى ئالدى - دە ، ئاچىقىپ ساقچىغا بېرىپ :
— ئۇنىڭغا يەنە باشقا نەرسە لازىم بولسا كېلىڭ . دادامنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ! — دېدى .
— بۇ ئابدۇل ھەمدى ئەپەندىنىڭمۇ ؟ — دېدى ساقچى قولىدىكى پۇلغا قاراپ .
— ھەئە .
ساقچى قولىدىكى پۇلغا قاراپ قويۇپ ، بىردەم جىم تۇردى ،

ئاندىن دېدى :
— ئەزبىرايى خۇدا ، بۇنداق ئىشنى ئادەم جېنىنى چاڭگىلىغا ئېلىپ قىلىدۇ . چۈنكى ، بۇنىڭدا باش كەتمىگەن تەقدىردىمۇ تۈرمىگە چۈشىدىغان گەپ ...
— ئاجايىپ ياخشى ئىكەنسىز ، — دېدى سامىيە .
— راستىنى ئېيتسام ، بۇنداق ئادەملەرگىمۇ ... — ساقچى ناۋالغا ، ئاندىن يەنە پۇلغا قارىدى .
ساقچى شۇنداق دەپ جىممىدە تۇرىۋەردى .
بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك ، ناۋالنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى .
— سامىيە ، يۈر ، ساڭا گېپىم بار ، — دېدى ئۇ ۋە ھەدىسىنى قولتۇقلاپ ئىچكىرىگە ئېلىپ ماڭدى ، كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ساقچىغا :
— رەنجىمەي سەل ساقلاپ تۇرۇڭ ! — دېدى .
ئۆيدىن چىقىپلا ناۋال ھەدىسىگە پىچىرلىدى :
— سەن يىگىرمە بەش جىرىس چىقار ، مەندىمۇ يىگىرمە بەش جىرىس بار . ئۇلارنى قوشۇپ ساقچىغا تاپان ھەققى بېرەيلى .
— ئۇ ئالماسلىقى مۇمكىن ، خاپا بولامدىكىن تېخى !
— ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن . ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىدۇ ... ئۇ بىزگە يەنە ياردەملىشىدۇ ئەمەسمۇ !
سامىيە تازا ئىشەنمەي بېشىنى چايقىدى . ئۇلار پورتمانلىرىدىن پۇللىرىنى ئالدى . ناۋال پۇلنى ئېلىپ ساقچىنىڭ يېنىغا كىردى ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە پۇلنى ساقچىغا بەردى .
ساقچى پۇلغا قارىمىدى ، ئەمما پۇل سانىغاندەك تەگگە پۇللارنى تۇتۇپ بېقىپ سورىدى :
— بۇنى كىمگە بېرىمەن ؟
— بۇ سىزنىڭ ، خىراجەت قىلىڭ ، — دېدى ناۋال دۇدۇقلاپ .
— ھاجىتى يوق ئىدى ، راستىنىلا بۇمۇ لازىم ئەمەس ، — دېدى ساقچى پۇلنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ .

ئۇنىڭ گېپىنى راست دەپ قالغان سامىيە ھەيران قالدى. ناۋالمۇ بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

— رەھمەت! — دېدى ساقچى پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بىزگە دائىم خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇڭ... كۆڭلىڭىزدە كېلىڭ! — دېدى ناۋال.

— بولىدۇ، ئامان ـ ئېسەن بولۇڭلار! — دېدى ساقچى.

ناۋال خىيالغا پاتقان ھالدا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

سامىيە ئابدۇل ھەمدىنىڭ خېتىنى يەنە ئوقۇدى. قۇرلار ئارىسىدىن ئابدۇل ھەمدىنى كۆرگەندەك بولدى. ئاندىن ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىغاندەك خەتنى يۈزىگە يېقىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

بوۋاي قايتىپ كەلگەندە، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغانىدى. ئۇ بەكمۇ ھارغىن، روھسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىپ كاپىتان دەباغنى ئىشخانىسىدىن تاپالمىدى. ئىشخانا ئالدىدا خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە دەباغنى ئۈچ سائەت ساقلىدى. دەباغ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى يەنە سىرتتا ئۈچ سائەت تۇرغۇزدى. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيلا قويدى، ھەتتا ئوغلى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دەپ بەرمىدى. بوۋاي ئىلاجسىز قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، غەزىپىنى ئۆچمەنلىك ۋە جان تىكىپ ئېلىشمەن، دېگەن نىيەت بىلەنلا بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى.

قىزلار دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى، بىر ساقچىنىڭ كېلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئابدۇل ھەمدىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاجىزغىنا ئۈمىد چىرىغى پىلىلدىغاندەك بولدى. ھەر ھالدا ئۇ ئوغلىنىڭ نەدىلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئابدۇل ھەمدىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ خوتۇنىغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدىيۇ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا بىرى چاقىرىۋاتقاندەك بىلىنىپ توختاپ قالدى، ئەنە، مۇھىيد چاقىرىۋاتىدۇ. دوختۇرخانىدا يېتىپ ئۆزىنى

چاقىرىۋاتىدۇ ، ياردەم سوراۋاتىدۇ …

بوۋاي دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە ، خوتۇنىغىمۇ تەسەللى بەرمەي ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى . كىرا ماشىنىسىغا چىقىپ شوپۇرغا ئەينى قەسىر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى . يول بويى شوپۇرنى تېز ، تېزرەك ھەيدىسىڭىز ، رەنجىمەي تېزرەك ھەيدىسىڭىز ئۇستام ، دەپ ئالدىراتتى .

ئەپسۇس ، ئۇ ئوغلىنى كۆرەلمىدى .

بوۋاي دوختۇرخانا ئالدىدا بىر سائەت ئايلىنىپ يۈرۈپ ، ئىشىكىدە مىلتىقلىق ئىككى ساقچى قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئۆينىلا كۆردى . ئاخىر ئوغلىنىڭ شۇ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلدى ، مىڭ تەستە (بۇنىمۇ بىر ياش دوختۇر ئېيتىپ بەردى ) «ئوغلىڭىزنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەندىشە قىلماڭ ، ئۇ بەك ئاجىز ئىكەن» دېگەن گەپنىلا ئۇقتى ، تارتقان جاپاسىنىڭ نەتىجىسى شۇلا بولدى .

كەچ سائەت ئالتە بولغاندا ئېغىر غەم ـ قايغۇ باسقان بوۋاي ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئائىلىدىكىلىرى بىلەن يەنە بىر قاراڭغۇ كېچىنى كۈتۈۋالدى …

چارشەنبە ئەتىگەنلىكى .

ناۋال ئۇچىرىششقا بارماقچى بولدى . ئۇ ھازىرغىچە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ، دېگەن يەردە ئىبراھىمنى كۆرمىدى . شۇنداقتىمۇ ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۈمىدسىزلەنمەي يەنە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغى ئۆچكەن ، ئۆزىنى بىر قەبرىنى — ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى كۆمۈلگەن قەبرىنى كۆرگىلى بارىدىغاندەك ھېس قىلاتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىگە ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە ، چارشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ قەبرىنى كۆرگىلى بارىمەن ، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى .

ئۇ ئۆيىدىن ماتەم مۇراسىمىغا كېتىۋاتقاندەك چىقتى ، فەنى مەيدانىغا كېلىپ توختىدى ، ئەمما ئەتراپىغا قارىمىدى . ياسىن ئوقۇپ خۇدادىن ئۆچكەن ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك يەرگە قاراپ تۇردى .

بىر ماشىنا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى . ناۋال بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ پەتھى مەلىجىنى كۆردى ـ دە ، سالامىلىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئېتىلىپ كېلىپ سورىدى :
— ۋەقە چىققىنىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟
— ئاڭلىدىم ، ھەممىنى بىلدۇق . ئىبراھىم مېنى سىزنى خاتىرجەم بولسۇن دەپ ئەۋەتتى . ئۇ ، ئۇلار ھېچنېمە بولمايدۇ ، دېدى .
ناۋال كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ سورىدى :
— ئىبراھىم ياخشىمۇ ؟
بۇ ئۇلۇغ مۇھەببەتكە ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك پەتھى يېقىملىق كۈلدى :
— ياخشى ! ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ !
سەل جىم تۇرغاندىن كېيىن ناۋال يەنە سورىدى :
— ئۇلار تۈرمىدىن قانداق چىقىدۇ ؟
— تۈرمىگە سولىغانغا ئادەم ھېچنېمە بولمايدۇ ، مۇھىمى ئىقرار قىلمىسىلا بولغىنى ، ھازىرغا قەدەر ھېچقايسىسى ئىقرار قىلماپتۇ . مۇھىد بىلەن ئابدۇل ھەمدىنى بۇنداق چىداملىق دەپ كىممۇ ئويلىغان . ئۇلار چىڭ تۇردى ، يارايدۇ .
— ئۇلار نېمىدە چىڭ تۇردى ؟ — چۆچۈپ سورىدى ناۋال .
پەتھى ئۇنىڭ تېخى ئاكىسى بىلەن بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ تارتقان جەبىر ـ جاپالىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى پەملەپ گەپنى بۇرىۋەتتى :
— مۇھىمى ، ئىبراھىم سىزنى خاتىرجەم بولسۇن ، بۇ ئىشقا ۋاقىت كېتىدۇ ، دەيدۇ .
— قايسى ئىشقا ؟ — چۈشەنمەي سورىدى ناۋال .
— ئۇلارنى قويۇپ بېرىدىغان ئىشقا .
— ئۇزۇن ۋاقىت كېتەرمۇ ؟
— ياق ، ئۇنداق بولمايدۇ . مۇھىمى ، ئۇلار ئىقرار قىلمىسىلا ياخشى .
— سىلەرنىڭ ئوي ـ خىياللىرىڭلار ئۇلارنىڭ ئىقرار

قىلماسلىقىدىلا ئىكەن ـ دە؟ — تەنە قىلدى ناۋال.
— ئەگەر ئىقرار قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنى سوتقا ئاپىرىدۇ، ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئاز دېگەندە ئۈچ يىللىق كېسىدۇ. ئەگەر ئىقرار قىلمىسا، تۈرمىدە بىر ـ ئىككى ئاي تۇتۇپ تۇرۇپ قويىۋېتىدۇ...
ناۋال خىجىل بولۇپ بېشىنى ساڭگىلاتتى.
— مەن ماڭاي، — دېدى پەتھى، — روھلۇق يۈرۈڭ، ئەمما ئېھتىيات قىلىڭ، دېگەنلىرىمنى ھېچكىمگە تىنماڭ!
— مەن ئىبراھىم بىلەن كۆرۈشسەم بولمامدۇ؟ — ئۆزىنى تۇتالماي سورىدى ناۋال.
— ئۇ كېلىپ سىز بىلەن كۆرۈشسە، ئىشىنىڭ چوڭى چىقىدۇ، — دېدى پەتھى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىسىز، كېيىن ئۇنى چوقۇم كۆرىسىز!
ناۋال بېشىنى ساڭگىلاتتى، يۈزى ئوت ئېلىپ مەڭزىگە قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ تۇنجى قېتىم مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىنى ھېس قىلدى: ئىبراھىم مېنى ئۇنتۇماپتۇ، خەتەرگىمۇ قارىماي، مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاۋېتىپتۇ، ئىبراھىم مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدۇ...
پەتھى مەلىجى غەمگە پاتقان ناۋالنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.
پەتھى ماشىنىسىنى ئەزھەر جامەسى مەيدانىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ماشىنىسى ئارىسىغا توختاتتى. ئۇ ماشىنىسىنى ئادەتتە شۇ يەردە قوياتتى. پەتھى ئەزھەر جامەسىنى بويلاپ مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلدى، ئاندىن ئۇدۇل مېڭىپ باتنىيە كوچىسىغا چىقتى.
ئۇ تۆت قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ بىنا ئەتراپىدىكى بىنالاردىن مۇستەھكەم كۆرۈنەتتى. پەتھى بىناغا قاراپ بەلگە بەرگەندەك ئىسقىرتتى.
ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر دېرىزە ئېچىلدى، ئارقىدىنلا يەكتەك كىيگەن بىر يىگىتنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ پەتھىنى كۆرۈپ سورىدى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم پەتھى! كونسېپكىڭنى ئالغاچ

كەلدىڭمۇ ؟
— ئـەكەلدىم ، بــىردەم دەرس تــەيــيــارلامــدۇق ؟ ۋاقتىڭ بارمۇ ؟ — دېدى پەتھى ئەتراپىغا قاراپمۇ قويماستىن .
— ۋاقــتــــم بار ، كىرگىن ! — دېدى يىگىت بىردەملىك ئارىسالدىلىقتىن كېيىن .
پەتھى بىناغا كىردى . ئىشىك تۈۋىدە بىر ئايال ئولتۇراتتى . پــەتــهى ئايالغا سالام بېرىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى . ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى يىگىت چىقتى . ئۇ يىگىت دوغىلاققىنا كەلگەن ، بويى بىلەن بېشى سەندەلگە ئوخشىشاتتى .
ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويماستىن ئۈستىگە ماڭدى . پەتھى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى .
ئـۇلار تـۆتــىــنـچـى قــەۋەتـكە چىقتى . يىگىت يەكتەككىنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ بىر ئىشىكنى ئاچتى . ئۇلار يەنىلا گەپ قىلىشماستىن ئىچكىرىگە كىردى .
ئـۆي گـۈڭگا ، پەنجىرىلىرى ئېتىۋېتىلگەنىدى . ياغاچلارنىڭ ئاراچلىرىدىن ئازراقلا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇلار ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ماڭدى . يىگىت ئىشىكنى ئېچىپ پەتھىنى كىرگۈزۈۋەتتى .
ئـۆيــنــىڭ بىر بۇلۇڭىدىن بىر ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەمما ، بۇ ئاۋاز خۇددى ھېرىپ كەتكەن ئادەمنىڭ چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىدەكلا ئاڭلاندى :
— ئۇنى كۆردۈڭمۇ ؟
— ئىبراھىم ، ئالدىرىمىغىن ! — دېدى پەتھى كۈلۈپ ، — ئاۋۋال ساڭا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەرمەن .
ئــىــبــراھــىــم ساپــادا ئۆزىنى سەل رۇسلىدى . ئۇ ئازراق ئورۇقلىغان ، چىرايىمۇ تاتىراڭغۇ ئىدى . ئەمما ، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى . بۇرۇتىنى قويۇۋەتكەچكە سەل قېرى كۆرۈنەتتى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! ئۇ ساڭا نېمە دېدى ؟ — ئىبراھىم ئۆزىنى تۇتالمىدى .
— ئـۇ ئـاكىسىدىن ئەندىشە قىلىۋېتىپتۇ ، — دېدى پەتھى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ ، — تەسەللى بېرىپ ئۇنى خاتىرجەم

قىلىپ قويدۇم. ئەلۋەتتە، ئۇ سىنى كۆرسەم، دەيدۇ.

ئىبراھىم خىلىغىچە گەپ قىلمىدى. پەتھى بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇردى.

— بىرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلايمىكىن دەيمەن. مۇھىيدنى قۇتۇلدۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق، — دىدى ئىبراھىم بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ.

— ساراڭ بولما! — دىدى پەتھى تەمكىن ھالدا.

— قارىغاندا، راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن، — دىدى ئىبراھىم بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ.

## 20

ئىبراھىم تۈرمىدىن قېچىشتىن ئىلگىرى ئاغىنىلىرى بىلەن پىلان تۈزگەن، يەنى ئاغىنىلىرى ئۇنى ئامال قىلىپ مىسىردىن چىقىرىۋەتمەكچى بولغانىدى. ئۇلار ئالېكساندىرىيىدىكى بىر سەپدىشى بىلەن (پاراخوتلارغا مال قاچىلاش، چۈشۈرۈشنى ھۆددىگە ئالغان سودىگەرنىڭ ئوغلى) ئالاقىلىشىپ، ئۇ ئارقىلىق ئىبراھىمنى پورتتا تۇرغان بىرەر پاراخوتقا چىقىرىپ قويۇش، پاراخوت مارسىلغا بارغاندىن كېيىن باشقىچە ئىش قىلىشنى كېلىشكەنىدى.

ئىبراھىم ئوفىتسېر كىيىمىنى كىيىپ مۇھىيدلارنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، ئىپتار ۋاقتى بولغاچقا، ئىشىكباقار ئىپتار قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنى كۆرمەي قالدى. ئىبراھىم نىل دەرياسى كوچىسىغا قاراپ تېز ماڭدى. كوچىدا ئادەم يوق، بىر چارلىغۇچى ئەسكەر دەريا بويىدىكى تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئىپتار قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر نان، بىر پارچە ئىرىمچىك ۋە بىر باش تۇرۇپ تۇراتتى. ئىبراھىم ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ كەتتى، بىراق تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. چارلىغۇچى ئەسكەر ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى، ئالدىراپ كەتكەنلىكتىن يەۋاتقان تۇرۇپمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ئــــبراھىم ئۇ ئەسكەرنىڭ سالىمىنى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كــېيىن كۆرۈپ قېلىپ جاۋابەن سالام بەردى ، ئەمما ئارقىسىغا قارىمىدى .

يـېـقــىــنـلا يـەردە ئۇنى ماشىنا ساقلاپ تۇراتتى . ئۇ پەتھى مـەلـىـجـىـنىڭ ماشىنىسىنى تونۇدى ، چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا بۇ ماشىنىنى كۆپ ئىشلەتكەنىدى . ئىبراھىم قەدىمىنى تېزلەتتى ، ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگەندىمۇ سۈرئەتنى ئاستىلاتمىدى ، چەتتە تۇرغان كىشى ئۇنى ھەرگىز شۇ ماشىنىغا چىقىدىغان ئادەم ، دەپ ئويلىمايتتى ، ئــــبراھىم ماشىنا ئىچىگە قاراپ ، پەتھى مەلىجى بىلەن مەھمۇد ئـەرەفـەنى كـۆردى . مـەھمۇدمۇ ئۇنىڭ سەپدىشى بولۇپ ، سودا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى . ئىبراھىم شاققىدە بۇرۇلۇپ ماشىنىغا چىقتى .

ماشىنا ئوت ئالدى . پەتھى بىلەن مەھمۇد ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىبراھىمغا قارىمىدى . ئۈچەيلەن گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى . ماشىنا ماڭدى . ئىبراھىم ئۇدۇلىغا قاراپ ئولتۇردى .

مــاشــىــنــا بىرنەچچە مىنۇتتىلا جىز مەيدانىدىن ، ئەلئىپھرام كوچىسىدىن ئۆتۈپ ئالېكساندىرىيە كوچىسىغا بۇرۇلدى .

— بىز سائەت ئون بىردىن بۇرۇن ئالېكساندىرىيىگە بېرىپ بولۇشىمىز كېرەك ، — دېدى پەتھى بايا ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك ، — ئابدۇل ئەزىز بىزنى سائەت ئون بىردە تەرىيانون قەھۋەخانىسىدا ساقلاپ تۇرماقچى .

— ھازىر سائەت قـانـچە بـولدى ؟ — سورىدى ئــبــراھــىم ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن .

— يـەتـتىدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتتى ، — دېدى مەھمۇد ئىبراھىمغا قارىمايلا .

— بىمالال يېتىپ بارالايدىكەنمىز . پەتھى ، سەل ئاستىراق ھــەيــدە ! چازىدا بــىـزنى تـوختىتىۋېلىشى مۇمكىن ، — دېدى ئىبراھىم .

پەتھى تالاشماستىنلا سۈرئەتنى ئاستىلاتتى. ئۈچەيلەن پىلانىنىڭ كونكرېت ھالقىلىرى ئۈستىدە سۆزلەشتى. تۈرمىگە، تۇتقۇن لاگېرىغا سولىنىپ كەتكەن ۋە قولغا ئېلىنمىغان سەپداشلىرىنىڭ گېپىنى قىلىشتى. سىياسىي خەۋەرلەر ۋە ھۇمام بەگ، كاپىتان دەباغ ئۈستىدە پاراڭلاشتى. ئىبراھىم ئۆزى يوشۇرۇنغان ئائىلە توغرۇلۇق سۆزلىمىدى، باشقىلارمۇ سورىمىدى. ئىبراھىم پاراڭ داۋامىدا ئىلگىرىكىدەك قىزغىن بولمىدى، بۇرۇنقىدەك ھالقىلىق، نازۇك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇھىم نۇقتىلارنى ئېچىپ چۈشەندۈرۈپمۇ بەرمىدى. ئۇ غەمكىن، روھسىز ئىدى. ماشىنا ئالېكساندرىيىگە يېقىنلاشقانسېرى قايىقى چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر يەردە بولمىغاچ، قېچىش پىلانىنىڭ كونكرېت ھالقىلىرىنىمۇ ئويلاپ بىر باشقا چىقالمىدى. سەپداشلىرى ھەققىدىكى پاراڭلارغا، سىياسىي خەۋەرلەرگە ئانچە قىزىقمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى مىسىردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشتىلا قالغانىدى، قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك تۇيغۇ خۇددى قارا يامغۇر بۇلۇتىدەك ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ مىسىردىن كېتىپ نېمە قىلىدۇ؟ فرانسىيىدە يۈرسە نېمە قىممىتى بولىدۇ؟ تىرىك يۈرگىنى بىلەن قانچىلىك قەدىر - قىممىتى بولىدۇ؟ ياقا يۇرتلاردا مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن ھاياتىنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۇ يەرلەردە نىشانى، ئىستىقبالى يوق، ئۇ قىزغىن سۆيىدىغان نەرسىلەر يوق. كىندىك قېنى ئاققان، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانا تۇپراقنى ئۇ ئەمدى كۆرەلمەيدۇ، ئاتا - ئانا، سەپداشلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. سەپداشلىرى بىلەن بىللە كۈرەش قىلالمايدۇ. ناۋال ... ناۋال، ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى ناۋالغا تەلپۈنەتتى. چۈنكى، ناۋال ئىبراھىمنىڭ ھاياتىدا جىمىدە پەيدا بولغان ئۈمىدى ئىدى، ئەمدى ناۋالنىمۇ مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بولدى، ئۇ يىگىرمە يىلدىن كېيىن، يەنى ئۇنىڭغا ئارتىلغان جىنايەت قانۇنىي جەھەتتىن كۈچتىن قالغاندا ئاندىن قايتىپ كېلەلەيدۇ. يىگىرمە يىل، بۇنچە

ئۆزۈن يىللارنى ئۇ خۇددى پالەچ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئۆتكۈزدۇ، ئۇنىڭدا نە مۇھەببەت، نە ۋەتەن بولمايدۇ. پەقەت قۇرۇق ئەسلىمىلا قالىدۇ. ناۋال ئىككىسىنى بىپايان ئوتتۇرا دېڭىز ئايرىپ تۇرىدۇ، خالاس.

ئىبراھىم ئىختىيارسىز ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. ئۆسمۈر ۋاقىتلىرىدا ئۇ فرانسىيىگە بېرىشنى، دۇنيانى ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ھەتتا چۈشلىرىدە دائىم دېگۇدەك ئۆزىنىڭ مىسىردىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرەتتى. مانا ھازىر بالىلىق چاغلىرىدىكى چۈشى ئەمەلىيەتكە ئايلانغاندا، شۇ چۈشلىرىنىڭ رەزىللىكىنى ۋە رەھىمسىزلىكىنى ھېس قىلماقتا. شۇ چاغلاردا ئۇ شېرىن چۈش ئەمەس، قاباھەتلىك چۈش كۆرگەنىكەن.

ئۇ ماشىنا دېرىزىسىدىن يول ياقىسىدىكى قۇملۇققا نەزەر تاشلىدى. ۋاھ، نېمىدېگەن گۈزەل! ئۇنىڭغا ئاشۇ قۇم بارخانلىرىدىمۇ ھاياتلىق باردەك بىلىندى. ئۇنىڭ قۇملۇقنى قانغۇچە كۆرۈۋالغۇسى كەلدى. ناۋادا شۇنىڭدىن كېيىنلا كۆزى ئەما بولۇپ قېلىپ، قۇملۇق ھاياتىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ قالغان نەرسىسى ھېسابلانسىمۇ پۇشايمان قىلمايتتى. ئۇ قۇم بارخانلىرىنى ئۆزىنىڭ قەبرىسىدەك ھېس قىلىپ، ئۇلارغا مېھرىنى ئۇزەلمەي قاراپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ زېمىنغا، مىسىرنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە دەپنە قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ماشىنا ئون كىلومېتىرلىق چېگرىغا يېقىنلاشقاندا، سۇرئىتىنى تېخىمۇ ئاستىلاتتى. ئەسكەر قولىنى پۇلاڭلىتىپ ماشىنىنى توختىتىشقا ئىشارەت قىلدى، لېكىن ماشىنا توختىماي ئاستا ماڭدى. ئەسكەرلەر ئىبراھىمنىڭ ئوفىتسېر فورمىسىنى كۆرۈپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ سالام بەردى ۋە ماشىنىنىڭ نومۇرىنى يېزىۋالغاندىن كېيىن قويۇۋەتتى. ئىبراھىم ئۇلار يۈزۈمنى ئوچۇق كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارغا ئېڭىشىپراق تۇرۇپ سالام قايتۇردى.

ماشىنا چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

ئىبراھىمنىڭ قەلبىنى يەنە غەم بۇلۇتلىرى باستى . ئۇ چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدى : مىسىر ··· ناۋال ··· ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانى ··· دادىسى ، ئاپىسى ··· ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنى ئاجىز ، زەئىپ ھېس قىلىپ ئۆزىدىن نەپرەتلەندى ، ئۆزىنىڭ قاچاق بولۇپ قالغانلىقى ، ھەربىر تۇسالغۇغا يولۇققاندا ، ساراسىمىگە چۈشىدىغانلىقىغا ئۆچلۈكى كەلدى . ئۇ ئۆزىدە جېنىنى ئېلىپ قېچىشتىنمۇ چوڭراق نىشان بولۇشىنى ، مەڭگۇ ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇرۇشنى ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە ، ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئوق چىقىرىشنى ، سەپداشلىرىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈپ بېرىشنى ئويلىدى . ئىبراھىم بۇرۇن شۇنداق قىلغاچقا ، ھازىرمۇ شۇنداق قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . قېچىش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ، مىسىردىن كېتەلمەي قېلىشىنى تىلەيتتى . شۇڭا ، ئۇ چەتكە قاچمەن دېگەننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ئامال بولمىدى . بۇ خىياللار گويا يىراقتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دۇمباق ئاۋازىدەك ئۇنىڭ قەلبىدە ئەكس سادا ياڭرىتاتتى .

ماشىنا ئالېكساندرىيىگە كەلدى ، بىرنەچچە كوچىنى ئايلىنىۋېتىپ زۇغلۇل كوچىسىنىڭ يېنىدىكى رەمۇل مەيدانىدا توختىدى .

مەھمۇد ئەرەفە ماشىنىدىن چۈشتى . ئۇ ئېگىز بوي ، ئورۇق كەلگەن ، كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ، پاراسەتلىك ، چېچەن يىگىت ئىدى . ئۇ تەريانون قەھۋەخانىسىغا كىرىپ ، بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان يىگىتكە سالام بەردى ـ دە ، يېنىدا ئولتۇردى . ئىككىيلەن بىردەم پىچىرلاشتى ، ئاندىن مەھمۇد ئەرەفە ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىپ چىقتى . پەتھىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى ۋە :

— سەيدى بەشەر ··· يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن ! — دېدى .

ماشىنا دېڭىز بويىدىكى كوچا بىلەن خۇددى سەيلىگە چىققان ئادەملەر ئولتۇرغاندەك ناھايىتى ئاستا ماڭدى .

مەھمۇد ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، كوچىدىكى بىر قىزغا ئىسقىرتتى.
— قارا سېنى! بۆرىدىن قېچىپ يولۋاسقا تۇتۇلمايلى يەنە! — دېدى پەتھى مەلىجى.
— بۇمۇ بىر يوشۇرۇنۇش ھەرىكىتى ئەمەسمۇ! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى مەھمۇد.
ئۇلار ئىبراھىمنىمۇ كۈلەمدىكىن دەپ ئارقىغا قاراشتى، ئىبراھىمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا بەكلا خاپا ئولتۇراتتى، ئۇلار كۈلكىسىنى توختىتىپ، بىر - بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇشتى. چۈنكى، ئىبراھىمنىڭ ئۆزى تۈزگەن پىلاننى ئىجرا قىلغاندا، ھەرگىز بۇنداق ھالەتتە بولمايدىغانلىقى ئۇلارغا مەلۇم ئىدى.
ماشىنا سەيدى بەشەرگە كېلىپ، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسىغا بارىدىغان يولغا چۈشتى. قاراڭغۇ يول ياقىسىدا بىر ماشىنىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن پەتھى ماشىنىنىڭ چىرىغىنى ئۈچ قېتىم ئۆچۈرۈپ، ئۈچ قېتىم ياندۇردى. ئۇ ماشىنىنىڭ چىرىغىمۇ ئۈچ قېتىم ئۆچۈپ ياندى. پەتھى ماشىنىنى ئاستا ھەيدەپ ھېلىقى ماشىنىنىڭ يېنىدا توختاتتى. ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. ماشىنىدىكىلەر تاپانچىلىرىنى چىڭ تۇتتى. مەھمۇد ئۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرىنى تونۇپ ماشىنىدىن چۈشتى - دە، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئابدۇل ئەزىز! كېچىكىپ قېلىپ سېنى ساقلىتىپ قويدۇق!
— ھېچقىسى يوق، قېنى ماشىنىدىن چۈشۈڭلار! — دېدى ئابدۇل ئەزىز.
شوپۇر مەھمۇد پەتھى بىلەن ئىبراھىمغا ئابدۇل ئەزىزنى تونۇشتۇردى. ئۇ ئالېكساندىرىيەدىكى ئىنقىلابچى بولۇپ، ئىبراھىم تونۇمايتتى.
ئۇلار قوملۇقتىكى تار يول بىلەن مېڭىپ كەپىنىڭ يېنىغا

كەلدى . باشقا كەپىلەردىن خېلى يىراقتىكى بۇ كەپىدە كىرسىن چىراغ يېنىپ تۇراتتى .
تۆتەيلەن پىلان ئۈستىدە كونكرېت سۆزلەشتى . ئابدۇل ئەزىز گرېتسىيە پاراخوتىنىڭ ماتروسى بىلەن سۆزلىشىپ قويغان بولۇپ ، ئۇ پاراخوت ئەتە بېيرۇتقا بېرىپ ، ئۇ يەردىن مارسېلغا باراتتى . ئىبراھىم كۆمۈر توشۇيدىغان ئىشچى قىياپىتىدە ياسىنىشى لازىم ئىدى . ئابدۇل ئەزىز ئۇنىڭغا ساختا پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى تەييارلاپ قويغانىدى . ئىبراھىم شۇنىڭ بىلەن پورتقا كىرەلەيتتى . ئابدۇل ئەزىز ئۇنى كۆمۈر توشۇيدىغان پورتتا ھېلىقى ماتروسقا تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرماقچى بولدى .
ئابدۇل ئەزىز كەتتى .
پەتھى ماشىنىغا ماي قاچىلاپ قايتىپ كەلدى . ئۈچەيلەن بىر كېچە ئۇخلىمىدى . ئەتىگەن سائەت بەشتە ئابدۇل ئەزىز كەلدى . ئۇ بىر قۇر كونا كىيىم بىلەن بىر پارچە كۆمۈر ئالغاچ كەلگەنىدى . ئىبراھىم ئۇ كىيىملەرنى كىيدى . پاسكىنا ھەم قاپقارا شىم ئۇنىڭغا كالتە كېلىپ قالدى ، كۆڭلەكمۇ قاسماق ، يىرتىق ئىدى . ئابدۇل ئەزىز ئىبراھىمنىڭ يۈزىگە ، قولىغا ، مەيدىلىرى ۋە پۇتىغا كۆمۈرنى سۈركىدى ، ئاندىن خۇددى رەسساملار رەسىمگە يىراقتىن قاراپ باققاندەك ، ئىبراھىمغا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىقتى :
— بولدى ! ئەگەر بىزمۇ بۇ ئىشنى قىلغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ! — دېدى ئۇ ئالېكساندىرىيە تەلەپپۇزى بىلەن ، — ئۇنداقتا بىز يول تاپالامدۇق ؟
ئابدۇل ئەزىز ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئالدىدا ماڭدى . ئىبراھىم پەتھى بىلەن مەھمۇدنىڭ ماشىنىسىغا چۈشۈپ ئارقىدا ماڭدى . باشقىلار كۆرۈپ ھەيران قالمىسۇن ئۈچۈن ، ئىبراھىم ماشىنىدا يېتىۋالدى .
ئۇنىڭ پۇتى يالاڭ ئاياغ ، ئۈستىدە نېپىز ، يىرتىق كىيىم بار ئىدى . پاسكىنا ، يىرتىق شىمىنىڭ يانچۇقىدا ساختا گۇۋاھنامە ، پەتھى بەرگەن ئەللىك فوند ستېرلىڭ ، زاھىر ئەپەندى بەرگەن بەش

فوند ستېرلىڭ ، ئارىسىغا باغاقچە قىستۇرۇلغان كىچىككىنە «قۇرئان كەرىم» بولۇپ ، باغاقچىدە ناۋال يازغان «مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن خەت بار ئىدى .

پورتقا ئاز قالغاندا ئىبراھىم ياتقان پېتى سورىدى :

— پەتھى ، مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئەۋەتكەن قىز ئېسىڭدىمۇ ؟

— ئېسىمدە .

— دۈشەنبە كۈنى سائەت ئۈن بىردە ، سەن ئابدۇل مىنىئىم مەيدانىغا بېرىپ قاراپ باق . ئۇنى ئۇچرىتىشىڭ مۇمكىن . مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمنى ئېيتماي ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ قويغىن ، — دېدى ئىبراھىم ھەسرەتلەنگەندەك خورسىنىپ قويۇپ .

— بولىدۇ ! — دېدى پەتھى .

— ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ ! — دېدى ئىبراھىم يىغلامسىرىغاندەك .

— ماقۇل ! — دېدى پەتھى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ .

— ئىش بىر ياقلىق بولمىغۇچە ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن ئالاقىلەشمە !

— بولىدۇ ! ... بىز ئالتىنچى ئىشىك يېنىدا پاراخوت قوزغالغۇچە ساقلاپ تۇرىمىز .

— سىلەر ئالمىشىپ تۇرۇڭلار . بۇ يەردە تۇرمىساڭلارمۇ بولىدۇ . ماشىنىدىمۇ ساقلىماڭلار . بىرەر قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى ئىبراھىم .

ماشىنا ئالتىنچى ئىشىكتىن خېلى يىراقتا — پورتنىڭ تېمى تۈۋىدە توختىدى . مەھمۇد ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ :

— ھېچ ئىش يوق ! — دېدى .

— ئۇنىڭ ئاۋازى تۆۋەن ، ئەمما ھۆكۈم ئېلان قىلغاندەك ناھايىتى كەسكىن چىقتى .

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ ماشىنىدىن چۈشتى . ئۇ يالاڭ ئاياغ پېتى كەينىگە قارىماي ئالدىغا قاراپ ماڭدى ، پەتھى بىلەن مەھمۇد يۈرىكى ئېزىلگەن ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان ھالدا ئۇنىڭ

كەينىدىن قاراپ قالدى .

ئىبراھىم پورت دەرۋازىسىغا بارغاندا ، ئەسكەرلەر تۇسۇۋالمىدى . ئۇنىڭ ئەسكى كىيىملىرى ، يۈزى ، مەيدىسىگە سۈركەلگەن قارا كۈيە ئۇنىڭغا يولخېتى بولغانىدى . ئۇ دەرۋازىدىن ئۆتتۈپ يەنە خىيالغا پاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زىرەكلىك چاقناپ تۇرسىمۇ ، قېچىشنىڭ ۋەھىمىسىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالغانىدى .

ئۇ ئەتراپقا قاراپ يىراقتا تۇرغان ئابدۇل ئەزىزنى كۆردى . ئىككىسى ئىشارەت قىلىشىۋالغاندىن كېيىن ئابدۇل ئەزىز ئالدىدا ماڭدى . ئىبراھىم ئۇنىڭغا يىراقتىن ئەگىشىپ ماڭدى . ئۇلار خېلى ئۇزۇن مېڭىپ كۆمۈر توشۇش پورتىغا كەلدى . ئابدۇل ئەزىز بىر كىچىك بوتكىغا كىرىپ كەتتى ، ئۇ دادىسىنىڭ ئىش باشقۇرىدىغان ئىشخانىسى ئىدى . بىرئازدىن كېيىن ئابدۇل ئەزىز بوتكىدىن چىقىپ ، يېنىغا كېلىپ بولغان ئىبراھىمغا ۋارقىرىدى :

— قانداق نېمە سەن ؟ ماڭا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرەمدىكىن دەپ تۇرامسەن ؟ قولۇڭغا سېۋەت ئالمامسەن ؟

ئىبراھىم بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىر چەتتە دۆۋىلىنىپ تۇرغان سېۋەتتىن بىرنى ئالدى .

ئابدۇل ئەزىز پورتتا توختىتىپ قويۇلغان پاراخوتنىڭ شوتىسىغا قاراپ ماڭدى ۋە يېقىن كېلىپ شوتا يېنىدا تۇرغان بىر ماتروس بىلەن پاراڭلاشتى .

ماتروس شوتا بىلەن پاراخوتقا ياماشقانىدى ، ئىبراھىممۇ ئۇنىڭ كەينىدىن شوتىغا ئېسىلدى . ماتروس ئىبراھىمنى باشلاپ پاراخوتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە چۈشۈپ ، تۆمۈر قەپەسكىلا ئوخشىشىدىغان نەم ۋە قاراڭغۇ بىر يەرگە كىردى . بۇ پاراخوتنىڭ كۆمۈر قاچىلاش ئامبىرىنىڭ يېنى بولۇپ ، پاراخوتنىڭ ئوتخانىسىغا يېقىن ئىدى .

— سەن بۇ يەردە بىز يېتىپ بارغۇچە تۇرىسەن ... مەن ساڭا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرىمەن ، — دېدى ماتروس

ئىنگلىزچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ .

ئىبراھىم بېشىنى لىڭشىتىپ قولىدىكى سېۋەتنى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇردى .

ماتروس چىقىپ كەتتى ، بىرئازدىن كېيىن بىرئاز بولكا ، بىر كونسېرۋا ئەكېلىپ ئىبراھىمغا بەردى ، پاراخوتنىڭ مېڭىش ۋاقتىنى ئېيتىپ بېرىپ بەزى ئىشلارنى تاپىلىدى . ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ، ئارقىدىنلا ئىشىك تۈۋىدە بىر ماتروس پەيدا بولدى . ئۇ ئىبراھىمنى كۆرۈپلا ھېلىقى ماتروس بىلەن گرېك تىلىدا تاكاللىشىپ كەتتى ، ئىبراھىم ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەچكە ، گەپ قىلماي ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرىۋەردى .

— بۇ ئادەم پۇل ئالمەن دەيدۇ ، — دېدى ئاۋۋالقى ماتروس .

ئىبراھىم گەپ قىلماي يانچۇقىدىن بەش فوند ستېرلىڭنى ئېلىپ ماتروسقا بەردى . ئۇ ماتروس ئانچە رازى بولمىغاندەك پۇلغا قاراپ قويدى ـ دە ، يانچۇقىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى .

— بىلەمسەن ؟ بۇ پاراخوت بېيرۇتتىن ئالېكساندىرىيىگە قايتىپ كېلىپ ئاندىن مارسېلغا بارىدىكەن ، — دېدى ئاۋۋالقى ماتروس شېرىكىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ .

ئىبراھىم تېڭىرقاپ ئىتتىك سورىدى :

— نېمە ئىش بۇ ؟

— مەنمۇ ھېلىقى ماتروستىن ھازىر بىلدىم ، — دېدى ماتروس ئىنگلىز تىلىدا .

ماتروس چىقىپ كەتتى . ئىبراھىم نېمە قىلارنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى . پۈتكۈل مۇسكۇللىرى تارتىشىۋاتقاندەك بولدى . بۇ پاراخوت بېيرۇتقا بېرىپ ئالېكساندىرىيىگە قايتىپ كېلىپ ، ئاندىن مارسېلغا بارغۇچە ئۈچ ھەپتە كېتىدىغان گەپ ، ئۇ شۇنىڭغىچە بۇ تۆمۈر قەپەس ئىچىدە ئولتۇرالامدۇ ـ دە . ئۇلار سېزىپ قېلىشى ياكى كېيىن كەلگەن ماتروس يەنە پۇل بەر دەپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ، پاراخوت ئالېكساندىرىيىگە قايتىپ

كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

ئۇ بۇ يەردە تۇرالمايدۇ، پاراخوتتىن تېز چۈشۈپ كېتىشى كېرەك.

ئىبراھىم شۇ نىيەتكە كەلگەندە، كۆڭلى بىردىنلا يايراپ، خۇددى تۈرمىدىن ئازاد بولغاندەك بولدى. ئۇ قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ بايا ئولتۇرغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق يوشۇرۇن چىقىپ كەتتى.

پورتتا ئۇ ئابدۇل ئەزىزنى ئىزدەپ تېپىپ يېنىغا باردى. ئابدۇل ئەزىز ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— بۇ پاراخوت يەنە ئالېكساندرىيىگە قايتىپ كېلىدىكەن. مەن دەرھال بۇ يەردىن كەتمىسەم بولمايدۇ. سىز بېرىپ پەتھى بىلەن مەھمۇدقا ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى ئىبراھىم پىچىرلاپ.

ئىبراھىم پورتتىن چىقىپ پەتھىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇردى. ئۇلار ئابدۇل ئەزىز بىۋاسىتە مارسېلغا بارىدىغان پاراخوت تاپسۇن، دېيىشتى. ئەمما، ئىبراھىم ئالېكساندرىيىدە قېلىشقا ئۇنىمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تونۇش ـ بىلىشلىرى، خەۋەر يەتكۈزۈپ، ساقچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىدىغان دوستلىرى يوق بولغاچقا، ئىبراھىم قاھىرەگە كېتەي، شۇ يەردە يوشۇرۇنۇش ئاسان، دېدى.

ئىبراھىم يەنە ئوفىتسېر كىيىمىنى كىيدى. ماشىنا ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغاندەك يەنە قاھىرەگە ماڭدى.

نىل قەسرى كوچىسىدىن ئايرىلىپ چىققان كونا بېرژا كوچىسى دەپ ئاتىلىدىغان كوچىدىكى بىر بىنانىڭ ئۈستىدە بىر ئېغىز ئايرىم ئۆي بولۇپ، ئىبراھىم مەھمۇد بىلەن شۇ ئۆيدە تۇرىدىغان بولدى.

ئەسلىي ئىبراھىم مۇشۇ ئۆيدە ئابدۇل ئەزىز پاراخوتنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلگۈچە تۇرسا بولاتتى. ئەمما، ئىبراھىم فرانسىيىدە

ياكى مىسىردىن باشقا يەرلەردە ھايات كەچۈرەلمەيمەن ، دەپ قاراپ مىسىردىن كەتمەسلىكنى قارار قىلىپ بولغانىدى . ئۇ نىشانسىز ، مۇھەببەتسىز ، ۋەتەنسىز پالەچ ئادەمدەك ھايات كەچۈرۈشنى خالىمايتتى .

ئۇ قاھىرەدە قاچقۇن بولۇپ يۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى . قەلبىدىكى ئىنقىلاب ، غەزەپ ـ نەپرەت ئۇنى ئەركىنلىكنى ، مۇھەببەتنى تارتىۋالغانلاردىن ئۆچ ئېلىشقا ئۈندەيتتى .

ئۇ دائىم مۇھەببەتنى ئويلايتتى . ھەر قېتىم قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇغان چاغدا ، كۆز ئالدىدا ناۋالنىڭ ئوبرازى پەيدا بولاتتى ـ دە ، شېرىن خىيالغا چۆمەتتى : ئەنە چاقىقانغىنىدا ، ئاددىي جاھازلانغان ئۆي ، ناۋال ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرمەكتە … ئۇنىڭ ناۋالنى كۆرگۈسى كەلگەن ، بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇچرىششقا بېرىپ ناۋالنى بىر كۆرەي دېگەن نىيەتكىمۇ كەلگەنىدى . ئەمما ، شۇ مىنۇتلار كەلگەندە ، ئۇ بۇ نىيىتىدىن ياندى . ئىبراھىم بۇ خام خىياللىرىم مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ ، دەپ قاراپ ناۋالدىن ئەنسىرەيتتى ، ناۋالنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىنى ، ئۆزىدىن ۋە ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈمىد ئۈزۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۇ ناۋال ئۈچۈن بۇ ئازاب ۋە ھەسرەت يۈكىنى ئۆزى كۆتۈرۈشكە مىڭ مەرتەم رازى ئىدى . ئۇ ئۆز يۈرىكىنى پارچىلاپ ئۇنىڭغا بەرسە بېرەتتىكى ، ھەرگىز ئۇ ئالىيجاناب قىزنىڭ يۈرىكىنى داغلىغۇسى كەلمەيتتى .

ئىبراھىم شۇ ئۆيدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى . ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتتى . ئەنسىزلىك ۋە ۋەھىمە كېچىلىرى ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەيتتى ، ئۇ كېسەل ئادەمدەك سارغىيىپ ئورۇقلاپلا كەتتى ، ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيىۋالغان ، يانچۇقىدا ئازراق پۇل ۋە ناۋال يازغان باغاقچە قىستۇرۇلغان كىچىككىنە «قۇرئان كەرىم» بار ئىدى . ئۇ ئايغىنىمۇ تەييار قىلىپ قويغانىدى . قېچىپ يۈرگەن ئادەم تاسادىپىي ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى ئۈچۈن ھەر دائىم تەييار تۇرۇشى لازىم ـ دە .

ئۇ قىلىدىغان ئىشنى تېخى ئويلاپ بېكىتمىدى، پەقەت سەيدىشى مەھمۇد ئەرەفە بىلەن ئەنگلىيە تەتقىقات ئورنىغا بومبا ئېتىش، قانالدىكى ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىش قاتارلىق ... ھەرىكەت پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەمما بۇ پىلانلار ئىجرا قىلىنمىدى، چۈنكى بۇ پىلانلارنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان قول، يەنى ئۇنىڭ قولى يوق ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىبراھىم مەھمۇد ئەرەفە بىلەن ئولتۇراتتى. ئۆيگە تۇيۇقسىزدىنلا بىر ساقچى ئەمەلدارى كىرىپ كەلدى، ئارقىسىدا پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ساقچى بار ئىدى.

ئىبراھىم بۇ ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، مەھمۇدنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى پەملىدى ـ دە، نېرىراق بېرىپ تۇردى. ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويدى، چۈنكى ئۇ بۇ يىگىتنىڭ ئىبراھىم ھەمدى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— مەھمۇد ئەرەفە دېگەن قايسىڭلار؟ — سورىدى ساقچى ئەمەلدارى.

— نېمە قىلىسىلەر؟ — قايتۇرۇپ سورىدى مەھمۇد.

ساقچى ئەمەلدارى ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۈستەل ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ساقچى ئىشىكنى توسۇپ تۇراتتى.

ئىبراھىم ئۇلارنىڭ دىققەت قىلمىغىنىدىن پايدىلىنىپ ئىككى ساقچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، پەلەمپەيلەردىن تاقلاپ دېگۈدەك پەسكە چۈشتى.

— تۇتۇڭلار ئۇنى، تېز! — ساقچىلار ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ساقچى ئەمەلدارى مەھمۇدنىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن دەپ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى.

ئىبراھىمنىڭ پۇتىدا سايما كەش بار ئىدى. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر پېيى چۈشۈپ قېلىۋىدى، ئىبراھىم يەنە بىر پېيىنىمۇ چۆرۈۋەتتى. ئۇ پەلەمپەيلەردىن يالاڭ ئاياغ چۈشتى. ئارقىسىدىن ئىككى ساقچى قوغلىدى. شۇ يۈگۈرگىنىچە ئىبراھىم

كوچىغا چىقتى. ئارقىسىدىن ئىككى ساقچىنىڭ «ئاۋۇ بۇزۇق ئۇنسۇرنى تۇتۇڭلار! بۇزۇق ئۇنسۇرنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. يولدىكى كىشىلەر توختىدى. بىر گېزىت ساتقۇچى ئىبراھىمنىڭ ئالدىنى توسۇماقچى بولۇۋىدى، ئىبراھىم: «مەن يامان ئادەم ئەمەس، ئۇلار سىياسىي ساقچىلار!» دەپ ۋارقىرىدى. گېزىت ساتقۇچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھاللا يول ئاچتى.

بىر كىر يۇغۇچى دۇكىنىدىن چىقتى. بۇ سېمىز ئادەم پۇقراچە كىيىنگەن بىر ساقچىنىڭ ئالدىنى توسۇپ قولىغا ئېسىلىۋالدى ـ دە، سىپايىلىك بىلەن:

— ھوي، ئەپەندى، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى.

— قولۇمنى قويۇۋەت ئۆلگۈر! ئالدىمنى توسۇما! — دەپ ۋارقىرىدى ساقچى ھاسىراپ تۇرۇپ.

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىزگە ئېيتىپ بەرمەمسىز؟ — دېدى كىر يۇغۇچى ئۇنى پاراڭغا تۇتۇپ، — سىزگە ياردەم قىلىمىز ئەمەسمۇ!

— ئاۋۇ بۇزۇق ئۇنسۇر! مېنىڭ بۇزۇق ئۇنسۇرنى تۇتۇڭلار دېگىنىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى ساقچى.

كىر يۇغۇچى ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي يەنە سورىدى:

— قىزىق گەپ! ئۇ ئادەم نېمە ئوغرىلاپتۇ؟

— ماڭا چاپلىشىۋالما، ئۆزۈڭگە پەخەس بول!

— ھە، سىز ساقچى ئىكەنسىز ـ دە، قاراڭە سىزنى، بۇنى بالدۇرراق دېسىڭىز بولمامتى، قېنى مەرھەمەت قىلىڭ!

ساقچى يەنە قوغلاپ كەتتى، بىراق ئىبراھىم ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

كىر يۇغۇچى كۈلۈپ قويۇپ دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى.

بايىقى گېزىت ساتقۇچىمۇ يۈگۈرۈپ بىر ساقچىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، قەستەن گېزىتنى چېچىۋېتىپ، چېچىلىپ كەتكەن

گېزىتلەرنى يىغقان بولۇپ ، ساقچىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساقچىمۇ ئىبراھىمنى يىتتۇرۇپ قويدى .

ئىبراھىم نىل قەسرى كوچىسىدىن ئۆتۈپ ئەزھەر مەيدانىغا قاراپ يۈگۈردى . ئارقىسىدىن قوغلاۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىمىسىمۇ يۈگۈردى . تېخى پات ـ پات : «ھەي ، گېپىمنى ئاڭلىغىنا ! ھەي ، ئاغىنە ، توختىغىنا !» دەپ ۋارقىراپ قويدى .

ئۇ ، خەقلەر مېنى باشقا بىرىنى قوغلاپ كېتىۋېتىپتۇ دەپ قالسۇن ، دېگەندەك قەستەن شۇنداق ۋارقىراپ قويغانىدى . بىر ئازدىن كېيىن يۈگۈرۈشتىن توختاپ تېز قەدەم بىلەن ماڭدى ، بىر ناۋايخانىغا كىرىپ ئۇن نان سېتىۋالدى ـ دە ، يۈزىنى توسۇپ كۆتۈرۈپ ماڭدى . يالاڭ ئاياغ ، ئۇچىسىدا ئۇزۇن يەكتەك ، قولىدا بىر مۇنچە نان ، ئىبراھىم شۇ تاپتا بازاردىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ قايتىپ كېتىۋاتقان ئۆي خىزمەتچىسىگىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى .

ئۇ ئۆتىبە مەيدانى تەرەپكە كېتىۋېتىپ ئويلاندى : نەگە بېرىش كېرەك ؟ نەگە يوشۇرۇنىدىغان ئىش ئەمدى ؟ ئۇ ئەزھەر كوچىسىغا بۇرۇلۇپ بىر باققالنىڭ ئالدىدا توختىدى . ئۇ باققالدىن ئازراق ئاپېلسىن ۋە بانان ئالدى . باققالغا مېۋىلەرنى قەغەز خالتىغا قاچىلاپ بېرىشنى ئېيتتى ، شۇ ئارىلىقتا پەتھى مەلىجىگە تېلېفون بېرىۋىدى ، ئۇ يوق بولۇپ چىقتى . ئۇ مېۋە خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان پېتى ئەزھەر كوچىسىنىڭ بېشىغا چىقىپ باتىنىيە كوچىسىغا بۇرۇلدى .

ئىبراھىم قانۇن ئىنستىتۇتىدىكى ساۋاقدىشى ۋە دوستى ئابدۇللا شۆھرەتنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ ۋەتەنپەرۋەر يىگىت بولسىمۇ ، مەخپىي گۇرۇپپىغا قاتناشمىغاچقا ، ساقچىلارنىڭ نازارىتىدىن خالىي بولۇشى ئېنىقلا ئىدى . ئەمما ، ئىبراھىم ئۇنىڭ ئۆيىدە بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيتتى .

ئابدۇللا شۆھرەت ئۆيىدە ئىدى . ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئىبراھىمنىڭ يوشۇرۇنۇشىغا ياردەملەشمەكچى بولدى . ئۇنىڭ شەخسىي ئۆيى تۆت قەۋەتلىك بىر بىنادا بولۇپ ، تۆتىنچى قەۋەتتە

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىسى تۇراتتى. ھازىر ئۇلار يۇرتىغا كەتكەن، ئاچقۇچنى ئابدۇللاغا بەرگەنىدى.

ئابدۇللا ئىبراھىمنى تۆتىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئوقۇغۇچىلار ياتقان ئۆيدە تۇرىدىغان بولدى. ئىبراھىم كېچە ـ كۈندۈز ئۆيدىن چىقماسلىقى ۋە ھەرىكەت قىلماسلىقى لازىم ئىدى، بولمىسا، قوشنىلىرى ياندىكى ئۆيگە ئادەم كىرىۋاپتۇ، دەپ گۇمانلىنىپ قالاتتى.

ھەممە دېرىزىلەر ئېتىۋېتىلدى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە يېمەك ـ ئىچمەك ئەكىرىپ بېرىپ تۇردى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئىبراھىم پەقەت چىدىيالمىدى. كۈچ بېرىپ تۇرىدىغان سوغۇق قان نېرۋىلىرى ئەمدى ئۇنىڭغا بويسۇنماي قالدى. ئۇ ئۆزىنى بەزىدە ساراڭ بولۇپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى، ۋارقىراپ ـ جارقىرىغۇسى، ھەممە نەرسىنى چېقىپ پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتكۈسى، ئادەم ئۆلتۈرگۈسى كېلەتتى. ئۇ كىمنى ئۆلتۈرىدۇ؟ ئۆزىنى قوغلاپ يۈرگەن، قول ئاستىدىكىلەرگە ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇق بەرگەن ھۇمام بەگ بىلەن كاپىتان دەباغنى ئۆلتۈرەمدۇ؟ ياق! ئۇ ئىككىسى غالچىلار تەبىقىسىنىڭ ۋەكىلى، جاھانگىرلار بەلگىلىگەن سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلغۇچى قۇللار! بۇرۇنقىدەك ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنى ئۆلتۈرۈش كېرەكمۇيا؟ نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەنگلىيىلىكلەرگە مىسىردا راھەت كۆرسەتمەسلىك كېرەك. مىسىردىلا تۇرىدىكەن، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك.

ئىبراھىم ھەرىكەت قىلىشقا قارار قىلدى.

ئۇ پەتھى مەلىجى بىلەن ئالاقىلەشتى. ئىبراھىم، پەتھى ۋە ئابدۇللا ئۈچەيلەن بىرنەچچە قېتىم مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزدى. پەتھى ئىبراھىمنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ ئىبراھىم قېچىپ يۈرگەن ئادەم، قېچىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشىمايدۇ،

ئەگەر ئىبراھىم ئۆزى ھەرىكەتلىنىدىغان بولسا ئىككى يۇرۇش پىلان تۈزۈش لازىم. بىرى، ئۇنىڭ قېچىشىنى قوغدايدىغان پىلان. يەنە بىرى، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى ئىجرا قىلىدىغان پىلان بولۇشى كېرەك، بولمىسا، ھەر ئىككى پىلان تەسىرگە ئۇچرايدۇ، دېدى.

ئىبراھىم بۇنىڭغا قايىل بولدى، ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلغۇسى كېلەتتى. ئۇ ھەرگىز ئۆمۈربويى چاشقانغا ئوخشاش مۆكۈپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزەلمەيدۇ ـ دە!

ئۇلار بىر پىلان ئۈستىدە ئارىسالدى بولۇپ، بىر پىكىرگە كېلەلمەي تۇرغان بىر چاغدا، مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ قولغا ئېلىنىپ ئازاب چېكىۋاتقانلىقى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر خىل قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ھېچ نەرسىنى ئىقرار قىلمىغانلىقىنى ئاڭلاشتى.

ئىبراھىم ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئېلىشىپ قېلىشقا تاسلا قالدى.

ئىبراھىم ئىلگىرى نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىپ، جازاغا تارتىلغانلىقىنى كۆرگەن. ئەمما، ئۇلار سىياسىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، ئۇلاردا قولغا ئېلىنىش، جازالىنىشقا نىسبەتەن تەييارلىق بار ئىدى. ئەمما، مۇھىيد سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشمايدىغان، تاماشىبىن قاتارىدىكى ئادەم ئىدى. دېمەك، خەلق دېگەن شۇ. خەلق ئىبراھىمنىڭ يېنىدا، ئۇنى دەپ قىينالماقتا. مۇھىيدنى ئويلىغاندا ئىبراھىمنىڭ خەلققە مۇھەببىتى ئاشتى. ئۇ خەلققە جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم. ئۇ مۇھىيدقا، ناۋالغا، زاھىر بوۋايغا ··· تەھىيە مومايغا ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دەپ تارتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم مەن قاچقۇن دەيدىغان ھېسسىياتتىن قۇتۇلدى. ئۇ پەتھى مەلىجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلماستىن، ئەگەر سەن مەن بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىشنى خالىمىساڭ، ئۆزۈم

يالغۇز ھەرىكەت قىلىمەن ، دەپ تەھدىت سېلىۋىدى ، پەتھى گېپىدە چىڭ تۇرالمىدى .

شۇ كۈنى كېچىسى ئاباسىيە ھەربىي گازارمىسىنىڭ يېنىدا ئۇلار بىر ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى .

ئىبراھىم بۇنىڭغا قانائەتلەنمىدى . ئۇنىڭ غەزىپى بېسىلمىدى . ئىبراھىم ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشنى گېزىتكە باسمايدىغانلىقىنى ، ساقچىلار بۇنىڭ سىياسىي خاراكتېرلىك ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، بۇنى بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرگەن دەپ دوكلات قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ، بەلكى ساقچىلار بۇ ئىشنى ئىبراھىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، بۇنىڭدىمۇ ئىبراھىم ئالدىنقى بىرنەچچە قېتىملىق ئادەم ئۆلتۈرۈشتە ئىشلەتكەن ئۇسۇل ۋە شەكىل بىلەن ئىش كۆرگەنىدى .

ئىبراھىم بىرنەچچە ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھېچ نەرسىگە دال بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى...

ئۇ چوڭ بىر ئىشنى ، يەنى بىر ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ، ئەنگلىيە غالچىسى بولغان بىر ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈشتىن چوڭ ئىشنى قىلىش كېرەك .

ئىبراھىم شۇنى تونۇپ يەتتىكى ، ئەنگلىيىلىكلەر مىسىرنى بېسىۋېلىش ، مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئەسكەرلەرگە ، بىر - ئىككى ياكى سەككىز - ئون غالچىلىرىغا ئەمەس ، ئاساسلىقى بىر يۈرۈش تۈزۈمگە ، ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمگە تايىنىدۇ ، بۇ تۈزۈم يۇقىرىدا پادىشاھتىن تارتىپ ئىچكى كابىنېت ۋە پارلامېنتنى مونوپول قىلىۋالغان فېئودال سىنىپىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ . مىسىرنى ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىدىن ، ئۇنىڭ غالچىلىرىدىن ، زۇلمەتتىن ، ئېكسپىلاتاتسىيىدىن ، نامراتلىقتىن ، ھۇمام ، دەباغلاردەكلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ، ئازاد قىلىش ، مۇھىيد ، زاھىر ئەپەندى ، تەھىيە موماي ۋە باشقا ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرۇش ، ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ئائىلە قۇرۇپ ، ناۋال بىلەن بىللە ياشاشتەك شېرىن خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم

بۇ تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك .

شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئىبراھىم ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان شۇنچىلىك ئاددىي ھەقىقەتنى تاپقاندەك ھەيران قالدى .

بىراق ، قانداق قىلىش كېرەك ؟ بۇ تۈزۈمنى قانداق ئاغدۇرىدىغان گەپ ؟

ئەگەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىككى يۈز نەپەر جان تىكىپ ئېلىشىدىغان قوراللىق يىگىت بولىدىغان بولسا ، ئىبراھىم ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولاتتى . بۇ چاغدا ئالدى بىلەن رادىئو ئىستانسىسىنى ئىشغال قىلىپ ، ئاندىن باش ۋەزىرنى ئوردىسىدا قورشىۋالاتتى ، سىياسىي ساقچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى قولغا ئالاتتى ... ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئىشى مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇ قوراللىق ئىنقىلاب پۈتۈن مىسىرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ خەلقنى ئويغىتاتتى .

ئۇ ئىككى يۈز نەپەر قوراللىق ياشنى قانداق يىغىدۇ ؟

بۇنىڭغا ئاۋۋال ئۆزى ئىشىنىدىغان بەش نەپەر ئادەمنى تەشكىللەش ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان بەش ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللىشى كېرەك .

ئىبراھىم تەشكىللىمەكچى بولغان ئىككى يۈز ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقداشلىرىنى ، ئالېكساندىرىيىدىكى ئابدۇل ئەزىزنى ، ئۇ تۇنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ماڭغاندا ، پۇل ئېلىشقا ئۇنىمىغان كىرا ماشىنىسى شوپۇرىنى ، ئەينى قەسرى دوختۇرخانىسىدىن قېچىپ چىققاندا ، ئۆزىنى كۆرمەسكە سالغان دوختۇرنى كۆرگەندەك بولدى . ئىشقىلىپ ، ئۇ ھاياتىدا ئۇچراتقان جىمىكى چىرايلارنى كۆرگەندەك بولدى ، ئۇلار رەتلىك تىزىلىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى .

ئۇلارنى قانداق قوراللاندۇرىدىغان ئىش ؟

قورال سېتىۋېلىشقا كۆپ پۇل كېتىدۇ ، بۇ پۇلنى پۇلدار

ئاغىنىلىرى ياردەم قىلىدۇ . ئۇ پىلاننى ئىپتىماستىنلا ئۇلاردىن ياردەم ئالىدۇ ...

ئىبراھىم دەرھال ئىشقا كىرىشمەكچى بولدى ـ دە ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا پەتھى بىلەن ئابدۇللا شوھرەتنى رىغبەتلەندۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بۇ پىلاننى ئىپتىقۇزدى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پەتھى مەلىجى بەش كىشىلىك بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلدى .

ئىبراھىم ئۆيدىن چىقمىسىمۇ ، بۇرۇنقىدەك زېرىكمەيدىغان بولدى . ئۇ پىلانى ئۇستىدە ئويلىنىپ ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستىكىدە چوغدەك ياناتتى .

بىراق ، پەتھى تەشكىل قىلغان گۇرۇپپا بەكمۇ ئاستا ھەرىكەت قىلدى . بۇنى كۆرۈپ ئىبراھىم يەنە ئويغا پاتتى ، پىلانىدىن گۇمانلىنىپ ، تەكرار مۇلاھىزە ئارقىلىق ئاخىر يېڭى بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدى .

ئىبراھىم كەڭ ئاممىۋى ئاساس بولماي ، جۇشقۇن پىداكارانە روھقا ئىگە ئىنقىلابىي بازىنى ئارقا تىرەك قىلماي تۇرۇپ ئىككى يۈز نەپەر سادىق قوراللىق ياشنى تەشكىللىيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئىككى يۈز ياش بىلەنلا ئىنقىلاب ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ ، ئەمما ئۇلار ئىنقىلابتا مەلۇم رول ئوينايدۇ . ئۇلار قېتىپ قالغان ، سوغۇق يەردە ئەمەس ، بەلكى قاينام ـ تاشقىنلىق ئىنقىلابىي زېمىندا پەيدا بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن كەڭ زېمىندا ئىنقىلاب بولۇشى ... خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى پەلەككە يەتكەن بولۇشى ، ئىنقىلاب ئوتى ھەممە يەردە لاۋۇلدىشى ، ئىشچىلار ، سودىگەرلەر ، خىزمەتچىلەر ، ئوقۇغۇچىلاردا ئىنقىلابىي روھ بولۇشى ، بارلىق تەشكىلات ، كوللېكتىپ ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك . شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئىككى يۈز نەپەر قوراللىق ياشنى تەشكىللەپ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ !

ئۇنداقتا ، ئىبراھىم ئالدى بىلەن ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىشى ، ھەرخىل تەشكىلات ، كوللېكتىپلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ،

مىللىي مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى ، شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىشى ، ئەسكەر چېكىندۈرۈش ، خىيانەت ، چىرىكلىشىش ، زىيانكەشلىك قىلىش ، بيۇروكراتلىق ، جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى ... قاتارلىق بارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، خەلق ئاممىسىنى بۇ ھەقتە سۆزلەيدىغان قىلىش ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم ...

ئىبراھىم بۇ ئىشلارنى ئۆزى يالغۇز قىلىپ كېتەلمىگەچكە ، ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى . ئۇ بۇرۇنمۇ مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ كۆپلۈكىنى ، ئارمىيە ئىچىدىمۇ ، ھەرقايسى تەبىقە خەلقلىرى ئىچىدىمۇ بىر قىسىم تەشكىلاتلار بارلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئىبراھىم پەتھى بىلەن ئابدۇللانى ئەۋەتىپ ، ئىمكانقەدەر بۇ تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەخپىي تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنىڭ ۋە كىتابچىلارنىڭ مۇھىملىقىغا ، ئىلغار گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ۋە سىياسىي كىرىزىستىن پايدىلىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە ئىشىنىشكە باشلىدى .

ئىبراھىم بۇلارنى ھېس قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقالماي قاچقۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى . بۇنداق تۇرمۇشقا چىدىماي بەك ئازابلاندى ، بۇ ھەرىكەتلەردە ئۇ قانداق رول ئوينايدۇ ؟ ئۇ مەخپىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە بارالمىسا ، نامايىشلارغا قاتنىشالمىسا ، تەشۋىق ۋەرەقىسى يېزىپ تارقىتالمىسا ، ساۋاقداشلىرى ، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئۇلغايتىپ ، ئۇلارنى ئىنقىلاب قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەلمىسە ، قانداقمۇ ئەمەلىي رول ئويناپ ، ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ ؟

ئىبراھىم ئازابلىنىپ ئۆزىنى ئەمدى تۈگەپتىمەن ، ھېچقانداق ئۈمىد قالماپتۇ ، دەپ ئويلىدى . چۈنكى ، قاچقۇندەك ياشاشنى

خالىمغىنى بىلەن ، ئۇنىڭغا قىچىپ يۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق ـ دە . ئەگەر ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلمىشنى ، دارغا ئېسىلىشنى خالىمىسا ، ئۇنىڭغا قالغان بىردىنبىر يول ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىدى . ئەمما ، ئۇ زەئىپ ئادەملەردەك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى خالىمايتتى ، ئۇنىڭ بىرەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت قىلغۇسى ، شۇ ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە ، بارلىق ياشلارغا ئۈلگە ياراتقۇسى كېلەتتى ، ھايات ـ مامات بىلەن ھېسابلاشمايتتى ، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى راۋۇرۇس ئىنقىلاب قىلىش ، مۇشۇ ئىنقىلابنىڭ تۈنجى ئوقى بولۇشلا ئىدى . تۈنجى ئوق ئېتىلغان ھامان توپ ـ زەمبىرەكلەر تەڭ گۈمبۈرلەيدۇ ـ دە ! ئۇ ، تۈنجى ئوقۇم كىشىلەرنى ئويغاتسا ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى روشەنلەشتۈرسە ، قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتسا ، دەيتتى ! خەلققە بىر ئادەمنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن قانچىلىك دەرىجىدە قۇربان بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى خالايتتى . ئەلۋەتتە ، ئۇ بىر قېتىملىق ھەرىكەت بىلەنلا توختاپ قالمايتتى ، ئۇ ھېچ نەرسە بىلەن ھېسابلاشماي ، يا ئىنقىلابنى قوزغاشقا ، يا ئىنقىلاب ئۈچۈن قۇربان بولۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى . ئۇ قىزىل قېنىم بىلەن ئىنقىلاب بايرىقىنى بويىسام ، كىشىلەر قان داغلىرىمنى دەسسەپ ئالغا باسسا ، دەيتتى .

مانا بۇ ئىبراھىمنىڭ پەتھى مەلىجى ناۋال بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلگەن چاغدىكى ئاخىرقى قارارى ئىدى . ئۇ سەپداشلىرىنى ئۆزى بىللە بىللە جان تىكىپ ئېلىشىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە پەتھىگە ، مەن ساقچىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلاي دەۋاتىمەن ، دېدى .

— بۇ نىيىتىڭدىن يان ، — دېدى پەتھى ئۇنىڭغا ئەيىبلىگەن نەزەردە قاراپ ، — شۇنچە ئىشلارنى ئاخىر سېنىڭ ساقچىغا ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىشىڭ ئۈچۈن قىلمىدۇق !

ئىبراھىم كۆزلىرىدىن كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالمىسۇن دېگەندەك ، ئاغىنىسىدىن كۆزىنى قاچۇردى ۋە :

— ئۇنداق بولسا مەن چاشقاندەك ئۈمۈر بويى مۆكۈپ يۈرمەنمۇ؟ — دېدى.

— نېمىشقا مۆكۈپلا يۈرىدىكەنسەن؟ — دېدى ئابدۇللا شۆھرەت، — مۆكمىسەڭ قانداق قىلىسەن؟ سەن يېقىندا ئۆلتۈرگەن ئەنگلىيە ئەسكىرىنىڭ قېنى تېخى قاتقىنى يوق!

— ھە، نېمە بوپتۇ! مەن ئاران بىر ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۈم، ئۇلاردىن ئۇننى ئۆلتۈرسەممۇ، قانچىلىك ئىش ھەل بولۇپ كېتەر؟ — دېدى ئىبراھىم.

— راستىنى ئېيتقاندا، ئەسلىي ھۆكۈمدارلارنى ئۆلتۈرسەك ئوبدان بولاتتى. بۇ دۆلەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلار شۇلار، — ئۇن قاتتى پەتھى.

— ئەگەر بىز ھۆكۈمدارنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقى چىقىدۇ. ئەمدى تاپانچا ئىشلەتمەيلى، ئۇنىڭ رولى يوق، — دېدى ئىبراھىم بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— ئۇنداقتا، ئۇلارنى كالتەك بىلەن ئۇرامدۇق؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئابدۇللا شۆھرەت.

— ھەممىدىن ياخشىسى نېمە؟ ...ھە، بىلدىم، چوڭ بىر ھەرىكەت، پارتلاتقۇچ خاراكتېرلىك ھەرىكەت! — دېدى پەتھى.

پەتھى ئىبراھىمنىڭ ئىلھامىدىن چارە تېپىشقا چېۋەر بولغاچقا:

— مەسىلەن، بومبا ... پارتلاتقۇچ دورا بىلەن ئىش كۆرسەك دەمسەن؟ — دېدى. ئىبراھىم پەتھىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە:

— ئەمما بىز پارتلاتقۇچ دورىنى نەدىن تاپىمىز؟ — دېدى.

— ئۇنىڭدا چوڭ مەسىلە يوق. ئەمما، بىز ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىمىز؟ — دېدى پەتھى جىددىي ھالدا.

— سەن ئامال قىلىپ نەرسىنى تاپ، بىر گەپ بولار، — دېدى ئىبراھىم.

پەتھى ئادەتتە ئىبراھىمدىن گەپ كوچىلىمايتتى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئۇ نېمىلەرنى تاپقاندا سەن بىلەن كۆرۈشەي ! — دېدى .

پەتھى بىلەن ئابدۇللا شۆھرەتمۇ چىقىپ كەتتى . قاراڭغۇ ئۆيدە ئىبراھىم يالغۇز قالدى .

## 21

ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى . بۇ ئىككى كۈننى ئىبراھىم ناھايىتى تىنچ ئۆتكۈزدى ، يەنى ئۇنى ھاياجانغا سالىدىغان ، تەشۋىشلەندۈرىدىغان ئىش بولمىدى ، مەن قاچقۇنغۇ دەيدىغان ھېسسىياتتىمۇ بولمىدى . ئۇ ئۆز تەقدىرىنى چۈشەنگەن ، بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك كەسكىن جەڭدە ئۆزىنىڭ رولىنى بەلگىلەپ ، ئىنقىلابنىڭ تۈنجى ئوقى بولۇشقا ، تاكى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغۇچە كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغانىدى . ئۇ ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى ، ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەي قويمايتتى . چۈنكى ، ئۇ ئىنقىلاب پۈتۈن مىسىرنىڭ ئىنقىلابى ، خەلقنىڭ ئىنقىلابى ئىدى .

بۇ مۇدھىش كۈنلەردە ئىبراھىم ساقال - بۇرۇتىنى ئالمىدى ، شۇڭا ئۇ ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتى ، تاتىراڭغۇ چىرايى بىلەن ئاغرىق ئادەمگىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى .

ئىبراھىم تەمكىنلىك بىلەن ئىنقىلاب قىلىش پىلانى ، ھەرىكەتنى نەدىن باشلاش توغرۇلۇق كۆپ ئويلاندى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى ، ئۈمىدسىزلەنمەيتتى ، غەزەپلەنمەيتتى . ئەكسىچە قانداق قىلىپ مىسىردا ئىنقىلاب يالقۇنىنى لاۋۇلدىتىۋېتىشتەك يېگى بىر كەشپىيات ئۈستىدە تەجرىبە قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى ، بۇنى ئۇ غەلىبىگە ئىشەنچ باغلىغان ئالىمدەك ئەستايىدىل تەتقىق قىلماقتا ئىدى . ئۇ ئۈمىدۋار ، خۇددى غەلىبە خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندەك ، يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك ھېسسىياتتا ئىدى . يورۇقلۇق يىراقتىن ، ئۇنىڭ قەلبىدىن ، ئىدىيىسىدىن چىقىۋاتاتتى .

ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆمرىدىكى جىمىكى ئوبرازلار بىر ـ بىرلەپ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، ئۇلارغا ئىبراھىم مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن نەزەر تاشلىغاندەك، چىرايىدا شادلىق تەبەسسۇمى ئويىنىغاندەك بولدى.

ئۇ چوڭ بولغان مۇنىرە رايونىدىكى ئائىلىسى كۆز ئالدىغا كەلدى. كۆزىگە ئاپىسى كۆرۈندى. ئۇ ئاپىسىنى ئاجايىپ بەك ياخشى كۆرەتتى، ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئامراق ئىدى. ئىبراھىم ئۆزىدىن: ئاپامنى رەنجىتىپ قويغاندىمەنمۇ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئازاب سالغاندىمەن ـ ھە؟ دەپ سورىدى. ياق! ئاپىسى ئۇنى چۈشىنىدۇ، ئوغلىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ بارلىق گۈزەل پەزىلەتلىرىگە، قەيسەر، جىمغۇر، ئېغىر ـ بېسىقلىقىغا ... ۋارىسلىق قىلدى. ئاپىسى ئەگەردە ئەر بولۇپ قالغان بولسا، ئاللىقاچان بىر رەھبەر بولۇپ يېتىشكەن ياكى بولمىسا ئالاھىدە تۆھپىلەرنى يارىتقان بولاتتى، ئاپىسى ئوغلى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئاپىسى قانچىلىك يوشۇرسۇن، ئوغلىنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە ئاگاھلاندۇرسۇن، ئىبراھىم ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىن پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى، ئوغلىنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرىدىن مەغرۇرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ قولىغا ئېلىنغان كۈنى ئاپىسىنىڭ مەڭزىدە ياش، چىرايىدا كۈلۈمسىرەشنى كۆرگەن، ئاسانلىقچە ئىپادىلەنمەيدىغان بۇ قەيسەر تەبەسسۇمدىن ئاپىسىنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

ئەنە دادىسى ... ئۇنىڭ كۆزىگە دادىسى كۆرۈنۈۋىدى، چىرايى بۆلەكچە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ دادىسى قاتتىق ئىنتىزامچان، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئادەم، خىزمەتتە ئەستايىدىل، ئۆيدە قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇشنى تەكىتلەيتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاپتىن چىققانلىق دەپ قارىغاچقا، خاپا بولاتتى، ئوغلۇم تاپتىن چىققاچقىلا تۈرمىگە كىردى، دەپ ئويلايتتى، ئەمما ئوغلىدىن مەغرۇرلىناتتى، ئوغلىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن نارازى بولسىمۇ، يەنىلا پەخىرلىنەتتى، ھەتتا دادا ـ بالا قاتتىق تاكاللىشىپ قالغان

چاغلىرىدىمۇ، ئىبراھىم دادىسىدىكى بىر خىل پەخىرلىنىشنى سېزەتتى.

ئىبراھىم كۈلۈپ كەتتى. دادىسى ئۇنىڭ قانۇن ئىلمى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانى ئېلىشىنى ئۇمىد قىلاتتى. ئوغلىنى سودىيە، بەزىدە ۋەزىر قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى... ئەمما، ئىبراھىمنىڭ سودىيە، ۋەزىرمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئۇستۇن ئادەم بولغۇسى بار ئىدى. ئۇ سودىيە، ۋەزىر دېگەنلەر ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش، ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشىنى، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ھايات تۇرۇشىنى، دادىسىغا ئۇنتۇلماس خاتىرە قالدۇرۇشىنى، شۇ ئارقىلىق دادىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئۇنى كىشىلەر ئالدىدا پەخىرلىنىپ يۈرىدىغان قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ھەرخىل ئوبرازلار بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقداشلىرىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارمۇ ئىبراھىمنى ياخشى كۆرەتتى. ئىبراھىم ھازىر ئۇلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇلارنى قولى بىلەن تۇتۇۋاتقاندەك بولدى. دەل مۇشۇ مېھىر ـ مۇھەببەت ئىبراھىمغا يېڭىلمەس كۈچ بەخش ئەتكەن، ئۇنى مۇشكۈللۈك ۋە خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىپ كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ئىبراھىم شۇ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ساقچى، ھۆكۈمەت ۋە ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىدىن كۈچلۈك ھېس قىلغان. شۇلار بولغاچقىلا ئىبراھىم ئۆزىدىكى قورقۇنچاقلىق، ئاچ كۆزلۈك، زەئىپلىكنى يېڭىپ، قەيسەر، جاسارەتلىك بولغانىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرگەندەك، ھەتتا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چىرايلارنىمۇ كۆرگەندەك بولدى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قىلغان كۈرەشلەرنى، ئەينى چاغدىكى قىزىق ئىشلارنى ئەسلىدى، ئەسلىمىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدا بەزىدە

تەبەسسۇم، بەزىدە كۈلكە، بەزىدە ئەيىبلەش ئالامىتى پەيدا بولدى.

ئىبراھىم پۈتكۈل ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلەرنى، يەنى قاتناشقان نامايىش، ئېلىپ بارغان ھەربىر ھەرىكەت، تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ۋە سوراقلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھۇمام بەگ، كاپىتان دەباغ ۋە تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرايى كەلدى. ئاندىن ئۇ يەنە ئەينى قەسرى دوختۇرخانىسىدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ۋە قېچىپ چىققان كۈننى ئەسلىدى. ئۇنىڭ خىيالى مۇھىيدلارنىڭ ئۆيىگە ئۇلاشقاندا، ھېسسىياتى دولقۇنلىدى. ئەنە، يۈزى يۇمىلاق، كۆزەينەكلىك، پاكارغىنا، مۇھىيد زاھىر ئەپەندى، تەھىيە موماي، سامىيە، ئابدۇل ھەمدىلەر... ئۇ ناۋالدىن ئۆزىنى تارتتى، ناۋالدىن قورقتى، ئۇ يېڭى پىلاننى ئىجرا قىلىشقا، ناۋالدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى... ئۇ ناۋال ئۈچۈن ياشاشنى خالايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇربان بولۇشى ناۋال ئۈچۈنلا بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ناۋالمۇ ناھايىتى زور بەدەل تۆلىشى تۇرغان گەپ. ئىبراھىم قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ھازىر ئۇ پۈتۈن غەيرەت ـ شىجائىتىنى يىغىپ، بارلىق شەخسىي ئوي ـ خىياللىرىنى كاللىسىدىن نېرى قىلىپ، بەلگىلىگەن پىلاننى ئىجرا قىلىشى لازىم ئىدى.

ئىبراھىم ناۋالنى ئويلىماي دېگەنسېرى، ئۇ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىك ئېچىپ بەرگەندىكى قىياپىتى، ئوتلۇق شەھلا كۆزلىرى، ئالمىدەك مەڭزى، ئىنىدىئان قىزلىرىنىڭكىدەك قىزغۇچ تېرىسى، ئۆيدە ئۆزىگە يول بوشاتقانلىرى، ناشتىلىق كۆتۈرۈپ كىرگەندىكى تۇرقى كۆزىگە كۆرۈنۈپ، كۆزلىرى ناۋالنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك بىلىندى. ئىلگىرى ناۋال ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندە ئىبراھىمنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئويناپ كېتەتتى. ئىبراھىم ئەمدى بۇرۇنقىدەك ناۋال بىلەن ئائىلە قۇرۇش شېرىن چۈشىدىن ھۇزۇرلانمايتتى. ئۇ رېئاللىققا يۈزلەنگەن، شېرىن چۈشنىڭ

ئورنىنى ئالغان بۇ رېئاللىق چۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ، يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئىدى . ئىبراھىم ناۋالنى سۆيىدۇ ، بۇ مۇھەببەتتىن بەختىيارلىق ھېس قىلىدۇ ، ھېچقانداق خام خىياللاردا بولمايدۇ ...

ئەمما ، مۇھەببەت مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ ، ئۇمىدتىنمۇ كۈچلۈك بولامدۇ ئەمدى ؟ بۇنىسى ئىبراھىمغا نامەلۇم ئىدى ، بىراق شۇ تاپتا مۇھەببىتى ئۇنى ئازابلىمايتتى . ئۇنىڭ باشقا تەلپىمۇ يوق ئىدى .

ئىبراھىم پەنجىرىلىرى ھىم ئېتىلگەن قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولغانىدى . قۇلۇپنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلغان ئاۋازى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى . ئۆيگە ئالدىدا پەتھى مەلىجى ، ئارقىدىن ئابدۇللا شۆھرەت كىرىپ كەلدى .

— ھە ، ئەمدى ئوبدان بولدى ! — دەپ خۇشال ھالدا سۆزلەپ كەتتى پەتھى ، — تۈنۈگۈن ئالېكساندرىيەدىن ئابدۇللا ئەزىز كەپتۇ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم ، ئۇ بىر پاراخوت بىلەن سۆزلىشىپ قويۇپتۇ ، بۇ پاراخوت ئۆگۈنلۈككە ئۇدۇل مارسېلغا بارىدىكەن . بىز ئەتە كەچ سائەت ئون بىردىن ئىلگىرى ئالېكساندرىيەگە بېرىشىمىز كېرەك .

ئىبراھىم مېيىقىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى ، ئۇ كەتمەيدىغان بولغانىدى . ئۇنىڭ مىسىردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى . ئەمما ، بۇنى پەتھىگە ئېيتماي قىزغىنلىق بىلەن :

— بەللى ، بەك ياخشى بوپتۇ ! ئەتە سائەت يەتتىدە ماڭايلى . سەن نەرسىنى ئەكەلدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— نېمىنى ؟ بۇ ئىككى كۈن ھېچقانداق ئىش قىلمايلى ، ئامان - ئېسەن كېتىۋالغىن ، — دېدى پەتھى .

ئىبراھىم بىردىنلا ئۆكۈپ ئاچچىقلاندى :

— سەن بومبا بىلەن پارتلاتقۇچ دورا تاپىمەن ، دەپ مەيدەڭگە ئۇرغان . مەن ساڭا ئىشەنگەنىدىم . بىزنىڭ يەنە خېلى ۋاقتىمىز بار ، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويايلى !

پەتھى ئىبراھىمنىڭ نېمشقا ئاچچىقلانغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالدى :

— ئۈچ گرانات ، ئازراق كاپسۇلا تاپتىم ، بىراق مېنىڭچە … ئىبراھىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى :

— نەگە قويدۇڭ ؟

— ماشىنىدا !

— قارا سېنى ! ئۇنداق نەرسىنىمۇ ماشىنىغا قويۇپ قويغان بارمۇ ؟ دىققەت قىلمىساڭ ، يولدا پارتلاپ كېتىدۇ . تېزدىن ئاچقىۋال .

پەتھى خۇددى چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدىغان ، بۇيرۇق چۈشۈرمەي ، مۇددىئاسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىبراھىم شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ دېگەندەك ، تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى :

— ئۇ نەرسىلەرنى ئاچىق دەمسەن ؟ خەقلەرنىڭ كۆزىچە چۈشۈپ ـ چىقىپ يۈرسەم …

— بولىۋېرىدۇ ! — دېدى ئىبراھىم كەسكىن ھالدا .

— ئاۋۋال ئۇ نەرسىلەرنى نېمىگە ئىشلىتىمىز ، مەسلىھەتلىشىۋالامدۇق ؟ — دېدى پەتھى ئارىسالدىلىق بىلەن .

— مەن ئۇ نەرسىلەرنى كۆرەي ، ئاندىن بىر نېمە دەي … پەتھى ئۈنچىقمىدى . ئىبراھىم ئۆزىنى تۇتالماي قالغانلىقىنى بىلىپ كەچۈرۈم سورىغان تەلەپپۇزدا :

— پەتھى ، سەن بۈگۈنچە ئەپۇ قىلغىن ! توغرا ، بىلىۋاتىمەن ، سېنى كۆپ چارچىتىۋەتتىم ، بىراق يەنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن مىسىردىن كېتىمەن .

پەتھىنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى . ئۇ ئىبراھىمغا ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ بىلەن قاراپ :

— ئىبراھىم ، سەن خاتا چۈشىنىپ قالما ! مەن پەقەت سېنى بۇ ئىككى كۈننى ئارامخۇدا ئۆتكۈزسۇن ، دەۋاتىمەن . سەنمۇ بىلىسەن ، ئەتە ھارپا ، بىزمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ھېچقانداق

ئىش قىلماي ئارام ئالايلى ! — دېدى .

ئۇ ئىبراھىمنى تەسرلەندۇرمەكچى بولغاندەك كۈلدى .

ئىبراھىممۇ دوستىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە :

— ھېيتىڭغا مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى ـ دە ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى دوستىغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن جىم بولدى .

— ئۇ نەرسىلەرنى مەن ئاچىقاي . ئۆز ئۆيۈم بولغاندىكىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرسەم ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە قوزغىمايمەن ، — دېدى ئابدۇللا شۆھرەت .

پەتھى ئىبراھىم نېمە دەيدىكىن دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى .

— ياخشى گەپ ! — دېدى ئىبراھىم .

— ماشىنا ئەزھەر مەيدانىدا ، — دېدى پەتھى ئاچقۇچنى ئابدۇللا شۆھرەتكە سۇنۇۋېتىپ ، — پوت قويىدىغان يەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىرەك بىر سومكا بار ، ھەممە نەرسە شۇنىڭ ئىچىدە ، ئىشىكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالما . دىققەت قىل ، ئىچىدە بىر تاپانچا بار !

ئابدۇللا شۆھرەت ئاچقۇچنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

ئۆيدە ئىبراھىم بىلەن پەتھى قالدى . ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇپ ، گەپ قىلىشلا ئاچچىقلاپ كېتىدىغاندەك جىم ئولتۇرۇشتى . كېيىن ئىبراھىم تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك :

— بۈگۈن ئاخشام مەن ئاكباسىيە ھەربىي گازارمىسىغا كىرىمەن ! — دېدى .

پەتھى كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى قېتىپلا قالدى ، ئاندىن ئارانلا :

— نوچىغۇ سەن ! ئەنگلىيە ھەربىي گازارمىسىغا قانداق كىرىمىز ؟ جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش بۇ ! — دېدى .

بۇ ھېچقانچە بىر ئىش ئەمەس . ھېچكىم سەزمەيدۇ ، — دېدى ئىبراھىم بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي .

— ئۇ يەرگە كىرىپ نېمە قىلىمىز ؟ — دېدى پەتھى تۇكۇرۇكىنى يۇتۇۋېتىپ .

— مەن يالغۇز كىرمەن ! — دېدى ئىبراھىم خاتىرجەم ھالدا .

— سەن يالغۇز گازارمىغا كىرەمسەن ؟ بۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشقۇ ! — دېدى پەتھى .

— دەل ئەكسىچە ، يالغۇز ئادەمگە ئەپلىك بولىدۇ ، ئىككى ئادەم ئۇچاي ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ !

— ئىبراھىم ، بولدى قىل ! — دېدى پەتھى بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن ، — بۇرۇنقىدەك بىر - ئىككىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەكمۇ چوڭ ئىش . گازارمىغا كىرىشنىڭ ھاجىتى يوق . گازارما سىرتىدىمۇ ئىش قىلغىلى بولىدۇغۇ !

ئىبراھىم ۋەسىيەت قىلىۋاتقاندەك ئېغىر تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى :

— بىز قىلغان ئىشلار ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنى دۆلىتىمىزدىن چىقىرىۋېتىشكە كۇپايە قىلمايدۇ . پۈتۈن دۆلىتىمىزدە ئىنقىلاب بولۇپ ، ھەممەيلەن تەڭ ھەرىكەتكە كەلسە ، ئاندىن ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنى قوغلىۋېتەلەيمىز . پۈتۈن مەملىكەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاممىنى ئۇيغىتىدىغان پارتلاش خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىز ، ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگارتى بولۇشىمىز لازىم ، شۇڭا مەن مۇشۇ ئىشنى قىلىمەن . بۈگۈن مەن بىر گازارمىغا كىرسەم ، ئەتە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنىڭ گازارمىسىغا كىرىدىغانلار چىقىدۇ ، ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر !

— چوقۇم شۇنداق قىلامسەن ؟ — دېدى پەتھى بىردەم جىم تۇرغان كېيىن .

— چوقۇم ! — دېدى ئىبراھىم قەتئىي ھالدا .

— ئۇمۇ بولىدۇ ! ئەمدى بۇ ئىشنى باشقىلار قىلسۇن ، سەن مەسئۇلىيىتىڭنى ئورۇنداپ بولدۇڭ ، قىلغان ئىشلىرىڭمۇ كۆپ . سەن ئابدۇرېھىم شۇكرىنى ئۆلتۈرۈپ پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتىڭ !

— ئۇ كۆپايە قىلمايدۇ! مەن يەنە بەزى ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك. ھەر كۈنى دېگۈدەك ۋەقە يۈز بېرىپ تۇرغىنى ياخشى! مەن ئاببااسىيە گازارمىسىنى ناھايىتى پىششىق بىلىمەن. مەن قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۇ يەرنىڭ خەرىتىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئىنچىكىلەپ مۇزاكىرىلەشكەن، شۇڭا ئېنىق ئېسىمدە!

پەتھى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئارتۇق سۆز قىلمىدى. ئىبراھىمنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئابدۇللا شۆھرەت ئەسكەرلەر مۇرىسىگە ئارتىدىغان سومكىغا ئوخشاش سېرىق برېزېنت سومكىنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئەزرائىلنى تۇتۇپ ئەكىرگەندەك، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، قوللىرى تىترەپ كەتكەندى. ئۇ سومكىنى ئۈستەلگە ئاۋايلاپ قويدى-دە، خۇددى يېنىكلەپ قالغاندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

— مۇشۇ سومكىمۇ؟ — دېدى ئۇ بىلىكى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ھەئە، شۇ! — دەپ جاۋاب بەردى پەتھى ئورنىدىن قوزغالماي.

ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، سومكىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ، ناھايىتى دىققەت بىلەن قاراشلىرى تەجرىبە ئۈستىدە تۇرغان ئالىمغا ئوخشاشاتتى. ئۇ سومكىدىن كاپسۇلنى بىر-بىرلەپ ئالدى.

— كىشىلەرنىڭ پارتلاتقۇچ دورا دېگىنى مۇشۇ ئىكەن-دە! — دېدى ئابدۇللا شۆھرەت كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سەبىيلىك بىلەن، — قارىغاندا، ھېچقانچە بىر نەرسە ئەمەس ئىكەنغۇ، خۇددى تۇركىيە مەنپەسىسىگە ئوخشىشىدىكەن!

— تېتىپ باقامسەن؟ — دېدى پەتھى ئاچچىق كۈلۈپ.

ئىبراھىم گراناتلارنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

—بۇنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇللا شۆھرەت يەنە.

ئىبراھىم بىر تال گراناتنى ئېلىپ خۇددى دەرس ئۆتكەندەك

سۆزلىدى :

— سەن كىنولاردا كۆرگەنگە ئوخشاش . تۇنقۇسىنى چىڭ تۇتۇپ چىشىڭ بىلەن مۇنۇ قاپقىقنى چىشلەپ ئېچىۋېتىسەن ـ دە ، ئاتىسەن !

— ۋاي خۇدايىم ! — دەۋەتتى ئابدۇللا شۆھرەت .

ئىبراھىم كارىۋاتىنىڭ يېنىغا كەلدى ، ئۇ كىرلىكنى ئېلىپ يوغان بىر پارچىنى يىرتىۋالدى ، ئاندىن ئۇنى تار ، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قىلىپ يىرتتى .

— ئاداش ، ئۇنداق قىلما ! بۇ بىزنىڭ نەرسىمىز ئەمەس ، — دېدى ئابدۇللا شۆھرەت ئىبراھىمنى توسۇماقچى بولۇپ .

— بۇ ئۆينىڭ ئىگىسىمۇ چوقۇم بىز بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدىغانلار ! — دېدى ئىبراھىم كۈلۈمسىرەپ .

ئۇ لاتىنى يىرتىپ بولۇپ ھەر بەش تال پىستانىنى بىر لاتا بىلەن چىڭ باغلىدى ۋە بىرىنى بىر ـ بىرىگە پىلىك بىلەن ئۇلاپ قويدى .

— پىلىكنى ئۇزۇنراق قىل . پەخەس بول ، ئاتماي تۇرۇپلا پارتلايدىغان بولۇپ قالمىسۇن يەنە ! — دېدى پەتھى .

— ۋاقىت قىس ، تېز پارتلىسۇن .

ئىبراھىم ئىشنى قىلغاچ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي پەتھى بىلەن ئابدۇللا شۆھرەتكە ئىش تاپشۇردى :

— مەن ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كىنوخانىسى تەرەپتىن كىرىمەن . ئۇ كىنوخانا ساقچى مەكتىپى كوچىسى بىلەن ئۇردا كوچىسىنىڭ بېشىغا جايلاشقان . ئەگەر ساقچى بولۇپ قالسا ، ئابدۇللا شۆھرەت سەن ساقچىلارنى قايتۇرۇپ تۇرغىن ، پەتھى ، سەن كىنوخانا تېمىدىن ئارتىلىپ چۇشۇشۇمگە ياردەملىشىسەن ، ئاندىن ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ ، مېنى ئۆيدە ساقلايسەن .

پەتھى قارشى چىقتى :

— سەن چىققۇچە كۈتسەم بولمامدۇ ؟

— بولمايدۇ ! — دېدى ئىبراھىم قولىغا پارتلاتقۇچ دورىنى ئېلىۋېتىپ ، — مەن تاغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ كېتىمەن .

شۇڭـا ، ماشىنىنى ھەيدەپ كەت . ئەگەر ئۇلار ماشىنىنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدىغان بولسا ، ماشىنا نومۇرى ئارقىلىق ھەممىمىزنى تۇتۇۋالىدۇ .

پەتھى ھەيرانلىق بىلەن ئىبراھىمغا قارىدىيۇ ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى .

ئۇچەيلەن تا يېرىم كېچىگىچە پىلان ئۈستىدە باش قاتۇردى ، قوراللارنى تەييار قىلدى ...

ئۇچەيلەن ئۆيدىن چىقتى .

ئابدۇللا شۆھرەت ئۆلۈم قاچىلانغان بىرېزېنت سومكىنى ، پەتھى ئادۋوكاتلارنىڭكىدەك سومكىنى ئالدى . ئابدۇللا ئەكېلىپ بەرگەن كـۆك كـۆڭـلـەك بـىـلـەن شـىـم كـىـيـگـەن ئـىـبراھىم قانۇن ئـىـنىستىتۇتىنىڭ ئىككى پارچە دەرسلىك كىتابىنى ئېلىۋالغان ، ساقال ـ بۇرۇتـى بـەكـلا ئـۆسـۈپ كـەتـكەچكە ، ھېچقانداق گىرىم قـىـلـمـىغانىدى . ئۇلار خۇددى دەرس تەكرارلاپ بولۇپ قايتىپ كـېـلـىـۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردەك باتنىيە رايونىدا كېتىپ باراتتى . كـوچـىـنـىـڭ ئـىـككى قاسنىقىدىكى قەھۋەخانىلارنىڭ رەڭگارەڭ چىراغلىرى رامزاننىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى تەبرىكلەپ يېنىپ كەتكەن ، ئىچىدە ئادەم لىق ئىدى . كوچىمۇ مېۋە ـ چېۋە ، قەنت ـ گېزەك ، ئۆپكە ـ ھېسىپ ساتىدىغان ھارۋىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . بالىلار خۇشال ۋارقىرىشىپ يۈرەتتى . بىر سارائ : «ئاللا ، ئـاللا ... » دەپ ۋارقـىـراپ كېتىۋاتاتتى . بىر ئەسكەر چىلىم چېكىۋاتقان بىر ئادەمگە تىكىلىپ قاراپلا قالغانىدى . قەھۋەخانىنىڭ كۇتكۇچىسى : «ئۈچ چىنە چاي ، ئىككى ئىستاكان قەھۋە ! ... » دەپ ۋارقىرايتتى .

ئـۇلار پـاراڭـلىشىپ ماڭايلى دېيىشتىيۇ ، گەپلىرى خۇددى چېچىلغان تېرىقتەك قولاشمىدى .

ئـۇلار تـەبـىـئـىيرەك بولسۇن ئۈچۈن كۈلۈشۈپ ماڭماقچى بولدى ، ئەمما كۈلكىسىمۇ كۈلكىگە ئوخشاشمىدى .

ئۇلار ئەزھەر مەيداندىن ئۆتۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى .
پەتھى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ ئىختىيارسىز ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، ئاندىن شوپۇر ئورنىغا ئولتۇردى . ئابدۇللا ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى . ئىبراھىم ئارقىدا ئولتۇردى .
— سەن بىزنى دەقى رايونىغا ئاپىرىپ قوي ، — دېدى ئىبراھىم ماشىنا ئۆتبە مەيدانىغا يېقىنلاشقاندا .
ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلىغۇسى كەلگەن پەتھىنىڭ يۈزىدىكى گۆشلەر لىپىلداپ كەتتى . ئۇ ھېچ نەرسىنى سورىماستىن ماشىنىنى دەقى رايونىغا ھەيدىدى . دەقى رايونىغا بارغاندىن كېيىن ، ئۇ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك ئۇدۇل فەنى مەيدانىغا قاراپ مېڭىپ ، ماشىنىنى ئانوس دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا توختاتتى ، ئەمما ئوتىنى ئۆچۈرمىدى ، گەپمۇ قىلمىدى . ئابدۇللا بولسا ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتى .
ئىبراھىم دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، خۇددى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇپمۇ ناۋالنى كۆرگەندەك كۆلۈمسىرەپ قويدى ... ئۇ قاراڭغۇلۇققا تىكىلگەن پېتى بوش ئاۋازدا پەتھىدىن سورىدى :
— ھەي ، ئۆتكەندە ئۇ قانداق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپتىكەن ؟
— ئاق ، — دېدى پەتھى كەينىگە قارىماستىن .
ئىبراھىم چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ، چىرايى جىددىي تۈس ئالدى . ئۇ كۆزىنى قاراڭغۇلۇقتىن ئېلىپ ئالدىغا قارىدى ۋە بوغۇق ئاۋازدا :
— پەتھى ، ماڭايلى ! — دېدى .
ماشىنا قوزغالدى . ئىبراھىمنىڭ يۈزىدىكى گۆشلەر لىپىلداپ تارتىشىپ تۇراتتى ، كۆڭلى بەكلا بىئارام ئىدى ، ئۇ كاللىسىدا ھېسسىياتىغا سىڭىپ كىرىپ ، نېرۋىلىرىنى چىرماپ ، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماقچى ، بويسۇندۇرماقچى بولۇۋاتقان ئاجىزلىقى بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا كۆزىنى يۇمۇپلا چۈش كۆرگۈسى ، چۈشىدە يىغلىغۇسى ، كۈلگۈسى ، ناۋال بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۈرگۈسى ، ئۇنى باغرىغا چىڭ باسقۇسى ، تاكى يۈرىكى ناۋالنىڭ بارلىقىنى سەزگۈچە چىڭ قۇچاقلىغۇسى كېلەتتى . ئەمما ،

ئىبراھىم شۇ تاپتا بۇ خىل ئاجىزلىقىنى كۈچ بىلەن يېڭىپ، ئۆزىنى رەھىمسىز ھالدا كونترول قىلماقتا ئىدى. ئۇ ناۋال بىلەن ۋەدىلەشكەن يەردە كۆرۈشكەندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ھەرگىز ئۇنىڭ بوشاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى، ئۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ ناۋال بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى. ئۇ كېچىكتى، ئەمما قانداقلا بولسۇن كەلدى.

ماشىنا دېھقانچىلىق كۆرگەزمىخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئىبراھىم چوڭقۇر خىيالدىن ئويغىنىپ سورىدى:

— سائەت نەچچە بولدى؟

— بىردىن ئون بەش مىنۇت ئۆتتى، — دېدى ئابدۇللا سائىتىگە قاراپ.

تېخى ئەتىگەن ئىكەن، — ئىبراھىم ۋە ئۆزىگە گويا باشقا بىر ئادەم گەپ قىلىۋاتقان تەرزدە ئىختىيارسىز دېدى، — مۇنىرە رايونىغا ئاپارغىنا، ئۆيىنى بىر كۆرۈۋالاي!

— ئۆيۈڭلارنى ئازارەت قىلىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى پەتھى.

— ئىشىك ئالدىدىن ئۆتسەكلا بولدى. ئاپام چىراغنى ياندۇرۇپ ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئىبراھىم.

پەتھى ئۈنچىقمىدى، بىراق ئىبراھىمنىڭ گېپى بىلەن يۈرىكى ئېزىلىپ بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتى. ئۇ ماشىنىنى مۇنىرە رايونىغا ئاپىرىپ، ئىبراھىملارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىبراھىم بېشىنى دېرىزىدىن چىقاردى. ئۆيى قاراڭغۇ، ئاپىسىنىڭ ئۆيىنىڭمۇ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەنىدى. ئىبراھىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئەمما ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاستىراق ھەيدە! سائەت ئىككىدىن بۇرۇن بېرىپ قالمايلى، — دېدى ئىبراھىم كۆڭلىدىكى پەرىشانلىقنى يوق قىلىشقا ياردەم ئىزدەۋاتقاندەك.

پەتھى ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى.

— تاپانچا قېنى؟ — سورىدى ئىبراھىم.

پەتھى ئالدىدىكى كىچىك تارتمىنى ئېچىپ يوغان بىر تاپانچىنى ئالدى .

— ۋايجان ، تېز كۆزۈمدىن نېرى قىلىڭلار ، — دېدى ئابدۇللا ئۆزىنى كەينىگە تاشلاپ .

ئىبراھىم كۈلۈپ كەتتى . پەتھىنىڭ قولىدىن تاپانچىنى ئېلىۋېتىپ :

— بۇ تاپانچا ئەنگلىيىلىكلەرنى كۆرمىگۈچە ئوق چىقارمايدۇ ، — دېدى . ئاندىن ئۇ چاقچاق بىلەن كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى يوق قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك تاپانچىنى ئابدۇللانىڭ بېشىغا تەڭلىدى ، — سەن ئەنگلىيىلىكمۇ ، ئەمەسمۇ ؟

ئابدۇللا تۇگۇلۇۋالدى ، چىرايىمۇ شاپپىدە ئۆزگىرىپ كەتتى .

— ئۇنداق قىلما ! — دەپ توۋلىۋەتتى ئۇ .

— ئەتىدىن باشلاپ ساڭا تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىتەي ! — دېدى ئىبراھىم كۈلۈپ .

— ياق ، تاپانچا بىلەن زادىلا ئىشىم كېلىشمەيدۇ ! — دېدى ئابدۇللا .

— ئۇنداقتا ، سەن ھىندىستانغا بېرىپ قالساڭ ، گەندىگە ئوخشاش داھىي بولغۇدەكسەن . ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش تاپانچىنى ياقتۇرمايدىكەن . سېنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭ چوقۇم ھىندىستانلىق !

ئۇچەيلەن كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى بېسىپ ، ئۆزلىرىنى ئاۋۇندۇرۇش مەقسىتىدە مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ مېڭىشتى .

ئىبراھىم تاپانچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلدى . ئۇ تاپانچىنىڭ ئوقىنى چىقىرىپ سىلىدى ، خۇددى ئاشىق مەشۇقىنى قۇچاقلىغاندەك تاپانچىنى باغرىغا مەھكەم باستى ، ئاندىن قوينىغا سېلىۋالدى . ئۇنىڭ يۈزىدىكى گۆشلەر تارتىشتى ، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا تىكىلگەن ھالدا پىلاننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، گازارمىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، ھەرخىل ئەھۋاللارنى مۆلچەرلىدى ، ئادەتتە ۋەزىپە ئۆتەشكە ماڭىدىغان چاغدىكىدەك نورمال ھالەتتە ئۆزىنى رۇسلاپ ، جەڭ ئېلان قىلىش ئىستىكىدە

ياناتتى . قەلبىدە جەسۇرلۇق ، ياشلارغا خاس بىر خىل «شوخلۇق» بار ئىدى . ناھايىتى سەگەك ئىدى . شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يېرىم ئىدى — ئۇ ھېچقاچان بۇنداق بولمىغان — بۇ نەرسە ئۇنىڭدا قورقۇنچ پەيدا قىلدى . بۇ قورقۇنچ ئۇ تاپانچا ئاتقان چاغلىرىدا پەيدا بولىدىغان ئادەتتىكى قورقۇنچقا ئوخشىمايتتى ، كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى ، قورقۇنچنى يوق قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى . جەڭگە كىرىپ كەتسىلا ئۇنىڭدىكى بۇ كەيپىياتلار يوقاپ كېتەتتى .

ماشىنا ئاباسىيە كوچىسى بىلەن مېڭىپ ساقچى مەكتىپى كوچىسىغا باردى .

— سائەت نەچچە بولدى ؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم جىددىي تەلەپپۇزدا .

— ئىككىدىن ئون مىنۇت ئۆتتى ، — دېدى ئابدۇللا تىترىگەن ئاۋازدا .

— پەتھى ، مەشەدە توختا ! — دېدى ئىبراھىم ، — ئابدۇللا ، سەن ماشىنىدىن چۈشۈپ ئالدىغا ماڭ . بىرەر ئەسكەرگە ئۇچراپ قالساڭ ، ئۇنى قورۇق پاراڭغا تۇت ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ، كوچىنىڭ ئىسمىنى سورا . نېمىنى دېسەڭ بولىۋېرىدۇ ، پەقەت ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمىسىلا بولدى .

ئابدۇللا ، ئۇ ئىشتىن مېنى خالاس قىلساڭچۇ ، دېگەندەك ئىبراھىمغا بىچارىلەرچە قاراپ قويۇپ ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقاندا ئىبراھىم :

— ماشىنا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئامال قىلىپ پەلەك مەيدانىغا بار ، پەتھى سېنى شۇ يەردە ساقلايدۇ ، — دېدى .

ئابدۇللا ھالسىزغىنا «ماقۇل» دېدى ـ دە ، ماشىنىدىن چۈشتى .

— بىر ئايلىنىپ كېلىپ يەنە مۇشۇ كوچىغا كەل ، — دېدى ئىبراھىم پەتھىگە .

پەتھى ئاباسىيە كوچىسى بىلەن تراموۋاينىڭ ئاخىرقى بېكىتىگىچە باردى ، ئاندىن ئارقىغا يېنىپ ساقچى مەكتىپى

كوچىسىغا كەلدى. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ماشىنىنى ئادەتتىكى سۈرئەتتە ھەيدىدى، يولدا ئۇلار ئابدۇللانى كۆردى. ئۇ بىر چارلىغۇچى ئەسكەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

ماشىنا كوچىنىڭ بېشىغا بېرىپ «ئەنگلىيىلىكلەر كىنوخانىسى»نىڭ تېمى تۈۋىدە توختىدى. ئىبراھىم بىرېزېنت سومكىنى ئېسىپ ماشىنىدىن چۈشتى. پەتھمۇ ماشىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەي ماشىنىدىن چۈشتى.

ئۇلار كىنوخانا تېمىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. پەتھى بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ قىرماق قىلدى، ئىبراھىم سومكىنى تامغا تېگىپ كەتمىسۇن دەپ، بىر قولىدا مەيدىسىگە بېسىۋېلىپ، بىر پۇتىدا پەتھىنىڭ قولىغا دەسسەپ تامغا ياماشتى. ئاندىن يەنە پۇتىنى پەتھىنىڭ مۈرىسىگە ئالدى ــ دە، لىكلا قىلىپ تامغا چىقتى.

بۇ ئىشلار ھېچقانداق تىۋىشسىز قىلىندى.

ئىبراھىم سىيرىلىپ تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشتى، ئۇ ئەمدى كىنوخانىنىڭ ئىچىدە، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسى ئىچىدە ئىدى.

ئىبراھىم پەتھىنىڭ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى پەملىدى، ئەمدى ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلاتتى. ئۇنى بىردىن سۈر باستى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىگىنىنى باشقىلار ئاڭلاپ قالارمىكىن دەپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ چىقتى. ئۇ كىنوخانىدا قاراۋۇل يوقلۇقىنى بىلەتتى، كىنوخانىنىڭ گازارما تەرىپى ئوچۇق، ئىشىك يوق ئىدى. ئۇ كىنوخانىنىڭ ئورۇندۇقلىرى ئارىسىدىن يېنىك قەدەم بىلەن مېڭىپ كىنوخانىدىن چىقتى ــ دە، گازارمىغا كىردى.

ئەتراپ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن، ئاسمان قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. چىراغ نۇرى گازارما ئىچىدىكى ئاساسلىق يولنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى، گازارمىنىڭ ئوردا كوچىسىغا قارايدىغان دەرۋازىسىدا تۇرغان قاراۋۇللار

ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئىبراھىم ئۇ يەردە تاماكا يورۇقىنى كۆردى.
ئۇ ئۆملەپ ماڭدى، قاراڭغۇلۇققا موھتاج ئىدى. قاراڭغۇلۇق، ئاھ خۇدا، جاھاننى تېخىمۇ قاراڭغۇراق قىلساڭچۇ؟ ئۇ ياندىكى تامنى دالدا قىلىپ ئاساسلىق يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى، بۇ يولنىڭ بېشى تانكا ۋە ئاپتوموبىللار توختايدىغان مەيدان، ئۇ شۇ يەرگە بارماقچى ئىدى!
ئىبراھىم ئاسفالت يولدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ توختىدى. بوينىغا ئېسىۋالغان سومكىنى چىڭ قۇچاقلاپ، دۈم يېتىۋالدى. ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى. بىرئازدىن كېيىن ئاياغ تىۋىشى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئازغىنە ۋاقىت ئۇنىڭغا خۇددى ئون نەچچە يىلدەك بىلىنىپ كەتتى.
ئىبراھىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. يۈرىكى دۈپۈلداپ سوقۇپ تۇراتتى.
ئۇ بىر كورپۇس ئۆينىڭ ئالدىدا قاراۋۇل تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ چوقۇم قوماندانلىق شتاب، ئۇ پارتلاتقۇچ دورىنى شۇ ئۆيلەرگە تاشلىيالىسا، ۋەزىپىنى ئادا قىلغان بولامدۇ؟ ئىبراھىمنىڭ بۇ ئىشنى تېزرەك تۈگەتكۈسى، قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ كەتكۈسى كېلىپ كەتتى. قاراڭغۇلۇق، ئاھ خۇدا، جاھاننى يەنىمۇ قاراڭغۇ قىلساڭچۇ!
ياق! ئۇ ئەسلىدىكى پىلاننى ئىجرا قىلىشى كېرەك.
ئىبراھىم ئۆلۈم قاچىلانغان سومكىنى كۆكرىكىگە باسقان ھالدا ئېغىشىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئەتراپىغا قاراۋۇل قويۇلمىغان ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن ئاساسلىق يولنى بويلاپ ئېھتىيات بىلەن ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى ۋەزىپىگە بېرىلگەچكە، باشقا ئىشلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ناۋال، ئاپىسى، دادىسى، دوستلىرى، ھەتتا ئۆزىمۇ خىيالىدا يوق ئىدى. ئۇ ھازىر كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا يۈزلەنگەن، يۈرىكى ئەنسىز سوقاتتى، پۈتۈن بەدىنى يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بىلەن تەڭ

تــــتــــرەيتتى، چۈنكى ئۇ هازىر تۇرۇۋاتقان رېئاللىق ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى.
ئۇ توختىدى، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئالدىدا تانكا ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ ئىسكىلاتى تۇراتتى. بۇ يەر ئوچۇقچىلىق، ئەتراپى سىم تور بىلەن قورشالغانىدى. مىلتىقنىڭ ئىشتىكلىرى چىقىرىلغان قاراۋۇللار ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىر - ئىككى يەرگە چىراغ ئېسىلغانىدى.
ئىبراھىم سومكىنى قولتۇقىغا چىڭ قىسىپ ياتاتتى، پۈتۈن كۈچىنى يىغماقچى بولغاندەك چوڭقۇر تىنىۋالدى، ئاندىن ئۆمىلەپ سىم تورنىڭ يېنىغا كەلدى. بوينىدىن سومكىنى ئېلىپ سىم تور ئىچىگە قويدى - دە، سىم تورنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى، سىم تورنىڭ تىكەنلىرى كۆڭلىكىنى ئىلىپ جارتىلدىتىپ يىرتىۋەتكەنىدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا بەك قاتتىق ئاڭلىنىپ كەتتى، ئۇ توختاپ ئەتراپقا قۇلاق سالغانىدى، ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى. ھەممە ياق تىپتىنچ ئىدى. ئۇ سىم توردىن ئۆتىۋالدى.
ئىبراھىم سومكىنى قايتىدىن ئېسىپ تانكا، ئاپتوموبىللارنىڭ كۆلەڭگىسىنى دالدا قىلىپ ئۆمىلىدى، ئىشنى ئوتتۇرىغىراق بىرىپ باشلىماقچى بولدى. ئۇ چاقــقــانىراق بىر تانكىنى كۆردى - دە، ئۆز - ئۆزىگە «دەل مانا مۇشۇ!» دېدى ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئۆمىلىدى.
ئۇ سومكىدىن بىر باغلام كاپسۇلنى ئېلىپ، تانكىنىڭ ئاستىغا قويدى، چاقماقنى يېقىپ پىلىككە ئوت تۇتاشتۇردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇردى - دە، تانكا، ئاپتوموبىللاردىن نېرىراق جايغا بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى.
ئۇ بىرنەچچە قەدەم يۈگۈرەر - يۈگۈرمەيلا، ئارقىسىدىن چىققان قۇلاقنى يارغۇدەك پارتلاش ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئىنتايىن قاتتىق ۋە قورقۇنچلۇق پارتلاش زەربىسى ئىبراھىمغىمۇ كەلدى، ئۇ يىقىلىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى.

تۆيۇقسىزدىن كۆچلۈك كۆزنىتش چىرىغى ياندى .

ئىبراھىم شۇئان بىر ماشىنىنىڭ ئاستىغا يېتىۋالدى . يەنە بىر باغلام كاپسۇلىنى ئىلىپ پىلىكىگە ئوت ياقتى ـ دە ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى .

جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك يەنە بىر پارتلاش ئاۋازى كېچە ئاسمىنىدا ياڭرىدى ، پارتلاشنىڭ تىترىتىشى بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئۈچەي ـ باغرىمۇ چۇۋۇلۇپ كەتكەندەك بولدى .

چىراغ ئۇنىڭ ئەتراپىنى يورۇتۇۋەتتى . كۆزنىتش چىرىغىنىڭ كۆزنى چاقىدىغان كۆچلۈك نۇرى خۇددى بىر توپ غالجىر ئىتلاردەك تەرەپ ـ تەرەپنى يورۇتۇشقا باشلىدى .

ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدىن چىراغ ياندى .

چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋەتسەڭلارچۇ ! ئىتنىڭ باللىرى ، چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋېتىش ! مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىۋالاي ! ئاھ خۇدا ! بۇ چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋەتسەڭچۇ !

ئەتراپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى . نەگە قاراپ يۈگۈرۈشنى بىلەلمەي قالغان ئىبراھىم نىشانسىز ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ يەنە بىر باغلام كاپسۇلىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ يىراققا ئېتىۋىدى ، كۆچلۈك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئۇ يۈگۈرمەكتە ، چىراغ نۇرى ئۇنى قوغلىماقتا ، ئەتراپتا مىلتىق ئاۋازى ياڭرىماقتا . بەزىدە ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا .

ئۇ يۈگۈرۈيتتى ، بەزىدە ئۆمىلەيتتى ، بەزىدە سەكرەيتتى ، شۇ تەرزدە ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى ...

ئۇ ئاخىرقى بىر باغلام كاپسۇلىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئالدىدىكى ئۆستەڭ تۇنىكە بىلەن يېپىلغان ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئىچىگە ئېتىۋەتتى . ئۇ بەلكى ئامباردۇر ياكى ئەسكەرلەرنىڭ ياتىقىدۇر ، نېمە بولسا بولمىدۇ ، پارتلىسىلا بولدى .

ئۇ ھەدەپ يۈگۈرۈيتتى ... يەنە پارتلاش ئاۋازى ، چىراغ نۇرى ، ئوق ئاۋازى ، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ...

ئىبراھىم يەرگە يېتىپ سومكىدىن ئۈچ گراناتنى ئالدى، ئىككىسىنى ئىككى يانچۇقىغا سېلىپ بىرنى قولىغا تۇتۇۋالدى ـ دە، سومكىسىنى چۆرۈۋېتىپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تانكىنىڭ ئارقىغا يوشۇرۇنۇۋالماقچى بولۇپ يۈگۈردى. ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى، ئۇستىبېشى توپىغا مىلەندى، ھاسىراپ كەتتى.

ئىبراھىم بۇيەردىن چىقىپ كېتىشى، ئۆلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى كېرەك، ئەمما ئۆلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بولمايدۇ.

سىم تور نەدىدۇ؟

ئۇ سىم تور بار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، ئوقلار ئۇنى قوغلاپ يۈرەتتى، ئاخىر سىم تورنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى، تىكەنلىك سىم ئۇنىڭ تېنىنى جىرىۋەتتى، خۇددى بىرنەچچە پىچاق سانجىلغاندەك دۈمبىسى ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. بىراق، ھېچقىسى يوق، ئۇ چوقۇم بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشى كېرەك.

ئۇ سىم توسۇقتىن ئۆتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈردى، بىرنەچچە قەدەم نېرىغا بارماستىنلا بىر قاتتىق نەرسە يەلكىسىگە تېگىپ گۆشىگە سانجىلغاندەك بولدى ـ دە، ئىسسىق بىر نېمە ئاققاندەك تۇيۇلدى. ئوق تەگكەن ئوخشايدۇ، بوپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈيتتى، قاراڭغۇلۇقنى ئىزدەيتتى، ئەمما قاراڭغۇلۇق يوق ئىدى. يورۇقلۇق خۇددى كۈندۈز بولغاندەك ھەممە يەرنى تەڭ يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ گراناتنى ئاتماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردىيۇ، ئارقىدىنلا ۋايجان دەپ چۇشۇرۇۋالدى. ئۇ بىلىكى پالەچ بولۇپ قالغاندەك پەقەتلا كۆتۈرەلمىدى.

ئۇ گراناتنى سول قولىغا ئېلىپ، چىشى بىلەن قاپقىقىنى ئاچتى ـ دە، كۈچەپ ئاتتى، گراناتنىڭ نەگە چۈشكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئاندىن ئۇ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ باشقا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى دالدا قىلىپ يۈگۈردى،

ئاخىر ھاسىراپ يېتىپلا قالدى . دېمىسىمۇ ئۇ بەك ھېرىپ كەتكەنىدى ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلاتتى ...

چىراغ نۇرى ئۇنى قوغلىماقتا ، يەنە ئوت يالقۇنى ، ئوق ... ماشىنىلارمۇ ئوت ئالدۇرۇلدى . قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتكۇدەك پۈشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى . ئىتلار ھاۋشىپ كەتتى . ئىبراھىم ئىتقا ئۆچ ئىدى . ئاھ خۇدا ، سەن نېمىشقىمۇ ئىتلارنى ياراتقانسەن؟ ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنىڭ دەردى ئازمۇ بىزگە؟ ئۇنىڭ يەلكىسى بەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى ، گەجگىسى ۋە ئىككى تىزىمۇ ئاغرىماقتا ئىدى .

ئۇ يەنە بىر گراناتنى ئېلىپ چىشى بىلەن قاپقىقىنى ئاچتى ـ دە ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ ئېتىۋەتتى ، ئاندىن يەنە يۆنىلىشنى ئۆزگەرتتى ...

ئىبراھىم شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ گازارمىنىڭ قەيىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . ئۇ ئەسلىي تاغ تەرەپتىن چىقىپ كەتمەكچى ، ئاندىن مەكتەپلەر رايونى ئارقىلىق شەھەرگە كىرىپ كەتمەكچى ئىدى . بىراق تاغ تەرەپتىكى يول نەدە؟ ئۇ بىلمىدى ، ئەتراپنى پەرق ئېتەلمەي قالدى .

ئۇنىڭدا بىر تاللا گرانات قالدى . ئىتلار ئارقىسىدىن ھاۋشىپ كەلمەكتە . ئىبراھىم بۇ ئىتلاردىن نەپرەتلىنەتتى ھەم قورقاتتى . توغرا ، ئۇ قورقتى ، ئۆلۈمدىن قورقتى ، ئۇنىڭ ئۆلگۈسى كەلمەيدۇ ، ئۇ ئۆلمەيدۇ ! ئۇ سول قولى بىلەن گراناتنى ئېتىۋەتتى ، گراناتنىڭ ئىس ـ تۈتەكى ئىتلارنىڭ بۇرنىنى سەزمەس قىلىپ قويسا ياخشى بولاتتىغۇ ! ئىبراھىم يەنە يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ يۈگۈردى .

ئىبراھىم قويندىن تاپانچىنى ئالدى ، ئەمما ماغدۇرىدىن كەتكەن بولغاچقىمۇ ، يۈگۈرەلمەيتتى . توختاي دەيتتى ، لېكىن توختىيالمايتتى ، ئىنېرتسىيە كۈچى بىلەن كېتىپ باراتتى . بەدىنىدىن قان تېمىپ تۇراتتى .

ئۇ ئالدىنى كۆرمەكچى بولۇپ ، بېشىنى كۆتۈردى . ئالدىدا گازارمىنىڭ تېمى تۇراتتى . بۇ ئۇنىڭغا تونۇش ئابباسىيە مەيدانى

تەرەپتىكى تام ئىدى . تامدىن ئۆتۈپلا بۇرۇلسا ، ئاباسىيە كوچىسىغا تۇتىشىدىغان تار كوچىغا چىققىلى بولاتتى . بۇلارنى ئىبراھىم ئوبدان بىلەتتى ، ئەگەر ئۇ تامدىن ئارتىلىپ تار كوچا تەرەپكە ئۆتۈۋالسىلا قۇتۇلۇپ كېتەلىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

ئىبراھىم گازارما تېمىنىڭ يېنىدىكى كەپىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشىگە ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى . ئىبراھىم ئۇنىڭغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى ـ دە ، تام تۈۋىگە كەلدى . تام ئېگىز ، قىرىشقاندەك قەلەي بىلەن قاپلانغانىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدىن باشقا ھەممە يېرى ئۇيۇشۇپ قالغاندەك ئىدى .

ئىبراھىم خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قاراپ بىر پارچە كىچىك تاختاينى تەستە ئېلىپ تامغا تىرىدى . تاپانچىنى قوينىغا سېلىپ ، تاختاينى دەسسەپ بىرلا سەكرەپ تامنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىۋالدى . شۇئان قاتتىق ئاغرىقتىن «ۋايجان !» دەپ تۇۋلىۋەتتى ، بەدىنىنىڭ يەنە بىر يېرى يارىلانغاندەك بولدى . تامنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچلۈق ھەرە چىش قىلىنغان تۇنىكە ئۇنىڭ قوللىرىغا پېتىپ كەتتى . ھېچقىسى يوق ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆتكەل ، مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتسەملا ئىش تۈگەيدۇ ، ئامان قالىدۇ .

ئاغرىق ئازابىغا چىداپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىبراھىم ئاخىر ئىڭراپ تاشلىدى ، ھەتتا كۆزلىرىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى . ئىككى ئالىقىنى تىلىنىپ كەتتى . ئۇ ئاخىر تامغا چىقىپ ئۇ تەرەپكە سەكرىدى .

ئەمدى ئۇ گازارمىنىڭ سىرتىدا ئىدى ، دەلدەڭشىپ ئورنىدىن ئاران تۇردى . بۇ يەردىن تېز كېتىش كېرەك . قانچە يىراققا كەتسە شۇنچە ياخشى . ئۇ مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگىنىچە يۈگۈردى .

ئارقىسىدىن پۇشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ نېمە گەپتۇ ؟ مىسىرنىڭ ساقچىسى ، ھەي دۆت ! تېز مەندىن نېرى كەت ! قىلمىۋاتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن ، مىسىر ئۈچۈن ! مەن دۈشمەنلىرىڭنىڭ يۈرىكىدە قورقۇنچ پەيدا قىلدىم ، ئۇلار ئەمدى قاچىدۇ ! ماڭا ئىشىنىڭلار ، ئەمدى ئۇلار كۆزىمىزدىن يوقىلىدۇ ! سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇلارنى قوغلايسىلەر !

بىراق ، ساقچىلار قوغلاشتىن قالمىدى ، ئارقىسىدىكى ئاياغ تىۋىشى بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى .

ئىبراھىم قويىنىدىن تاپانچىسىنى ئالدى ، ساقچىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى . ياق ، بولمايدۇ ! ئىبراھىم ئۇنداق قىلمايدۇ ! ئۇ بىگۇناھ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرمەيدۇ . ئۇلار بەلكى مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىۋاتىمىز ، دەپ كېلىۋاتقاندۇ ! ئىبراھىم ھاياتىدا بىگۇناھ مىسىرلىق قېرىنداشنى ئۆلتۈرۈپ باقمىغان . ئۆتكەندە ئۇ ئۆزىنى قوغلىغان مىسىرلىق ئەسكەرنى ئۆلتۈرمىگەچكىلا قولغا ئېلىنغان .

ئەمما ، ئۇنىڭ ھازىر يۈگۈرگۇدەك ھالى قالمىغانىدى ، ھاردۇق ئالغۇسى ، بىردەم ئۇخلىۋالغۇسى كېلەتتى .

ئىبراھىم تاپانچىنى تۇتۇپ ، دەلدەڭشىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى ، بەزىدە ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرىگە ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر ساقچى ئەمەلدارى كۆرۈندى . ھەي ، قېرىندىشىم ، ماڭا چاپلىشىۋالمىغىن ! مەن سەنلەر ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلىۋاتىمەن ! ئەگەر سەن يۈرىكىڭگە قول سېلىپ باقساڭ ، مېنىڭدىكى غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ ئۆزۈڭدىمۇ بارلىقىنى چوقۇم بىلگەن بولاتتىڭ ! ئەمما ، ئۇ ساقچى بۇنى چۈشەنمەيتتى .

ئىبراھىمنىڭ دەم ئالغۇسى ، ئۇخلىغۇسى كېلىپ كەتتى .

ساقچى ئەمەلدارنى ئېتىۋەتمەكچى بولۇپ قارىغا ئالغان ئىبراھىمنىڭ بارمىقى تەپكىدە قېتىپ قالدى ، تەپكىنى بېسىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى . قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنى بىگۇناھ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇپ تۇراتتى ، بۇ نەرسە ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى . ئىبراھىمنىڭ بەختەرلىكى ، ھاياتىدىنمۇ ئۈستۈن كەلدى .

ساقچى ئەمەلدارى ئۆزىگە تەڭلەنگەن تاپانچىنى كۆرۈپلا ئوق ئۈزدى . ئىبراھىم يىقىلدى ، يەردە دۈم يېتىپ كەڭ زېمىننى قۇچاقلىدى ... ئۇ كۈلۈمسىرىدى ... ئۇ ئەمدى ئارام ئالدى ، كۆزلىرى يۇمۇلدى ...



روزى ھېيت ھارپىسى . ئەتىگەن سائەت ئالتە بولغان چاغ .
ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئويغاندى ، ئەمما نىمشقىدۇر ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى غەش ئىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ھالەتتە يۈرگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى ، ئۇلار گاراڭ بولۇپ قالغان ، ھەتتا كۆزلىرىمۇ نۇرىنى يوقاتقانىدى .
ناۋال ھۇجرىسىدىن چىقىپ تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ئاستىدىن «ئەلئىھرام گېزىتى»نى ئىزدىدى . ھازىر ھەر كۈنى ئەتىگەندىكى گېزىتنى ئۆيگە ئەكېلىپ بېرىدىغان بولغانىدى . چۈنكى ، ھېچكىم بوۋاي ئىشتىن قايتىپ كېلىپ خەۋەر يەتكۈزگۈچە تاقەت قىلالمايتتى ، ھەتتا بوۋايمۇ ئەتىگەنلىك گېزىتنى كۆرۈپ كۆڭۈل تىندۇرۇپ ، ئاندىن ئىشقا ماڭاتتى .
ناۋال ئاپىسىنىڭ يۈيۈنۈش ئۆيىگە ناھايىتى تەستە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ، ئاپىسى ھەر قەدەمدە بىر ئىڭراپ مېڭىۋاتقاندەك قىلاتتى .
— ئەسسالام ئاپا ، ھېيتىڭغا مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى ناۋال زورىغا كۈلۈمسىرەپ ، ئەمما ئاۋازى ناھايىتى غەمكىن چىقتى .
ئۇ ئاپىسىنىڭ قولىغا سۆيدى ، ئاندىن مەڭزىگە سۆيمەكچى بولۇۋىدى ، ئاپىسى ئەتۈر قارىۋېلىپ :
— ھەي بالام ، ئاكاڭ تۈرمىدە تۇرسا قانداقمۇ ياخشى بولسۇن ! — دېدى .
— ئۇ ئەتە ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ ، ئاپا ! — دېدى ناۋال ھەسرەت بىلەن ، — ھەممە ئىش جايىغا چۈشىدۇ .
— راستىنى ئېيتسام ، بالام ، مەن ئاكاڭنى كۆرمەيلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن ، — دېدى ئاپىسى يۈيۈنۈش ئۆيىگە ئاستا چامداپ كىرىۋېتىپ .
— ئاپا ، ئۇنداق دېمە ! خۇدايىم ساقلار ! — دېدى ناۋال .

ئاپىسى جاۋاب بەرمەي ئىغىر خورسىنىپ قويدى .
ناۋال تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىك ئاستىدىن كىرگۈزۈۋېتىلگەن گېزىتنى ئالماقچى بولۇپ ئېڭىشتى ، ئەمما قولى گېزىتكە تەگمەستىنلا كۆزلىرى چەكچىيىپ ھودۇققان ھالدا تامغا يۆلىنىپ قالدى . ئۇ خۇددى زەھەرلىك يىلانغا قارىغاندەك گېزىتكە تىكىلدى ، ئاندىن قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى ، ئەمما يەنە ۋارقىرىۋەتمەي دەپ ، ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى ، كۆزلىرى گېزىتتىن ئۈزۈلمىدى . ئاخىر ئۆزىنى باسالماي ئېچىنىشلىق چىرقىرىدى ، داد ـ پەرياد كۆتۈردى ، ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك چاچلىرىنى يۇلۇپ ، يەرنى تېپىپ كەتتى .
سامىيە كىچىكلىك كىيمى بىلەنلا يۈگۈرۈپ چىقتى . ئارقىسىدىن ئاق يەكتەك ، ئاق دوپپا كىيگەن دادىسى يۈگۈرۈپ كەلدى ، بوۋاينىڭ دوپپىسى سىيرىلىپ پېشانىسىگە ، كۆزەينىكى ئاغزىغا چۈشۈپ قالاي دېگەندى .
— نېمە بولدى؟ نېمە ئىش؟ — ھاسىراپ سورىدى بوۋاي .
— ناۋال ، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىگە ۋارقىرايسەن؟ — سورىدى سامىيە ئالدىراپ ـ تېنەپ .
ناۋال ۋارقىراشتىن توختىدى ، كۆزلىرىدىن ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى ، لاغىلداپ تىترەيتتى . ئۇ ئالدىدىكى زەھەرلىك يىلاننى كۆرسەتكەندەك ، بارمىقى بىلەن يەردىكى گېزىتنى كۆرسەتتى .
بوۋاي بىلەن سامىيە تەڭلا يەرگە قاراپ ، گېزىتتىكى قىزىل چوڭ ماۋزۇنى كۆردى :

## ئىبراھىم ھەمدى ساقچىلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلدى !

سامىيە سىڭلىسىغا قارىدى ، سىڭلىسىغا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزى باردەك كالپۇكلىرى تىترىدى ، لېكىن بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلالماي ئۆزىنى سىڭلىسىنىڭ قوينىغا ئاتتى .

ئاچا ـ سىڭىل قوچاقلىشىپ هۆكرەپ يىغلاپ كەتتى .

بوۋاي تىترىگەن قوللىرى بىلەن يەردىن گېزىتنى ئالدى ۋە كۆزەينىكىنى توغرىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى :

*تونۇگۇن كېچە ئابباسىيە رايونىدىكى ئاهالە ئەنگلىيە گازارمىسىدىن ئاڭلانغان نەچچە قېتىملىق قاتتىق پارتلاش ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى . تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ، بىرنەچچە ياش گازارمىغا كىرىۋالغان . ئۇلارنىڭ مەقسىتى تېخى ئېنىق ئەمەس . شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋارلى پايتەخت ساقچى مەهكىمىسى بىلەن ئالاقىلەشتى . ساقچى قىسىم گازارمىنى قورشىۋېلىپ ، ئۇ يەرگە كىرگۈچىلەرنى تۇتماقچى بولدى . گازارمىغا كىرگۈچىلەر بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولدى . بىر ياش ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى . تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ، بۇ ياش ئابدۇرېهىم شۈكرى پاشانى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ ئەيىبلەنگەن ئىبراهىم هەمدى ئىكەن . ئۇ بىرنەچچە هەپتىنىڭ ئالدىدا تۈرمىدىن قاچقان ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ هەقتە تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش چىقارغان ...*

بوۋاي گويا گېزىتنى يىرتىۋېتىدىغاندەك پۇرلىدى ، چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى ، ئاندىن سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى ـ دە ، يېشىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ، بوغۇق ئاۋازدا قىزلىرىغا :

— يىغىلارنى هېچكىم ئاڭلىمىسۇن جۇمۇ . سىلەرگە دەيدىغىنىم شۇ ! — دېدى .

موماي ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ هاسىرىغان هالدا يېتىپ كەلدى . ئۇ هەسرەتلىك كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكىپ سورىدى :

— قاق سەهەردە نېمە ئىش بولدى ؟ ئاه خۇدا ، بېشىمىزغا يەنە كۈلپەت سالمىغىن ! كەلگۈلۈك نېمىشقا بىزگىلا كېلىدىغاندۇ ؟

ئۇنىڭغا هېچكىم جاۋاب بەرمىدى .

بوۋاي گېزىتنى كۆتۈرۈپ هۇجرىسىغا ماڭدى . ئۇ ناهايىتى

ئىتتىك كېتىۋېتىپ زەردە بىلەن تەكرارلايتتى :
— توۋا خۇدايىم ، بۇ قانداق بولغىنى ! بۇ قانداق ئىش !
سامىيە سىڭلىسىنى قولتۇقلاپ ھۇجرىسىغا ئېلىپ ماڭدى . ئاچا - سىڭىل ئۆزلىرىنى زادىلا توختىتالمىدى . كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى .
ئاپىسىنىڭ ئاچچىقى كەلدى :
— سىلەر ماڭا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەمسىلەر ؟ مېنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويماقچى بولۇۋاتامسىلەريا ؟
ناۋال تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى .
— سىزگە دادام دەپ بېرىدۇ ، — دېدى سامىيە يىغلاپ تۇرۇپ .
ئاپىسى كەينىگە بۇرۇلدى ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىغان موماي ئاغرىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇدى . ئۇ ئېرىگە يېتىشىۋېلىپ سورىدى :
— دادىسى ، زادى نېمە ئىش ؟ نېمە ئىش بوپتۇ ؟ ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بەرسىلىچۇ ؟
بوۋاي كۆزەينىكىنى ئېلىپ يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن يېشىنى سۈرتكەن تەرزدە كۆزەينىكىنى سۈرتتى ، ئاندىن ھاياجانلانغان ھالدا دېدى :
— ئىبراھىم ...
— ئۇ نېمە بوپتۇ ؟
بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ گېپىنىمۇ تۈزۈك قىلالمىدى :
— ئۇ ... ئۇ ئۆلۈپ ... كېتىپتۇ !
مومىينىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئازابلاندى . ئۇ ھەسرەت بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ يىغا بىلەن سۆزلەپ كەتتى :
— ۋاي ئوبدان بالام ! ئۇ نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندۇ ؟
— ئۇنى ئۇلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ، ساقچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ، — دېدى بوۋاي ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ .
— ئۇنى ئۇلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ؟ ئۇلار بىر ئادەمنى خالىغانچە

ئۆلتۈرۈۋەتسە بولامدىكەن؟ — دەپ سورىدى نادان موماي.
بوۋاي جاۋاب بەرمىدى.
— مۇھىيدچۇ؟ ئۇلار مۇھىيدنى نېمە قىلغاندۇ؟ — دېدى موماي ئالاقزادە بولۇپ.
بوۋاي نېمانداق بولمىغۇر خىيالنى قىلىدىغانسەن دەپ ئەيىبلىگەندەك مومايغا قاراپ قويۇپ:
— مۇھىيدنىڭ ئىشى باشقا گەپ، ئىبراھىمنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ، — دېدى.
— ئۇمۇ تۇرمىدىغۇ؟
— ھەئە! — دېدى بوۋاي بىزار بولغاندەك.
— ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەر مۇھىيدنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ... ئۇلار مۇھىيدنى ئەتە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇلار ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى! ۋاي بالام، ۋاي جېنىم بالام!
موماي بوۋاينىڭ يېنىغا — ساپاغا يىقىلىپ يىغىنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ سېمىز بەدىنى تىترەپ كەتتى.
بوۋاي بۇ ئازابلارغا چىدىيالماي چوڭقۇر خورسىنىپ:
— ئاپىسى! ئىبراھىم ئەنگلىيە گازارمىسىنى پارتلىتىپتىكەن، ساقچىلار بىلەن بولغان جەڭدە قۇربان بوپتۇ، مۇھىيد ھېچقانداق جەڭگە، پارتلىتىشقا قاتناشمىدى، — دېدى.
مومايىنىڭ ياشلىرى قۇرۇدى، بەدىنىمۇ تىترەشتىن توختىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئويىنى ئېيتىشتىن ئەيمىنىۋاتقاندەك دۇدۇقلاپ سورىدى:
— ئۇلار مۇھىيدنى ئىبراھىمنى تاپىمىز، دەپ تۇتقانغۇ؟
— شۇنداق! — دېدى بوۋاي مومايىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ.
— ئاخىر تۇگەپتۇ. ئۇلار ئىبراھىمنى تېپىپتۇ!
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى بوۋاي.
— شۇنداق، بىلدىم... ئۇلار ئىبراھىمنى تاپقان تۇرۇقلۇق نېمىشقا مۇھىيدنى قويۇپ بەرمەيدۇ؟ — دېدى موماي ئېرىگە تىك

قاراشقا جۇرئەت قىلالماي .

بوۋاي خوتۇنىنىڭ بۇ خىياللىرى ئۈچۈن ئىزا تارتىپ كەتكەندەك، يۈزىنى گېزىت بىلەن توسۇۋالدى، ئاندىن :

— توۋا دېگەن خوتۇن ، — دېدى ، — ئەگەر مۇھىيىد ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە تۈرمىدىن چىقىدىغان ئىش بولسا ، ئۇنىڭ چىقمىغىنى ، ئۆمۈر بويى تۈرمىدە ياتقىنى تۈزۈك ...

بوۋاي ئارتۇق گەپ قىلمىدى ، خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئۆز گەپلىرىدىن ھەيران قالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ سۆزلىرى چىن يۈرىكىدىن چىققان ، ئەگەر ئوغلىنىڭ تۈرمىدىن چىقىشى ئىبراھىمنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا ، ئۇ ئوغلىنى مەڭگۈ تۈرمىدە ياتقۇزۇشقا رازى ئىدى . قىزىق ، ئوغلىنى قۇربان قىلىشقا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنامدۇ ؟ بوۋاي ئىبراھىمدىن ئايرىلىش ئازابى مۇھىيىدتىن ئايرىلىش ئازابىدىن يېنىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭچە ، ئىبراھىم پەقەتلا ئۆزى يوشۇرۇپ قالغان ۋەتەنپەرۋەر يىگىت ئەمەس ئىدى ، ئىبراھىمدەك بىر قەھرىمانىنىڭ يېتىلىشى ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە خەتەرلىك پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئەجرى بار ئىدى ، شۇڭا ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى يوقاتقاندەك ھېسسىياتتا بولدى .

بوۋاينىڭ يىغلىغۇسى ، ۋارقىرىغۇسى ، كۈرەش قىلغۇسى ، ئىنقىلابىي قۇربان ئۈچۈن ئۆچ ئالغۇسى كەلدى .

ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئىبراھىم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگۈسى ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى ، ساقچىلارنىڭ ئۇنى قانداق قوغلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگۈسى ، كىشىلەرگە : «قېرىنداشلار ! سىلەرنىڭ بىر ئوغلۇڭلار سىلەر ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى . ئۇ سىلەرنىڭ ئازادلىقىڭلار ، ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ، چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، سىلەرنىڭ غورۇر ، يۈز - ئابرۇيىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆلدى» دېگۈسى كەلدى .

ئەمما ، ئۇ بۇنداق قىلالمايتتى ، ۋارقىرىيالمايتتى ، كۈرەش قىلالمايتتى ، قارشىلىق كۆرستەلمەيتتى . شۇڭا ، ئۆزى يالغۇز جىممىدە ياش ئاققۇزدى . ئەمما ، ئۆزىنى بۇرۇنقىدىن قەيسەر بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى .

ئۇ نېمىشقا ئىنقىلابقا قاتناشمايدۇ ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنقىلابقا قاتناشتى . شۇغىنىسى ، ئۇنىڭ ئىنقىلابتىكى رولى باشقىلارغا ئوخشاش بولمىدى . ئەگەر ئۇنىڭغا ۋەزىپە يۈكلەشسە ، ئۇ سەل ئارىسالدى بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ھەرگىز ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ ، ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلمايدۇ . ئۇ ئىبراھىم ئىشكىنى چەككەن كۈندىن باشلاپلا ئىنقىلابقا قاتناشتى .

ئۇ ئۆزىنى يۈز مىليونلىغان خەلق ئىچىدە تۇرغاندەك ، ئەھۋالى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشتەك تۇيغۇدا بولدى . مانا شۇ يۈز مىليونلىغان خەلق كەينى ـ كەينىدىن ئىنقىلاب قوزغىدى ، قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقاردى . ئۇ شۇ خەلق ئارىسىدىن ئوغلى مۇھىيدىنى ئىزدىدى ، مۇھىيدىنى كۆردى ، ئۇ تۆمۈر رېشاتكا ئارقىسىدا تۇراتتى ، بوۋاي ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . ئوغلىمۇ ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ، قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا . بوۋاي ئوغلىنىڭ تۆمۈر رېشاتكا ئارقىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش .

ئەمدى مىليونلىغان خەلق نېمە قىلىدۇ ؟ ئىبراھىم ئۆلگەندىن كېيىن خەلق نېمە قىلىشى كېرەك ؟ ئۇلار ئۇمىدسىزلەنمەيدۇ ، ياش ئاققۇزمايدۇ ، تىز پۈكمەيدۇ ! ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىپ يەنە بىر قەھرىماننى چىقىرىدۇ . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چېچىلماقتا ، ئۇلارنىڭ يېچىرلاشلىرىمۇ غەزەپلىك چۇقانغا ئايلانماقتا . مەملىكەت مىقياسىدا نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ . ھەربىر ۋەقەدىن بىر قەھرىمان چىقىدۇ ، ئەنە شۇ مىڭلىغان قەھرىمانلار ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئىنقىلاب قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭىدۇ .

مانا بۇلار بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار ، بۇ ئىشلار چوقۇم بولىدۇ .

بىز ئۈچ ئېلىنىشىمىز ، ئىنقىلاب قىلىشىمىز ، قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ئازادلىققا چىقىشىمىز لازىم ، مۇھىيدمۇ تۈرمىدىن چىقىدۇ .

بوۋاي ئۆزىنى ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى . ۋۇجۇدىدىكى قانلار ئۆركەشلەپ ، جۇشقۇن ، مەردانە ، ئىنقىلابقا ئىنتىلىدىغان ياشلىق باھارى ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى . ئۇنىڭ چىرايى خۇددى تەسەۋۋۇردىكى نامايىشچىلار قوشۇنى ساقچىلار تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەندەك بىردىنلا تۇتۇلۇپ كەتتى .

خوتۇنىنىڭ يىغىسى ئۇنى چوڭقۇر خىيالدىن ئويغاتتى . ئۇ قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ — ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خەتنىمۇ ئوقۇمىغانىدى - خوتۇنىغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن :

— تەھىيە ، نېمە بولدى ! ئاۋاز چىقارساق بولمايدۇ جۇمۇ ! — دېدى .

— دادىسى ، مەن چىدىيالمايلا قالدىم ! ئىبراھىم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ . مۇھىيدىنىڭمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن ! — دېدى خوتۇنى يىغلاپ تۇرۇپ .

— ئۇنداق دېمە ! خۇدايىم ساقلار ، ياخشى تەرەپنى ئويلا ، ئەتە مۇھىيدقا نېمە ئاپارساق بولار . بۇ مېنىڭ ئۇنى بىرىنچى قېتىم يوقلاپ بېرىشىم ، شۇڭا ئازراق تورت ئاپىراي ، يەنە …

خوتۇنى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— مەن قەسەم قىلىۋەتكەن ، ئوغلۇم تۈرمىدىلا بولىدىكەن ، بۇ ئۆيگە تورت دېگەن نەرسىنى يولاتمايمەن .

— خوتۇن ، بىرى تورت يەيمەن دېگىنى يوق ، — دېدى بوۋاي ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، -- ئوغلۇڭغا ئازراق نەرسە ئاپارساق ، كۆڭلى ئاز ـ تولا تەسەللى تاپارمىكىن دەۋاتىمەن .

موماي جىم بولۇپ ئۈنسىز ياش تۆكتى .

بوۋايمۇ ئۇندىمىدى . ئۇ جۇشقۇن بولۇشنى ئويلىدىيۇ ، ئۇنداق قىلالمىدى . ئوغلىدىن ئەندىشە قىلىش ئۇنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويدى . ئۇ ئوغلىنىڭ ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى …

بوۋاي ھۇجرىسىدىن چىقىپ يۈيۈنۈش ئۆيىگە ماڭدى ، قىزلىرىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز توختىدى ، كىرىپ ئاز - تولا تەسەللى بېرىشنى ئويلىدىيۇ ، كېيىن ئۇ نىيىتىدىن ياندى ، يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ خۇددى قوغلاپ يۈرگەن رەقىبلىرىگە دوق قىلغاندەك ئىشىكنى جالاققىدە ياپتى .

ناۋال كارىۋاتتا دۈم يېتىپ قار - يامغۇر كەبى يىغلايتتى ، ئۆزىنى بوغۇۋالماقچى بولغاندەك ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى بوينىغا ئورىۋالغانىدى . يېنىدا ھەدىسى يىغلاۋاتاتتى . ئۇ ناۋالغا تەسەللى بەرمەكچى بولدى ، ئەمما قاراپ بېقىپ بىللە يىغلاش ناۋالغا تەسەللى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى .

ناۋال تۇيۇقسىز يىغىدىن توختىدى - دە ، ئوڭدا يېتىپ تورۇسقا تىكىلدى . ئەمما ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى ، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى . ھەدىسى گاڭگىرىغان ھالدا سىڭلىسىغا ئېچىنىش ئارىلاش مۇلايىملىق بىلەن قاراپ ئولتۇردى .

ناۋال لىككىدە ئولتۇردى - دە ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك :

— مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن ، — دېدى .

— كىمنىڭ يېنىغا ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سامىيە .

— ئىبراھىمنىڭ يېنىغا … بۈگۈن دۈشەنبە ، ئۇ سائەت ئون بىردە مېنى ساقلىماقچى ، — دېدى ناۋال .

سامىيەنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى :

— ناۋال ، ئوبدان سىڭلىم ، ئۇنداق قىلما ! ئۆزۈڭنى ئازابلىما !

ناۋال ئېلىشىپ قالغاندەك كۈلدى ، ئاندىن ھەدىسىگە :

— مەن گېزىتتىكى گەپكە ئىشەنمەيمەن ، ئىبراھىمنى ھېچكىم

ئۆلتۈرەلمەيدۇ ، ئۇ مىڭغا تېتىيدۇ ... سەن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن ؟ — دېدى .

سامىيە سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ ئېچىنغان هالدا سورىدى :

— نەگە كەتتى ؟

— مۇهىيدىنى قۇتقۇلدۇرغىلى كەتتى ... ئۇ ماڭا شۇنداق دېگەن . بۇنى مەن سەندىن يوشۇرغانىدىم ، مەن ساڭا ئۇقتۇرماي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان ... دۈشەنبە ، چارشەنبە ... ئاخىرقى قېتىمدا ئۇ ماڭا مۇهىيدىنى تۈرمىدىن قۇتقۇلدۇرۇۋالىمەن ، دېگەن ...

ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن سامىيە يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى . ئۇ بىر ئامال قىلىش لازىملىقىنى هېس قىلىپ ، سىڭلىسىنى يېنىك سىلكىپ كۆڭلىنى ياسىدى :

— ناۋال ، ئۇنداق دېمە ! بولغۇلۇق بولدى ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال ، كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇت !

— مېنى قويۇۋەت ! كۆڭلىكىمنى ئالماشتۇرۇۋالاي ، بولمىسا كېچىكىپ قالىمەن ! — دېدى ناۋال هەدىسىنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ .

ئۇ كارىۋاتتىن چۈشتى ـ دە ، كىيىم ئىشكاپىنى ئاچتى .

— ناۋال ، سەت بولىدۇ . ئۆزىمىزنىڭ دەردى ئازمۇ ؟ سەن دادامغا ئىش تېپىپ بېرەي دەمسەن ؟

— مېنى دادامۇ توسۇيالمايدۇ . مېنى كىمدە ـ كىم توسۇۋالىدىكەن ، دېرىزىدىن ئۆزۈمنى تاشلايمەن ! — دېدى ناۋال ئۆزىنى بېسىۋالالماي .

— ناۋال ، مېنى ساراڭ قىلىپ قويمىغىن يەنە ...

ناۋال مىيىقىدا كۈلۈپ هەدىسىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى :

— گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتىسەن ـ هە ، بوپتۇ ، قاراپ تۇر ...

ناۋال بويىنىدىكى قۇتچاقنى ئېچىپ ، ئىچىدىن ئىبراهىم يازغان باغاقچىنى ئالدى . كۆزلىرى غايىبانە چاقناپ كەتتى :

— مانا قارا ! بۇ ئىبراهىم بىزنىڭ ئۆيدىن كېتىدىغاندا ، مەن

بىلەن بىللە يازغان ئايەت . كۆردۇڭمۇ ؟
سامىيە گاڭگىرىغان ۋە ئېچىنغان هالدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى .
ناۋال باغاقچىنى قاتلاپ قوتىغا سالدى ، كۆز يېشى باشقىدىن يېپىپى ئۇزۇلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ئۇ ئىشكاپقا يۆلەنگەن پېتى ئولتۇرۇپ بېشىنى چاڭگاللاپ يىغلاپ كەتتى .
ناۋال نامەلۇم ، قۇدرەتلىك بىر كۈچنىڭ ئۆزىنى هەممە گەپنى ئېيىتىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى بىلەتتى ، بۇنىڭ نېرۋا بوزۇلۇشنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئاز ـ تولا پەملىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىككى خىل پىكىر بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى : بىرى ، ئىبراهىمنى ئۆلدى ، ئەمدى سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭ بەربات بولدى دېسە ؛ يەنە بىرى ، ياق ، ئىبراهىم ئۆلمىدى ، ئۇ تىرىك ، ئۇ سېنى فەنى مەيدانىدا ، ئانوس دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدا ساقلاۋاتىدۇ ، دەيتتى . بۇ ئىككى خىل پىكىر بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەيۋاتاتتى .
ئاچچىق ياش ناۋالنىڭ نېرۋىسىنى سەگەكلەشتۈرگەندەك بولدى . نادامەت ئوتىدا پۇچۇلانغان قىز ئاخىر هەدىسىگە مۇراجىئەت قىلدى :
— هەدە ، مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي ، ئىبراهىم ئۆلۈپ كەتتى ، ئەمما ئۇنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى بىلمەيمەن ، كېيىن ئۇنى قانداق يوقلاپ بارىمەن . بىز كېلىشىپ قويغان يەرگە بېرىپ ئەهۋالنى ئۇقۇپ كېلەي .
سامىيە سىڭلىسىنىڭ تىنچلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى ، ئاندىن سىڭلىسىغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى هەسرەتنى يوقاتماقچى بولغاندەك ئۇنلۇك سۆزلىدى :
— مەن سېنى بۇ هالدا يالغۇز چىقارمايمەن .
— ئۇنداق بولسا مەن بىلەن بىللە بارغىن ، — دېدى ناۋال چوڭقۇر خورسىنىپ .
— بىراق ، بىز قانداق چىقىپ كېتىمىز ، ئۆيدىكىلەرگە نېمە

دەيمىز؟ — دېدى سامىيە سەل جىم تۇرغاندىن كېيىن.
— بىلمىدىم، بەك چارچاپ كەتتىم ... سامىيە، ئۆزۈڭ بىر نەرسە دېگىن، — دېدى ناۋال پەرىشان هالدا.
— دادام چىقىپ كەتسە ياخشى بولاتتى، — دېدى سامىيە چوڭ بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغاندەك قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ.
ناۋال ئۈندىمىدى. سامىيە ئامال تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇردى.
بىردىن ناۋال ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى:
— ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغاندەك تۇرىمەن. مەن ئۇنى دەپلا ياشاۋاتقاندىم، ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كۈنلەرنى ساناپ ئۆتكۈزەتتىم. ماڭا ئۇنىڭدىن چاتاق چىقمايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. كىم بىلسۇن، كۆڭلۈم مېنى ئالداپ قويدى.
— بۇ گەپنى يەنە باشلىدىڭمۇ! پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي نېمە ئامال؟ — دېدى سامىيە سىڭلىسىغا ئېچىنىپ.
— بۇنىڭدىن كېيىن مەن كىم ئۈچۈن ياشايمەن؟ — ناۋال خۇددى جۆيلۈۋاتقاندەك سۆزلەيتتى.
— تىنچ! ئاۋاز چىقارما! دادام ئىشكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتىدۇ.
سامىيە ئۆيدىن چىقىپ دادىسىنىڭ هۇجرىسىغا كىردى.
دادىسى ئەتە ئوغلىغا ئاپىرىش ئۈچۈن تورت، سوۋغا ـ سالام ۋە كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىشقا سىرتقا چىقماقچى بولۇپ كىيىنىۋاتاتتى.
سامىيە دادىسى چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى، ئاندىن خاتىرجەم هۇجرىسىغا قايتىپ كىردى. تەۋەككۇل قىلىش ئارزۇسى ئۇنىڭغا هەسرەتنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇلدۇردى.
— ئىش پۈتتى! دادام پەسكە چۈشۈپ كەتتى! ئەمدى ئاپامغا نېمە دېسەك بولار؟ — دېدى سامىيە.
ئۇ بارمىقىنى چېكىسىگە قويۇپ كۈلكىلىك هالەتتە بىر پەس ئولتۇردى.
— تاپتىم! — دېدى ئۇ بىردىنلا، — ئاپامغا، ساقچى نەۋرە

ئاكىسى بىرەر خەۋەر ئەكەلدىمۇ، قانداق؟ دەپ سورىغىلى لۇفائىلارنىڭكىگە بارىمىز دېيىمىز، ئۇ، مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدىدىن بىرەر خەۋەر بولسىلا، سىلەرگە يەتكۈزىمەن دېگەنغۇ!

ئاپىسى ئوڭايلا ماقۇل بولدى. چۈنكى، قىزلارنىڭ مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ خەۋىرىنى بىلگىلى بارىدىغانلىقى چوڭ ئاساس ئىدى.

ئاچا - سىڭىل ئاپتوبۇسقا چىقتى.

سامىيە خۇددى ھەممە ئادەم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ئىزا تارتىپ ھەدەپ ئەتراپقا قارايتتى.

ناۋال پەرىشان ئىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە كوچىدىكى ئادەملەر ياكى كوچا ئەمەس، پەقەت ئىبراھىملا كۆرۈنەتتى، ئىبراھىم ناۋال ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئىشىك ئېچىپ بەرگەن چاغدىكى كىيىمى بىلەن ئىدى، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى — ئۇ ئاشۇ كۆزلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ناۋالنىڭ قەلب دېرىزىسىنى ئاچقانىدى. ئەنە ئىبراھىم دادىسى بەرگەن ئۈزۈن ئاق يەكتەك بىلەن تۇرىدۇ. يەنە بىرپەستە ئۇ ئائىلىدىن كېتىدىغان چاغدىكى ئوفتسېر كىيىمى بىلەن كۆرۈندى؛ مانا ئۇ شوتا بىلەن بالىخانىغا چىقىۋاتىدۇ، ناۋالغا كۈلۈمسىرىمەكتە — ئۇنىڭ تەبەسسۇمى ئاشۇنداق بىلىنەر - بىلىنمەس، ئۇياتچان. ناۋال ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان. ناۋال ئىبراھىمنىڭ كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ بۇ ئائىلىدە تۇرغان چاغلاردا ناۋالدىن كۆزىنى قاچۇراتتى، كېيىنكى چاغلاردا ناۋالغا تىك قارايدىغان بولغان ۋە مۇھەببىتىنى كۆزلىرى بىلەن ئىزھار قىلغان. ناۋالغا ئىبراھىمنىڭ خۇددى دۈشمەنگە سانجىلىدىغان نەيزىدەك ئۈچلۈق بۇرنى كۆرۈندى. ناۋال ئىبراھىمنىڭ بۇرنىنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. ئۇ قانچە - قانچە ئاخشام ئىبراھىمنىڭ بۇرنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتكەنىدى. توۋا، شۇ بۇرنى بىلەن ئىبراھىم يەنە ئەجەب چىرايلىق كۆرۈنىدۇ - ھە؟ ناۋالغا خىياللىرى رېئاللىققا ئايلانغاندەك، ئىبراھىم ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك، ناۋال

ئۇنىڭ نەپەسلىرىنى ، ھەتتا يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنىمۇ ئاڭلىغاندەك بولدى ، ئۇنى سىلاپ قويغۇسى كەلدى . ناۋالنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئۆلگەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى .

ئاچا ـ سىڭىل ئاپتوبۇستىن چۈشتى .

سامىيە ئەتراپقا قاراپ بېشىنى چايقىدى ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان گۇمانلىرىنى يوق قىلماقچى بولغاندەك ، ئاستا مېڭىپ سىڭلىسىنىڭ كەينىدە قالدى ، كېيىن ئىتتىك مېڭىپ يېتىشىۋالدى .

ناۋال پەرىشان خىيالغا پاتقان ، ئۇ ئۇچرىشىدىغان يەرگە يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىنى ناھايىتى تونۇش بىر ئائىلىگە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئائىلىنىڭ ئىشىكى جۇلالىنىپ تۇرغان نۇرلاردىن ياسالغاندى ، بۇ ئىبراھىم بىلەن ئىككىسىنىڭ ئۆيى ئىدى . ئۇ ئۆزىنى بۇ ئائىلىدە ئۇزۇن ياشىغاندەك سېزەتتى . ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىبراھىمنى ئۇزىتىپ قوياتتى ، كەچتە ئىبراھىم ئىشتىن يانغاندا ئالدىغا چىقاتتى . ئۇ ئىبراھىمغا قايتىدىغان ۋاقتىنى سائەت ئىككى يېرىم دەپ بەلگىلەپ بەرگەنىدى . دادىسى ئادەتتە سائەت ئىككىدە ئىشتىن قايتاتتى . ئىبراھىم دادىسىغا قارىغاندا ئالدىراش بولغاچقا ، يېرىم سائەت كېيىن كېلەتتى . ناۋال ئىبراھىمنىڭ چاپىنىنى سېلىپ ئۇزۇن يەكتەك كىيگىنىگە قاراپ تۇرىدۇ . ئىبراھىم كېچىلىك كىيىم كىيمەيدۇ ، ناۋال ئىبراھىمنىڭ ئۇزۇن يەكتەك كىيىشىنى ياخشى كۆرەتتى ، ئۇ ئىبراھىم بىلەن ئۆزى ھەرخىل تائاملارنى تەييارلاپ قويغان تاماق ئۈستىلى ئالدىغا كەلدى ، ئىبراھىمنىڭ نېمە تاماقتا ئامراقلىقىنى ياخشى بىلىدۇ ... مەسىلەن ، ياغدا پىشۇرۇپ مۇزلىتىلغان پېدىگەن ... تاماق يەۋېتىپ ئىبراھىمنىڭ خىيالى باشقا يەرگە كېتەتتى ، ناۋال ئەتكەن مەززىلىك تائاملارنى ماختاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالاتتى ، ئىبراھىم دائىم دېگۈدەك شۇنداق خىيالغا پېتىپ قالاتتى . ھەتتا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇلار بالكوندا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان چاغدا ناۋالغا بولدى ، گازىر چاقمىغىن ،

دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى . ناۋال گازىر چاقسا ئىبراھىمنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇنداقتىمۇ قەستەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ ، دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى . ئەمما ، ئىبراھىم بۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلمايتتى ... ئۇنىڭ دائىم دېگۈدەك كۆڭلى بىر جايدا بولمايتتى ، ئالدىراپلا يۈرەتتى . ناۋال شۇنداق بىر ئالدىراش ئادەمنى ، زىممىسىگە ۋەتەننىڭ ئېغىر يۈكىنى ئالغان ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى ...

— يەنە خېلى ماڭامدۇق ؟ — ھەدىسىنىڭ گېپى ناۋالنى ئېسىگە كەلتۈردى .

ئۇ خۇددى ھەدىسىگە گېپىنى چۈشەنمىگەندەك قاراپ قويدىيۇ ، جاۋاب بەرمىدى .

بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن سامىيە يەنە سورىدى :

— بىز بىرەر ئادەم بىلەن كۆرۈشەمدۇق ؟

ناۋال ھەدىسىگە قاراپ ئارانلا :

— ئىبراھىم ... — دېدى .

سامىيە سىڭلىسىنى يەنە گاڭگىرىتىپ قويماي دەپ گەپ قىلمىدى .

ئۇلار فەنى مەيدانىغا يېقىنلاشتى .

ناۋال خۇددى بىنا پەلەمپىيىگە چىقىۋاتقاندەك قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى ، ئۇ خىيالىدىكى ئۆز ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىگە چىقىۋاتاتتى . ئۇ دوختۇرخانىنىڭ تېمى يېنىدا توختىدى .

ناۋال ئۆزىنى ئىبراھىمنى يوقلاپ كەلگەندەك ھېس قىلدى . كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى . ناۋال يېشىنى سۈرتمىدى .

ناۋال خۇدايىمدىن مۇھەببىتىگە يار - يۆلەك بولۇشنى تىلەپ ئايەت ئوقۇماقچى بولدى ، ئەمما كاللىسىدا ئايەتلەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى ، بېشىنى ئوقۇسا ئاخىرىنى ئۇنتۇپ قالاتتى .

ناۋالنىڭ كاللىسى گاراڭ ئىدى ، شۇنداقلا ئۇ ئېسىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدىمۇ ئەمەس ئىدى . تۇرۇپلا ئىبراھىمنى ئۆلۈپ كەتتى ، دەيتتى ؛ تۇرۇپلا يەنە ئۇنى تىرىكتەك ھېس قىلاتتى . بىردە

ئۇنى قەبرىدە ياتتى ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى ، ئارقىدىنلا ئۆز ئۆيىدە كۆرگەندەك بولاتتى . ناۋالنىڭ بىلىكى ، بېشى ، مەيدىسى ، پۇتلىرى ، مېڭىسى گويا قىيما - چىيما قىلىنىۋاتقاندەك ، ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ئاغرىپ كېتەتتى .

سامىيە سومكىسىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ سىڭلىسىغا سۇندى . ناۋال قولياغلىقىنى ئېلىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەكچى بولدىيۇ ، توختاپ قالدى . چۈنكى ، ئۇدۇلدىن بىر ساقچى كېلىۋاتاتتى . خۇددى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان دەھشەتلىك نەرسىنى كۆرگەندەك ، ناۋالنىڭ كۆزلىرىدە ۋەھىمە ئەكس ئەتتى .

ئۇ ساقچىنىڭ قولىدىكى مىلتىققا تىكىلدى . ئۇ ئىلگىرى مىلتىققا مۇنچىلىك سەپسېلىپ قارىمىغان ، ساقچىلارنىڭ «مىلتىق» دەيدىغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بولسىمۇ ، ئۇنى كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقىدەك نەرسە ، ساقچىلار ئۇنى پەقەت ئۆزلىرىنى ھەيۋەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈنلا كۆتۈرۈۋالغان ، دەپ ئويلىغانىدى .

ئۇ مىلتىققا ھېچقاچان ھازىرقىدەك تىكىلىپ قارىمىغاچقا ، مىلتىقنىڭ زەھەرلىك يىلاننىڭ ئاغزىدەك ئاغزىنى ، چايانىنىڭ قۇيرۇقىدەك تەپكىسىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . «مىلتىق» ھەرگىزمۇ ئويۇنچۇق ئەمەس ، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆرۈنۈشكىلا كۆتۈرۈۋالىدىغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قورال ئىكەن ! مانا ئىبراھىمنى مۇشۇنداق مىلتىقتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

ساقچىلار نېمىشقا مىلتىق ئېلىپ يۈرىدىغاندۇ ؟

ئۇلار مىلتىقى بىلەن قەھرىمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ ، ئىنقىلابنى بوغىدۇ ، مۇھەببەتنى يوقىتىدۇ ، ئەنگلىيە ئەلۋاستىلىرىنى ، ۋەتەن خائىنلىرىنى قوغدايدۇ ، پادىشاھ ، ئاقسۆڭەكلەرنى ، ئىبراھىمنىڭ دۈشمەنلىرىنى ساقلايدۇ !

ناۋال مىلتىقنى كۆرۈپ ساقچىغا قاراپمۇ قويماستىن مۇزلاپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ھەدىسىنىڭ بىلىكىگە چىڭ ئېسىلىۋالدى .

سامىيە گەپمۇ سورىماي ، ھەيرانمۇ بولماي ، سىڭلىسىنىڭ رايىغا بېقىپ ماڭدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەلەم ۋە ئەنسىزلىكتىن تىنچسىزلىناتتى .

ئاچا ـ سىڭىل ئۆيگە قايتىدىغان ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى .

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ناۋال ھەربىر قەدىمىدە ئەتراپىدىكى مىلتىق تۇتقان ساقچىلارنى سانايتتى : «بىر… ئىككى … ئۈچ … ئون… » ساقچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىق كۆپ ئىدى ، بۇ مىلتىقلار ئىبراھىمغا ، ئۆزىگە ، بارلىق قەھرىمانلارغا قارىتىلغانىدى .

ناۋال قورقۇنچ ئارىلاش غەزەپ ئىلكىدە ئىدى . ئۇنىڭ ساقچىلارغا ئېسىلغۇسى ، قوللىرىدىكى مىلتىقلىرىنى تارتىۋېلىپ ، ئۇلارنى ئادەم ئۆلتۈرەلمەيدىغان ، ئىبراھىمنى ئۆلتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويغۇسى كېلەتتى … ئۇ ئۆزىنىڭ مىلتىق تارتىۋالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ، ئۇنىڭغا بۇ ئىش ناھايىتى ئاساندەك ، مىلتىقنى تارتىۋېلىپ قاچسىلا بولىدىغاندەك بىلىنەتتى .

ئۇ ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىنمۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ يەنە كوچىدىكى ساقچىلارنى ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىقلارنى ساناپ ، ئۆزىنىڭ مىلتىق تارتىۋالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى .

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يەنە يىغىنى باشلىدى .

سامىيەمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلىدى . ئۇلار ئىبراھىم ئۈچۈن ، ئاكىسى ئۈچۈن يىغلايتتى . سامىيە ئابدۇل ھەمدىنى خىيال قىلىپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى .

بىر ئائىلە ئادەملىرى ئەنە شۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە يەنە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى .

ھەممەيلەن قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتقان ، ئۇلار ھەسرەتلىرىنى ئىپادىلەشكە ، كۆز ياشلىرىنى كۆرسىتىشكە ، ئىبراھىمغا ماتەم تۇتۇپ ، ئوچۇق ـ ئاشكارا خەتمىقۇرئان قىلىشقا

جۇرئەت قىلالماي، خەقلەرنىڭ ئالدىدا گويا ئىبراھىمنى تونۇمايدىغاندەك، ئۇنى كۆرۈپ باقمىغاندەك قىياپەتتە يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشتە بوۋاي ھېيت نامىزىغا باردى. قايتىپ كېلىپ تۆرمىدىكى ئوغلىنى يوقلاش ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاخشاملا تەخلەپ قويغان، نەچچە قېتىم قاراپ چىققانىدى.

موماي كارىۋاتتا ئولتۇرغان پېتى قىمىرلاپ قويۇپ:

— گېپىمگە قۇلاق سالسىلا دادىسى! كېيىنكى قېتىم مېنى ئاپارسىلا، ئوغلۇمنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي. ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن! چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۇنى بىر كۆرمىسەم بولمايدۇ. بۇ ئىش ئەسلىرىدە تۇرسۇن. بولمىسا، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ!

— خۇدايىم ساقلار، ئۇ ۋاقىتقىچە بالىمۇ كېلىپ قالار، — دېدى بوۋاي بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ.

— بۇنداق گەپنى قىلمىسىلا! بۇنداق گەپكە مەن ئەمدى ئىشەنمەيمەن. مېنى گوللايمەن دەپ ئويلىمىسىلا، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى موماي.

— خوتۇن، خاپا بولمىغىن، بۈگۈن ھېيت، — دېدى بوۋاي ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن.

— بۇنداقمۇ ھېيت بولامدۇ! بۇ ھېيت ئەمەس! ئوغلۇمنى قاماپ قويغان هارامزادىلەر ھېيت قىلىۋاتىدۇ. خۇدايىم ئۆزۈڭ گۇۋاھ، ئۇلارنى پالاكەت باسقاي، ئۇلارغا ياخشى كۈن ئاتا قىلمىغايسەن. روزىنىغۇ تولۇق تۇتۇۋىدىم، يەنىلا ئوغلۇمنى ئەكەتتى، خۇدايىم، سەنمۇ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئەكەتكەيسەن! ئۇلار يۈرىكىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى، سەنمۇ ئۇلارنىڭكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەيسەن. ئۇ مۇتتەھەملەرنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ كەتكەيسەن ئىلاھىم، ئۇلار ئۇجۇقسا بەلكى سىنچىلىنىپ قالارمىز. ئۆتۈم تېشىپ كېتىۋاتىدۇ. بىرەر ئامال

تاپالىغان بولساق ، مەن ئەركىشى بولۇپ قالغان بولسام ... ئۇ مۇناپىقلارنى نېمىلەر قىلىۋېتەتتىم ـ ھە !

بوۋاي گەپ قىلماي جىم تۇردى .

موماي بىردەم تۇرۇۋېتىپ يەنە سۆزلىدى :

— ئۇنىڭغا پوپايكىنى سىلىۋېتىشنى ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا ، بۇ ئىسسىقتا جىنىم بالام پوپايكا كىيىپ يۈرۈپ قانچە قىينالغاندۇ ؟

بوۋاي يەنىلا ئاپىرىدىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرماقچى بولاتتى ، ئەمما يىغىشتۇرغۇدەك نەرسە يوق ئىدى .

— ئېسىمدە ! — دېدى ئۇ جاۋابەن .

— ئۇنىڭ كىر كىيىملىرىنى ئالغاچ كەلسىلە .

— بولىدۇ .

— ئاپىرىدىغان نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا ، توخۇنى ئالدىلىمۇ ؟

— ئالدىم ، — دېدى بوۋاي ئىتائەتمەنلىك بىلەن .

— سامىيە ياڭيۇنى پىشۇرۇپ بولسا ئۇنىمۇ ئېلىۋالسىلا .

— ماقۇل !

مومايىنىڭ گەپلىرى تۈگەپ بوۋاي ئىشىكتىن چىققاندا سائەت توققۇز بولغانىدى . ناۋال دادىسىنى ئۇزىتىپ ئىشىككىچە چىقتى ، ئاندىن :

— ئۇلارغا ئېيتىپ قويسىلا ، ئۇلار يات ئارىدا چىقىدۇ ، بۇنى مەن بىلىمەن ، — دېدى يىغلامسىراپ .

— مۇھىيدقا بىر كۆڭلەك تىكىپ قويغانلىقىمنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى سامىيە سەل تۇرۇۋېلىپ ، — ئابدۇل ھەمدىگىمۇ بىرنى تىكتىم .

بۇ گەپلەر بوۋايىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . چۈنكى ، ئۇ «ماقۇل» دەپ قويغىنى بىلەن ، قىزلىرىنىڭ گېپىگە زادىلا دىققەت قىلمىغانىدى . بوۋاي مۇھىيد بىلەن ئابدۇل ھەمدىگە ئاپىرىدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن پېتى ئىتتىك ئۆيدىن چىقتى .

بوۋايدا قورقۇنچتىن ئەسەر يوق ، تۇرمە ئەمدى ئۇنى قورقۇتالمايتتى . ئۇ هازىر مەھبۇسلار بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى تېپىۋالدى . تۇرمە ساقچىلىرىغا پارا بېرىپ ، ساقچى ئەمەلدارلىرىغا ئادەم قويۇپ مەقسىتىگە يېتىشنى ئۆگەندى ، پۇل ، خەت ۋە يەيدىغان نەرسىلەرنى تۇرمىگە مەخپىي كىرگۈزۈش يوللىرىنى بىلدى ، ھەتتا ئوغلى دوختۇرخانىدا ياتقاندا ئۇنى بىرنەچچە مىنۇت كۆرۈشكىمۇ سازاۋەر بولدى . مۇھىيد دوختۇرخانىدىن تۇرمىگە ئاپىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ، بوۋاي تۇرمە ساقچىسى ئارقىلىق ئوغلى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى . ئەمما ، بۇ قېتىمقىسى تەستىقلاشتىن ئۆتكەن تۇنجى قېتىملىق رەسمىي يوقلاش ئىدى .

بوۋاي تۇرمىگە ئوغلىنى يوقلاپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلدى . ئەمما ، بۇ ياخشىلىق كەلتۈرگەن خۇشاللىق ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ھەسرەت ـ قايغۇنى باسالمىدى . بۇ ھەسرەت ئالدىدا بوۋايغا ئوغلىنىڭ بەختسىزلىكى ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك بىلىنەتتى . ئۇ ئوغلى ھەم ئۆزىنىڭ جامائەت ئارىسىدا ، خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ، ئۇلار بىلەن بىللە ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلىپ ، قەھرىمانلارنى يارىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ بەخش ئېتىپ ، ئۇنى گويا باشقىلار بىلەن بىللە ساقچىلارغا تاقابىل تۇرىدىغان ، ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ، تۇرمىلەرنى پاچاقلىۋېتىدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەندەك ئىدى .

بوۋاي تۇرمە دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى چىڭ باستى .

ئىشىكتىكى كۆزنەك ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن بىر سۆرۈن چىراي كۆرۈندى ، ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى كالپۇكلىرى ئەتراپىدا ئۆملەپ يۈرگەن قارا قۇرتلارغا ئوخشىشاتتى .

بوۋاي تۇغقان يوقلاش كىنىشكىسىنى چىقىرىۋىدى ، ھېلىقى ئادەم تۆشۈكتىن قولىنى چىقىرىپ كىنىشكىنى ئالدى ، ئاندىن

ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ قويۇپ، كۆزنەكنىڭ قاپقىقىنى يېپىۋەتتى. هايال ئۆتمەي دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكى ئېچىلدى.
زاھىر بوۋاي ئىشىكتىن كىردى.

## 23

چەت ئەللىكلەر تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلار ھارپا كۈنى ئەتىگەندە ھەممە كامېر ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى بايقىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كۆرۈشۈشىگە، پاراڭلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنغان، بۇ كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى. تۈرمە باشلىقى:

— ھېيت كەلدى، سىلەرنى ئەركىنرەك بولسۇن دېدۇق، قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا ئۇرۇنساڭلار، يەنە باشقىدىن ئايرىم-ئايرىم سولاپ قويىمىز، دەپ ئاگاھلاندۇردى ۋە كۈلۈپ قويۇپ، — ئايىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن ھەيران قالغان مەھبۇسلار گۇڭگۇرلىشىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ كۈلگۈسى كېلەتتى، چۈنكى ئۇلار تۈرمە دائىرىلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىگە، سىياسىي ساقچىلارنىڭ پەقەت ھېيتنى دەپ، ئۆزلىرىنى بۇنداق ئەركىن قىلىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇ، يېڭى بىر ئەھۋالدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇزاق ۋاقىت تۈرمىدە جاپا تارتقان بۇ كىشىلەر ھەربىر ئىشنى ئۆز تەقدىرى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، ھەتتا ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھىجىيىشى، تۈرمە باشلىقىنىڭ ئالىيىشلىرى، تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ خۇشامەتلىرىگە بىرەر ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغاندەك تەبىر بېرەتتى.

نېمە ئىش بۇ، ئەجەب ھەممە كامېرلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، مەھبۇسلارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى، پاراڭلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىۋەتتىغۇ؟ دېمەك، ئىبراھىم ھەمدىنىڭ قېچىش دېلوسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش تۈگەپتۇ،

توختاپتۇ . تەكشۈرۈش نېمە ئۈچۈن توختىتىلغاندۇ؟ قارىغاندا، ئۇلار ئىبراھىمنى تاپتى ياكى ئىبراھىم قۇربان بولۇپ كەتتى.

مەھبۇسلار كامېرلاردىن چىقىپ ئاستا ماڭاتتى، چۈنكى ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت كىچىككىنە ئۆيدە يېتىۋەرگەچكە، مېڭىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاي دېگەنىدى. ئۇلار خۇددى تۈرمە ھويلىسىدا ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك ئەتراپىغا قارايتتى.

ئۇلار تۈرمە ھويلىسىدا توپلىنىپ ئۆزئارا سالاملاشتى، ھېيتلىرىنى مۇبارەكلەشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىچىلىك كىيىمدە، بەزىلىرى يەكتەك، يەنە بەزىلىرى مايكا بىلەن كۇسار كىيگەنىدى. گاھىلىرىنىڭ پۇتىدا سايما كەش، گاھىلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان، قاراڭغۇ كامېرلاردا ياتقان بولغاچقا، چىرايلىرى تاتىراڭغۇ ئىدى. كۆزلىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار تۈرمە ساقچىسىغا ياكى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ساقچى ئەمەلدارىغا ئېتىلىپ بېرىپلا ئۇلارنى بوغۇۋېتىپ، شىكەستە يېگەن تېنى، خورلانغان ئىززەت ـ نەپسى ئۈچۈن ئەنت ئالىدىغاندەك ئەلپازدا قارايتتى.

ئەمما، ھەممە كېلىشىپ قويغاندەك غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىچىگە يۇتقانىدى. ئاران ئېرىشكەن ۋاقىتلىق ئەركىنلىكتىن ئوبدان بەھرىلىنىش، قۇياش نۇرىدىن راھەتلىنىش، ئوچۇق ھاۋادىن قانغۇچە نەپەسلىنىۋېلىشنى ئويلايتتى.

مۇھىيد كامېر ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ تۈرمىداشلىرىغا سەپسالاتتى، بىردەم ـ بىردەم كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى. ئۇنىڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولغانىدى: چىرايىدىن جەسۇرلۇق، كۆزلىرىدىن مەردانىلىك ئەكس ئېتەتتى، قاپاقلىرى بۇرۇنقىدەك لىپىلداپلا تۇرمايتتى. ئۇ ئېغىر ـ بېسىق، تۈرمىداشلىرىدىن چوڭ، پىشقان، مۇلايىم كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، ئەتراپىدىكى ۋەقەلەرنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ، يات بىر دۇنياغا نەزەر سېلىپ، بۇنداقمۇ بىر دۇنيانىڭ بارلىقىنى بىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى، كۆزلىرى

تۇرمداشلىرىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى . ئۇ ھېچكىمنى تونۇمايتتى ، بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى . تۇرمداشلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ھاجەتخانىغا كېتىپ بارغاندا غىل - پاللا كۆرگەنىدى . شۇغىنىسى ھازىر ئۇلار ئۇنىڭغا كونا تونۇشلاردەك ، ئۇلار بىلەن بۇرۇندىن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدەك ، شۇڭا ئۇلار بىر ئائىلىدە ياشىغان ئادەملەردەك بىر - بىرىنىڭ ئالدىدا كېچىلىك كىيىم ياكى ئىچ كىيىم بىلەنلا ئىزا تارتماي يۈرگەندەك ھېس قىلدى .

بىرى ئۇنىڭغا سالام قىلدى :

— ياخشىمۇسىز مۇھىيد ئەپەندى ! ئايىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن !

— ئۆزىڭىزدىن بولسۇن ! — دېدى ئۇ جاۋابەن ياڭراق ئاۋازدا .

ئەھۋال سورىغان بۇ ئاۋاز مۇھىيدقا تونۇش بولۇپ ، بۇ ئاۋاز 11 - نومۇرلۇق كامېردىن چىققانىدى .

— بۇ يەرگە كېلىڭا ! — دېدى ئۇ .

ئابدۇل ھەمدىنى ئىزدەپ مۇھىيد ئەتراپقا قارىدى ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى . ئىككىيلەن بىردەم بىر - بىرىگە قارىشىپ خۇددى بىر - بىرىنى ئەمدى تونۇۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدى ، ئارقىدىنلا قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ زورىغا كۆلۈپ قويدى ، كېيىن ئىختىيارسىز قۇچاقلاشتى .

— ئايىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن ئىنى ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى مۇھىيدنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇپ .

— ئۆزۈڭدىن بولسۇن ئابدۇل ھەمدى ! — دەپ قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب قىلدى مۇھىيد .

— سېنى قويۇپ بېرىدىغاندەك قىلىدۇ ! — دېدى ئابدۇل ھەمدى مۇھىيدنى تۇرتۇپ تۇرۇپ .

— خۇداغا شۈكۈر !

ئابدۇل ھەمدىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . ئۇ مۇھىيدنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— لېكىن ، سەن ھېچنېمىنى دېمىگىن جۇمۇ ، ئىش تېخى تۈگىمىدى !

مۇھىيد ئادەتتە ئابدۇل ھەمدىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىگەچكە كۈلۈپ قويۇپ :

— خاتىرجەم بول ، — دېدى .

ئۇلار بىرلىكتە تۈرمىداشلىرىنىڭ يېنىغا باردى . مۇھىيدتا بۈرۈن ئابدۇل ھەمدى يېنىدا بولغاندىكىدەك ، يېنىدا چوڭ يۆلەنچۈكى باردەك ، باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغاندەك ھېسسىيات پەيدا بولدى . ئەمما ، مۇھىيد دوختۇرخانىدا ياكى تۈرمىدە بولسۇن ، ئابدۇل ھەمدىنى ئويلاپ نۇرغۇن كېچىلەرنى ئازاب بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن ، بىرنى «ساقچىغا راستىنلا ئابدۇل ھەمدى چاقىرىلدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كاپىتان دەباغ ئېيتقاندەك ئىش بولغانمىدۇ ؟» دېگەن خىيال ئۇنى قىيناپ كەلگەندى . ئۇ ھەمىشە بۇلارنى ئويلىماي ، ئۆزىنى ئابدۇل ھەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ ، دەپ ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى ، ئەمما شۇئان كاپىتان دەباغ كۆرسەتكەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ ھۇمام بەگ ۋە تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرى يېزىلغان خاتىرە دەپتىرى خىيالىغا كىرىۋالاتتى . خېلى ئۇزۇندا مۇھىيد بۇ خىياللاردىن ۋاقتىنچە قۇتۇلدى ، ئەمما كۆڭلىدە بىر گۇمان ساقلىنىپ قالدى . ئابدۇل ھەمدىمۇ تۈرمىگە سولاندى ، ئوخشاشلا جازالاندى ، لېكىن ھېچ نەرسىنى ئىقرار قىلمىدىغۇ ! ئابدۇل ھەمدى بۈرۈن ساقچىغا چېقىپ قويۇشنى ئويلىغان ، كېيىن بۇ نىيىتىدىن ياندى ، مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايىغۇ ، دەپ ئويلايتتى مۇھىيد . شۇنداقتىمۇ ئاۋۋالقى خىياللىرى ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى ...

ئۇ ئابدۇل ھەمدىنىڭ چىرايىغا خۇددى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەكچى بولغاندەك قاتتىق تىكىلدىيۇ ، ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدى . پەقەت ئۇنىڭ قايغۇغا پاتقان غەمكىن چىرايىنىلا كۆردى . ئۇ نېمە ئۈچۈن غەمكىندۇ ؟

ئۇلار تۈرمىداشلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى .

ئىككىسىنى ھەرقانداق قىيىن ـ قىستاقتا باش ئەگمىگەن قەھرىمانلار دەپ بىلگەن تۈرمىداشلىرى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ھەممە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار ئىبراھىم توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئۇلار ھەممىنى بىلگەن، تۈرمىگە مەخپىي يوللار بىلەن كىرگەن خەۋەرلەردىن گېزىتلەردىمۇ ئېلان قىلىنمىغان ئىشلاردىن خەۋەردار بولغانىدى. ئۇلار ئىبراھىمنىڭ ئاباسىيە گازارمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەنگلىيىلىكلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكى، ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئون بەش ئادەمنى يارىدار قىلغانلىقى، ئىككى تانكا، تۆت ئاپتوموبىلنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقى؛ ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ گازارما ئىچىدە ئىبراھىمنى تۇتماقچى بولۇپ، ئاپشاركىلار بىلەن قوغلاپ ئوققا تۇتقانلىقى، ئىبراھىمنىڭ مۈرىسىگە بىر پاي ئوق تەگكەن ئەھۋالدىمۇ گازارمىدىن قېچىپ چىققانلىقى، كېيىن بىر مىسىرلىق ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئوقىدا قۇربان بولغانلىقى، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ چىچاڭشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇلار يەنە، ساقچىلارنىڭ ئىبراھىمنىڭ جەسىتىنى ئۆيىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، كېچىلەپ كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقى، نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئۇنىمىغانلىقى، ساقچىلارنىڭ ھازىر خۇددى غالجىر ئىتلارغا ئوخشاش ۋەھشىيلىشىپ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلارنى قولغا ئېلىپ، زەيتۇن تۇتقۇن لاگېرىغا سولاپ سوراق قىلىۋاتقانلىقىنى، قولغا ئېلىشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

ھەممىسى دېگۈدەك ئىبراھىم ھەققىدە ھەسرەتلىنىپ ئەمەس، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى، ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئېيتقاندەك سۆزلەيتتى، ئۇلار ھاياجانلانغانىدى، ئىنقىلابىي غايە ئۇلارنى مۇبالىغىلەر بىلەن تەسەۋۋۇرىدا يېڭى قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

ئەتراپتىكىلەر كۆزلىرى يوغان ئېچىپ، خۇددى جىددىي بىر كىنونى كۆرۈۋاتقاندەك پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى.

بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن ئاڭلاۋاتقان ھېكايىلىرى ئارىلىشىپ كەتتى ، ئۇلار ئۆزلىرىنى گازارمىغا كىرىپ گرانات تاشلاۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى .

مۇھىيدىمۇ بۇنى ئاڭلاۋېتىپ خۇددى باشقىلار ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولدى . دېمىسىمۇ ئىش ئۇنىڭدىن باشلانغان ، بۇ ئىشقا ئۇمۇ قاتناشقانىدى . ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا ، ئىبراھىم ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ گازارمىسىغا كىرەلمىگەن بولاتتى . ئىبراھىمنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ئۇنىڭغا باتۇرلارچە قۇربان بولغىنىدىن بەكرەك تەسىر قىلدى ، ئىبراھىم ئىنقىلابىي قۇربان ئەمەس ، ھايات قەھرىماندەك بىلىندى . ئىبراھىم ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات !

— بىرئادەم ئۆزى يالغۇز شۇنچىۋالا ئىشنى قىلسا ، — دېدى بىرەيلەن جۆيلۈگەندەكلا .

— ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ ، مەملىكەت بويىچە بىرەر ئىش يۈز بېرىدۇ ! — دېدى يەنە بىرى .

— مەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكىلەر ھېيتتىن كېيىنلا دەرس تاشلايدىكەن ، ئوقۇغۇچىلار كوچىلارغا چىقىپ سوكۇتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدىكەن ، دەپ ئاڭلىدىم ، — يەنە بىرى گەپ قوشتى .

— بىزمۇ بىرەر ئىش قىلىشىمىز كېرەك ! — دېدى بىرى غەزەپ بىلەن ، — مېنىڭچە ، بىز تۈرمىنى پاچاقلاپ ، بۇ يەردىكى ئەبلەخلەرنىڭ راسا ئەدىپىنى بەرسەك بولاتتى .

— بىز ئاچلىق ئېلان قىلايلى !

يەنە بىر يىگىت ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويدى . ئۇ قارىمۇتۇق ، كۆزلىرى يوغان ، قاڭشارلىق يىگىت ئىدى .

— مۇھىمى ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش كېرەك ، ئۇ چاغدا سىرتتا نېمە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق ، — دېدى ئۇ .

بۇ گەپ ھەممەيلەنگەن تەسىر قىلدى . ئەمەلىيەتتە باشقىلارمۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ تۈرمىدىن چىقىشى ئۆز ئەركىنلىكىنى يەنە

بىر قېتىم ئىنقىلابقا تەقدىم قىلىش بولۇپ ھېسابلىناتتى.
تۈرمىدىن بالدۇراق چىقىش ئۈچۈن، ئۇلار مۇشۇ بوش قويۇۋېتىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساقچىلارغا ياخشىراق كۆرۈنۈشى، ئۆزىنى ئاجىز، ئىقتىدارسىز، ئازار يېگەندەك تۇتۇشى لازىم.
مۇھىيد قاڭشارلىق يىگىتكە قاراپ، خۇددى ئىبراھىم ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ يىگىتنىڭ ئاۋازىمۇ ئىبراھىمنىڭكىگە ئوخشىشاتتى. ئۇمۇ ئىبراھىمغا ئوخشاش بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ياكى باشلىق تەلەپپۇزىدا ئەمەس، ئادەتتىكىچە سۆزلەيتتى. مۇھىيدقا قۇربان بولغان قەھرىمانىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان يەنە بىر يېڭى قەھرىمان يېتىشىپ چىققاندەك بىلىندى.
ئۇلار تۈرمىدىن قېچىش نىيىتىدىن يېنىپ، باشقا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ھەركىم ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى، نامايىشلارغا قاتناشقانلىقىنى، قانداق قىلىپ تۈرمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنى قانداق سوراق قىلىشقانلىقلىرىنى خۇددى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەمەس، باشقىلاردىن ئاڭلىغىنىنى ئېيتقاندەك سۆزلىدى.
مۇھىيد بىر چەتتە تۇراتتى، ئۇنىڭمۇ سۆزلىگۈسى كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئۆزىگە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى، بالىخانىغا — ھەسەل، ماي تۇڭلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى، سىڭلىسىنىڭ پەتھى مەلىجى بىلەن بىللە ئىبراھىمنىڭ قېچىش پىلانىنى تۈزگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگۈسى، تۈرمىداشلىرىغا ئۆزىنىڭمۇ باشقىلاردىن قېلىشمايدىغان قەھرىمانلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغۇسى كېلەتتى. ئەمما، ئۇ گەپ قىلمىدى، ئېھتىياتچان بولغاچقا، بۇ ئۇنتۇلماس ئىشلارنى مەڭگۈ قەلبىدىلا ساقلاشنى كۆڭلىگە پۈكتى.
ئۇ بىرەر نەرسە ئېيتار، دېگەن ئوي بىلەن ئابدۇل ھەمدىگە قارىدى. ئەمما، ئابدۇل ھەمدى گەپ قىلماي، يەرگە تىكىلىپ ئويچان ھالەتتە تۇراتتى.

بىر يىگىت ئۆرە تۇرۇپ ھارغان بولسا كېرەك، كامىرغا كىرىپ، كارىۋىتىدىكى ئەدىيالنى ئاچىقىپ يەرگە سالدى ۋە ئاۋۋال ئۆزى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ يېنىغا يەنە بىرىمۇ كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن زىل ئاۋازدا بىر مۇڭلۇق مۇھەببەت ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

تۇنجى ئۇچرىشىشقا كەلمىدىڭ دىلدار،
ئەتىسىمۇ ئۇزۇنغىچە ساقلىدىم سېنى.
ئۈچىنچى قېتىممۇ ساقلىدىم شۇنداق،
تۇرامسەن گېپىڭدە جاۋاب بەر قېنى؟

كەپتەرلەر، كەپتەرلەر، ئاپئاق كەپتەرلەر،
دىلدارىم قېشىغا بېرىڭلار تېزرەك.
مەن قالدىم شۇ تاپتا ئازاب ـ ھەسرەتتە،
ئىز سالدى قەلبىمگە ئۆچمەس بىر چىراغ...

ناخشىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ئابدۇل ھەمدىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، خىيال كەپتىرى سامىيە تەرەپكە پەرۋاز قىلدى.

مۇھىد بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ باشقىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا يېڭىچە بىلىنىۋاتقاندەك بولدى.

باشقىلار ناخشا ئېيتىۋاتقان يىگىتنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. بىر يىگىت يەنە ئەدىيال ئاچىقىپ يەرگە سالدى. ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەدىيالمۇ سېلىندى. ھەممەيلەن ئەدىياللاردا ئولتۇرۇپ ناخشىغا جور بولۇشتى. ناخشا مۇڭلۇق ئاھاڭدىن ئۇسسۇل پەدىسىگە ئۆزگەردى. تۇرمىداشلار چاۋاك بىلەن ھەرخىل ئاۋازلاردا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتكەندى، ناخشا بىردەم ئۈزۈلدى. بىرى مۇرىسىنى

ئېتىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئارقىدىن بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشارەت قىلىۋىدى ، ھەممە جىم بولدى . ئۇ يىگىت دىكتورلارنى دوراپ سۆزلىدى :

— بۇ يەر چەت ئەللىكلەر تۇرمىسى ··· خانىملار (ئۇ بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقان تۇرمە ساقچىلىرىغا قارىۋىدى ، ھەممە پاراققىدە كۈلۈۋەتتى ) ، ئەپەندىلەر ، ھازىر روزى ھېيتلىق ئويۇنلىرىمىزنى باشلايمىز . ئالدى بىلەن «ھەي ، چەيزە تېرىشقا بارايلى !» دېگەن ناخشىنى ئاڭلاڭلار . ئەلى ماھمۇد ئورۇندايدۇ . سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى ، بۇ سەپدىشىم چەت ئەللىكلەر تۇرمىسىنىڭ پېشقەدەملىرىدىن بولسىمۇ ، ئەمما چەت ئەللىك ئەمەس ، ئەگەر بىراۋ ئۇنى ئالقىشلاپ بىرەر تال تاماكا تۇتسا ، ئۇ رەت قىلمايدۇ ···

ئىسمى ئېيتىلغان يىگىت قىزىق بىر ناخشىنى ئېيتىپ بەردى . كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى ···

- بولدى قىلىڭلار ، سەن ، سەنمۇ ··· ۋارقىراۋەرمەڭلار ! — بىر تۇرمە ساقچىسى يىراقتا تۇرۇپ ۋارقىرىدى .

ھەممە ئۇ ساقچىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ تەڭلا ۋارقىراشتى :

— نېمە قىلاي دەيسەن ؟ نېمە قىلىسەن ؟

ھېلىقى ساقچى ئۇلارنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىدىن قېچىپ تەتۈر قارىۋالدى ، گەپ قىلمىدى .

— غوجام ، خاپا بولمىسىلا ! خۇدايىم مەنسەپلىرىنى ئۈستۈرۈپ مەھبۇس قىلىپ قويار ! — دېدى بىر يىگىت ساقچىغا .

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلدى .

دىكتور بولغان يىگىت لەتىپە سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى جاكارلىدى . شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئادەم بىردىن لەتىپە سۆزلىدى . كۈلكە توختىمىدى . مۇھىيدىمۇ كۈلدى . ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق كۈلۈپ باقمىغانىدى . بۇ ئاجايىپ غەلىتە بىر ماكان ئىكەن . بۇ ماكاندا كىشىلەر ئازاب چېكىپ تۇرسىمۇ كۈلىدىكەن ، ئابدۇل ھەمدىمۇ كۈلدى . باشتا ئۇ غەمكىن

كـۈلـۈمـسىرىدى . بارا ـ بارا رەسمىي كۈلدى . ئۇ ئۆزىنى قەدىناس ئـاغـىـنـىـلـىـرى ئارىسىدا تۇرغاندەك ، دائىم كىلىپ تۇرىدىغان قەھۋەخانىسىدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدى . ئۇ بەك كۆپ لەتىپە بىلەتتى . ئۇ سەپداشلىرىغا تازا قىزىق لەتىپە سۆزلەپ بېرىپ ، ئۆزىنىڭ قىزىقچى ، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشنى ئويلىدى . بىـراق ، دەرمـەھـەل قـايـسى لەتىپىنى ئېيتىشنى بىلمەي سەل ئارىسالدى بولدى . دەسلەپ ئەدەپلىكرەك بىرنى ، ئاندىن قىزىقىنى ، ئاخـىـرىـدا ئـاشكارا سورۇنلاردا ئېيتىلمايدىغانلىرىنى ئېيتىشنى ئويلىدى ـ دە ، تامىقىنى قىردى . شۇئان ھەممە ئۇنىڭغا قارىدى ۋە كۈلۈشكە تەييارلاندى .

مۇھىيد ئابدۇل ھەمدىگە سۆيۈنۈپ قارىدى ، ئاندىن خۇددى «بۇ مېنىڭ نەۋرە ئاكام» دېگەندەك باشقىلارغا قاراپ قويدى .

— بىر قېتىم ، بىر ئەخمەق يەنە بىر ئەخمەقنىڭ بىر مۈشۈكنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ، — دەپ گەپ باشلىدى ئابدۇل ھەمدى .

NO…NO…NO . . .[1] — دەپ توۋلىدى بىرى .

شۇ ھامان ئابدۇل ھەمدىنىڭ چىرايى تۈرۈلدى . ئۇ بۇ خەقلەر لەتىپە ئاڭلايدىغان ، لەتىپە سۆزلەيدىغانلاردىن ئەمەس ، پەقەت تاماشا كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىكەن ، دەپ ئويلاپ لاسىدە بولدى . شۇنداقتىمۇ لەتىپىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئەخمەق ھەمراھىغا : «سەن مۈشۈكنى يۇمىغىن ، ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە !» دەپتۇ . ھەمراھى : «چاتىقىڭ نېمە !» دەپتۇ ـ دە ، نېرى كېتىپتۇ . بىرئازدىن كېيىن ئۇ قايتىپ كەپتۇ . ئەخمەق قارىسا ، ھەمراھى بىر ئۆلۈك مۈشۈكنى تۇتۇپ يىغلاۋاتقۇدەك .

— ۋاي خۇدايىم ، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى بىرى .

— قويە بۇ پاخپاق گېپىڭنى ! — يەنە بىرى توۋلىدى .

— قىزىقى يوق ئىكەن !

---

[1] ئەرەبچىدە مۈشۈكنىڭ مىياڭلىشىنى NO دەيدۇ ، بۇ ئىنگلىزچىدىكى ئىنكار سۆزى NO بىلەن ئوخشاش .

— سۆزلەۋەر ! — بىرلىرى ۋارقىرىدى .
— بىزنى كولدۇرلاتما ! — ئالدىدىكىسى توۋلىدى .
ئابدۇل ھەمدى تېرىكمەستىن يەنە بىر لەتىپە باشلىدى :
— چىۋىن سىلەرنىڭ ئىشىكنى قىقىۋىدى ، ئاپاڭ چىقىپ ...
— سۆزلەۋەر ! — ۋارقىراشتى باشقىلار .
ئابدۇل ھەمدى ئىنگلىزچە ئاھاڭدا مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغىنىنى دورىدى :
—NO···NO···NO···
ھەممە كۈلۈپ كەتتى . مۇھىيد تۈرمىداشلىرىغا قاراپ نەۋرە ئاكىسىدىن پەخىرلەندى .
— ئۇسەي كەتتىڭغۇ ! — دېدى بىرەيلەن ، — باياتىنقى مۈشۈك توغرىسىدىكى گېپىڭنى قىلىۋەتكىن .
ئابدۇل ھەمدى كۈلۈپ ، لەتىپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتتى :
— ئەخمەق مۈشۈكنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەمراھىغا : «مەن ساڭا ئۇنى يۇمىغىن ، ئۆلۈپ قالىدۇ ، دېگەنغۇ» دەپتۇ . ھەمراھى : «ئۇ يۇغانغا ئۆلمىدى» دەپتۇ . ئەخمەق : «قانداق ئۆلدى ئەمىسە ؟» دەپ سوراپتۇ . «مەن ئۇنى مۇجۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم» دەپتۇ ھەمراھى .
ھەممە يەنە كۈلدى .
ئابدۇل ھەمدى سەل كېرىلگەندى ، شۇ ھامان ئەتراپتىكىلەر ۋارقىراپ كەتتى :
— بۇ دېگەن كونا گەپ ! سەن تېخى باللار باغچىسىدا ئىكەنسەن ؟
تۇيۇقسىز گۈندىپايلار باشلىقىنىڭ ئېگىز ، يوغان بەستى كۆرۈندى . ئۇ يىراقتىنلا ۋارقىرىدى :
— مۇھىيد زاھىر !
ھەممە شۇ ھامان جىم بولدى .
مۇھىيد ئالاقزادىلىك ۋە گۇمان بىلەن گۈندىپايلار باشلىقىغا قارىدى .

— سېنى بىرى يوقلاپ كەپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى گۇندىپايلار باشلىقى .

مەھبۇسلارنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى ، چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈردى . ئەمما ، بۇ ھەسرەت ۋە غەمكىنلىك ئارىلاشقان كۈلۈمسىرەش ئىدى . «يوقلاش» سۆزى ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىنىمۇ بېرەتتى ، يەنى ساقچىلارنىڭ يوقلاشقا رۇخسەت قىلغانلىقى تۈرمىدە يېتىشنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقى ، ساقچىلارنىڭ ئامالسىزلىقتىن يوقلاشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى .

مۇھىيد تۈرمىداشلىرىنىڭ بۇنداق ئويلىغانلىقىنى سەزمىدى ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى . ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ھەرخىل ئامال - چارىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلەتتى ، ئۆزىمۇ دادىسىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى . ئەمما ، دادىسىنىڭ بۈگۈن كېلىشىنى خالىمايتتى ، چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇپ قالاتتى . بۇنى مۇھىيد ياقتۇرمايتتى .

مۇھىيد تۈرمىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى . تۈرمىداشلىرى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق ۋە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى . ئابدۇل ھەمدى ئۇنى ئىككى ھويلىنى ئايرىپ تۇرغان تۆمۈر رېشاتكىغىچە ئۇزىتىپ كېلىپ پىچىرلىدى :

— تاغامغا سالام دېگىن . دادام بىلەن ئاپامغا مەندىن ئەنسىرىمەسلىكنى ، ماڭا ئازراق پۇل ئەۋەتىشنى دەپ قويسۇن . بىرىنى شىركەتكە ئەۋەتىپ شىركەتنىڭ مۇدىرىغا ئەھۋالىمنى ئېيتىپ قويسۇن ، بولمىسا ، مېنى ئىشتىن چىقىرىۋېتىدۇ . تاغام ھامامغا ، ناۋالغا ... سامىيەگە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويسۇن .

رېشاتكا تۈۋىدە مۇھىيد ئابدۇل ھەمدى بىلەن خوشلاشتى .

مۇھىيد گۇندىپايلار باشلىقىغا ئەگىشىپ ، تۈرمە باشلىقى ياردەمچىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى . دادىسى ئاق يەكتەك كىيىپ ئورۇندۇقتا ئۆز ئۆيىدىكى ساپادا ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتى .

بوۋاي ئوغلىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى .

بۇ ، بوۋاينىڭ تۇنجى قېتىم ئوغلىغا ئورنىدىن تۇرۇشى ئىدى . ئۇ هازىر ئوغلىنى هۆرمەتكە سازاۋەر ئەزىمەت ، قەهرىمان دەپ قارايتتى .

مۇهىيد دادىسىنىڭ قولىغا سۆيدى . ئاندىن ئۇلار قوللىرىنى مەهكەم سىقىشقان پېتى بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى .

مۇهىيد دادىسىغا ئۆزىنى ئاتمىدى ياكى مەڭزىگە سۆيۈپ قويمىدى . ئەكسىچە دادام مېنى قۇچاقلىمىسۇن ، دەپ ئېهتىيات قىلدى . ئەگەردە دادىسى ئۇنى باغرىغا باسقان بولسا ، ئۇ ئۇستەل ئارقىسىدا ئولتۇرغان سىياسىي ساقچى ، كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن تۈرمە ساقچىلىرى ئالدىدا ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولاتتى . چۈنكى ، ئۇ بۇ ئەبلەخلەرگە ئەزىمەت يىگىتتەك ئەمەس ، ئەركە - نايناق بايۋەچچىدەك كۆرۈنۈپ قېلىشتىن بەكمۇ قورقاتتى .

بوۋاي ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزدى بولغاي ، ئوغلىنى قۇچاقلىمىدى ياكى سۆيۈپمۇ قويمىدى . ئۇلار ئۆزئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى . سىياسىي ساقچى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى ، ئەمما ئۇلار هېچنېمە دېيىشمىدى ...

ئۇلار ئۆزئارا ئەهۋال سورىشىپ بولۇپ ، گېپى تۈگەپ قالغاندەك هېس قىلىشتى . كېيىن مۇهىيد :

— ئاپام ياخشىمۇ ؟ ئاپامنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق ؟ سامىيە بىلەن ناۋالچۇ ؟ — دېدى .

بوۋاي بۇلارغا جاۋاب بېرىپ ، ئابدۇل ھەمدىنى سورىدى ...

بۇ گەپلەردىن كېيىن ئۇلار گېپى تۈگەپ قالغاندەك جىم بولۇشتى .

— بالام ، نېمە ئىش بولسا ئېيتقىن ، كاپىتان دەباغ بىزگە ياردەم بېرىمەن ، دەۋاتىدۇ . سەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىن ، بولامدۇ ؟ — دېدى بوۋاي ياندا ئولتۇرغان سىياسىي ساقچى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، ئاندىن ساقچىنى ئالداشنىڭ ئېپىنى تاپقاندەك ئوغلىغا مەنىلىك قاراپ قويدى .

— مەن بىرەر ئىشنى بىلگەن بولسام ئاللىقاچان دېگەن بولاتتىم . سىلىمۇ بىلىدىلا ، مەن ئەزەلدىن ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىغان !

بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىدى ، مۇھىيدمۇ كۈلدى . ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق يېقىن بولمىغانىدى . بوۋاي شۇ تاپتا ئوغلىنى ئۆزى قوغدايدىغان بالا ئەمەس ، بەلكى دوستى ، ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈشىدىغان ھەقىقىي ئەر ، دەپ قارىدى .

— ئۇلار سوراقنى توختاتقاندەك قىلىدۇ ، — دېدى مۇھىيد پىچىرلاپ ، — ئۇلار كامېرلارنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتى ، پاراڭلىشىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى …

بوۋاي خۇشال ئىدى ، ئەمما سوراقنىڭ توختىغانلىقى ئىبراھىمنىڭ قۇربان بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى يادىغا يېتىشى بىلەنلا چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى . ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى ، ئوغلىمۇ سورىمىدى .

كۆرۈشۈش ۋاقتى توشتى . مۇھىيد دادىسى ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى . مەھبۇسلارنىڭ ئويۇن - كۈلكىسى تۈگىگەنىدى . بەزىلەر ئەدىيالدا ئولتۇرۇشاتتى ، بەزىلەر ھويلا ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتى ، بەزىلەر بەدىنىنى سۈرتۈۋاتاتتى ، بەزىلەر تاماق يەۋاتاتتى .

مۇھىيد گويا بىر گۇناھتىن ساقىت بولماقچى بولغاندەك ، دادىسى ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئولتۇرغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى . ئۇلار چۇرقىرىشىپ كەتتى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى توۋلىدى :

— ھەي بۇرادەرلەر ، كېلىڭلار ، يەيدىغان نەرسە كېلىپ قالدى !

ھەش - پەش دېگۈچە يېمەكلىكلەر مەھبۇسلارنىڭ قولىغا چىقتى ، ئاغزىغا كىرىپ تۈگىدى .

تۈرمە ساقچىلىرى بىر چەتتە ئېغىزلىرىدىن سېرىق سۇ ئاقتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشتى .

مۇھىيد ئۆز كامىرىغا كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى . ئابدۇل ھەمدى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەھۋال ئۇققىلى كىرگەنىدى . مۇھىيد ئۇنىڭغا ئالدىراپ ـ سالدىراپ جاۋاب بەردى ـ دە ، ئالماشتۇرغان كىيىملىرىنى پوملاپ تۆمۈر رىشاتكا يېنىدىكى تۇرمە ساقچىسىدىن دادىسىغا چىقىرىۋەتتى .

مۇھىيد ئىشنى تۈگىتىپ تۇرمىداشلىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى . ئۇ قاراپ كۈلۈپ كەتتى . يا ئاچچىقى كەلمىدى ، يا پۇشايمان قىلمىدى . ئەكسىچە ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ سەپداشلىرى بىلەن ئوخشاش بولغاندەك ھېس قىلدى .

— مانى يېگىن ، خاپا بولمىغىن ! — بىرى كۈلۈپ ئۇنىڭغا بىر پارچە تورتنى سۇندى .

— ھېيتىڭغا مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى مۇھىيد تورتنى ئېلىۋېتىپ .

مۇھىيدقا بۇ تورت بەكمۇ تېتىپ كەتتى .

— ھەي ئەسكەر ، مېنى قويۇۋەت ... مەن بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن ... ئاڭلىدىڭمۇ ! — تۇيۇقسىزدىن بىرەيلەننىڭ ۋارقىرىشى ئاڭلاندى .

— ھەي ئۇكا ، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ... گېپىمنى ئاڭلا ! — تۇرمە ساقچىسىنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— قويۇۋەت دەيمەن مېنى ... ئۆتە بىر چەتكە ! — دېدى ئاۋۋالقى ئاۋاز .

— ۋارقىرىما ... ئەدەپلىكرەك بول !

— ماۋۇ ئەدەپسىز مېنى ئەدەپلىك بول دەيدۇغۇ تېخى ... ماڭا ئېسىلما ...

مەھبۇسلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى ، تۇرمە ساقچىلىرىمۇ كەلدى . ۋارقىراش ئەۋجىگە چىقتى . بىر چاغدا گۇندىپايلار باشلىقى ۋارقىرىدى :

— ھەي ، قايسىڭ ، تولا ۋارقىرىما ! ھەممىڭلار كامېرلىرىڭلارغا كىرىڭلار ، تېز بولۇڭلار ! ساقچى ، ۋارقىراۋاتقاننى

كامىرغا كىرگۈزۈۋەت !

مەھبۇسلار ئۆزىگە كەلدى . ئۇلار يەنە كامېرلىرىغا سولىنىش ، بىرنەچچە ھەپتە تارتقان زۇلۇمنى يەنە تارتىش ئالدىدا تۇراتتى ...

قۇياش ... ھاۋا... مەھبۇسلار كوللېكتىپى ...

ھەممە بىردىنلا جىددىيلەشتى : «ئەمدى بىز كامېرلارغا كىرمەسلىكىمىز ، ئەركىنلىكىمىزنى قوغداپ بۇ ئەبلەخلەر بىلەن ئېلىشىشىمىز كېرەك !»

بىر تۇرمە ساقچىسى بىر يىگىتنى كامېرىغا كىرگۈزمەكچى بولۇپ قول سوزۇشىغا ، يىگىت تۇرمە ساقچىسىنىڭ قورسىقىغا بىر مۇشت سالدى ، ئارقىدىنلا يۈزىگە مۇشت ئاتتى . تۇرمە ساقچىسى ۋارقىراپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن مەھبۇسلار تۇرمە ساقچىلىرى بىلەن مۇشتلىشىپ كېتىشتى . مۇھىيد ئۆز كامېرىنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇردى . ئابدۇل ھەمدى جەڭگە كىرىپ كەتتى ، كىيىمى يىرتىلدى ، مۇشتلاشقانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن يامىنى شۇ ئىدى . بىر مەھبۇس يىقىلىپ چۈشۈۋىدى ، بىر تۇرمە ساقچىسى ئۇنىڭ بېشىغا تېپىپ كەتتى . بىر مەھبۇس بىر تۇرمە ساقچىسىنى تامغا تىرىتۋېلىپ ، بۇرنىغا ئۇستى ، ساقچىنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى ، بىر مەھبۇس يۈگۈرمەكتە ، يەنە بىر چەتتە بىر تۇرمە ساقچىسى يۈگۈرمەكتە ...

ساقچى ئەمەلدارى قوراللىق نۆرغۇن ساقچىنى باشلاپ كىردى :

— ساقچىلار ، تاسماڭلارنى ئېلىپ ئۇلارنى تازا سېلىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ساقچى ئەمەلدارى .

ساقچىلار تاسمىلىرىنى چىقىرىپ مەھبۇسلارغا ئېتىلدى ـ دە ، ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزىگە تاراسلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى . ئەتراپتىن قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى . بىر مەھبۇس بىر ساقچىنىڭ قولىدىن تاسمىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى ساۋىغانىدى ، يەنە بىر ساقچى مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ گەجگىسىگە بىرنى سالدى ، يىگىت يىقىلدى ...

مەھبۇسلار ئۆز كامېرلىرىغا قاچتى . بەزىلەر كامېرىغا بارمايلا

يىقىلاتتى ، تۇرمە ساقچىلىرى ئۇلارنى چىچىدىن سۆرەپ ئەكىرىپ ئىشىكنى قۇلۇپلايتتى . مۇھىيد كامېرىدا تىترەپ تۇراتتى . ئابدۇل ھەمدى مەھبۇسلار ئىچىدىكى ئەڭ باتۇرى بولۇپ ، تېخىچە مۇشتلاشماقتا ئىدى . ئۇ تۇتۇق بەرمەيتتى . ساقچىلار قوغلايتتى . بىر چاغدا ئۇنى ساقچىلار قورشىۋېلىپ ئۇرۇپ كەتتى . ساقچىلار بەك كۆپ ئىدى . ئابدۇل ھەمدىنىڭ كۆزى قاندىن توسۇلۇپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي يىقىلىپ چۈشتى . ساقچىلار ئۇنى سۆرەپ كامېرىغا سولىدى ـ دە ، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى .

كامېرلارنىڭ ئىشىكلىرى قۇلۇپلاندى . ئىچىدىن ئازابلىق ئىڭراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

— ۋۇ ئەبلەخلەر … ئىتنىڭ باللىرى ! — كىمدۇر بىرى تىللىدى .

ساقچى ئەمەلدارى ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈردى . ھەممە تۇرمە ئىشىكلىرى قۇلۇپلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى .

تۇرمىدە كۈنلەر ئاستا ئۆتمەكتە ، ھەر كۈنى كۈلكە ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى ، قىيناشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى . سەھەردە مەھبۇسلار تۇرمىدىن چىقىش ئىستىكى بىلەن ئويغانسا ، ئاخشىمى ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۆزىنى يۇماتتى .

ئابدۇل ھەمدىنىڭ كۆڭلىدە بىر تۈگۈن بار ئىدى . ئۇ بەزىدە تۇرمىداشلىرى بىلەن چاقچاقلاشسىمۇ ، بەزىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جېدەل چىقىرىپ ، مۇشۇ يول بىلەن كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يوقاتماقچى بولاتتى . ئەمما ، بۇ تۈگۈن يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېپىشقا ئۇرۇناتتى . تۇرمىدە ئۇزۇن ياتقانلىقى بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ كېرەكسىز ئادەم ئەمەسمەن ، دەيتتىيۇ ، تۇرۇپلا ھەقىقەتەن كېرەكسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلاتتى .

ئۇ تۇرمىدە ياتقاندىن بېرى بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندى . ئاخىر

ئۆزىنىڭ شۇدى يوق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىكى سەۋەب ئېتىقادى يوقلۇقىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۇ ھېچنېمىگە ئىشەنمەيتتى ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايتتى ، ئەنئەنىلەرگە ، ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلمايتتى ، بىرەر نەزەرىيىگە ، ھەتتا بىرەر داھىيغىمۇ ئىشەنمەيتتى . ئۇ دىپلومغا ، جەمئىيەتكە ، ئائىلىگە ، ھەتتا ئۆز دادىسى ۋە تاغىسىغا ئىشەنمەيتتى . پەقەت ئۆزىگە ئىشىنەتتى ، ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق ھېسابلايتتى . ئۇنىڭ بۇ ئەقىللىقلىقى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پرىنسىپسىز ، مەقسەتسىز ئەقىللىقلىق بولۇپ ، بۇ خۇددى قۇرۇق چۆرگىلەيدىغان ماشىنىغا ، ئادەم باشقۇرمايدىغان ئىستانوكقا ئوخشىشاتتى . بۇنداق ماشىنا ـ ئىستانوكلار پارتلاش بىلەن تۈگەيدۇ ، يەنى ئۆزىمۇ يوقايدۇ ، ئەتراپتىكىلەرنىمۇ يوقىتىدۇ .

ئەگەردە ئۇ بىرەر نەرسىگە ئېتىقاد قىلغان ، شۇ يولدا ئاز ـ تولا جاپا تارتقان بولسىدى ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغان ، ئۆزىنى بولۇمسىز ئادەم ، دەپ ئازابلانمىغان بولاتتى .

ئۇنىڭ تاغىسى باي بولمىسىمۇ ، بەختلىك ئىدى . چۈنكى ، ئۇ دىنغا ، جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن بىر يۈرۈش پرىنسىپلارغا ئېتىقاد قىلاتتى . ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى شۇلارغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرغاچقا ، خاتىرجەم ياشايتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ئىدى .

ئۇنىڭ دادىسىمۇ بەختلىك ، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمىدە يېتىۋاتقان يىگىتلەرمۇ بەختلىك . چۈنكى ، ئۇلار ئۇنىڭدەك ئۆزلىرىنى يارامسىز دەپ ھېسابلىمايدۇ . ئۇلار قاماش ۋە قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان قەتئىي ، تەۋرەنمەس روھ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر خىل پرىنسىپ ، بىر نىشان ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ ، بۇنداق ئىشەنچ ئۇلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ .

ئىبراھىم قۇربان بولغان بولسىمۇ ، يارامسىز ئادەم ئەمەس ، بەلكى قەھرىمان بولدى . ئۇنى نېمە ئۈچۈن قەھرىمان دېيىشىدۇ ؟

چۈنكى، ئۇ بىر خىل پرىنسىپ، بىر نىشان ئۈچۈن قۇربان بولدى. ئۇ قۇربان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىغان بولۇشى، ئۇنى تېگىپ يېقىلغاندا چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئابدۇل ھەمدى ئەمدى ئېتىقاد يولىغا ماڭدى. ئۇ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى، تۈرمىداشلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە يېڭى بىر ئەخلاق شەكلىگە ئەمەل قىلدى، ساقچىلارغا تېخىمۇ نەپرەتلەندى. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۇنى قىيىندى؟ ئۆزىگە ئوخشاش مىڭلىغان ياشلارنى قىيىندى. ئۇلار تېخى ئەنگلىيە ئالۋاستىلىرى ئۈچۈن كەتمەن چاپماقتا، پۈتۈن ھۆكۈمەت شۇنداق قىلماقتا. ئابدۇل ھەمدى ئەنگلىيىلىكلەرگە نەپرەتلىنىپ، ئۇلارنى مىسىردىن چىقىرىۋېتىشكە بەل باغلىدى.

ئابدۇل ھەمدى ئىختىيارسىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دىپلومىنى ئېلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تېخى كېچىكمەي قالغىنى يوق. ئەگەر جەمئىيەت دىپلومنى بىر ئادەمنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. ئۇ باشقىلاردىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە قايسى دەرسلەر ئوقۇلىدىغانلىقىنى سوراۋاتتى. كېيىن دەرسلىكلەرنى تۈرمىگە مەخپىي تۈردە ئەكىرگۈزۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ دىپلومغا قىزىقىپ قالغانلىقىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئىزا تارتتى. ئەمما، ئۇ دىپلوم ئېلىشقا، شۇنداقلا سامىيەگە ئېرىشىشكە نىيەت قىلغانىدى. بەلكى، دىپلوم ئېلىش سامىيەگە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

مۇھىيد كامىردا باشقا بىر ئوي ـ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى.

ئۇ ئىمتىھانغا قاتنىشالمىغانلىقىغا، بىر يىللىق ئوقۇشى بىكار كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇ بىرنەچچە ئايدا مۇشۇ چاغقىچە ئۆگەنگەنلىرىدىن جىق نەرسىلەرنى ئۆگەندى، ئۇ شۇ ئۆگەنگەنلىرىنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈستىدە ئويلىناتتى. بۇ يەر ئۈچۈن دەرسخانا،

مۇھىيد بۇ يەردە كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆگىنىپ چىقىشى كېرەك .

مۇھىيد تۈرمىگە مەخپىي كىرگەن خەۋەرلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى : ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش تاشلاپ، كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىپتۇ . «ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەتنى يوقىتايلى» ، «ۋەتەن ساتقۇچ ئەھدىنامىنى بىكار قىلايلى» ، «ئىبراھىم ھەمدىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى» دەپ شوئار توۋلاپتۇ ، ئۈچ ئوقۇغۇچى قۇربان بوپتۇ . بىرى ئەنگلىيىنىڭ ئالېكساندرىيىدىكى تەتقىقات ئورنىغا بومبا تاشلاپتۇ . يەنە بىرى ئىككى ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ . بىر مىسىرلىق خائىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ . ئىشچىلار بىرلەشمىسى بىلەن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپتۇ ...

تۈرمىگە ھەممە خەۋەر كىرىپ تۇراتتى . ھەتتا سەلاھ جاھىن ئىسىملىك بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يازغان ناخشىمۇ تۈرمىگە تارقالدى . ناخشا مۇنداق ئىدى :

ئىبراھىم تۆككەن قاندىن نۇرلاندى قۇياش ،
مۇدھىش بۇ كۈنلەرگە قالمىدى ئۇزاق .
رەڭ ئالغاچ قۇياشمۇ مەردلەر قېنىدىن ،
يېپيېڭى بىر دەۋر يۈز ئاچار پارلاپ .

مۇھىيد بۇ ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىپ ، ئۆزىدىن سورايتتى : نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان قىلالايدۇ ؟ تۈرمىگە سولىنىشتىن قورقمايدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ھەرخىل قىيناشلارغا چىدايدۇ ؟ بۇ ناخشىلارنى نېمىشقا يازىدۇ ؟ ئۇلار سارالڭ ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «بۇزۇق يىگىتلەر» ئەمەس . قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇلارنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۈندەۋاتىدۇ ، بۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ھاياتىدىنمۇ قۇدرەتلىك . مۇھىيد ئۆيىدىكى چاغدا بۇنى بىلمەيتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى ، ھەرىكىتى پۈتۈنلەي

دادىسىنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە بولاتتى .

ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن نېمە ؟ مۇستەملىكىچىلىك دېگەن نېمە ؟ مۇستەقىللىق دېگەن نېمە ؟ قانداق قىلسا ۋەتەن ساتقانلىق بولىدۇ ؟ خەلق دېگەن كىم ؟ بۇ سوئاللار ئۇنى ئويلاندۇراتتى ، ئۇ ئۆزىنى تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى .

ئۇ بىر تۇرمىدىشىدىن ئابدۇراخمان رافىئىنىڭ[1] مىسىر تارىخى ھەققىدىكى كىتابىنى ئالدى ۋە ئوقۇپ بەزى مەسىلىلەرنى بىرئاز چۈشەندى ـ دە ، ئابدۇراخمان رافىئى يازغان ھەممە كىتابنى ۋە باشقا كىتابلارنى ، «قۇرئان كەرىم»نى ، ماركسنىڭ «كاپىتال» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ چىقتى .

ئۇ مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە باشلىدى ، دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئىسىملارنىڭ ۋە تەسىرلىك شوئارلارنىڭ مەنىسىنى بىلدى ، ساۋاقداشلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنقىلابقا قاتنىشىدىغانلىقى ، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغانلىقىنى چۈشەندى .

مۇھىيد بەكلا ھاياجانلاندى ، ئەمما ھەرىكىتىدە بىلىندۈرمىدى . ئۇ ئەزەلدىن ئەلەم بىلەن ئىش قىلىشنى ياقتۇرمايتتى ، شۇڭا ئۇ تۇرمىدىمۇ تۇرمىداشلىرى قوزغىغان ھەرىكەتلەرگە قاتناشمىدى ، تۇرمە ساقچىلىرى بىلەن جېدەللەشمىدى ، تۇرمىدە تىنچ ، يالغۇز ئولتۇراتتى ، شۇڭا ئۆزى بىلەنلا ئۆتۈپ «ئېغىر ـ بېسىق» دەپ نام ئالدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەمدى ئاخىرقى نىشانغا يېتىدىغان ، پۈتۈن مىللەتنى تەۋرىتىدىغان يېڭى ، توغرا كۆز قاراش شەكىللەندى .

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى گۇندىپايلار باشلىقى ھويلىدا تۇرۇپلا ۋارقىرىدى :

— مۇھىيد مۇستاپا زاھىر !

مۇھىيد گەپ قىلماستىن گۇندىپايلار باشلىقىغا قارىدى .

---

[1] ئابدۇراخمان رافىئى (1889 - 1967) ئەرەبلەرنىڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناسى ، سىياسىيونى ۋە ئادۋوكاتى ، قاھىرەدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ «خەلقنىڭ ھوقۇقى» ، «ئۆزئارا ياردەم» ، «مىسىر مىللىي ھەرىكەتلىرىنىڭ تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرى بار . 1961 ـ يىلى ئىجتىمائىي پەنلەر جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ئۈچۈن مىسىر دۆلەتلىك مۇكاپاتى ئالغان .

گۈندىپايلار باشلىقى :
— نەرسە - كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر ، سېنى قويۇپ بەردۇق ، — دېدى .
مۇھەممەد تۇرۇپلا قالدى ، ئىشەنمىدى . يۈرىكى قەپەستە تېپىرلىغان قۇشتەك دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . ئۇ چىقىپ كېتىدىغان بولدى ، ئەركىن دۇنياغا چىقىدىغان ، ئۆز ئائىلىسىگە قايتىدىغان بولدى .
ئۇ ، خۇشاللىقىمنى تۈرمىداشلىرىم كۆرۈپ ئازابلانمىسۇن ، دەپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ، كۆڭلىمۇ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى . سەۋەب ئۇ ئەركىنلىككە ئىنتىزار بولسىمۇ ، خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلالمايتتى ، تۈرمىداشلىرىدىن ئايرىلىشقا قىيالمايتتى ، ئەمما بۇنى بىلدۈرەلمەيتتى . چۈنكى ، يالغۇز ئۇلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەندى .
ئۇمۇ ، تۈرمىداشلىرىمۇ سۈكۈت قىلىشتى . بىرئازدىن كېيىن تۈرمىداشلىرى : «ئاغىنە ، مۇبارەك بولسۇن ساڭا !» «بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغىن !» ، «سەن بىلەن پات ئارىدا كۆرۈشۈشكە خۇدايىم نېسىپ قىلغاي !» دېيىشىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى .
ئۇ تۈرمىداشلىرىنىڭ تەبرىكلىرىنى ، سۆيۈشلىرىنى قوبۇل قىلغاچ ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى ، ئاندىن ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشتى .
— ئابدۇل ھەمدى ، ساڭىمۇ ئاز قالدى ! — دېدى ئۇ ئابدۇل ھەمدىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ .
مۇھەممەد تۈرمىدىن چىقىپ سىياسىي ساقچىنىڭ يېنىدا توختاپ ، بەزى ئانكېتلارنى تولدۇردى . سىياسىي ساقچى ئۇنى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىق توغرىسىدىكى ئەھدىنامىگە قول قويۇشنى بۇيرۇغانىدى ، مۇھەممەد مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇ ئەمدى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىققا كېپىللىك قىلالمايتتى ، سىياسىي ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ، قەلبىگە ئورنىغان ، قېنىغا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ نامى ھازىر «سىياسىي» ئەمەس ، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دەپ ئاتىلاتتى . مۇھەممەد

سىياسىي ساقچى بەرگەن ئانكىتقا قول قويدى . بۇنىڭ يالغان قول قويۇش ئىكەنلىكىنى پەقەت مۇھىيد ئۆزىلا بىلەتتى .

مۇھىيد سىرتقا مېڭىشىغا تۈرمە دەرۋازىسى ئېچىلدى ، كاپىتان دەباغ بىر ئوقۇغۇچىنى تۇتقان ئىككى ساقچىنى باشلاپ كەلدى . مۇھىيدنى كۆرۈپ ئۇدۇل تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى .

ساقچىلار بىر ئوقۇغۇچىنى سىياسىي ساقچى ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . بايا مۇھىيدقا ئانكىت بەرگەن سىياسىي ساقچى ئۇ ئوقۇغۇچىغا قاراپ قويۇپ ، يېڭى ئانكىتلارنى تولدۇردى ـ دە ، ساقچىلارغا :

— ئۇنى ھازىر بوشىغان 8 ـ كامېرغا سولاپ قويۇڭلار ! — دېدى .

مۇھىيد بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئەمما ، يېڭى بىر سەپدىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا ئەپسۇسلانمىدى . چۈنكى ، ئۇ ھازىر نۇرغۇن داۋلىيلارنى ، يەنى كۈرەشنىڭ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى .

مۇھىيد تۈرمىدىن چىقىپ كەتتى .

## خاتىمە

بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى .

بۇ مىليونلىغان ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى . بۇ ئائىلە تىنچ ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ، ئاددىي ـ ساددا ياشايتتى ، ھېچكىم ئۇنى ئىنقىلابىي ئائىلە ، قەھرىمان يېتىشتۈرىدىغان مەيدان دەپ ئويلىمايتتى .

بوۋاي بۇرۇنقى ئۆلۈك ، ئەمما رىتىملىق تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى . ھەممە ئىش يەنىلا كارىۋىتىنىڭ يېنىغا قويۇلغان قوڭغۇراقلىق سائەت بىلەن بولاتتى . ئاددىي ـ ساددا ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە بالىلىرىنىڭ

كەلگۈسىنى ئورۇنلاشتۇراتتى . بىرلا ئۆزگىرىش ئۇ ئىشقا بېرىشتىن بۇرۇن گېزىت ئوقۇيدىغان ، سىياسىيغا قىزىقىدىغان ، ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ دائىم ئاغىنىلىرىنى ئۆيىگە چاقىراتتى ، بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ كېتەتتى ، ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ باراتتى . كېيىنچە بوۋاي ئۆزىنى تېخىمۇ توختاتتى ، بەزى ئاخشاملىرى قەھۋەخانىغا كىرىۋېلىپ ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولدى . كېيىن بېرىپ بىر قەھۋەخانىنى چۆپقەت قىلىۋالدى . قەھۋەخانىدا خېرىدارلار بىلەن پاراڭلىشىش ئۇنىڭغا قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى ، ئۇنى خۇشال قىلاتتى .

ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خاھىشى ، مەيدانى بار ئىدى ، كۆپ ساندىكى خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى ، 1919 - يىلىدىكى ئىنقىلابنى ئەسلەش بىلەنلا ئولتۇرمايتتى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھاياجان سۆزلەش ، ئۈمىدۋارلىق بىلەنلا ئىپادىلىنەتتى . ئۇ ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ ، كېيىنكى ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئەمما ، ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى ، ئۆزىنىڭ ۋە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مەسىلىسى قانداق ھەل بولىدىغانلىقىنى ، ئۇلاردىكى غەزەپ - نەپرەتنىڭ قاچان ، قانداق توختايدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى .

ئۇنىڭ قاراشلىرىمۇ ئۆزگەرگەنىدى ، كۆزلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت ، نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ بىرەر يىگىتنى ياكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ئۇچراتسا ، ئۇنى ئىنقىلابنىڭ ئۈمىدى دەپ قارايتتى .

ئۇ ئوغلىغىمۇ شۇنداق قارايتتى ، ئوغلىنى چوڭ ئادەم قاتارىدا كۆرەتتى . ئوغلى بىر خىل ئۈمىدكە ۋەكىللىك قىلىپ ، دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى زىممىسىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى ھەمدە بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . ئۇ تۇرمىگە پۈتۈن ئائىلىسى ئۈچۈن كىردى . ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى پۈتۈن مىسىرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالدى .

بوۋاينىڭ ئۈمىدلىك كۆڭلىدە ئەندىشىمۇ بار ئىدى ، ئوغلىدىن خاتىرجەم بولالمايتتى . ئەمما ، ئۇ ئوغلىنى توسۇمايتتى ، پەقەت ئوغلۇم تەۋەككۈلچىلىك قىلمىسا ، ئامان ـ ئېسەن بولسا دەپلا ئويلايتتى .

پەقەت ئىبراھىمنىڭ ئىشىنى تىلغا ئالمايتتى . تۇغما ئېھتىياتچانلىقى ئۈنى ، ئىبراھىمنىڭ قېچىشىغا ياردەم بەرگەن ئادەمنى جازالىيمىز دېگەن ھەربىي بۇيرۇق تېخىچە كۈچكە ئىگە ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى ، شۇ ئېھتىياتچانلىق تۈپەيلىدىن ، ئىبراھىمغا قىلغان ياردىمىم كىچىك ئىش ئەمەس ، ھۆكۈمەت بىلىپ قالسا قاتتىق جازالىماي قويمايدۇ ، مېنى خىزمەتتىن ھەيدىۋېتىشى ، قولغا ئېلىشى ياكى بولمىسا مۇھىيدىنى قايتىدىن قولغا ئېلىشى مۇمكىن ، دەپ قارايتتى . شۇڭا ، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە دىققەت قىلاتتى . ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا ، ئىبراھىمنىڭ گېپى چىقىپ قالسا گەپ قىلماي تۇرۇۋالاتتى ، ھەتتا ئىبراھىمنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنىمۇ خۇددى ئۆز ئائىلىسىنى ، ئۆزىنى ، ئوغلىنى ۋە ئىككى قىزىنى ماختىغان بولۇپ قالىدىغاندەك پەقەتلا تىلغا ئېلىپ قويمايتتى .

ئىبراھىمنىڭ گېپى ئۆيدىمۇ بولمايتتى . ئۇنىڭ گېپى چىقىپ قالسا ، ھەممە خۇددى بىرى تىڭشاپ تۇرۇۋالغاندەك ، ئۇ ئىشلارنى ئەسلىسە بولمايدىغاندەك دەرھاللا گەپنى يۆتكىۋېتەتتى . ئۇلار قىممەتلىك ئەسلىمىنى كۆڭلىدىلا ساقلاشنى ئويلايتتى . بوۋاي بىلەن موماي بۇ ھەقتە كۆپرەك سۆزلىشەتتى . بوۋاي ئوڭدا يېتىپ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان ئادەمدەك چوڭقۇر خورسىناتتى . موماي بىلەن خۇدايىمدىن شېھىتكە جەننەت تىلەيتتى .

ئاق كۆڭۈل ئانا نەچچە ئۆي ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەيدىغان ، قازان بېشىدىن بېرى كېلەلمەيدىغان ھاياتنى باشلىغانىدى . پەقەت ئوغلىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ مىسىردا ناھايىتى كۆپ تۈرمە بارلىقى ، تۈرمىدە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنى قىينايدىغانلىقى ، ئوغلىنىڭ تۈرمىگە كىرىشى ،

ئىبراھىمدەك ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىدەك ئىلگىرى بىلمىگەن ھەقىقەتنى بىلىۋالدى .

مومای شۇنى تونۇپ يەتتىكى ، مىسىر دېگەن بىر بىنادىكى ئاھالىلەر ئەمەس ، قوشنىدارچىلىق جەمئىيىتىمۇ ئەمەس ، مومای دائىم بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلىدىغان قەبرىلەردىكى پەمغەمبەرلەر ئەمەس ، مىلىچمال دۇكىنى ئاچىدىغان ئۇۋوت تاغا ، گۆش ساتىدىغان پەتھا ئۇستامۇ ئەمەس ، كوچىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان گۇناھسىز ئەسكەرمۇ ئەمەس ئىكەن . مىسىردا بىر تۈركۈم ئەبلەخلەر بار ئىكەن . ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە بېسىپ كىرىپ كىشىلەرنى قولغا ئالىدىكەن ، قىينايدىكەن ، ئۆلتۈرىدىكەن .

ئانا ئوغلىنىڭ شۇ مۇناپىقلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ھەركۈنى ئەتىگەندە ئوغلىنى ئايەت ئوقۇپ ئۇزىتىپ قويالتى ، كەچتە ئامان كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇددى ئوغلى باشقا دۇنيادىن قايتىپ كەلگەندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى . ئەگەر ئوغلى سەل - پەل كېچىكىپ قالسا بىئارام بولۇپ ، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيتتى ، پۈتۈن جاھان زۇلمەتكە ، نالە - پەريادقا پاتقاندەك ، قىزىل قانغا بويالغاندەك ... ھېس قىلاتتى . ئۇنداق چاغلاردا قولىمۇ ئىشقا بارمايتتى ، خۇددى بۇلار بولسىمۇ ئامان قالسۇن دېگەندەك ، ئىككى قىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالاتتى . ئوغلى كەلگەندىلا ، ئۇنىڭغا جان كىرگەندەك بولاتتى .

بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان موماي ئەنە شۇنداق تەشۋىش ئىچىدە ياشىدى . ئۇنىڭدىن پەقەتلا خالىي بولالمىدى . بۇ نەرسە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر قىلىپ ، دائىم كۈلكە كەتمەيدىغان چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى . يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ، شېكەر سىيىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى .

سامىيە توي قىلدى . ئابدۇل ھەمدىگە تەگدى .

ئابدۇل ھەمدى تۇرمىدىن چىققان يىلىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومىنى ئالدى ۋە سودا ئىنستىتۇتىدا خىزمەتتىن

ئايرىلماي ئوقۇدى . يەنىلا بۇرۇنقى شىركەتتە ئىشلىدى . ئۇ دائىم تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇراتتى . ئۇنى بۇ ئائىلىگە تۇغقانچىلىقتىنمۇ ئۇستۇن ، سامىيە بىلەن بولغان مۇھەببىتىگە تەڭ كەلگۇدەك قانداقتۇر بىر نەرسە چىڭ باغلاپ تۇراتتى . ئۇ بولسىمۇ ئورتاق مەخپىيەتلىك ، ئورتاق ئازاب ، ئورتاق ئەسلىمە ئىدى . مۇھىيد ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسىلا ئەمەس ، بەلكى سىرداش دوستى ، ئەزىمەت يىگىت ئىدى . ئۇ مۇھىيد بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە سۆزلىشەلەيتتى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق نىزا يوق ئىدى . بىر ـ بىرىگە ئىشىنەتتى ، سىياسىي مەسىلىلەردە بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي تالىشاتتى ، بوۋاي ئۇلاردىن خۇشال ئىدى . ئابدۇل ھەمدىنى يامان دېمەيتتى . يېقىن كۆرەتتى ، شۇڭا ئابدۇل ھەمدىنىڭ سامىيەنى ئېلىش ئارزۇسى ئەمدى شېرىن خىيال ئەمەس ئىدى .

ئابدۇل ھەمدى بوۋايغا سامىيە بىلەن توي قىلىش ئىشىنى ئېيتىشقا ئالدىرىمىدى ، بوۋايغا بۇرۇن رازى بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپمۇ قويمىدى . ئۇ سودا ئىنستىتۇتىنىڭ دىپلومىنى ئالماي تۇرۇپ توي قىلماسلىققا نىيەت قىلغان ، ئەقىللىق بولغاچقا سامىيەنىڭ ئېرى بولۇشقا مۇناسىپمەن ، دەپ كەتمەيدىغان بولدى . ئۇ پەقەت ئۆزى دىپلوم ئالغۇچە ، باشقا بىرىنىڭ سامىيەگە ئەلچى كىرگۈزۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ناۋادا باشقا بىرى ئەلچى كىرگۈزۈپ قالسا ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋېتىشىنى بىلمەيتتى . ئۇ بەلكى غەزەپلىنىپ كېتەر ، سامىيەنى بۇلاپ كېتەر ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالار . ئەمما ، ئابدۇل ھەمدى بۇ ھەقتە كۆپ ئويلىمىدى . چۈنكى ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرى سامىيە ساڭا تەئەللۇق ، سەن ئۇنىڭغا لايىق كېلىسەن ، دەيتتى .

ئابدۇل ھەمدى بىر مەزگىل توي ئىشىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى . مۇھەببەت ئۇلارنىڭ بېقىشلىرىدا ، تەبەسسۇملىرىدا ، تالاش ـ تارتىشلىرىدا ئىپادىلىنەتتى . ئابدۇل ھەمدىنىڭ نەۋرە سىڭلىسىغا قىلغان بۇيرۇقلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتەتتى . ئۇ سامىيەگە : بۇ كۆڭلەكنى

كىيمەك ! بىلەكلىرىڭىزنى ئۇچۇق قويماڭ ! ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنى كىيمەڭ ! ئاۋازىڭىزنى چىقىرىپ كۈلمەڭ ! بۇنداق ماڭماڭ ! ... دەپ نەۋرە ئاكا سۆيپېتىدە بۇيرۇق قىلاتتى . ئەمما ، ناۋالغا بۇنداق قىلمايتتى .

ساميەمۇ بۇنىڭغا خۇشتار ئىدى . ئابدۇل ھەمدى بىر ـ ئىككى كۈن ئۇنىڭغا بۇيرۇق بەرمەي ياكى گەپ تالاشماي قالسا ، ساميەگە ئابدۇل ھەمدى ئۆزىنى تارتىۋاتقاندەك ، ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىلىنەتتى . ساميە ئابدۇل ھەمدىنى ناھايىتى ئەقىللىق ، ئۆزى بىلمىگەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدىغان ئادەم ، دەپ بىلەتتى . ئۇنىڭسىز بۇ دۇنيادا يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇلارنىڭ توي ئىشى مۇقەررەرلەشكەندىن كېيىن ، ساميە بۇرۇنقىدەكلا ئابدۇل ھەمدىگە بويسۇنىدىغان ، ئۇنى كۈتىدىغان ، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ، ھەتتاكى تويىنىڭ بالدۇرراق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى .

توي گېپى ئۆزۈنغا بارماي تېشىلدى . دەسلەپ ئاچا ـ سىڭىل ئوتتۇرىسىدا باشلانغان بۇ گەپ بوۋاي بىلەن موماي ئوتتۇرىسىدىمۇ بولدى ، ھېچقايسىسى ساميە بىلەن ئابدۇل ھەمدىنىڭ تويىغا قارشى چىقمىدى . بىر كۈنى موماي ئابدۇل ھەمدىگە بۇ ھەقتە گەپ ئاچتى :

— بالام ، سىلەر يەك ئىچىدىلا پۈتۈشمەكچىمۇ ؟ ئۇنداق قىلماڭلار ! مېنىڭ تازا قىزىق توي قىلىپ خەقلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ .

— ھاما ، — دېدى ئابدۇل ھەمدى خۇشاللىنىپ ، — مەن دىپلوم ئالغاندىن كېيىن ...

موماي ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى :

— ئالدىدا چاي ئىچۈرۈۋېتەيلى ، ئىشنى بېكىتكەندىن كېيىن دىپلوم ئالسا نېمە بوپتۇ ؟

چاي ئىچۈرۈش توغرىسىدا كىشىلەرگە رەسمىي خەۋەر قىلىندى . بىر يىلدىن كېيىن چاي ئىچۈرۈلدى .

بالدۇرراق توي قىلىش ئۈچۈن ئابدۇل ھەمدى تىرىشىپ

ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ تۇرمىدە ئۆگەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇنى قوراللىق ھەرىكەتكە قاتنىشىشقا ئۈندەيتتى . ئۇ بىرىنەچچە قېتىم نامايىشلارغا ، بەزىبىر پارتىيىلەرنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشتى . بىر پارتىيىدىن ئىشەنچىسىنى يوقاتسا ، يەنە بىر پارتىيىنى ئىزدىدى . بىرەر يەردە پارتلىتىش بوپتۇ ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىسا ، ئۆزىنىڭ شۇ ھەرىكەتكە قاتنىشالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى . تەشۋىق ۋەرەقىسىنى كۆرۈپ قالسا ، تەشۋىق ۋەرەقىسىنى تارقىتىپ بېرەي دەپ ، ئۇنى تارقاتقان ئادەمنى ئىزدىدى . ئۇنىڭ ھەرقانداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتكە قاتناشقۇسى كېلەتتى . ئۆز ئېتىقادىغا ئەمەل قىلىش ، ئەمەلىيىتى بىلەن خاتالىقىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان بېرىشكىمۇ رازى ئىدى ، مۇھەببەت ۋە توي ئىشى ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيتتى . شىركەتتىكى خىزمىتى ئۇنى ئوقۇغۇچىلاردىن ، يەر ئاستى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى بولغان تەبىقىلەردىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . سىياسىي ساقچىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپىدا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاجىزلىقلىرى يېزىلغان بولغاچقا ، ئۇلار ئۇنى نازارەت قىلىشنىمۇ بىكار قىلدى ، ئۇنىڭغا پەقەت تەگمىدى .

سامىيە ئابدۇل ھەمدىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن بىرەر بالاغا ئۇچراپ يەنە تۇرمىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ئۇ ئابدۇل ھەمدىنى قەھرىمان دەپ قارىغاچقا ، ئىبراھىمدەك بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقاتتى ، سامىيەنىڭ تەشۋىشى ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمىدى ، ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ ئۇنداق ئىشلارغا ئۆزىنى بەكرەك ئۇرىدىغان بولۇپ كەتتى .

ئابدۇل ھەمدى ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئالغاندىن كېيىن ئۇلار توي قىلدى .

تويدىن كېيىن ئايرىم ئۆي تۇتتى . ئابدۇل ھەمدى تۇرمۇش ئۈچۈن ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئەر بولۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئىشلىرىنى سەممىي

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بويىچە قىلاتتى. بۇرۇنقى خاتالىقلىرىغا ئازابلىنىش ۋە پۇشايمان قىلىشنى ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدىغان كۆچكە ئايلاندۇردى.

ھاياتنىڭ ناۋالغا بەرگىنى قىسقا ۋاقىتلىق، ئەمما مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ ئەسلىمىسى بولدى. ئۇنىڭ بوينىدىكى كىچىك قۇتىدا ئىبراھىم يازغان قۇرئان سۆزى بولۇپ، بۇ سۆيگۈنىنىڭ ناۋالغا قالدۇرغان بىردىنبىر يادنامىسى ئىدى.

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئۇ قاتتىق سىناقلارنى ۋە چېنىقىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى غەمسىز، تورگۇن قىز ئەمەس ئىدى، كولوپلا يورمەيتتى، ئۆزىنى ياساپ، چاچلىرىنى ھەرخىل تۈزەپ كەتمەيتتى. ژۇرنالدىكى كىيىم مودىللىرى ۋە چاچ پاسونلىرىنى ئۆگىنىشكە ۋاقىت سەرپ قىلمايتتى. ئۇ تەجرىبىلىك ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغانىدى. مىجەزىمۇ ئۆزگەرگەن، كۆزلىرىدىن، تەبەسسۇمىدىن، ھەربىر ھەرىكىتىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. غەمكىنلىكمۇ ئۇنى جىددىي، سالاپەتلىك كۆرسىتىپ، كىشىدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايتتى. بوۋايمۇ ئۇنى بۇرۇنقىدەك جىملەپ يورمەي ھۆرمەت قىلاتتى. ناۋالنى ھازىر موماي، مۇھىيد، ئابدۇل ھەمدى ۋە دوستلىرى، قوشنىلىرى ھۆرمەت قىلاتتى. پەقەت سامىيەلا سىڭلىسىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى بىلگەچكە، ئۇنى باشقىلاردەك ھۆرمەت قىلىسىمۇ، ھەممىدىن بەك ئۇنىڭ ھەسرىتىنى، مۇھەببىتىنى، ئەسلىمىسىنى ھۆرمەت قىلاتتى.

بۇ ھۆرمەت شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئائىلىدە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ھەممە ناۋالنىڭ پىكرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان، ئۇنى ئۆينىڭ ئەڭ كىچىكى دېمەي، ئەڭ ئەقىللىقى دەيدىغان بولدى. ناۋال بۇنى سېزىپ ھەسرىتىنى بېسىشقا تېخىمۇ تىرىشاتتى. ئۆيدە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ناۋال ياخشى ئويلىنىپ پىكرىنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئېيلان قىلاتتى.

ئاخىر ئۇ قارار چىقىرىدىغان كۈن كېلىپ قالدى. بىر دوختۇر

يىگىت ناۋالغا ئەلچى كىرگۈزدى . يىگىت ناۋالنىڭ بىر دوستىنىڭ ئاكىسى ئىدى . بۇ ئىشتا بوۋاي ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەيدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ بىرەر قارارغا كېلىشىگە توغرا كەلدى .

ناۋال بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرمەيتتى ، چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە ئىبراھىم بىلەن بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئەسلىمىسى ئىچىدە ياشاۋاتاتتى . توي قىلىش رەسىدە بولغان ھەربىر قىزنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىش ، شۇڭا قىزلار بۇ ئىشنى ئويلايدۇ . ئاتا ـ ئانا بولغۇچىمۇ قىزى تۇغۇلغاندىن تارتىپلا بۇ ھەقتە باش قاتۇرىدۇ . ناۋال ئۆمۈربويى توي قىلماي ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ ـ دە ! ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى قانداق ئۆتەر . قەيەردە ئۆتەر ، جەمئىيەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى ئۇنى مۇھەببەتلىشىشكە ئەمەس ، بەلكى توي قىلىشقا قىستايتتى . ناۋال ئاخىر شۇ دوختۇر يىگىت بىلەن توي قىلىپ پەرزەنتلىك ئايال ، مېھرىبان ئانا بولۇش قارارىغا كەلدى .

ناۋال ھەدىسى سامىيەدىن بۇرۇن توي قىلدى .

ئەتە توي دېگەن كۈنى ئۇ ئىشكاپتىن ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ گويا ئۇنىڭدىن قەھرىمانىنى كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھازا قاراپ كەتتى ، ئاندىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا كۆڭلەكنى كۆتۈرۈپ ئاكىسىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە بوش ئاۋاز بىلەن دېدى :

— بۇ كۆڭلەك ئىبراھىم ...

ئۇ گويا بۇ ئىسمنى تولۇق دەۋەتسە ، دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرىكى ئاغزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئاخىرىنى دېمەيلا يۈگۈرۈپ قايتىپ چىقتى .

ئۇ باشقا بىر ئەرنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ يولدىشىنىڭ ئۆيىگە بارالمايدۇ ـ دە ، لېكىن بوينىدىكى كىچىككىنە قۇتىدا ئىبراھىم يازغان باغاقچە بار ئىدى . ئۇلار ئەمدى پەقەت جەننەتتىلا ئۇچرىشالىشى مۇمكىن !

كىشىلەر ناۋالنى ئەڭ ئەخلاقلىق ئايال ، ئۇنىڭ يولدىشىنى ئەڭ بەختلىك ئەر ، دەپ قارايتتى . ئەمما ، ناۋالنىڭ كۆڭلىدىكىنى

پەقەتلا خۇدا بىلەتتى .

مۇھىيدنىڭ ئىدىيىسىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر ھۇجرىسىغىمۇ ئۆزگىرىش كىرگۈزدى . ئۇنىڭ ھۇجرىسى كىتابخانىغا ئايلاندى .

مۇھىيد كىتاب مەستانىسى بولۇپ كەتتى . ئولتۇرسا ـ قوپسا ، ھەتتا تاماق يەۋېتىپمۇ كىتاب ئوقۇيتتى ... ئۇ كىتابنى باشقا بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا باشلىغانىدى ، كېيىن مەسىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ، تارىخ ، دىن ، ئەدەبىيات ، ئىقتىساد ... ھەممە ساھەدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ چىققاندىلا ، ئاندىن ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى بىلدى . كىتابلارنى بىر ياقتىن ئوقۇپ ، بىر ياقتىن خاتىرە يازدى .

كېيىنچە كىتاب ئېلىشقا پۇل يەتكۈزەلمەي كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولدى . ئۇ كىتابنى كۆپ ئوقۇغانسېرى ئۆزىنى پىشىپ يېتىلىۋاتقاندەك ، كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى .

مۇھىيد ھەقىقەتەن ئۆسۈپ يېتىلمەكتە ئىدى . ئۇ ئۆيدە ۋە ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تەسىرگە ئىگە بولدى . ئەمما ، ئۇ كىتاب مەستانىسىگە ئايلاندى ، كاللىسى غايە ، نەزەرىيە ، لوگىكا بىلەن تولدى ، شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلەردىن چەتتە قالدى . بىرەر نامايىشلارغا قاتناشمىدى ، بىرەر تەشكىلاتقا ياكى بىرەر پارتىيىگە كىرمىدى . ئۇ پەقەت ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئىدىيىۋى تونۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن داڭق چىقاردى . شۇنداقتىمۇ بىرەرى سورىمىغۇچە كۆزقارىشىنى ئاشكارىلىمايتتى . ئامالسىز قالمىسىلا ، تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇيلىقچە چىقارمايتتى . ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ ، كۆپرەك كىتاب ئوقۇشنىلا ئويلايتتى .

كىتابقا بولغان قىزىقىش تۇپەيلى ئۇ ئوقۇشتا بىرىنچى بولۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى ، مەكتەپتە قېلىپ ئاسسىستېنت بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىدى . شۇڭا ، ئەدلىيە ئورگىنىغا تەقسىم قىلىندى . ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھىيد خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ، ئادۋوكاتلار باشقارمىسىغا ئىشقا كىرىپ باش ئادۋوكاتقا دېلونى

تەھلىل قىلىش ، ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىش ئىشىنى قىلدى . ئۇ ئادۋوكاتلارغا ئوخشاش سوتتا ئاقلىغۇچى بولۇشنى خالىمىدى ، بەزىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىكى لوگىكىلىقى ئۈستۈن ، ئىدىيىۋىلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى ئېنىق ماقالىلەرنى يېزىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشۋىق قىلىدىغان ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ بېرەتتى ، بىراق پەقەت ئىسمىنى يازمايتتى .

بىر كۈنى ئەتىگەندە ، مۇھىيد ئويغىنىپ ئىنقىلابنىڭ قوزغالغانلىقىنى بىلدى ، يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى . ئۇ دەرھال گېزىتنى كۆردى ـ دە ، خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى .

مۇھىيد پەخىرلەندى ، ئۆزىنى بۇ ئىنقىلابقا قاتناشتىم ، دەپ ھېس قىلدى . ئۆزىنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە بۇ ئىنقىلابنى قوزغىدىم ، دەپ قارىدى . بۇ ئىنقىلابقا ئۇ ، دادىسى ، ئاپىسى ، سامىيە ، ناۋال ، ئابدۇل ھەمدىلەرمۇ قاتناشتى . ئۇلار ئۇ ئىنقىلابقا كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ، ئەتراپتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تۈرتكىسى ، ئىدىيىسىنىڭ مايىللىقى ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ، مىللىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئازابلانغان ، نامراتلىقتا چېنىققان ئىرادىسى بىلەن قاتناشقانىدى . ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنقىلابنى ئۇلار قوزغىغانىدى .

مۇھىيد يېگىدىن بىرەر قەھرىماننىڭ چىققانلىقىنى بىلسە ، ئۇنى تونۇيدىغاندەك ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭمۇ ئەجرى سىڭگەندەك ، ئۇنى يېتىشتۈرۈشتە ئۆزىنىڭمۇ ھەسسىسى باردەك ھېس قىلاتتى .

شۇنداق ! مۇھىيد خەلق بىلەن بىللە قەھرىمانلارنى ياراتتى ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، قەھرىمانلىقنى ياراتتى . قەھرىمانلىق ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەم ، شەخس ئەمەس ، بەلكى بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ، خەلق ئىچىدە يېتىلىۋاتقان كۈچ . ئۇنى بىرەر شەخس ياراتمايدۇ ، پۈتۈن مىللەت يارىتىدۇ ھەمدە مەلۇم بىر شەخستە گەۋدىلەندۈرىدۇ . ئەگەر بۇ ئادەم قۇربان بولۇپ كەتسە ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى چىقىدۇ . قەھرىمانلىق

مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ ، مەڭگۈ ئەگرى يولغا كىرىپ كەتمەيدۇ . ئىبراھىمنىڭ قەھرىمانلىقى يوقالمىدى . مەيلى زۇغلۇل ، مۇستاپا كامىلنىڭ[①] قەھرىمانلىقى بولسۇن ياكى ئەرابىنىڭ[②] قەھرىمانلىقى بولسۇن يوقالغىنى يوق ، ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ ، ئۇ مىللەت بىلەن تەقدىرداش ھەرقايسى داھىيلاردا ئىپادىسىنى تاپقان .

مۇھىيد مۇشۇلارنى ئويلاپ ، ئۆزىچە خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى .

ئۇ كوچا ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان قوشۇنغا ئەمەس ، بەلكى كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان نەچچە يۈزمىڭ ئاممىغا قارىدى . مانا مۇشۇ كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنقىلابنى قوزغىدى . دېھقانلار نامراتلىقى بىلەن ، ئىشچىلار ئەمگىكى بىلەن ، ئوقۇغۇچىلار سەۋىيىسى بىلەن ، خىزمەتچىلەر غەزەپ - نەپرىتى بىلەن ، سودىگەرلەر ئۆز ئارزۇسى بىلەن ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلدى . بۇ تەييارلىق ئۇزۇن مۇددەتلىك سەۋر - تاقەت ، قەتئىيلىك ، قەيسەرلىككە موھتاج بولدى . ئىنقىلاب تۇرمىدىن ، تۇتقۇنلار لاگېرىدىن ، قامچا ئاستىدىن پارتلىدى ، ئۇ نەچچە ئەۋلادنىڭ قان تۆكۈشى بەدىلىگە ۋۇجۇدقا چىقتى .

مۇھىيد شۇ يۈز مىڭلىغان ئامما ئىچىدە كېتىپ باراتتى ، ئادەملەرگە تويماي قارايتتى ، ئىنقىلاب بولغانلىقى ، شۇنچە كۆپ ئاممىنىڭ ئىنقىلابقا قاتناشقانلىقى بىلەن ئۇلارنى تەبرىكلەيتتى . بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى تىنچ - ياۋاش ۋە سەممىمي ئىدى . مەيلى ئەنگلىيىلىكلەر بولسۇن ، مەيلى سىياسىي ساقچىلار ۋە دۆلەتتىكى ھۆكۈمرانلار بولسۇن ، ھېچقايسىسى ئائىلىلەردىن ئىنقىلاب پارتلايدۇ ، ئۇ ئائىلىلەر قەھرىمان يېتىشتۈرىدىغان ماكان بولدى ، دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

مۇھىيد شۇ خەلق ئاممىسى ئىچىگە كىرىپ سىڭىپلا كەتتى .

---

① مۇستاپا كامىل (1864 1908) مىسىرنىڭ مىللىي قەھرىمانى . فرانسىيىدە قانۇن ئۆگەنگەن ، «بايراق گېزىتى»نى چىقارغان . ئۇ «ۋەتەنداشلار» پارتىيىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ، ئۇمۇرىيى مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلغان .

② ئەرابى (1841 - 1911) مىسىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوفىتسېرى . قوراللىق ئارمىيە باشلىقى بولغان . چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ ، مىسىرنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغان . ئەنگلىيىگە قارشى قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغان . كېيىن قولغا ئېلىنىپ سىرىلانكىغا سۈرگۈن قىلىنغان .

بۇ كىتاب جىياڭسۇ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1983 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据江苏人民出版社 1983 年 12 月第 1 版 1983 年 12 月第 1 次印刷本翻译出版。

# يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا

**ئاپتورى:** ئېھسان ئابدۇ قۇددۇس
**تەرجىمە قىلغۇچى:** دىلشات سۇلتان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئازات ئالماس
**مۇھەررىرى:** مەريەم مەمتىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ھەجەرگۈل
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون:** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 14.75
**نەشرى:** 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 5811—8810
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—00897—1
**باھاسى:** 30.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# يىگىت دېگەن شۇنداق بولسا

ISBN 978-7-228-00897-1

9 787228 008971 >

定价：30.00 元